بسم الله الرّحمن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٥

من سورة الهود إلى سورة الحجر

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئىشلىنگەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

5

ھۇد سۈرىسىدىن ھىجر سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئىشلىنىغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


## مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



بەشىنچى توم | المجلد الخامس

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م/1446هـ

ISBN:978–625–00–1246–8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:
دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇررازاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:
ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

**هۇد سۈرىسى** ........ 009

ئىسلامنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى ........ 010

## 12-پارە

كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ........ 014
ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈشتە دىنىنىڭ رولى ........ 018
ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنۋىيىتىنى كۆتۈرۈشى ........ 022
دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلار ........ 027
ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلار ........ 029
كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى ........ 031
«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر ........ 035
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 039
ئازابقا ئالدىرىغان كاپىرلارنىڭ ھالى ........ 046
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشى ........ 048
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى ........ 051
هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 059
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 066
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 071
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 075
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 079
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ........ 086
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازاب قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش ........ 088

پەيغەمبە ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش.................................093
توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ بايانى......096
ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئومۇمىي
سەۋەبلەر..........................................................................................102
سۈرىنىڭ خۇلاسىسى.......................................................................107
يۇسۇف سۈرىسى..........................................................................................111

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئېسىل قىسسە..........................................112
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق دەۋرى ۋە كۆرگەن چۈشى.........114
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام.........................................................................115
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى...............................118
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كارۋانلارنىڭ قولىدا......................................125
يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىردا..........................................................128
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە ئەزىزنىڭ ئايالى.........................................130
يامان خەۋەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى..................................136
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا..........................................................141
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكە تەبىرى بېرىشى........................145
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە
تەبىر بېرىشى.......................................................................................147
پادىشاھنىڭ تەكلىپى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى...150

## 13-پارە

نەپس ئادەمنى يامانلىققا باشلايدۇ.......................................................153
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا مەنسەپ تۇتۇشى.......................155
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسى بىلەن
بولغان ئەھۋالى.....................................................................................159
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى.................164
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىسىنى كۆرۈشى..................................167
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىنداشلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت.....................................................................171

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈنى تونۇشى ...... 178
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا خۇش خەۋەرنىڭ كېلىشى ...... 182
يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى چۈشىنىڭ روياپقا
چىقىشى ...... 185
قىسسىنىڭ مەقسىتى ...... 189
رەئد سۈرىسى ...... 197
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەقلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ...... 198
كاپىرلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرى ...... 202
ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى ...... 205
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى ...... 209
ھەقىقەت ۋە باتىل ھەققىدە مىساللار ...... 215
ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ...... 218
ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ...... 223
بەتبەختلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ...... 225
مۇشرىكلارغا رەددىيە ...... 228
جەننەتنىڭ سۈپىتى ۋە كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ...... 235
پەيغەمبەر دىننى يەتكۈزگۈچى، ئاللاھ ھېساب ئالغۇچىدۇر ...... 241
ئىبراھىم سۈرىسى ...... 247
ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بايانى ...... 247
پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ...... 252
ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرى ...... 256
ياخشى ئاقىۋەت مۆئمىنلەرگە خاستۇر ...... 261
دوزاخ ئەھلىنىڭ شەيتان بىلەن ئىلىپ بارغان مۇنازىرىسى ...... 267
ھەق سۆز بىلەن باتىل سۆزنىڭ مىساللىرى ...... 273
كاپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى ...... 277
ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ...... 281
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ...... 284
قىيامەتنىڭ تەسۋىرلىرى ...... 289

## 14-پارە

ھىجر سۈرىسى ........ 296

«قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغدايدۇ ........ 296
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە نېمەتلىرىنىڭ نامايەندىلىرى ........ 303
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ پەرىشتە ۋە
جىنلار بىلەن مۇناسىۋىتى ........ 310
تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتى ........ 320
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 322
ئەيكەلىكلەر ۋە ھىجر ئەھلى ........ 329
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىلاھىي تەلىمات ........ 332
نەھل سۈرىسى ........ 340

ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى ........ 340
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى ........ 345
يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھدا شېرىكلەرگە ئورۇن بارمۇ؟ ........ 349
مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرى ........ 354
تەقۋادارلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ........ 357
كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ........ 360
كاپىرلارنىڭ باھانىلىرى ........ 361
مۆئمىنلەرگە بېشارەت، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش ........ 366
مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئېتىقادى ........ 372
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرى ........ 377
ئاللاھ تائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىرى ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى ........ 383
بۇتلارنىڭ مىسالى ........ 388
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى ........ 391
قىيامەتتىن بىر كۆرۈنۈش ........ 394
ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى ئەڭ ئىخچام ئايەتلەر ........ 399
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتلىرىدىن ........ 405

ئىسلامدىن يېنىۋالغانلار ........ 411
نېمەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ........ 416
مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادى توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن مۇنازىرە ........ 420
دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ........ 424

## 15-پارە

ئىسرا سۈرىسى ........ 430
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلىشى ........ 431
ئىسرا-مىراج قىسسىسى ........ 434
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسقىچە تارىخى ........ 436
ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ........ 445
پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالدىرىغۇچىلار بىلەن باقىي ئالەمگە ئىنتىلگۈچىلەر ........ 452
ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرى ........ 456
تەۋھىد ........ 463
ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش ........ 464
ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە مۇساپىرلارنىڭ ھەققى ........ 467
ئىسراپخورلۇق ........ 468
ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ........ 469
قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ھاراملىقى ........ 470
زىنانىڭ ھاراملىقى ........ 472
ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى ........ 472
يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ........ 474
ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 474
تارازىنى، ئۆلچەمنى توغرا تۇتۇش ........ 475
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقى ........ 476
تەكەببۇرلۇقنىڭ يامانلىقى ........ 476

مۇشرىكلارنىڭ باتىل دەۋاسىغا رەددىيە ........................................ 480
كاپىرلارنىڭ تەرسالىقىنىڭ سەۋەبى ........................................ 483
كاپىرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە شەك قىلىشى ...... 486
مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقى ........................................ 490
ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقى ........................................ 496
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ........................................ 499
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ........................................ 503
ۋەز-نەسىھەت ۋە تەلىمات ........................................ 509
«قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر ........................................ 515
كاپىرلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە ........................................ 520
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ........................................ 526
ئاللاھ تائالاغا قانداق دۇئا قىلىش كېرەك؟ ........................................ 532

# ھۇد سۈرىسى

ھۇد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 123 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، يۇنۇس سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان ۋە يۇنۇس سۈرىسىدە بايان قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى ئىزاھلايدۇ. ھەر ئىككى سۈرە ئەقىدە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى، ئاخىرەت ئالەمى، قىيامەتتىكى سوئال-سوراقلار، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى، شۇنداقلا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنكارچى قەۋملەرگە قارشى ئېلىپ بارغان دەۋەت ئۇسۇلىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يا رەسۇلۇللاھ! سىلى قېرىپ كەتتىلە» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شَيَّبَتْنِي هُودٌ ، وَالوَاقِعَةُ ، وَالمُرْسَلاَتُ ، وَعَمَّ يَتَسَاءَلُونَ ، وَ إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ» يەنى «مېنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە، تەكۋىر سۈرىلىرى قېرىتىۋەتتى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، بۇ سۈرىلەردە، قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار، ئۇ كۈندىكى سوراق-سوئاللار ۋە كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى جازالاشتىكى كەسكىنلىكى بايان قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇ سۈرىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغان ۋە مەنىسىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلغان ئادەم ئاخىرەتنىڭ غېمىنى بەكرەك قىلىدىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن بېشىغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ جەريانلىرىنى تىلاۋەت قىلغاندا، ئادەمنى قورقۇنچ باسىدۇ.

ئۆلىمالار ھۇد سۈرىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قېرىتىۋەتكەن

[1] «سنن الترمذي» 5- توم، 255-بەت، 3297 -ھەدىس.

ئايەتنىڭ ﴿فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطۡغَوۡاْۚ إِنَّهُۥ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن، سەن بىلەن بىرلىكتە تەۋبە قىلغانلارمۇ (شۇنداق بولسۇن). چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت ئىكەنلىكىنى مۇئەيـيەنلەشتۇرگەن.

بۇ سۈرىدە نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، لۇت، شۇئەيب، سالىھ ۋە هۇد ئەلەيهىسسالام قاتارلىق كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان تۇرۇقلۇق، بۇ سۈرىنىڭ «هۇد سۈرىسى» دەپ ئاتالغانلىقى توغرۇلۇق ئۆلىمالار ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر [2] مۇنداق دېگەن: «چۈنكى، بۇ سۈرىدە هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسمى بەش قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭ قىسسىسى باشقا سۈرىلەردىكىگە قارىغاندا تەپسىلىي بايان قىلىنغان»[3].

### ◄ ئىسلامنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ١
أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۚ إِنَّنِي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ ٢ وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ
رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَيُؤۡتِ
كُلَّ ذِي فَضۡلٖ فَضۡلَهُۥۖ وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ
كَبِيرٍ ٣ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

---

[1] هۇد سۈرىسى: 112۔ ئايەت.

[2] ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر تونۇلغان ئالىم (1879۔1973م) «تفسير التحرير والتنوير» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى.

[3] «تفسير التحرير والتنوير» 11۔بەت، 311۔بەت.

**1ـئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ئايەتلىرى (ھەر تەرەپتىن) پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن (ئەھكاملىرى) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.**

**2ـ(بۇ كىتاب) سىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن (نازىل قىلىندى). (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن.**

**3ـسىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقىچە ئوبدان ياشىتىدۇ، ھەربىر ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئەگەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن.**

**4ـسىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».**

### ◄ تەپسىرى

بۇ ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممە تىللاردا مەدھىيەلىنىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ئايەتلىرى ئىنتايىن پۇختا تۈزۈلگەن، مەزمۇنلىرى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان شانلىق كىتابتۇر. بۇ ئىستىلىستىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكى ئالاھىدە، تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، خۇددى ئەتراپى مەھكەم قورشالغان قەلئەگە ئوخشاش مۇستەھكەم بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلار يېقىن كېلەلمەيدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ كىتاب سۈرىلەرگە، ئاندىن ئايەتلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر سۈرىدە ۋە ھەربىر ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ۋە پاساھەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرى ئەقىدە، ئىبادەت، ئەھكام، قىسسە، ۋەز-نەسىھەت، ئەدەپ-ئەخلاق، ئىلىم-ھېكمەت، قانۇن-تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بۇ شانلىق كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل قىلىپ نازىل قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماستىن، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بۇ بىرىنچى غايە ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق مۇددىئاسىدۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتلەرنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە: «رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى. مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەر بولۇپ، كۇفرىنى، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەختلىك ھايات بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمەن. رەببىڭلار سىلەرنى گۇناھىڭلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا، ئۆزۈڭلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرىدى»[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمْ حَسَنَٰتٍۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ يەنى ﴿پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر﴾[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئىستىغپار بىلەن تەۋبىنىڭ ﴿ثُمَّ﴾ دېگەن باغلىغۇچى بىلەن باغلىنىپ كېلىشى سۆز بىلەن ئەمەل ئىككىسىنىڭ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تەۋبىنىڭ مەرتىۋىسى ئىستىغپار-نىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىدۇر. ئىستىغپار ئاغزاكى پۇشايمان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش بولسا، تەۋبە گۇناھ ئىشلاردىن يېنىش، يامانلىقلارنى تەرك ئېتىش ۋە توغرا يولغا قايتىش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئىستىغپار سۆز بىلەن، تەۋبە ئەمەل بىلەن بولىدۇ.

گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، سەممىي تەۋبە قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ھۇزۇر-ھالاۋەت، قانائەت، خاتىرجەملىك قاتارلىق نېمەتلەر ئىچىدە ياشىتىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيادىكى مۇكاپات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى بولسا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن

---

[1] «التفسير الواضح» 2ـتوم، 98ـبەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى: 70ـئايەت.

ئۇلارغا ئالىي مەرتىۋە ۋە جەننەتنى ئاتا قىلىشتۇر.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن يىراق بولۇپ، ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت تىلەپ، ئۇنىڭ دىنىغا قايتساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەلۋەتتە دۇنيادا ياخشى ياشىتىدۇ، دۇنيادا سىلەر كۈچ-قۇۋۋەت، ئىززەت، بايلىق ۋە سەلتەنەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن بولىسىلەر. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ھەربىر كىشىنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىگە قاراپ پەرقلىق قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن. قىيامەتنىڭ ئازابى شۇنداق قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ۋە قاتتىقلىقىدىن ئادەملەر چۆچۈپ كېتىدۇ، ھەربىر ھامىلدار بالىسىنى تۇغۇۋېتىدۇ، ھەممە ئادەم ھۇشسىزدەك بولۇپ قالىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بەزى سۈرىلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىشارەت قىلىدىغان ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقىدۇر. ئەرەبلەر بۇ ھەرپلەرنى بىلىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىنى ۋە مۇنداق باشلىنىش سەۋەبىنى بىلەلمىگەن، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ياكى بىرەر ئايەتنى كەلتۈرەلمىگەن.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقى ئىنسانلارنىڭ رەببىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىپ ئىككى دۇنيالىق سائادەتلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر.

3. ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئاندىن ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزلەرنىڭ ئالدىنقىسىدۇر.

4. ئىمانى ساغلام كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ھەرگىز بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

5. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ، ھەممە ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت مەيدانىدىكى مەھكىمىسىگە بارىدۇ. ئاندىن ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى ئالىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى

﴿أَلَآ إِنَّهُمۡ يَثۡنُونَ صُدُورَهُمۡ لِيَسۡتَخۡفُواْ مِنۡهُۚ أَلَا حِينَ يَسۡتَغۡشُونَ
ثِيَابَهُمۡ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ
٥ ۞ وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ رِزۡقُهَا وَيَعۡلَمُ
مُسۡتَقَرَّهَا وَمُسۡتَوۡدَعَهَاۚ كُلّٞ فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ٦ وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ وَكَانَ عَرۡشُهُۥ عَلَى ٱلۡمَآءِ لِيَبۡلُوَكُمۡ
أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗاۗ وَلَئِن قُلۡتَ إِنَّكُم مَّبۡعُوثُونَ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡمَوۡتِ
لَيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٧﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

5ـ بىلىڭلاركى، ئۇلار (كۆڭلىدىكىنى) ئاللاھتىن يوشۇرماقچى بولۇپ، دىلىدىكى (كۇفرى)نى يوشۇرىدۇ[1]. بىلىڭلاركى، ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

6ـ يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇ جانلىقنىڭ تۇرىدىغان جايىنى ۋە ئۆلىدىغان يېرىنى بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر.

7ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر. (ئىلگىرى) ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. (ئى پەيغەمبەر!) قەسەمكى، ئەگەر سەن (كاپىرلارغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ.

#### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! دىققەت قىلىڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە ۋە

[1] بۇ ئايەتكە «ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىرىدە) ئۇنىڭدىن (ئۆزىنى) يوشۇرۇش ئۈچۈن تۈگۈلۈۋالىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقانلارمۇ بار.

دىنىڭلارغا ئەشەددىي دۈشمەندۇر. ئۇلار دىلىدىكى كۇفرىنى، كۆڭلىدىكى ئۆچلۈك ۋە ئاداۋەتنى سىلەرگە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، يالغاندىن كۆڭلىدە يوشۇرغانلىرىنىڭ ئەكسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى ئاللاھ تائالادىن يوشۇرماقچى بولۇشىدۇ. بىلىڭلاركى، بۇ مۇشرىكلار خام خىيال قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئالداۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرغان رەزىللىكلىرىنى ۋە يالغاندىن سىلەرگە ئىزھار قىلغان ساختا مۇئا-مىلىسىنى، شۇنداقلا سادىر قىلغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى، ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ قالغان چاغلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قارىتا كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچلۈك ۋە ئاداۋەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تۈگۈلۈۋالاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا يۈزىنى باشقا ياققا چۆرۈۋالاتتى، بەزىدە يۈزىنى يۆگىۋالاتتى. ھەق دىنىنىڭ دەلىللىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكى تۈرۈلگەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ بۇ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن، ئاندىن شۇنداق دەپ جاكارلىغانكى، ئۇ مۇشرىكلار كېچىدە ئۇخلىغاندىمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى، كۆڭلىدە ئويلىغان پىلانلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ﴿يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَلَا يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن (ھايا قىلىپ) يوشۇرمايدۇ﴾[1]. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنىمۇ ئېنىق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى رىزىقلاندۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مەيلى قۇرۇقلۇقتا بولسۇن، مەيلى دېڭىزلاردا بولسۇن، مەيلى ھاۋادا بولسۇن، مەيلى قورام تاشلارنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى: 108-ئايەت.

ئاستىدا بولسۇن، ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ رىزقىنى بېرىش، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئوزۇق ئاتا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ھەرقانداق بىر جانلىق ياشاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى قولىدىن كەلگەنچە قىلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ رىزقىنى ۋە ئوزۇقىنى تەييارلاپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلار سەۋەب قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەربىر جانلىقنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۆرەلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆلگىنىگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋالىنى، تۇرارجايىنى ۋە ئۆلىدىغان يېرىنى بىلگۈچىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا تەپسىلىي ۋە ئېنىق يېزىلغان تەقدىردۇر. ﴿مَّا فَرَّطۡنَا فِي ٱلۡكِتَٰبِ مِن شَيۡءٍ﴾ يەنى ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، زېمىننى يارىتىشقا ئىككى كۈن، مەخلۇقاتنىڭ رىزىقلىرىنى بەلگىلەشكە ئىككى كۈن، ئاسمانلارنى يارىتىشقا ئىككى كۈن، جەمئىي ئالتە كۈندە ياراتتى. فۇسسىلەت سۈرىسىدە بۇ جەريان تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاسمان بىلەن زېمىن يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئەرشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى بايان قىلىدىغان كىتاب ئەمەس، ئۇ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلە، قانۇن-تۈزۈملەرنى بايان قىلىدىغان، دۇنيانىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ئىلاھىي پرىنسىپلار بىلەن ھەل قىلىدىغان، ئىنسانلارنى بەخت -سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» توغرا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەت بىلەن قەتئىي زىتلاشمايدۇ، بەلكى تامامەن ماسلىشىدۇ. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن بىرەر ئىلمىي نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بايقالدى دېيىلسە، بۇ ئاشۇ ئىلمىي نەزەرىيەدىكى خاتالىق ياكى ئۇنى چۈشىنىش-تىكى خاتالىقتىن بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ بايقىشىچە، ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلارنى ۋە بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئاسمان بوشلۇقى تۇمان بىلەن سۇغا ئوخشايدىغان كىچىك ماددىلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ماددىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بار ئىدى. بۇ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 38-ئايەت.

ماددىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۆزىدىكى بىر-بىرىنى تارتىش كۈچى ئارقىلىق بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۆزئارا سۈركىلىش نەتىجىسىدە ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ھاسىل بولغان. قۇياش سەييارىسىدىكى سۈركۈلۈش ۋە ئىسسىقلىقتىن بىر پارچە ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ زېمىن دەپ ئاتالغان. زېمىن ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقىنى يوقاتقان، ئاندىن ئۇنىڭدا سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ھاسىل بولغان. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋولقانلار بىلەن ساقلاپ قالغان. قۇياشتىن ئايرىلغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار. مەسىلەن: زېمىننىڭ خۇسۇسىيىتى تارتىش ۋە ئۇز ئوربىتىسىدا ئايلىنىشتۇر. ﴿وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾ يەنى ﴿ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئەسلىدە تۇتاش ئىدى، كېيىنچە ئىككىسى ئايرىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ھاۋانى ياراتقان بولۇپ، ھاۋا زېمىننىڭ ئىسسىقلىقىنى پەسەيتىشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان. بۇ ھاۋا شامال شەكلىدە تېز ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، يامغۇرلارنىڭ يېغىشىغا ۋە دېڭىز-دەريالارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان. سۇ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاسماننى يامغۇر بىلەن، زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئاجراتقان. ﴿أَوَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا﴾ يەنى ﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق﴾ [2].

ئاسمان دېگەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھاۋا بوشلۇقى ئاسمان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا تورلۇك سەييارە يۇلتۇزلىرى ئورۇن ئالغان.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ، ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر﴾ دەيدۇ، يەنى زېمىندىكى ھەر نەرسىنى يارىتىش ۋە كائىناتتىكى

[1] ياسىن سۈرىسى: 40-ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 30-ئايەت.

شەيئىلەرنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىر تۇرلۇك سىناق بولۇپ، كىم نېمەتكە شۈكۈر قىلىدۇ ۋە كىم ئۇنى ئىنكار قىلىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ؟ بۇنى بىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىش، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىغا يارىشا جازا بېرىش ئۈچۈندۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بۇ كاپىرلارغا: «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر» دېسەڭ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىغا بىرەر دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىپ، «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرى ئالدىدا مۇنداق جۆيلۇش پەقەتلا نامەردلەرنىڭ ئىشىدۇر، ھەقىقەتكە مۇنداق ئاقماس سەپسەتە بىلەن قارشى چىقىش چىدىماسلارنىڭ قورالىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى چەكسىز بولغاندەك، ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتىمۇ چەكسىز بولۇپ، ئۇ كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى بېرىشنى مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

2. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىپ، بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھايات كەچۈرسۇن، دەپ ياراتقان.

3. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

### ◄ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈشتە دىنىنىڭ رولى

﴿وَلَئِنْ أَخَّرْنَا عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِلَىٰٓ أُمَّةٍ مَّعْدُودَةٍ لَّيَقُولُنَّ مَا يَحْبِسُهُۥٓ ۗ
أَلَا يَوْمَ يَأْتِيهِمْ لَيْسَ مَصْرُوفًا عَنْهُمْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ
يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِنَّا رَحْمَةً ثُمَّ نَزَعْنَـٰهَا مِنْهُ إِنَّهُۥ
لَيَـُٔوسٌ كَفُورٌ ﴿٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَـٰهُ نَعْمَآءَ بَعْدَ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ
ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّىٓ ۚ إِنَّهُۥ لَفَرِحٌ فَخُورٌ ﴿١٠﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ﴿١١﴾﴾

## تەرجىمىسى

8ـئەگەر بىز ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى مەلۇم ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار: «ئۇنى نېمە توسۇپ قالغاندۇ؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇ ئازاب ئۇلاردىن قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلارنى ئۇزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالىدۇ.

9ـئەگەر بىز ئىنسانغا پەزلىمىزدىن بىرەر رەھمەتنى تېتىتىپ، ئاندىن شۇ نېمەتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ تامامەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ.

10ـئەگەر بىز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرەر نېمەت تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «ئەمدى بالالار مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دەپ كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ.

11ـپەقەت سەۋر قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە چوڭ مۇكاپات بار.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت مۇكەممەل دىن بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىلگىرىكى جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈش، ئۇلارنى بۇ دىنغا يېتەكلەشتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ خۇددى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلاتتى، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى چوڭ بىر ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دەيتتى. ئەمما قەۋمى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، «قېنى ئۇ ئازابنى كۆرسەتمەمسەن؟ بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئازاب قېنى؟» دەيتتى. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئەگەر ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئازابنى ھېكمىتىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە مەلۇم بىر مۇددەت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار بۇ ئازابنىڭ چۈشۈشىنى نېمە توسۇۋالغاندۇ؟ بۇ ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدىغاندۇ؟ دەيدۇ.

ئېنىقكى، بۇ كاپىرلارنىڭ مۇنداق دېيىشى ئۇلارنىڭ ئازابقا ئىنتىزار بولغانلىقى ياكى راستتىنلا ئۇنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى

ئۇ ئازابنىڭ كېلىشىنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئازابقا ئىشەنمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى هەممە تەرەپتىن قورشاپ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن هېچ نەرسە قوغداپ قالالمايدۇ، ئۇلار ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىنسانغا مەرھەمەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن رەھمەت ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا تەن ساقلىقى، بايلىق ۋە خاتىرجەملىك قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنى بېرىپ، ئاندىن بۇلارنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق ۋە ئۇنىڭغا پېقىرلىق، كېسەللىك، خاتىرجەمسىزلىك ۋە قورقۇنچ قاتارلىق ئازابلارنى يۈزلەندۈرسەك، ئۇ بىزنىڭ رەھمىتىمىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، قولىدىن كەتكەنلەرگە هەسرەتلەنگەنلىكتىن، ئۆزىدە بار بولۇپ تۇرۇۋاتقان سانسىزلىغان نېمەتلەرگىمۇ ناشۇكۇرلۇك قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا تۇزكورلۇق قىلىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، گەرچە ئىنسان ئۆزىنىڭ قانچىلىك يوقلۇق ئىچىدە بولغانلىقىنى هېس قىلسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن نۇرغۇنى بار بولىدۇ. مەسىلەن: پۇت-قولىنىڭ تۇتقانلىقىغا، كۆزىنىڭ كۆرگەنلىكىگە ۋە قۇلىقىنىڭ ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش. ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[1]. ئىنسان ئەنە شۇنداق سەۋرسىز ۋە تۇزكور كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، ئىنسانغا قاتتىق زىيان-زەخمەتلەر يەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ نېمەتلىرىمىزدىن ئازراق تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: ﴿ئەمدى بالالار مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى﴾، بالالاردىن مەن ئۆز ئەقىل-پاراسىتىم ۋە بىلىمىم بىلەن قۇتۇلدۇم، بۇ نېمەتلەرگىمۇ ئۆزۈمدىكى بىلىم سايىسىدا ئېرىشتىم، دەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىنى بىلمەيدىغان، ئامەت كەلسە كۆرەڭلەپ كېتىپ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىدىغان، نېمەتكە شۈكۈر قىلمايدىغان كېلىدۇ.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿تېتىتساق﴾ دېگەن سۆزى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن قاتتىق هۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى ۋە

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 34-ئايەت.

ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ﴿تارتىۋالساق﴾ دېگەن سۆزى ئىنساننىڭ بۇ نېمەتلەرگە چىڭ باغلانغانلىقى ۋە ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرگىز بەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدۇر. بۇ بارلىق ئىنسانلاردا ئورتاق بولغان تەبىئىي ھالەتتۇر. پەقەت بېشىغا كەلگەن زىيان-زەخمەتكە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دەپ سەۋر قىلىپ، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىدىغان، زىيان-زەخمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە سەۋەبلەرنى قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، كۇفرى-زالالەت، چوڭچىلىق، ھەددىنى بىلمەسلىك قاتارلىق ئىللەتلەر بار بولۇپ، بۇلار تولىمۇ خەتەرلىك ئىللەتلەردۇر. بۇلارنىڭ دورىسى ئىمان، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق، قانائەت ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. ياخشى ئەمەللەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاتا-ئانىغا ئېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھەر ئىشتا ھەققانىي، ئادالەتلىك، توغرا ۋە راستچىل بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.

ئەنە ئاشۇنداق چىدامچان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ مەغپىرىتى ۋە كاتتا مۇكاپاتى بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا كاتتا مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ. ﴿وَٱلۡعَصۡرِ ۝١ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ۝٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ۝٣﴾ يەنى ﴿زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرۈشى ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش، ھەقىقەتكە قايتىش نىيىتى بولمىغانلارنى تەدرىجىي

[1] ئەسر سۈرىسى.

گۇناھقا پاتۇرۇپ، ئاندىن بىراقلا قاتتىق ئازاب بىلەن تۇيۇقسىز ھالاك قىلىش ئۇچۇندۇر. پىرئەۋن، قارۇن، ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

2. ئىمان مەنىۋى قۇۋۋەت بولۇپ، ئىماننىڭ كۈچى ھالقىلىق پەيتلەردە، چوڭ سىناقلاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىمانلىق ئادەم مەنىۋى جەھەتتە ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر.

3. ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن مەيۇسلىنىش ئېغىر گۇناھتۇر.

4. مۆئمىن ئادەم چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق بىلەن يېتىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈشى

﴿فَلَعَلَّكَ تَارِكُۢ بَعۡضَ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَضَآئِقُۢ بِهِۦ صَدۡرُكَ أَن يَقُولُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ جَآءَ مَعَهُۥ مَلَكٌۚ إِنَّمَآ أَنتَ نَذِيرٞۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٌ ﴿١٢﴾ أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ فَأۡتُواْ بِعَشۡرِ سُوَرٖ مِّثۡلِهِۦ مُفۡتَرَيَٰتٖ وَٱدۡعُواْ مَنِ ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٣﴾ فَإِلَّمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَكُمۡ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أُنزِلَ بِعِلۡمِ ٱللَّهِ وَأَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

12ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ): «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە چۈشۈرۈلمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دېيىشلىرىدىن (ئەنسىرەپ، بەلكىم) ساڭا نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ ۋە (بۇنى يەتكۈزۈشتىن) يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

13ـياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

**14ـ ئەگەر ئۇلار سىلەرگە جاۋاب بېرەلمىسە، بىلىڭلاركى، (قۇرئان) پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن نازىل بولغاندۇر. ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھقا) ئەمدىغۇ بويسۇنارسىلەر؟**

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارغا ئېغىر كېلىدىكەن دەپ، ساڭا كەلگەن ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزۈشتىن ۋاز كېچەمسەن؟ ياق! سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلىدىغانلاردىن ئەمەسسەن. سەن مۇشرىكلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئېلان قىلىش، ئۇلارنى يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق ئەمر-پەرمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنى ئېغىر كەلدى دەپ، ساڭا قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بەزىسىنى يەتكۈزمەي قويىدىغان بىر زات ئەمەسسەن، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرى سەۋەبلىك كۆڭلۈڭ سىقىلىدۇ، قەلبىڭ ئازابلىنىدۇ. بۇنى بىز ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمما سەن چىداملىق ۋە سەۋرچان بولغىن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن. ئۇلارنىڭ «ئەگەر ئۇ راستتىنلا پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۇنى تىجارەت قىلىشتىن ۋە كەسىپ قىلىشتىن بىھاجەت قىلىدىغان بىرەر خەزىنە چۈشۈرۈلمىدى ياكى ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولىدىغان بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دېگەنگە ئوخشىغان بىھۇدە سۆزلىرىدىن بىئارام بولمىغىن. چۈنكى، بۇ كاپىرلار ئاغزىغا كەلگەننى شۇنداق سۆزلەيدۇ. ﴿وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ
يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا
﴿٧﴾ أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ وَقَالَ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن
تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلٗا مَّسۡحُورًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟» دېيىشتى. بۇ زالىملار (مۇئمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى﴾[1].

[1] فۇرقان سۈرىسى: 7ـ8ـئايەتلەر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا بولغان قاتتىق قىزغىنلىقى ۋە ھېرىسمەنلىكى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ھەق دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈشى، ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بولمىسا ئىدى، بۇ مۇشرىكلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىشى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن بولاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ دەۋەت يولىدا مۇنداق مۇستەھكەم تۇرالىشىمۇ قىيىن بولاتتى. ئىسرا سۈرىسىدە ﴿وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَـٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـًٔا قَلِيلًا﴾ يەنى ﴿بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان بولاتتىڭ﴾[1] دېيىلگەن. ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۖ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُۥ ۚ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى (تولۇق) يەتكۈزگىن، ئەگەر (شۇنداق) قىلمىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن﴾[2].

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ سەندىن تەلەپ قىلغان كەلسە-كەلمەس تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلمىغىن. سەن پەقەت ئۇلارغا ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلدۇڭ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بەندىلىرىنىڭ جىمى ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتكە بارغاندا، ھەر كىمگە قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ﴿فَذَكِّرْ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٌ ﴿٢١﴾ لَّسْتَ عَلَيْهِم بِمُصَيْطِرٍ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەتلا ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن﴾[3]، ﴿نَّحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِجَبَّارٍ ۖ فَذَكِّرْ بِٱلْقُرْءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن﴾[4].

بۇ كاپىرلار ئۆز گۇمانىچە، «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

[1] ئىسرا سۈرىسى: 74-ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.

[3] غاشىيە سۈرىسى، 21-، 22-ئايەتلەر.

[4] قاف سۈرىسى، 45-ئايەت.

ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دەپ جۆيلۈۋاتامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار شۇنداق دەۋا قىلىدىغان بولسا، ئۇلار راستتىنلا تۆھمەتچىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئەھۋال سىلەر گۇمان قىلغاندەك بولسا، قېنى سىلەرمۇ مۇشۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى توقۇپ چىقىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. سىلەر ئىستىلىستىكىلىق ئۈستۈنلۈكتە، پاساھەتتە، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئېسىللىكىدە، مۆجىزىلىكتە ۋە بارلىق بايانلىرىدا «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالامسىلەر؟ ھەرگىز چىقىرالمايسىلەر. سىلەر تىل ۋە ئەدەبىياتتا ماھىر ئادەملەر بولۇپ، ئاراڭلاردا ئاتاقلىق ئەدىبلەر ۋە تالانتلىق شائىرلار بار. سىلەر بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋېلىش، مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ تۇرۇپ قىلىۋاتىسىلەر، قېنى كۈچۈڭلار يەتسە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىنىمۇ شۇنداق ئويدۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ باقماسىلەر؟ مەن سىلەر بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشىدىم. مېنىڭ بىرەر ئادەمگە يالغان ئېيتقانلىقىمنى ياكى بىرەر كىشىنى ئالدىغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر، ئەخلاقىمنى ۋە قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، مەن ئەمدى بىر كۈندىلا قانداقلارچە يالغانچى بولۇپ قاپتىمەن؟! بۇ ئەقىلغا سىغامدۇ؟!

ئەگەر سىلەر مېنى بۇ قۇرئاننى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا ياردەمچىلىرى بار، دەپ ئويلىساڭلار، قېنى سىلەرمۇ بارچە ياردەمچىلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ بېقىڭلار، ئەدىبلىرىڭلارنى، شائىرلىرىڭلارنى، ناتىقلىرىڭلارنى، ئەھلى كىتابنىڭ ئالىملىرىنى ۋە بارلىق يانتاياقلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىلاھيي كالامنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىپ باقماسىلەر؟ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت بىر سۈرىسىنى بولسىمۇ توقۇپ باقماسىلەر؟!

«قۇرئان كەرىم» بۇ ماۋزۇنى بىر قانچە سۈرىدە بايان قىلىپ كاپىرلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغان. دەسلەپ ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ چىقىشقا چاقىرغان. ئۇلار ئۇنى كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر سۈرە كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. ئەمما ئۇلار ھېچبىرىنى كەلتۈرەلمىگەن. ئۇلارنىڭ ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى ئۇلارغا بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىپ بېرەلمىگەن ۋە ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلگەن. شۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم» گە

ئوخشاش بىر كىتابنى تا قىيامەتكىچە ھېچكىمنىڭ مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى شەكسىز مۇقەررەرلەشكەن.

ئەي كاپىرلار! سىلەر «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغان بولساڭلار، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى يېڭىپ چىقىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بۇ ئىشتا ياردەم قىلىدىغانلارمۇ چىقمىغان بولسا، شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى، بۇ كىتاب ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ سىلەرگە ئىنسانلار ھاجەت بولىدىغان پۈتۈن مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتىنى كاپالەتكە ئالغان ئەھكاملارنى، ھېچكىم بىلمەيدىغان قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بەرمەكتە.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەق دىننى نازىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان شەرىئەت قانۇنلىرىنى بەلگىلەشنى ۋە ھېچكىم بىلمەيدىغان، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بىلمەيدىغان ئىبرەتلىك قىسسىلەرنى بايان قىلىشنى ئىرادە قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ دىننىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل بولغان دىننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە سېنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئاللاھ ئۆزى ۋە پەرىشتىلەر گۇۋاھتۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر ئەمدى قايىل بولدۇڭلارمۇ؟ ئاللاھقا ئەمدىغۇ بويسۇنارسىلەر؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى ئاستىدا ھەرىكەت قىلغان ۋە دەۋەت ئىشلىرىدا غەلىبە قىلغان زاتلاردۇر.

2. كاپىرلارنىڭ ھەق دىنغا قارشى مەۋقەسى ھەر زامان ئوخشاش بولغان. ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلەر ھىدايەت تاپقان، ئەمما ھىدايەتنى خالىماي، ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەنلەر كاپىرلىق ھالىتىدە قالغان ۋە قالماقتا.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ھەق دىننى يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاپىرلارغا جەڭ ئېلان قىلغان مۇنازىرىسى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتاقلىق ئەدىبلىرى ۋە تالانتلىق شائىرلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، ھازىرقىلار تېخىمۇ ئاجىز كېلىدۇ. بۇ ئىش تاقىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

### ◄ دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلار

﴿مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيۡهِمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ فِيهَا
وَهُمۡ فِيهَا لَا يُبۡخَسُونَ ﴿١٥﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَيۡسَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا
ٱلنَّارُۖ وَحَبِطَ مَا صَنَعُواْ فِيهَا وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ كىمكى دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى كۆزلەيدىكەن، مۇنداقلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ (ئەجرىنى) بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە) كېمەيتىلمەيدۇ.

16ـ ئەنە شۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا ياخشىلىق دەپ) قىلغانلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، قىيامەتكە ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشىنىدۇ، يەنە بىرى، ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدۇر، ئىنسانلار تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوقىلىدۇ، تىرىلىش دېگەن يوق گەپ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مانا بۇلار يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغان كاپىرلاردۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقى مۇشۇ باتىل ئېتىقاد يۈزىسىدىندۇر. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ

كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾[1].

كىمكى بارچە ھىممىتىنى دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرىگە، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە بېغىشلاپ، پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈنلا ياشايدىكەن، مۇنداق ئادەم مۇشۇ دۇنيالىقتىن باشقا ھېچبىر نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيالىق نېسىۋىسى تولۇق بېرىلىدۇ، دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلىگىنىگە يارىشا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىدۇ. رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، كاپىرلار دۇنيالىقتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمايدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جايىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق كاپىر تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا كەڭ رىزىققا، باياشاتلىق تۇرمۇشقا ئىگە بولماقتا. دېمەك، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىگەن. توغرا، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا مۇئمىن، كاپىر، تەقۋا، پاسىق ھەممىسىنى رىزىقلاندۇرۇپ ياشىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رىزىق بېرىشتە ئۇلارنى مۇسۇلمان، كاپىر دەپ ئايرىمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس، بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر.

شەكسىزكى، ئاخىرەتتە كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن قىلچە بەھرىمەن بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئاخىرەتكە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ھېچقانداق تەييارلىق قىلمايتتى. دۇنيادا ياخشى ئەمەل دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن بىكار بولۇپ كەتكەن، ئۇلار بولسا قۇرۇق قول قالغان ئىدى. چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىمان بىلەن نىيەت شەرتتۇر. شۇڭا كاپىرنىڭ ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمىغاندەك، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىر غەرەز بىلەن قىلغان مۇئمىننىڭ ئەمەلىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصْلَىٰهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا ﴿١٨﴾ وَمَنْ أَرَادَ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا﴾ يەنى ﴿كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى)نى كۆزلەيدىكەن، بىز دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان

[1] بەقەرە سۈرىسى: 2ـ ئايەت.

ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەت ئۈچۈن لايىقىدا ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل قىلىنىدۇ﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرىشىدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرمۇ بۇ دۇنيادا ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ﴿وَأَن لَّيۡسَ لِلۡإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[2].

2. ئىمانسىز كىشىلەرنىڭ خەير-ئېھسان، خالىسانە ياردەم ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىق ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارغا ياخشىلىقتىن نېسىۋە يوقتۇر.

3. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

### ◄ ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلار

﴿أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّهِۦ وَيَتۡلُوهُ شَاهِدٞ مِّنۡهُ وَمِن قَبۡلِهِۦ
كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامٗا وَرَحۡمَةًۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ
مِنَ ٱلۡأَحۡزَابِ فَٱلنَّارُ مَوۡعِدُهُۥۚ فَلَا تَكُ فِي مِرۡيَةٖ مِّنۡهُۚ إِنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن
رَّبِّكَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17-رەببىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان، يەنە رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن بىر گۇۋاھچى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېتەكچى ۋە رەھمەت سۈپىتىدە مۇساغا بېرىلگەن كىتاب (راستچىللىقىغا) گۇۋاھلىق بەر-

[1] ئىسرا سۈرىسى: 18-19-ئايەتلەر.
[2] نەجم سۈرىسى: 39-ئايەت.

گەن ئادەم (ھەقىقەتتىن دەلىلى يوق ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ. (ھەرقايسى) تائىپىلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر. قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى، ئۇ رەببىڭدىن (كەلگەن) ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتكە) ئىشەنمەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ئۇنىڭغا چىن ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن كەلگەن دەلىل-پاكىتقا ئاساسلانغان، دىلى ئىسلام نۇرى بىلەن پارلىغان ۋە توغرا يولدا بولغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيالىقتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان، ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقىغا ھەقىقەتتىن ھېچبىر دەلىل-پاكىتى بولمىغان ئازغۇن ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرقلەر بار. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل-ئىسپات ۋە پاكىتلارغا تايانغان. ﴿إِنِّي عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّي﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن مەن رەببىم تەرىپىدىن (كەلگەن) روشەن دەلىل (ۋەھيى)گە ئاساسلىنىمەن﴾[1].

ئەللامە ئىبنى كەسىر ئايەتتىكى ﴿روشەن دەلىل﴾ دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام شەرىئىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿روشەن دەلىل﴾ دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-پاكىت ۋە مۆجىزىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەن.

ئايەتتىكى ﴿گۇۋاھچى﴾ دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، راستچىللىقى ۋە بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا خەلق ئارىسىدا «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ تونۇلغانلىقى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەتتا بىر سەھرالىق ئەرەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: «بۇ يۈز يالغانچىنىڭ يۈزى ئەمەس» دېگەن ۋە دەرھال ئىمان ئېيتقان. مۇپەسسىرلەردىن يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿روشەن دەلىل﴾ دېگەن سۆزدىن

[1] ئەنئام سۈرىسى: 57-ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»، ﴿گۇۋاھچى﴾ دېگەن سۆزدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى دېگەنلەرمۇ بار.

يۇقىرىقى ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ئۈچ چوڭ دەلىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار: ﴿روشەن دەلىل﴾، ﴿گۇۋاھچى﴾ ۋە ﴿مۇساغا بېرىلگەن كىتاب﴾ قاتارلىقلاردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ساماۋى كىتاب «تەۋرات» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن كىتابتۇر. شۇڭا ئۇمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر قاتارىدىن سانالغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، بارلىق ساماۋى كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىماستىن ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان جامائەت ياكى شەخس ئەلۋەتتە دوزاخ ئوتىغا لايىقتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن شەكسىز ھەقىقەتتۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنىڭ تولىسىنىڭ بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمەيدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدە بېكىتكەن قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» 14 ئەسىر ئىلگىرى ﴿ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتكە) ئىشەنمەيدۇ﴾ دېگەن بولسا، ھېلىھەم ئەھۋال شۇنداق بولماقتا. ئەپسۇسكى، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان، نۇرغۇن ھەقىقەتلەر ئايدىڭلاشقان مۇشۇنداق بىر ئەسىردىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغانلار مەۋجۇت.

2. ئاللاھ تائالاغا ياكى دىندا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىگە شەك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس.

### ◄ كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى

﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَىٰ رَبِّهِمْ وَيَقُولُ ٱلْأَشْهَـٰدُ هَـٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ أَلَا لَعْنَةُ

ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٨﴾ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا
عِوَجٗا وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿١٩﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَمۡ يَكُونُواْ مُعۡجِزِينَ
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا كَانَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنۡ أَوۡلِيَآءَۘ يُضَٰعَفُ لَهُمُ
ٱلۡعَذَابُۚ مَا كَانُواْ يَسۡتَطِيعُونَ ٱلسَّمۡعَ وَمَا كَانُواْ يُبۡصِرُونَ ﴿٢٠﴾
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢١﴾
لَا جَرَمَ أَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ﴿٢٢﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَخۡبَتُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٣﴾ ۞ مَثَلُ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ كَٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡأَصَمِّ وَٱلۡبَصِيرِ
وَٱلسَّمِيعِۚ هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾

### تەرجىمىسى

18- ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىم بار؟ ئەنە شۇنداقلار (قىيامەت كۈنى) رەببىگە توغرىلىنىدۇ، گۇۋاھچىلار: «رەببى توغرۇلۇق يالغان سۆزلىگەنلەر ئاشۇلاردۇر» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ.

19- ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدىغان، ئۇ يولنى ئەگرى كۆر-ستىشكە ئۇرۇنىدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغانلاردۇر.

20- ئەنە شۇلار زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا مەدەتكارلارمۇ چىقمايدۇ، ئۇلارغا (جەھەننەمدە) ئازاب قاتمۇ-قات ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلار (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى) ئاڭلاشقا ۋە (كائىنات دەلىللىرىنى) كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

21- ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان (ساختا ئىلاھ) لىرىنى يېنىدا تاپالمىدى.

22- شەكسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ كۆپ زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

23- شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە رەببىگە چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر.

24ـ(كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرى كور بىلەن گاسقا، يەنە بىرى كۆزى كۆرىدىغان ۋە قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى باراۋەر بولامدۇ؟ سىلەر ئىبرەت ئالامسىلەر؟

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، ئۇنىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلغان، ياكى ئاتالمىش شاپائەتچىلەرنى، ساختا مەبۇدلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان ۋەياكى «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ۋە ئازغۇن ئادەم يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن، ئۇلارنىڭ توقۇغان تۆھمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر. ئۇلار كۇفرىلىق دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ قالغان پەرقلىق كاپىرلاردۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، بارلىق قىلمىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇ چاغدا ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەردىن ۋە پەيغەمبەرلەردىن بولغان گۇۋاھچىلار دەيدۇكى، بۇ كاپىرلار قىلمىشىنىڭ ئىنتايىن قەبىھلىكى تۈپەيلى باشقا كاپىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق كاپىرلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ توغرۇلۇق يالغاننى توقۇغانلاردۇر. بۇنداق زالىملارغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!

بۇ زالىملار بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسىدىغان، ھەق دىننى ئەگرى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ۋە شۇنداق بولۇشىنى تىلەيدىغان، ئاخىرەت ھاياتىغا - ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىقلارغا - قەتئىي ئىشەنمەيدىغان ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك (يەنى بەزىسى پىرئەۋنگە ئوخشاش سۇدا غەرق بولۇپ، بەزىسى قارۇنغا ئوخشاش يەرگە يۇتقۇزۇلۇپ، بەزىسى ئەبۇ جەھىلگە ئوخشاش قىلىچ بىلەن چېپىلىپ ھالاك قىلىنىش بىلەن جازالانغاندەك)، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ قالالىسۇن!؟

بۇ زالىملارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ياكى ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان ۋەياكى شاپائەت قىلىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار

چىقمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى گۇناھكارلارنى جازالاشنى ئاخىرەتكە قەدەر كېچىكتۈرۈشنى تەقەززا قىلغان. چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر.

كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى بۇ دۇنيادا تارتىدىغان جازالىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ۋە قاتتىق بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە بۇنداق قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە تېگىشلىك بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلىكى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى كۆرمىگەنلىكى ۋە ئاڭلىمىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار باتىلنى ھەقىقەت دەپ بىلىپ، توغرا يولنى ئىزدىمىگەن، گۇناھ-مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك دىلى قارىداپ كەتكەن، كۆڭۈل-كۆكسى تارىيىپ كەتكەن ۋە ياخشىلىقنى، توغرىلىقنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغان بەختسىزلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قارشى مەۋقەسى ۋە تەرسالىقى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئالامەتلەرنى ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرمەسكە ۋە بىلمەسكە سالاتتى، ھەقىقەتكە قۇلاق سېلىشتىن قاچاتتى. ﴿وَهُمۡ يَنۡهَوۡنَ عَنۡهُ وَيَنۡـَٔوۡنَ عَنۡهُۖ وَإِن يُهۡلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ﴾[1]. ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَٱلۡغَوۡاْ فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَغۡلِبُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى﴾[2].

يۇقىرىقىلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرۈش ئارقىلىق زىيان تارتقانلاردۇر. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان بارمۇ؟

شۇنداق، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازغۇنلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەن، يامانلىقلىرى چەكتىن ئاشقان كىشىلەردۇر.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھ تائالاغا

[1] ئەنئام سۈرىسى: 26-ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 26-ئايەت.

تەقۋالىق قىلغان، ئىمان بىلەن كۆڭلى تىنىپ، قەلبى ئارام تاپقان، قۇرئان ئوقۇش ۋە ئاڭلاش بىلەن دىلى يۇمشاپ ئىمانى كۈچەيگەن كىشىلەر جەننەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ تۇرىدۇ.

كاپىر ئادەم مۆئمىن ئادەمگە، كور ئادەم كۆزى كۆرىدىغان ئادەمگە، پاڭ ئادەم ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ بۇ ئىككىسى تەڭ بولالامدۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى بىلمەمسىلەر؟ بۇ مىسال ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەمسىلەر؟!

## ◄ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى، ھالال-ھارامنى بىلدۈرۈش، شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى، مەسئۇلىيەتلىرى، ۋەزىپىلىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىشتۇر. خۇسۇسەن مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە قىسسىلەر كۆپرەك بايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە قىسسىلەر بايان قىلىنغان؟ بىر قىسسىنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسلۇب بىلەن بىر قانچە ئورۇندا تەكرارلانغانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: قىسسە ھەربىر تىلنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. قىسسىلەرنىڭ ئىنسان قەلبىگە بېرىدىغان تەسىراتى چوڭقۇر بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر بىزگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى، دەۋەت يولىدا چەككەن قىيىنچىلىقلىرى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا قوللانغان چارە-تەدبىرلىرى، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى، ھەق دىنغا قارشى چىققانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ قىسسىلەر ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆئمىنلەرگە چوڭ تەسەللى بولغان. چۈنكى، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى تەرىپىدىن تارتقان جاپالىرى، ئەزىيەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ قىسسىلەر تا قىيامەتكىچە دەۋەت يولىدا جاپا تارتقان بارلىق مۆئمىنلەرگە تەسەللىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشلەردىن ئىبرەت ئېلىشى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ تەسەللى تېپىشى ئۈچۈن بايان قىلىنغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتمۈشلەردىكى ئۈممەتلەرنىڭ مۇئمىنلىرى بىلەن كاپىرلىرى ئوتتۇ-رىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆز ئەينىسىدۇر. ئەقلىنى ئىشلەتكەن ۋە تەپەككۇر قىلغان كىشىلەر بۇنداق قىسسىلەردىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلار تەسەللى تاپىدۇ. ئۇلار بۇ قىسسىلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭ قانداق هالاك قىلىنغانلىقىنى، ياخشى ئاقىۋەت هەر زامان تەقۋادارلارغا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئاندىن ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ﴿فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلْعَزْمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەردەك چىدامىلىق بولغىن﴾[1]، ﴿وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَۚ وَجَآءَكَ فِى هَٰذِهِ ٱلْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىنچلاندۇرىدىغان هەربىر خەۋەرنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدا (بۇ سۈرىدە) ساڭا هەقىقەت، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىهەت ۋە بىر ئاگاهلاندۇرۇش كەلدى﴾[2]، ﴿لَقَدْ كَانَ فِى قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُوْلِى ٱلْأَلْبَٰبِۗ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ وَلَٰكِن تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى كىتابلار)نى تەستىقلىغۇچىدۇر، هەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن هىدايەت ۋە رەهمەتتۇر﴾[3].

«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا، ئۇنىڭ ئاللاه تائالانىڭ نامىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ۋەهيى يولى بىلەن كەلگەن راست خەۋەرلەر ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىل بولغان هالدا كەلگەن قىسسىلەردۇر. ﴿ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَۖ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ أَجْمَعُوٓاْ أَمْرَهُمْ وَهُمْ يَمْكُرُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى

[1] ئەهقاف سۈرىسى 35-ئايەت.
[2] هۇد سۈرىسى 120-ئايەت.
[3] يۇسۇف سۈرىسى 111- ئايەت.

پەيغەمبەر!) مانا بۇلار غەيب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتىمىز. (يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى) هىيلە-مىكىر بىلەن ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرغاندا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسەلەر قەلبنى ئارام تاپقۇزىدۇ، كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدۇ، چىدامچانلىقنى ئاشۇرىدۇ. ئوقۇغانلىرىدىن ئىبرەت ۋە دەرس ئېلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئوقۇغان ھەربىر قىسسىدىن ئەلۋەتتە مەنپەئەت ئالىدۇ. گويا بۇ قىسسەلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇجەسسەم بولىدۇ، كاپىرلارنىڭ، ئىنكارچىلارنىڭ ۋە ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى، پەيغەمبەرلەر بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ چىدامچانلىقى ۋە سەۋرچانلىقى، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنكارچى كاپىرلارغا چۈشۈرگەن جازالىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا جەۋلان قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇ قىسسىدىكى مۆئمىنلەردەك ھېس قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسەلەر مۆئمىنلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈ-رىدىغان ئەمەلىي مەكتەپتۇر. چۈنكى، ئىبرەت ئېلىشنى بىلىدىغانلار بۇ قىسسەلەردىن ئالغان تەسىراتلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ. ﴿لَقَدۡ كَانَ فِي قَصَصِهِمۡ عِبۡرَةٞ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[2] بۇ قىسسەلەردە ئۆلىمالارنى يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم دەرسلەر بار.

ئەمما قىسسەلەرنىڭ تەكرارلانغانلىقىنىڭ ۋە بىر قىسسىنىڭ ھەرخىل ئۇسلۇب بىلەن بىر قانچە يەردە تەكرار بايان قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ ۋەقەلىكلەرنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ ئىبرەتلىك ئۇسلۇبلار بىلەن كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ دىلىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈندۇر. رېئال دۇنيادا كۆرۈۋاتىمىزكى، ھەرقانداق بىر مۇددىئانىڭ ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى قايتا-قايتا تەكرارلاش ۋە ئوخشاش مەزمۇننى ھەرخىل ئۇسلۇبلاردا بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى كۆپچىلىككە ئىگە قىلىشقا ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئۇسلۇبلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. بىر خىل ئۇسلۇبتىن تەسىر ئالمىغان كىشى يەنە بىر خىل ئۇسلۇبتىن تەسىر ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ

[1] يۈسۈف سۈرىسى: 102-ئايەت.
[2] يۈسۈف سۈرىسى: 111- ئايەت.

ھەققانىي مۇددىئاسىنى سىڭدۈرۈشكە تولىمۇ ھەقلىقتۇر.

بىر قىسسىنى ھەرخىل ئۇسلۇبتا تەكرار بايان قىلىشنىڭ يەنە بىر سىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ۋە ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ئۇلارنى قىسسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ تۇرىدىغانلار بىلىدۇكى، ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ھەتتا ئايەتلىرىنىڭ تىزىلىشى ۋە ئاخىرلىشىشى جەھەتتە بىر سۈرە يەنە بىر سۈرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەربىر قىسسىنىڭ ئۇسلۇبى پەرقلىق بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىگە خاس جەلپكارلىققا ئىگە. ھەربىر بايان ئۆزىدىن ئىلگىرىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە كېيىنكىسىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، ئەڭ ئېسىل ئۇسلۇبتا تىزىلىپ كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە توملۇق كىتابمۇ يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئۇ بىپايان ئوكيان بولۇپ، بايان قىلغانلىرىمىز دېڭىزدىن بىر تامچىمۇ بولالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ياكى خىرىستىيانلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇفرىلىقتىن سانىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىش ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇش ئەڭ ئېغىر قىلمىشلاردىن بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالاغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقتۇر. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۈچلۈكتۇر، ھەممىگە قادىردۇر، ئىنسان بولسا ئاجىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغانلار، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قوللانغانلار، نەپسى خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ دىن نامىدىن قالايمىقان پەتىۋالارنى چىقىرىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقۇچىلاردۇر.

4. ياخشىنىڭ قەدرى يامانىنى كۆرگەندىن كېيىن بىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا جەننەتنى ياراتقاندا دوزاخنىمۇ بىللە ياراتقان.

5. كاپىرلار مەنىۋى ئۆلۈكلەر بولۇپ، خۇددى ئۆلۈكلەر ئاڭلىمىغاندەك،

ئۇلارمۇ ھەقىقەتنى ئاڭلىمايدۇ، كۆرمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ.

**6.** ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرگە خاس بولۇپ، جەننەت پۈتۈن مەرتىۋىلىرى ۋە نېمەتلىرى بىلەن مۇئمىنلەرنى كۈتمەكتە. كاپىرلار، زالىملار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

## ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿٢٥﴾ أَن لَّا
تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ أَلِيمٖ ﴿٢٦﴾ فَقَالَ
ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا نَرَىٰكَ إِلَّا بَشَرٗا مِّثۡلَنَا وَمَا
نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمۡ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ ٱلرَّأۡيِ وَمَا نَرَىٰ لَكُمۡ
عَلَيۡنَا مِن فَضۡلِۭ بَلۡ نَظُنُّكُمۡ كَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ
إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِهِۦ فَعُمِّيَتۡ
عَلَيۡكُمۡ أَنُلۡزِمُكُمُوهَا وَأَنتُمۡ لَهَا كَٰرِهُونَ ﴿٢٨﴾ وَيَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ
عَلَيۡهِ مَالًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۚ
إِنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٩﴾ وَيَٰقَوۡمِ مَن
يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِن طَرَدتُّهُمۡۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣٠﴾ وَلَآ أَقُولُ لَكُمۡ
عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ وَلَآ أَقُولُ إِنِّي مَلَكٞ وَلَآ أَقُولُ
لِلَّذِينَ تَزۡدَرِيٓ أَعۡيُنُكُمۡ لَن يُؤۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ خَيۡرًاۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا فِيٓ
أَنفُسِهِمۡ إِنِّيٓ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25ـ شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: «شەكسىزكى، مەن سىلەر ئۈچۈن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

26ـ بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار، مەن راستىنلا سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى.

27ـ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «كۆرۈۋاتىمىزكى، سەنمۇ پەقەت

بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن. ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى چولتا پىكىرلىك پەس ئادەملەردىن باشقىسىنىڭ ئەگەشمىگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق. بەلكى، بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى.

28-نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن رەببىم تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان تۇرسام ۋە ئۇ ماڭا ئۆز تەرىپىدىن رەھمەت (پەيغەمبەرلىك) ئاتا قىلغان تۇرسا، ئاندىن سىلەر بۇ (ھەقىقەت)نى كۆرەلمىگەن بولساڭلار، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلارمۇ، بىز سىلەرنى ئۇنىڭغا زورلامدۇق؟

29-ئى قەۋمىم! سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل-مال تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىم (نى بېرىش) پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى يېنىمدىن قوغلىۋەتمەيمەن. چۈنكى، ئۇلار رەببى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئەمما مەن سىلەرنى نادان بىر قەۋم دەپ قارايمەن.

30-ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلاپ باقماامسىلەر؟

31-مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، مەن غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى پەرىشتىمۇ دېمەيمەن، ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەر توغرۇلۇق ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىز ياخشىلىق ئاتا قىلمايدۇ، دېمەيمەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئەگەر مەن شۇنداق دېسەم) ئۇ چاغدا مەن چوقۇم ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز تۇنجى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىدە تۇنجى بولۇپ رەببىگە شېرىك كەلتۈرگەن قەۋمگە ئەۋەتتۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى قەۋملەردە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش يوق ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە: «مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرمەن. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھاكىمىيەت ئۇنىڭغا خاستۇر، جىمى ماختاشلار ۋە

مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان يېگانە ئىلاھتۇر» دېگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلاتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئاندىن ئۇلارنى دەھشەتلىك ئازابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇردى. قىيامەتنىڭ ئازابى كاپىرلارغا قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلدى. بۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى ھەرخىل ئۇسۇلدا روشەن تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئېنىقتۇر. شۇئەرا سۈرىسى قاتارلىق بەزى سۈرىلەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە: ﴿أَلَا تَتَّقُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟﴾[1] دېگەنلىكى زىكىر قىلىنغان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋمىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشكە دەۋەت قىلغان. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ باشقا ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغان قەۋمدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىنكار قىلغانلار ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى دۆلەتمەن كاتتىباشلار ئىدى. ئۇلار ئۆمۈچۈكنىڭ توردىنمۇ ئاجىز سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقتى. ئۇلار مۇنداق دېدى: «ئەي نۇھ! سەن بولساڭ بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، سېنىڭ بىزدىن ھېچبىر ئارتۇقچىلىقىڭ يوق تۇرسا، نېمىشقا ئىشىنىپ ئۆزۈڭنى بىز بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ئەلچى، دەپ بىلجىرلايسەن؟ يا سېنىڭ پۇل-مېلىڭ كۆپمىدى؟ ياكى سېنىڭ قەۋمىمىز ئىچىدە بىرەر مەنسىپىڭ بارمىدى؟ ۋەياكى بالىلىرىڭ بىلەن خىزمەتچىلىرىڭ كۆپمىدى؟ بۇلاردىن ھېچبىرى سەندە يوق. سەن نېمىشكە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتىسەن؟ بىز قانداقمۇ ساڭا بويسۇنىمىز؟ ساڭا نېمە دەپ ئىشىنىمىز؟ ساڭا ئەگەشكەنلەر پەقەت يوقسۇللار تەبىقىسىدىن چىققان ئەقىلسىز ۋە پەس ئادەملەر تۇرسا، بىز ئەمدى ساڭا ئىمان ئېيتىپ، ئۆزىمىزنى ئاشۇلار بىلەن تەڭ قىلامدۇق؟!».

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 106-ئايەت.

ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرت قويغان بولۇپ، ئەگەر نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يېنىدىكى يوقسۇللارنى قوغلىۋەتسە، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل تەلىپىنى ئۆز ۋاقتىدا رەت قىلغان ۋە يوقسۇل مۆئمىنلەرنى يېنىدىن ھەرگىز قوغلىۋەتمەيدىغانلىقىنى كەسكىن قىلىپ ئېيتقان ئىدى.

ئۇلار يەنە ھەددىدىن ئېشىپ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئەي نۇھ! بىز سەندە ياكى ساڭا ئەگەشكەنلەردە بىزنىڭ ساڭا ئەگىشىشىمىزگە تۈرتكە بولغۇدەك ئۈستۈنلۈك ياكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرمەيۋاتىمىز. چۈنكى، سىلەر يا بايلىقتا ياكى مەنسەپتە ۋەياكى كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۈستۈن ئەمەسسىلەر. شۇڭا بىز سىلەرگە ئەگىشىمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمىز. بەلكى ئىش بۇنىڭدىن مۇرەككەپ ۋە چوڭدۇر. چۈنكى، بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلاۋاتىمىز. شۇڭا بىز سىلەرگە ئىشەنمەيمىز. ئەي نۇھ! سەن يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان ئادەمسەن، ساڭا ئەگەشكەن يوقسۇللارمۇ يالغاندىن سېنى پەيغەمبەر دەپ يۈرمەكتە. سىلەر ھەممىڭلار بىرلىشىپ بىزدىن كاتتىلىق تالاشماقچى بولۇۋاتىسىلەر، بۇنى بىز ئوبدان بىلىمىز».

نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئەقىلسىز قەۋمگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئەي قەۋمىم! ئەگەر مېنىڭ دېگەنلىرىم راست بولۇپ چىقسا، ھەقىقەت مەن دېگەندەك چىقىپ مېنىڭ راستچىللىقىم ئوتتۇرىغا چىقسا، سىلەر مېنى ئىنكار قىلىپ تۇرساڭلار ئەھۋال نېمە بولماقچى؟ ئەي قەۋمىم! ئاللاھ تائالا كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ماڭا ئۆز پەزلىدىن رەھمەت ئاتا قىلدى. ئەمما سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار مال-دۇنيا ۋە كاتتىلىق تالىشىش مەستانىلىكىدە كور بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مېنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. ئەي قەۋمىم! مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق، مال-دۇنيا سورىغىنىم ياكى سىلەرگە كاتتىباش بولاي دېگىنىم يوق. مەن سىلەردىن ھېچ نەرسە سورىمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ.

مانا بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق خىتابى ۋە مۇددىئاسى ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، سىلەر «پەس

ئادەملەر» دەپ قارىغان كىشىلەرنى مەن يېنىمدىن ھەرگىز قوغلىۋەتمەيمەن. مەن مۆئمىنلەرنى يوقسۇل بولغانلىقى سەۋەبلىك چەتكە قاقمايمەن. سىلەر ئۇلارنى ئاجىزلىقى، پېقىرلىقى سەۋەبلىك كۆزگە ئىلمىغان بىلەن، مەن ئۇلارنى ئۇنداق ئايرىمايمەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمەن، قەدىرلەيمەن. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتتى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىر سەپتە تۇردى. مەن سىلەرنى دەپ ئۇلارنى ھەرگىز يېنىمدىن قوغلىۋەتمەيمەن. بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەر زاماندىكى كاپىرلاردا ئورتاقلاشقان مۇتەكەببىرلىك بولۇپ، ئۇلار يوقسۇللارنى ۋە ئاجىز-ئورۇق كىشىلەرنى شۇنداق كۆزگە ئىلمايدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام يەنە ئېيتتى: «مەن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى يېنىمدىن ھەرگىز قوغلىۋەتمەيمەن، ئۇلارنى چەتكە قاقمايمەن. چۈنكى، ئۇلار رەببى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەرمۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىسىلەر، قىلمىشلىرىڭلارغا قاراپ جازاسىنى تارتىسىلەر. مەن پەقەت بۇ ھەقىقەتلەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈشكىلا بۇيرۇلغانمەن. شۇنچە ۋەز-نەسىھەتتىن كېيىنمۇ سىلەر يەنە ئىبرەت ئالمايۋاتىسىلەر، ھەقىقەت تەرەپكە يول ئالمايۋاتىسىلەر، شۇڭا مەن سىلەرنى چۈشەنمەيدىغان ئەقىلسىز، نادان قەۋم دەپ قارايمەن.

ئەي قەۋمىم! ئەگەر مەن يېنىمدىكى مۆئمىنلەرنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن مېنى كىم توسۇۋالىدۇ؟ چۈنكى، مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟ سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟ مەن سىلەرگە ‹مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، مەن غەيبنى بىلىمەن› دېگىنىم يوق ۋە ھەرگىزمۇ بۇنداق دېمەيمەن. يەنە مەن ئۆزۈمنى پەرىشتىمۇ دېمەيمەن، مېنىڭ سىلەردىن چوڭلۇق تالىشىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققىنىم يوق».

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى پەرىشتىمۇ دېمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، بەزى كاپىرلار پەيغەمبەر دېگەن بايلارنىڭ ئارىسىدىن، غەيبنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ياكى پەرىشتىلەردىن بولۇشى لازىم، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا پەيغەمبەر ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن ھېچبىر پەرقى قالمىغان بولاتتى.

نۇھ ئەلەيهىسسالام شۇنى ئوچۇقلىغانكى، مەن ئۆزۈمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىشىمدا ئاللاھ تائالانىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى ياكى غەيبلەرنى بىلىدىغانلىقىمنى دەۋا قىلغىنىم يوق. مەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرگەنلىرىنىلا بىلىمەن، باشقىسىنى بىلمەيمەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى (قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن)»﴾[1].

ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ هالىڭلارغا ۋايكى، قانداقمۇ پەيغەمبەرنىڭ پەرىشتىدىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ ئەگەر ئۇنى پەرىشتىدىن قىلغان بولساقمۇ ئۆزئارا چۈشىنىش هاسىل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى سىلەرگە يەنىلا ئادەم سۈرىتىدە ئەۋەتكەن بولاتتۇق، ئۇ سىلەرگە ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنەتتى، سىلەر كىيگەننى كىيەتتى، سىلەردەك يۈرەتتى.

نۇھ ئەلەيهىسسالام دېدىكى، مەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان مۆئمىنلەرگە يوقسۇللۇقۇڭلار ۋە ئاجىزلىقىڭلار سەۋەبلىك ئاللاھ سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلمايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولالمايسىلەر دېمەيمەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلارغا نىيىتىگە ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارغا شۇنداق نالايىق سۆزنى قىلسام، مەن ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن.

## ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. نۇھ ئەلەيهىسسالام ئىنسانىيەتنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر بولۇپ، ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى توغرا دىندىن يىراقلىشىپ بۇتپەرەسلىك يولىغا كىرىپ

[1] ئەئراف سۈرىسى: 188-ئايەت.

كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇممەتلىرى ھەق دىندىن ئايرىلمىغانلىقتىن، ئۇلاردا مۇشرىكلىك يوق ئىدى. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن مۇجادىلە قىلغان تۇنجى پەيغەمبەر سانىلىدۇ.

2. جىمى پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۇممەتلىرىگە ﴿ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دەپ تەۋسىيە قىلغان. بۇ «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ تەلىپى ئىدى.

3. ئاخىرەتتىكى ئازابنى ئەسلىتىپ تۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشى، كۇفرى ۋە ئاغۇنلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن قورقۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

4. پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ دەسلەپ ئەگەشكەنلەرنىڭ تولىسى يوقسۇللار تەبىقىسىدىن بولغانىدەك، ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ نوپۇزلۇق، باي ۋە مەنسەپلىك كىشىلەر، خۇسۇسەن، قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئىچىدىن بولغان. ئۇلار قولىدىكى بۇ ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، نەپسى ھەۋەسىگە بويسۇنۇپ ھەق دىنغا قارشى تۇرغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئىنسانلارنى باي-كەمبەغەل، ئاجىز-كۈچلۈك، دەپ ئايرىماستىن ھەممىسىنى خۇددى تارغاقنىڭ چىشلىرىدەك ئوخشاش كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش مۇئامىلە كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پرىنسىپ كاتتىباشلارغا ياقمايدۇ.

5. بىر نەرسىنى يامان كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە ئىزدىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەق سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ.

6. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى ۋە قەدىر-قىممىتى ئىمان ۋە تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ، بايلىق، مەنسەپ ۋە نەسەبنىڭ ئېسىللىكى بۇنىڭغا مىزان بولالمايدۇ.

8. غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

9. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ شەننى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنۇش ئېغىر گۇناھتۇر.

## ئازابقا ئالدىرىغان كاپىرلارنىڭ ھالى

﴿قَالُواْ يَٰنُوحُ قَدۡ جَٰدَلۡتَنَا فَأَكۡثَرۡتَ جِدَٰلَنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن
كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ٣٢ قَالَ إِنَّمَا يَأۡتِيكُم بِهِ ٱللَّهُ إِن شَآءَ وَمَآ
أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ٣٣ وَلَا يَنفَعُكُمۡ نُصۡحِيٓ إِنۡ أَرَدتُّ أَنۡ أَنصَحَ
لَكُمۡ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يُغۡوِيَكُمۡۚ هُوَ رَبُّكُمۡ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ
٣٤ أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ إِنِ ٱفۡتَرَيۡتُهُۥ فَعَلَيَّ إِجۡرَامِي وَأَنَا۠ بَرِيٓءٞ
مِّمَّا تُجۡرِمُونَ ٣٥﴾

### تەرجىمىسى

32ـ ئۇلار: «ئى نۇھ ! سەن بىز بىلەن جېدەللەشتىڭ، جېدەللەشكەندىمۇ كۆپ جېدەللىشىپ كەتتىڭ. ئەگەر راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە!» دېدى.

33ـ نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر خالىسا ئۇنى سىلەرگە پەقەت ئاللاھ كەلتۈرەلەيدۇ. (ئۇ چاغدا) سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

34ـ مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولسا، (ئۇ چاغدا) مېنىڭ قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

35ـ ياكى ئۇلار: «بۇ دىنىنى (ئۇ ئۆزى) توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئۇنى توقۇپ چىققان بولسام، گۇناھىم ئۆزۈمگىدۇر. مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن بىزارمەن».

### تەپسىرى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا دېدىكى، سەن بىز بىلەن بەكمۇ كۆپ جېدەللىشىپ كەتتىڭ، جېدەللەشكەندىمۇ تۈختىماستىن، زېرىكمەستىن جېدەللەشتىڭكى، ھەر قېتىمدا بىزنى يېڭىپ چىقتىڭ. بىزنىڭ كەلتۈرگەن باھانىلىرىمىزنى ۋە دەلىللىرىمىزنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭ، شۇنداق قىلىپ بىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇڭ، بىز راستتىنلا سەندىن، سېنىڭ جېدەللىرىڭدىن ۋە مۇنازىرىلىرىڭدىن زېرىكتۇق. سەن بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ۋە توختىماستىن بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان شۇ

ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە! ئەگەر سەن ﴿إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ أَلِيمٖ﴾ يەنى ﴿مەن راستتىنلا سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن﴾[1] دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، شۇ ئازابنى بىزگە بىر كەلتۈرۈپ باققىنە! قېنى ئۇ ئازاب؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ يۇقىرىقى سەپسەتىلىرىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى قورقۇتقان ۋە مەنمۇ كېلىشىدىن قورقۇۋاتقان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇ ئازابنى دەرھال چۈشۈرىدۇ، خالىسا كېچىكتۈرىدۇ. ئازابنى توساپ قېلىش ياكى ئازاب كەلگەندە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قېلىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. چۈنكى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئاجىز بەندىلەر بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرنى قىلمىشىڭلار سەۋەبلىك ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلغان بولسا، مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ياخشى سۆزلىرىم ۋە چىرايلىق نەسىھەتلىرىم سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭغا تەييارلىقى بار، قەلبى ئوچۇق ئادەملەرگە خاستۇر. ئەمما قەلبى قارىيىپ كەتكەن، يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن قاتمال ئادەملەر ھىدايەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىماننىڭ نۇرى كىرەلمەيدۇ. مۇنداقلار ۋەز-نەسىھەتتىن قەتئىي پايدا ئالالمايدۇ».

﴿أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ﴾ دېگەن ئايەت بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، قىسسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن قىستۇرما ئايەت بولۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان تۆھمەتلىرىگە، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر» دېگەن سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىر-لەرنىڭ قارىشىچە، ئايەت نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، مەنىسى: ئۇ كاپىرلار سېنى «نۇھ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ ئوتتۇرىغا چىقىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ چىقتى» دەۋاتامدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ نامىدىن سىلەرگە يالغان ئېيتقان بولسام، مېنىڭ گۇناھىم ئۆزۈمگىدۇر، ئەمما مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن يىراقمەن ۋە ئۇنىڭ

---

[1] هۇد سۈرىسى: 26-ئايەت.

بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي عَمَلِي وَلَكُمْ عَمَلُكُمْ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعْمَلُ وَأَنَا۠ بَرِيٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار يەنە سېنى يالغانغا چىقارسا: «مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەس» دېگىن﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش، باتىلنى پاش قىلىش يولىدا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا مۇنازىرە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا يول قويمىغان ئىش ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەندىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە داخىلدۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلمىغۇچە بەندىنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا قەلبىنى ھەقىقەتكە ئېچىۋەتمىگەن ئادەمگە قىلغان نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمان ئادەم كۈچىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇلغان، ھىدايەت ئاللاھ تائالادىن بولىدۇ. بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ ۋەز-نەسىھەت قىلىشتۇر.

4. تېخى ئۆلمىگەن بىرىنى دوزىخى ياكى جەننەتتى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتتى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ئون ساھابە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

## ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشى

﴿وَأُوحِيَ إِلَىٰ نُوحٍ أَنَّهُۥ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ ءَامَنَ فَلَا تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ۝٣٦ وَٱصْنَعِ ٱلْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا وَلَا تُخَٰطِبْنِى فِى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ۝٣٧ وَيَصْنَعُ ٱلْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلَأٌ مِّن قَوْمِهِۦ سَخِرُوا۟ مِنْهُ ۚ قَالَ إِن تَسْخَرُوا۟ مِنَّا

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 41-ئايەت.

فَإِنَّا نَسْخَرُ مِنكُمْ كَمَا تَسْخَرُونَ ﴿٣٨﴾ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن يَأْتِيهِ
عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٣٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَمْرُنَا
وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ قُلْنَا ٱحْمِلْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلَّا مَن
سَبَقَ عَلَيْهِ ٱلْقَوْلُ وَمَنْ ءَامَنَ ۚ وَمَآ ءَامَنَ مَعَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلٌ ﴿٤٠﴾ ۞
وَقَالَ ٱرْكَبُوا۟ فِيهَا بِسْمِ ٱللَّهِ مَجْر۪ىٰهَا وَمُرْسَىٰهَآ ۚ إِنَّ رَبِّى لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ
﴿٤١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

36ـنۇھقا (مۇنداق دەپ) ۋەھيى قىلىندى: «ئېنىقكى، سېنىڭ قەۋمىڭ ئارىسىدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ئىمان ئېيتىدىغانلار چىقمايدۇ. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن.

37ـسەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن ۋە (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، چۈنكى ئۇلار چوقۇم غەرق قىلىنغۇچىدۇر».

38ـنۇھ كېمە ياساۋاتاتتى، قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى قاچانلا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، شەكسىزكى، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك، بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز.

39ـخار قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر».

40ـنىھايەت، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، نۇھقا دېدۇقكى: «(جانلىقلارنىڭ) ھەر تۈرىدىن (ئەركەك-چىشى بولۇپ) بىر جۈپنى، ئائىلەڭدىكى (غەرق بولىدىغانلىقى ھەققىدە) ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلاردىن باشقىلارنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى كېمىگە ئېلىۋالغىن» دېدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشى ئىمان ئېيتقان ئىدى.

41ـنۇھ ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، ئۇنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمى ئىچىدىن ھازىرغا قەدەر ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقىلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا غەمكىن بولماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە قايغۇرماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقى ئالدىنئالا پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈردى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ توپان بالاسىدىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن مۇكەممەل بىر كېمە ياساشقا، ئىمان ئېيتقانلارنى كېمىگە ئېلىپ مېڭىشقا، ئىمان ئېيتمىغان ۋە كېمىگە چىقىشنى خالىمىغانلار توغرۇلۇق قايغۇرماسلىققا بۇيرىدى.

شۇنداق قىلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ياساشقا باشلىدى، ئۇ كېمىنى ياساش جەريانىدا قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ھەدەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى. چۈنكى، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئەقلىدىن ئازغان بىرسى دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى، كۈچىنى زايە قىلىپ مۇنداق بىر كېمىنى ياساش سارائلارنىڭ ئىشى ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن: «سىلەر بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى پايدىسىز ئىش دەپ بىزنى ئەخمەق ساناپ، بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، بېشىڭلارغا ئازاب چۈشكەن چاغدا، سىلەر بىزنى ھازىر مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى مەسخىرە قىلىمىز. قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىڭ بىرقىسمى سىلەرگە يېقىندا چوقۇم كېلىدۇ. سىلەر قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا توپان بالاسىدا ھالاك بولۇش بىلەن، ئاخىرەتتە دائىملىق ئازابقا قېلىش بىلەن تارتىسىلەر» دەيتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى جىددىيلىك بىلەن ياساشقا كىرىشكەن ئىدى، ئۇنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن بەكمۇ ئاغرىنغان، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا توپان بالاسى ئۈچۈن بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، يامغۇر قاتتىق قۇيۇۋەتتى. ﴿فَفَتَحْنَآ أَبْوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ بِمَآءٍ مُّنْهَمِرٍ ﴿١١﴾ وَفَجَّرْنَا ٱلْأَرْضَ عُيُونًا فَٱلْتَقَى ٱلْمَآءُ عَلَىٰٓ أَمْرٍ قَدْ قُدِرَ ﴿١٢﴾ وَحَمَلْنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلْوَٰحٍ وَدُسُرٍ﴾ يەنى ﴿ئاندىن بىز ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئىشقا بىنائەن، (يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى) سۇ بىر-بىرىگە قوشۇلدى. نۇھنى

### تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە چىقاردۇق﴾[1].

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەمىر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ قاتتىق ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، يېنىدىكى مۆئمىنلەرنى كېمىگە سېلىشنى ۋە جانلىقلارنىڭ ھەر تۈرىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇغان بولۇپ، كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر بۇلارنىڭ سىرتىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ھالاك بولىدىغانلارنىڭ قاتارىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار ئىنتايىن ئاز كىشى ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرگە: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى (يەنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ۋە قوغدىشى) بىلەن بولىدۇ. شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدى. بۇ كېمىگە چىققان مۆئمىنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان خۇش خەۋەر ئىدى. راستتىنلا ئاللاھ تائالا تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇر. مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە زالىملارنى ھالاك قىلىش ئۇنىڭ شەپقىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش، ھېچ بولمىغاندا نارازىلىق بىلدۈرۈش مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىدۇر.

2. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى مۆئمىنلەرنىڭ نىجاتلىق كېمىسى بولۇپ، ئۇ كېمە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياسالغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى ھەمىشە قوغداپ كەلگەن.

### ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَهِيَ تَجۡرِي بِهِمۡ فِي مَوۡجٖ كَٱلۡجِبَالِ وَنَادَىٰ نُوحٌ ٱبۡنَهُۥ وَكَانَ فِي

[1] قەمەر سۈرىسى: 11-13-ئايەتلەر.

مَعۡزِلٖ يَٰبُنَيَّ ٱرۡكَب مَّعَنَا وَلَا تَكُن مَّعَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ سَـَٔاوِيٓ
إِلَىٰ جَبَلٖ يَعۡصِمُنِي مِنَ ٱلۡمَآءِۚ قَالَ لَا عَاصِمَ ٱلۡيَوۡمَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِ
إِلَّا مَن رَّحِمَۚ وَحَالَ بَيۡنَهُمَا ٱلۡمَوۡجُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡمُغۡرَقِينَ ﴿٤٣﴾ وَقِيلَ
يَٰٓأَرۡضُ ٱبۡلَعِي مَآءَكِ وَيَٰسَمَآءُ أَقۡلِعِي وَغِيضَ ٱلۡمَآءُ وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ
وَٱسۡتَوَتۡ عَلَى ٱلۡجُودِيِّۖ وَقِيلَ بُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ وَنَادَىٰ
نُوحٞ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبۡنِي مِنۡ أَهۡلِي وَإِنَّ وَعۡدَكَ ٱلۡحَقُّ وَأَنتَ
أَحۡكَمُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٤٥﴾ قَالَ يَٰنُوحُ إِنَّهُۥ لَيۡسَ مِنۡ أَهۡلِكَۖ إِنَّهُۥ عَمَلٌ
غَيۡرُ صَٰلِحٖۖ فَلَا تَسۡـَٔلۡنِ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۖ إِنِّيٓ أَعِظُكَ أَن
تَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٤٦﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنۡ أَسۡـَٔلَكَ مَا
لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞۖ وَإِلَّا تَغۡفِرۡ لِي وَتَرۡحَمۡنِيٓ أَكُن مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ
﴿٤٧﴾ قِيلَ يَٰنُوحُ ٱهۡبِطۡ بِسَلَٰمٖ مِّنَّا وَبَرَكَٰتٍ عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٖ مِّمَّن
مَّعَكَۚ وَأُمَمٞ سَنُمَتِّعُهُمۡ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٨﴾ تِلۡكَ مِنۡ
أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهَآ إِلَيۡكَۖ مَا كُنتَ تَعۡلَمُهَآ أَنتَ وَلَا قَوۡمُكَ مِن
قَبۡلِ هَٰذَاۖ فَٱصۡبِرۡۖ إِنَّ ٱلۡعَٰقِبَةَ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٩﴾

### تەرجىمىسى

42ـكېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى.

43ـ(ئوغلى): «مېنى سۇدىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى-دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتكەنلەردىن بولدى.

44ـ«ئى زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! يامغۇرنى توختاتقىن» دېيىلدى،

(توپان) سۈيى سىڭدۈرۈلدى، ئىش تاماملاندى. كېمە جۇدى [1] تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى.

45-نۇھ رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىندۇر (سەن ماڭا ئائىلەمدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى.

46-ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس، ئۇنىڭ قىلمىشى ھەقىقەتەن ياماندۇر. سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن تىلىمىگىن، مەن ساڭا نادانلار قاتارىدىن بولماسلىقىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن».

47-نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مەن ساڭا سىغىنىپ، (ھە-قىقىتىنى) بىلمىگەن نەرسىنى سەندىن تىلەشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر مېنى كەچۈرمىسەڭ ۋە ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، مەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن».

48-دېيىلدىكى: «ئى نۇھ! سەن بىز تەرەپتىن ساڭا ۋە سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا چۈشكەن ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن) بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا ئۇچرايدۇ».

49-(ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇ (قىسسە) بىز ساڭا ۋەھيى قىلىپ بېرىۋاتقان غەيىب خەۋەرلىرىدىندۇر. سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار. شۇڭا سەن (قەۋمىڭنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

---

[1] جۇدى تېغى تۈركىيەنىڭ سۈرىيە ۋە ئىراق چېگرىسى ئەتراپىدا بولۇپ، تەۋراتتا كېمىنىڭ ئارارات (ئاغرى) تېغىدا توختىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئارارات تېغى جۇدى تېغىدىن 200مىل يىراقلىقتا جايلاشقان. ئامېرىكىلىق مەخسۇس تەتقىقاتچىلار گۇرۇپپىسى 2004-يىلى 17-ئىيول كۈنى ئارارات تېغىدا ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كېمە توختىغان ئورۇننى رەسىمگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەمما «national geographic» ژۇرنىلى ئۇلار تارتقان سۈرەتنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ سۈرىتى ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان ۋە ئامېرىكىلىق ئاكادېمىكلەرمۇ بۇ سۈرەتنىڭ ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. يەنە بىر قاراشقا كۆرە، «جۇدى» دېگەن سۆز ئېگىز تاغ دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

## تەپسىرى

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كېمىنىڭ تەسۋىرى تۆۋەندىكىچە:

كېمە ئۈستىدىكىلەرنى كۆتۈرۈپ خۇددى ئېگىز تاغلاردەك دولقۇنلار ئارىسىدا ناھايىتى تېزلىكتە يۈرۈۋاتىدۇ، بۇنى كۆرگەن نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە چىقماي قالغان قەۋمىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ كېمىگە چىقمىغانلار قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ بىر جايدا تەنھا سۇ ئۈزۈۋاتاتتى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى چاقىرىپ: ئوغلۇم! كەل بىز بىلەن بۇ كېمىگە چىقىۋالغىن، ھالاك بولىدىغان كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالمىغىن، دەيدۇ. ئەمما بۇ ئوغۇل ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بەختسىزلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەيتتى، ئۇنىڭ دىنىغىمۇ ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئاتىسىنىڭ چاقىرىقىغا: «مەن تاغقا چىقىۋالىمەن ۋە شۇ ئارقىلىق توپان بالاسىدىن ساقلىنىپ قالىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالاك بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان بىرسىنى ھېچكىم، ھەتتا ئەڭ كۆيۈمچان ئاتىسىمۇ ھىدايەت قىلالمايدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا ياخشىلىقنىڭ ۋە قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇ ئوغۇل بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھالاكەتنىڭ يولىنى تاللايدۇ ۋە «تاغقا چىقىۋالىمەن، تاغ مېنى ساقلايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ توپان سۈيىنى بىرەر كىچىك دەريانىڭ سۈيى ياكى تېزلا توختاپ قالىدىغان قاتتىق يامغۇر دەپ ئويلاپ قالغان. ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِى مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يَشَآءُ ۚ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ بۇ خاتا سۆزىگە رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئەي ئوغلۇم! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ساقلاشنى خالىسا، ئۇ ئۆزىلا ساقلاپ قالالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كېمىنى ئىمان ئېيتقانلارنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلدى. ئۇلار ئاتا-بالا شۇنداق تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان پەيتتە قاتتىق ئۆرلىگەن دولقۇن ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ

---

[1] قەسەس سۈرىسى: 56-ئايەت.

بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى توپان بالاسىدا غەرق بولغۇچىلار بىلەن بىرگە غەرق بولۇپ هالاك بولدۇ.

قەمەر سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا توپان سۈيىنىڭ كاپىرلارنى قانداق غەرق قىلىپ يوق قىلغانلىقىنى تېخىمۇ روشەن چۈشىنىمىز: ﴿فَفَتَحۡنَآ أَبۡوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ بِمَآءٖ مُّنۡهَمِرٖ ۝١١ وَفَجَّرۡنَا ٱلۡأَرۡضَ عُيُونٗا فَٱلۡتَقَى ٱلۡمَآءُ عَلَىٰٓ أَمۡرٖ قَدۡ قُدِرَ ۝١٢ وَحَمَلۡنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلۡوَٰحٖ وَدُسُرٖ ۝١٣ تَجۡرِي بِأَعۡيُنِنَا جَزَآءٗ لِّمَن كَانَ كُفِرَ ۝١٤ وَلَقَد تَّرَكۡنَٰهَآ ءَايَةٗ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ۝١٥ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ﴾ يەنى ﴿ئاندىن بىز ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئىشقا بىنائەن، (يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى) سۇ بىر-بىرىگە قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە چىقاردۇق. ئىنكار قىلىنغان (نۇھ)نى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، كېمە بىزنىڭ ھىما-يىمىز ئاستىدا ماڭاتتى. بۇ (ۋەقە)نى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟﴾[1].

ئاندىن دېيىلدىكى، ئەي زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتۇۋەتكىن، ئەي بۇلۇت! يامغۇرۇڭنى توختات، بۇ قەدەر ياغقىنى يېتىدۇ. بۇ ھەرقانداق بىر نەرسىنى «بول!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن بىر دەمدىلا بار قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان ۋە زېمىنغا قىلغان بۇيرۇقى بولۇپ، بۇ بۇيرۇق بىلەن توپان بالاسى دەرھال توختىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇ ئازالدى، مۇئمىنلەر قۇتۇلدى، كاپىرلار هالاك بولدى. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟

كېمە جۇدى تېغىدا توختاپ ئورۇن ئالدى. ئاندىن زالىملارغا، كاپىرلارغا دەردلىك ئازاب يۈزلەنسۇن، دېيىلدى.

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىستىلىستىكا جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ قۇتۇلۇپ، كاپىرلارنىڭ غەرق بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، كاپىرلىقى سەۋەبلىك هالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئى رەببىم! سەنمۇ

[1] قەمەر سۈرىسى: 11-16-ئايەتلەر.

بىلىسەن ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بىر ئەزاسىدۇر، سەن مېنىڭ ئائىلەمنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە راستتۇر، سېنىڭ ھۆكمىڭ ئادالەتلىكتۇر، چۈنكى، سەن ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىسەن، دەپ مۇناجات قىلدى.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىپ، ئەي نۇھ! سېنىڭ ئۇ ئوغلۇڭ سېنىڭ نىجات تاپىدىغان ئەھلىڭ قاتارىدىن ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇ ياخشى ئىش قىلمىدى، ئۇ رەببىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ تەرىپىنى تۇتتى. شۇڭا ئۇ ھالاك بولىدىغان كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. سەن ئۇنى نىجات تاپىدىغان مۇئمىنلەر قاتارىدىن سانىمىغىن. چۈنكى، مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش يوق. ﴿قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِيٓ إِبْرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذْ قَالُواْ لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةُ وَٱلْبَغْضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤْمِنُواْ بِٱللَّهِ وَحْدَهُۥٓ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمْلِكُ لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيْءٍۖ رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ ٱلْمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن گۈزەل ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن بىراقمىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[1].

﴿ئى نۇھ! ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلمىشى ياماندۇر. سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن تىلىمىگىن، مەن ساڭا نادانلار قاتارىدىن بولماسلىقىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن﴾ يەنى سەن ئوغلۇڭنىڭ ھالاك بولىدىغان كاپىرلار قاتارىدىن ئورۇن

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 4-ئايەت.

ئالغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، شۇنداق دەۋاتىسەن. سەن ھەقىقەتنى بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن تىلىمىگىن. مەن ساڭا سېنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بىلمەيدىغان نادانلاردىن بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن.

بەزى مۇپەسسىرلەر دەيدۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى قەۋمىدىن يىراق جايدا ۋە يالغۇز ھالدا كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىمان ئېيتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانلىقتىن ياكى ئۇنىڭ دادىلىق مېھرى بېسىپ كېتىپ، ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئويلاپ بۇ سۆزنى قىلغان. ھەر ھالدا ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە رەددىيە بەرگەن ۋە مەزكۇر ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسى قاتارىدىن بولۇشقا لاياقەتلىك ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن. ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، ﴿ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مەن ساڭا سىغىنىپ، (ھەقىقەتنى) بىلمىگەن نەرسىنى سەندىن تىلەشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر مېنى كەچۈرمىسەڭ ۋە ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، مەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن﴾ دەپ دۇئا قىلغان.

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر. مۆئمىنلەر بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش ۋە ھەقىقىي دوستلاردۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى كۇفرىنىڭ يولىنى تۇتقانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق جاكارلىغان.

توپان بالاسى توختاپ، مۆئمىنلەر نىجاتلىققا چىقىپ، كاپىرلار ھالاكەتكە ئۇچراپ ھەممە ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كېمىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈشكە بۇيرۇغان. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: ئەي نۇھ! بىزنىڭ ئىنايىتىمىز ۋە قوغدىشىمىز بىلەن يەر يۈزىگە تىنچ ئامان چۈشكىن، سەن ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر بىزنىڭ ئاتا قىلغان رىزقىمىزدىن كەڭتاشا ھۇزۇرلىنىڭلار، سىلەردىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭلارمۇ دۇنيادا بىزنىڭ نېمەتلىرىمىزدىن بەھرىمەن بولىدۇ، مۆئمىنلىك بىلەن ياشىغانلىرى ئاخىرەتتىمۇ زور ئىنئامىمىزغا ئېرىشىدۇ، ئەمما ھاياتىنى كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتتە بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىيدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن توپان بالاسىدىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەممىسى مۆئمىنلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا

نائىل بولغان. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇنقىلاردەك بولالمىغان، نامازلىرىنى زايە قىلىۋەتكەن، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن ۋە ھەق دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ سەۋەبلىك ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولۇپ قالغان.

بۇ قىسسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەتلەر بار. چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىن ئىبارەت تارىخ بەتلىرىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكىلى ئاز قالغان بىر قىسسىنى«قۇرئان كەرىم»دىن باشقا قايسى كىتاب مۇنداق تەپسىلىي ۋە توغرا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟!

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ قىسسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتىڭلار. بىز ئۇنى ساڭا تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىدە سەۋرچانلىقنىڭ ئۈلگىلىرى، چىدامچانلىقنىڭ نەمۇنىلىرى بار. چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە، زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىلىرىگە سەۋر قىلىپ، ھەق يولدىن قايتمىغانلىقى، ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكى يۈزىسىدىن بۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەن. ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ چىداملىق بولغىن. چۈنكى، ياخشى ئاقىۋەت چوقۇم مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** «قۇرئان كەرىم» دىكى قىسسىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر.

**2.** بىراۋنىڭ گۇناھىنى باشقا بىرى كۆتۈرمەيدۇ، شۇنداقلا بىراۋنىڭ گۇناھى ئۈچۈن باشقا بىرى جازالانمايدۇ.

**3.** ئىمان مۇئمىنلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھالاك بولىدۇ.

**4.** ھەرقانداق بىر قاتناش قورالىغا چىققاندا ياكى ئات-ئۇلاغقا مىنگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دېيىش ۋە سەپەر دۇئاسىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر [1].

---

[1] سەپەر دۇئاسى: ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقۡرِنِينَ ١٣﴾ يەنى ﴿بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات بۇيۈكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس

5. ئاتا-ئانىنى قاقشاتقۇچىلار بۇ جىنايەتنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. بۇ خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش.

6. ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان شەپقىتى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مۆكەممەل شەپقىتىدىن بىر تامچىدۇر.

7. ئىسلام نەزىرىدە دىنىي قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن كۈچلۈك ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

8. دۇنيادا ئەڭ چوڭ زىيان جاھالەتتۇر، ئادەمنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى بىلمىسىزلىكتۇر.

9. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەزىمەتلىك بەش پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچىسى ۋە توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

10-«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن قىسسىلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن. چۈنكى، ئۇ قىسسىلەردە كۆپلىگەن مەقسەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلىدە بىر دىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھېچقانداق كىشىدە ئوقۇمىغان بىر زات تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھىيلەردە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى، ئۇ ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن بولغان ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن قىسسىلەرنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق كەلگەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. قىسسىلەرنىڭ يەنە بىر مەقستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىشتۇر.

11. چىدامچانلىقنىڭ نەتىجىسى غەلىبىدۇر.

12. ياخشى ئاقىۋەت ھەمىشە مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

## ◄ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا ۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ

ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴾ (زۇخرۇف سۈرىسى، 13-ئايەت).

غَيۡرُهُۥٓۖ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا مُفۡتَرُونَ ٥٠ يَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ
أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱلَّذِي فَطَرَنِيٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ٥١ وَيَٰقَوۡمِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ
رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا وَيَزِدۡكُمۡ
قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمۡ وَلَا تَتَوَلَّوۡاْ مُجۡرِمِينَ ٥٢ قَالُواْ يَٰهُودُ مَا جِئۡتَنَا
بِبَيِّنَةٖ وَمَا نَحۡنُ بِتَارِكِيٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوۡلِكَ وَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ
٥٣ إِن نَّقُولُ إِلَّا ٱعۡتَرَىٰكَ بَعۡضُ ءَالِهَتِنَا بِسُوٓءٖۗ قَالَ إِنِّيٓ أُشۡهِدُ ٱللَّهَ
وَٱشۡهَدُوٓاْ أَنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تُشۡرِكُونَ ٥٤ مِن دُونِهِۦۖ فَكِيدُونِي جَمِيعٗا
ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ ٥٥ إِنِّي تَوَكَّلۡتُ عَلَى ٱللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُمۚ مَّا مِن دَآبَّةٍ
إِلَّا هُوَ ءَاخِذُۢ بِنَاصِيَتِهَآۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٥٦ فَإِن تَوَلَّوۡاْ
فَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَيَسۡتَخۡلِفُ رَبِّي قَوۡمًا
غَيۡرَكُمۡ وَلَا تَضُرُّونَهُۥ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَفِيظٞ ٥٧ وَلَمَّا
جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا هُودٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَنَجَّيۡنَٰهُم
مِّنۡ عَذَابٍ غَلِيظٖ ٥٨ وَتِلۡكَ عَادٞۖ جَحَدُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ وَعَصَوۡاْ
رُسُلَهُۥ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَمۡرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٖ ٥٩ وَأُتۡبِعُواْ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا
لَعۡنَةٗ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ عَادٗا كَفَرُواْ رَبَّهُمۡۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّعَادٖ قَوۡمِ
هُودٖ ٦٠

### تەرجىمىسى

50ـ ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى هۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر پەقەت (ئاللاھقا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر».

51ـ «ئى قەۋمىم! مەن دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى مېنى ياراتقان ئاللاھلا ئۈستىگە ئالغان، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟».

52ـ «ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە

قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ. سىلەر گۇناھقا پاتقان ھالدا (ئاللاھتىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار».

53-ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈر-مىدىڭ، بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىغۇچى ئەمەسمىز، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيمىز.

54-55-بىز (سەن توغرۇلۇق) پەقەت ‹بەزى ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ› دەيلا ئېيتىمىز. ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسەڭلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. قېنى ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، ماڭا ئارامىمۇ بەرمەڭلار.

56-شەكسىزكى، مەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا تايانىدىم. ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر. رەببىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر.

57-ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم. رەببىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. رەببىم ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر».

58-بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرنى دەرگاھىمىزدىن (كاتتا) بىر رەھمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق.

59-ئەنە شۇ ئاد قەۋمى رەببىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى ۋە ئۇچىغا چىققان تەرسا، زوراۋانلارنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى.

60-ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى راستىنىلا رەببىنى ئىنكار قىلدى. بىلىڭلار-كى، ھۇدنىڭ قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن!

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاد قەۋمى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، يەمەندىكى ھەزرەمۇت

شەھىرىنىڭ شىمالىدا ۋە ئوماننىڭ غەربىدە ياشايدىغان، ناھايىتى كۈچلۈك، قامەتلىك، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەۋم ئىدى. ئەئراف سۈرىسىنىڭ 69-ئايىتىدە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزى بايان قىلىنغان: ﴿أَوَعَجِبْتُمْ أَن جَآءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ ۚ وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ قَوْمِ نُوحٍ وَزَادَكُمْ فِى ٱلْخَلْقِ بَصْۜطَةً ۖ فَٱذْكُرُوٓا۟ ءَالَآءَ ٱللَّهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكىنى، سىلەرنى قامەتلىك قىلغانلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، سىلەر نىجاتلىقا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار﴾. شۇئەرا سۈرىسىنىڭ 128-134-ئايەتلىرىدە يەنە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ﴿أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ ءَايَةً تَعْبَثُونَ ﴿١٢٨﴾ وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ ﴿١٢٩﴾ وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ﴿١٣٠﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٣١﴾ وَٱتَّقُوا۟ ٱلَّذِىٓ أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمَدَّكُم بِأَنْعَٰمٍ وَبَنِينَ ﴿١٣٣﴾ وَجَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ﴾ يەنى ﴿سىلەر بىھۇدە ئىش قىلىپ، ھەربىر ئېگىز جايغا بىر قەسىر بىنا قىلامسىلەر؟ (دۇنيادا) مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟ بىراۋنى جازالىساڭلار، شەپقەتسىز-لەرچە جازالايسىلەر. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن مەخپىي قالمايدىغان (تۈرلۈك) نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى ۋە بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى﴾.

ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نەسەب جەھەتتىن ئەڭ ياخشى، ھۆرمەت ۋە ئىززەت جەھەتتە ئەڭ مەرتىۋىلىك زات-ھۇد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قەۋمىم! ئەي تۇغقانلىرىم! سىلەر ئىگەڭلار بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق. ئۇ سىلەرنى ياراتتى، سىلەرگە رىزىق بەردى، بايلىقىڭلارنى زىيادە قىلدى، سىلەر بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان نۇرغۇن نېمەتلەرنى سىلەرگە ئاتا قىلدى. ئەمما سىلەر ئاللاھقا شۈكۈر قىلماي، قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق

ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس».

ئاد قەۋمى ئىچىدە ئابرۇي ۋە بايلىق جەھەتتە ئۈستۈن تۇرغانلىقتىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مۇتەكەببىر، زالىم ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە قارشى چىقىش، جەمئىيەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا باشلامچىلار ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ئومۇم خەلقنى ئوخشاش كۆرىدىغان، تەڭلىك ۋە باراۋەرلىككە تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مۇتەكەببىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىدىكى نوپۇزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ دىنغا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تەلىماتلىرىغا جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان ئىدى. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئىچىدىن ھەقىقەتكە بىرىنچى بولۇپ قارشى تۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ئىچىدىكى كاتتىباشلار ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بۇ ئىدى.

ئاد قەۋمى ھۇد ئەلەيھىسسالامغا دېدى: «سەن بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن ئىلاھلىرىمىزنى تاشلاپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئەگەر شۇنداق قىلساق چوقۇم ئازغۇنلاردىن بولۇپ قالىمىز. سەن پەقەت چوڭلۇق تالىشىپ بۇ دىننى پەيدا قىلىۋالغان يالغانچى ئادەمسەن».

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دېدىكى، ئەي قەۋمىم! مەن سىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، سىلەردىن باشقا تەلىپىممۇ يوق. سىلەر قانداقمۇ مېنى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر؟ مەن پەقەت بىرلا مەقسەت ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. مېنىڭ ئەجرىمنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ. سىلەر نېمە ئۈچۈن ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەيسىلەر؟ مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالا مېنى باشلىغان ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ؟!

ئەي قەۋمىم! رەببىڭلارغا قايتىڭلار، ئاندىن گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىپ ئۇنىڭ يولىغا كىرىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە كۆپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، ھۆرمىتىڭلارنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمدىن

يۈز ئۆرۈگۈچى بولماڭلار. چۈنكى، بۇ دەۋەتتە ياخشىلىق ۋە نىجاتلىق بار.

ئاد قەۋمى هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چىرايلىق سۆزلىرىگە تۆھمەت ۋە هاقارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يامان سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ، بىز سېنى ئەقلىدىن ئازغان بىر يالغانچى ئادەم دەپ كۆرۈۋاتىمىز، دېدى. هۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن ئازغان بىرى ئەمەسلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ئەڭ ئىشەنچلىك بىر نەسىھەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، جاھالەتكە پاتقان بۇ هاكاۋۇر قەۋم هۇد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتتى. هۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. نىھايەت، هۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئو-رۇندىغانلىقىنى، ئەمما بۇ هاكاۋۇر قەۋمنىڭ ھەقىقەتنى رەت قىلىشقا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىك ئەقىدىلىرىدىن، ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەلۋەتتە يىراق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىگە جاۋاب بېرىپ: «ئى قەۋمىم! سىلەر بارچە ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى ۋە كۈچلۈك ئا-دەملىرىڭلارنى يىغىپ ماڭا قارشى سۇيىقەست قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، ھەتتا ماڭا ئارامىمۇ بەرمەي تېز ھەرىكەت قىلىڭلار. قېنى قايسىمىز غەلىبە قىلىدىكەنمىز، شۇ ۋاقىتتا كۆرىسىلەر، مەن پەقەت ئاللاھقىلا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭدىنلا ياردەم سورايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا تايانچىم يوق، ئۇ مېنى قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن هۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ، شۇنداقلا بارچە كائىناتنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالانىڭ يولى ئەڭ توغرا ۋە داغدام يول ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار توغرا يولغا قايتمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى هالاك قىلىۋېتىپ، ئورنىغا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى، كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقى ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما ئاد قەۋمىگە بۇ بايانلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى ياكى تەسىرى بولمايدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى تۇيۇقسىز قورشايدۇ. هۇد

ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرلا قۇتۇلۇپ قالدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ تۇيۇقسىز ئازاب بىلەن ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ. قەمەر سۈرىسىدە بۇ ئازاب مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: ﴿إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا صَرۡصَرٗا فِي يَوۡمِ نَحۡسٖ مُّسۡتَمِرّٖ ﴿١٩﴾ تَنزِعُ ٱلنَّاسَ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٖ مُّنقَعِرٖ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ئۇلارغا شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان بىر كۈندە قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران ئەۋەتتۇق. بوران ئىنسانلارنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، ئۇلار گويا قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى﴾[1]. ھاققە سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ﴿سَخَّرَهَا عَلَيۡهِمۡ سَبۡعَ لَيَالٖ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومٗاۖ فَتَرَى ٱلۡقَوۡمَ فِيهَا صَرۡعَىٰ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٍ خَاوِيَةٖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي قويۇۋەتتى، سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ. (ھازىر) ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟﴾[2].

مانا بۇ ئاد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، پەيغەمبەرنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلغان ئازغۇن، مۇتەكەببىر ۋە زالىم ئادەملەرگە ئەگىشىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققان قەۋم ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى بىر ئاللاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر ۋە بىدئەتچىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگۈچىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقاد ۋە بۇزۇق ئەمەللىرىنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ نامىدىن يالغان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ.

3. مەيلى دەۋەت ئىشلىرىدا ياكى قانداقلا بىر ئەمەل-ئىبادەتتە ۋەياكى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا بولسۇن، قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

4. ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەش پە-

---

[1] قەمەر سۈرىسى: 19-20-ئايەتلەر.

[2] ھاققە سۈرىسى: 7-8-ئايەتلەر.

زىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ، كىشىنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا، قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل بولۇشىغا ۋە بەرىكەت تېپىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

5. ئىمانسىزلار ھەر زامان چوڭچى، ئۆزىنى بىلمەس ۋە غاپىل كېلىدۇ. بۇ ئومۇمىي كاپىرلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

6. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەۋقەسى بىر خىل بولغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئېيتقان سۆزلەرنىڭ بەئەينىسىنى ھۇد ئەلەيھىسسالامۇ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان.

## ◄ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ
إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ
ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾ قَالُوا۟ يَٰصَٰلِحُ قَدْ كُنتَ فِينَا
مَرْجُوًّا قَبْلَ هَٰذَآۖ أَتَنْهَىٰنَآ أَن نَّعْبُدَ مَا يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِى شَكٍّ
مِّمَّا تَدْعُونَآ إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٦٢﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ أَرَءَيْتُمْ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ
مِّن رَّبِّى وَءَاتَىٰنِى مِنْهُ رَحْمَةً فَمَن يَنصُرُنِى مِنَ ٱللَّهِ إِنْ عَصَيْتُهُۥۖ
فَمَا تَزِيدُونَنِى غَيْرَ تَخْسِيرٍ ﴿٦٣﴾ وَيَٰقَوْمِ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمْ ءَايَةًۖ
فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِىٓ أَرْضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ
قَرِيبٌ ﴿٦٤﴾ فَعَقَرُوهَا فَقَالَ تَمَتَّعُوا۟ فِى دَارِكُمْ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٍۖ ذَٰلِكَ وَعْدٌ
غَيْرُ مَكْذُوبٍ ﴿٦٥﴾ فَلَمَّا جَآءَ أَمْرُنَا نَجَّيْنَا صَٰلِحًا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
مَعَهُۥ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا وَمِنْ خِزْىِ يَوْمِئِذٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلْقَوِىُّ ٱلْعَزِيزُ ﴿٦٦﴾
وَأَخَذَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ٱلصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دِيَٰرِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٦٧﴾ كَأَن
لَّمْ يَغْنَوْا۟ فِيهَآۗ أَلَآ إِنَّ ثَمُودَا۟ كَفَرُوا۟ رَبَّهُمْۗ أَلَا بُعْدًا لِّثَمُودَ ﴿٦٨﴾ ﴾

## ◄ تەرجىمىسى

61ـسەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە

ئالاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى قىلدى. ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى، رەببىم (ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشىگە) يېقىندۇر، (دۇئالارنى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر».

62ـ ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد كۈتۈلگەن كىشى ئىدىڭ. (ئەمدى) بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسامسەن؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن بىزنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش توغرۇلۇق بىز ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېيىشتى.

63ـ سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن رەببىم تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان بولۇپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلسام، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزۈشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيسىلەر.

64ـ ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) بۇ چىشى تۆگىسى سىلەرگە مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى يېقىندا كېلىدىغان بىر ئازاب ھالاك قىلىدۇ».

65ـ ئەمما ئۇلار (بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي) چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى. سالىھ ئېيتتى: «يۇرتۇڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار (ئاندىن ھالاك بولىسىلەر)، بۇ يالغىنى يوق بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر».

66ـ بىزنىڭ ئەمرىمىز كېلىۋىدى، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن (ھەم ئۇ ئازابتىن ھەم) شۇ كۈننىڭ شەرمەندىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

67ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندىـدە، ئۇلار تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى.

68ـ ئۇلارنىڭ دىيارى گويا ئۇلار ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى راستىنلا رەببىنى ئىنكار قىلدى. بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى ھالاك بولسۇن!

### ◄ تەپسىرى

سەمۇد قەۋمى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

قەۋمى ئىدى. ئۇلار ھىجاز بىلەن شام ۋە ۋادىقۇرا[1] ئەتراپىدا ياشايتتى. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «مەدائىنى سالىھ» يەنى (سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھەرلىرى) دەپ ئاتالغان خارابىلىق ھازىرمۇ شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرماقتا. سەمۇد قەۋمى بۇتلارغا چوقۇناتتى.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ ئەخلاقلىق، نەسەب جەھەتتىمۇ ئوتتۇرا تەبىقىدىن بولغان سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ قەۋمىگە چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي قەۋمىم! ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان ۋە تۈرلۈك رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ تۇرىۋاتقان رەببىڭلاردۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيدىغان بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمامسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟ ئۇ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن پەيدا قىلغان، ئاندىن سىلەرنى ئۆز ئاتاڭلارنىڭ ئابىمەنىيسىدىن ياراتقان زاتتۇر. ئۇ سىلەرنى يەر يۈزىدە پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى، سىلەرگە جەننەتتەك باغلارنى، زىرائەتلەرنى، خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈپ بەردى، شېرىن بۇلاقلارنى چىقىرىپ بەردى. سىلەرنى دېھقانچىلىق، سانائەت ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئېسىل قەسىرلەرنى ياسايدىغان ئىقتىدارغا ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلدى. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئەگىشىڭلار. بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلىڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، رەببىڭلار بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى، ھەتتا كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى، قەلبلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ».

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى: «ئەي سالىھ ! سەن بىزنى بۇ يېڭى دىنغا كىرىشكە بۇيرۇشتىن ئىلگىرى بىز سېنى چوڭ بىلەتتۇق، كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، دەپ ساڭا ئۈمىد باغلايتتۇق، چۈنكى، سەن ئەقىل، ئەخلاق ۋە پاراسەت جەھەتتە ئارتۇق كىشى ئىدىڭ. ساڭا ئەمدى نېمە بولدى؟ سەن ئەمدى قانداق

[1] ۋادىقۇرا-ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ خەيبەر ۋىلايىتى بىلەن تىما ناھىيەسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جاينىڭ ئىسمىدۇر.

بولۇپ بۇ دەۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن توسىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ ئەي سالىھ! سەن چاقىرىۋاتقان بۇ يېڭى دىنىدىن بىز شەكلىنىۋاتىمىز، بىز سېنى ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە خىتاب قىلىپ: «ئەي قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مەن نېمە قىلاي؟ مەن ئاللاھ تائالادىن بېرىلگەن روشەن مۆجىزە بىلەن سىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن تۇرسام، مەن دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ دىن ئەقىلگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان، سىلەرگە ئىنتايىن پايدىلىق دىن تۇرسا، مەن بۇ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغان تۇرسام، مېنىڭ سىلەرنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلىشىم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى تۇرسا؟ ناۋادا مەن بۇ دەۋەتنى تەرك ئەتسەم، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسام، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن مېنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟ ئەي قەۋمىم! بۇ چىشى تۆگە مېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىشىم ئۈچۈن ماڭا بېرىلگەن مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭ ھەممىڭلار بىلىدىغان تەبىئىي يول بىلەن ئەمەس، بەلكى مۆجىزىلىك بىر ئۇسۇلدا تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلغانلىقىنى سىلەرمۇ ئوبدان بىلىسىلەر» دېدى.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چىشى تۆگىسى تاشتىن چىقىرىلغان مۆجىزىلىك تۆگە بولۇپ، تۆگە ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن، قۇدۇقتىن ئالىدىغان سۈنىڭ تەقسىماتى بىر كۈن تۆگىگە، يەنە بىر كۈن قەۋمىگە خاس قىلىنغان. تۆگە قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدىغان كۈنى سەمۇد قەۋمى ئۇ قۇدۇقتىن سۇ ئالمايتتى، ئۇلار سۇ ئالغان كۈنى تۆگە سۇ ئىچمەيتتى. بۇ تەقسىمات شۇنداق داۋاملاشقان. ﴿إِنَّا مُرۡسِلُواْ ٱلنَّاقَةِ فِتۡنَةٗ لَّهُمۡ فَٱرۡتَقِبۡهُمۡ وَٱصۡطَبِرۡ ٢٧ وَنَبِّئۡهُمۡ أَنَّ ٱلۡمَآءَ قِسۡمَةُۢ بَيۡنَهُمۡۖ كُلُّ شِرۡبٖ مُّحۡتَضَرٞ﴾ يەنى ﴿(بىز سالىھقا) «بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، سەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغىن ۋە سەۋر قىلغىن. ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا سۇنىڭ تەقسىم قىلىنغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن» (دېدۇق)﴾[1]. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىشى تۆگىسى توغرۇلۇق تەپسىر كىتابلىرىدا كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، «ئەي قەۋمىم! بۇ

[1] قەمەر سۈرىسى: 27-28-ئايەتلەر.

چىشى تۆگە ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان مۆجىزىسىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئەركىن ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويساڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى چۈشىدۇ» دېدى.

ئەمما سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چىشى تۆگىگە چېقىلدى. ئۇلار قەۋمىنىڭ ئىچىدىن قۇددار ئىبنى سالىف دەيدىغان بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز دىيارىدا ھاياتلىقتىن ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىشقا ۋە ئازادە ياشاپ ئازابنى كۈتۈشكە بۇيرىدى. بۇ ھەقىقەتەن راست ۋەدە ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ۋەھيى قىلغان. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر. ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بولسۇن!

دەرۋەقە، ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ۋاقتى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى-دە، ئۇلار تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ ھالاكەتلىك ئازابتىن قۇتۇلدۇرغاندەك، شۇ كۈنىنىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن ساقلاپ قالدى.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ رەببىڭ ناھايىتى كۈچلۈك، ھەممىگە قادىر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. ئۇ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى خار قىلىدۇ، زالىملارنى ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. ﴿إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار، (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى﴾[1].

پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان قەۋمگە چوقۇم ئازاب يۈزلىنىدۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ئازاب بىلەن ھالاك قىلىندى. ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز كېلىپ قۇلاقلىرى يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى توختاپ قالدى ۋە تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. چۈنكى،

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 8-ئايەت.

سەمۇد قەۋمى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش بىلەن بۇ ئازابقا تېگىشلىك بولغان ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلارنى دۇنيادا ھۇزۇر ۋە سائادەت ئىچىدە ياشىتىپ، ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلارنى تەدرىجىي ھالدا ھالاك قىلغان. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بىكىتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولۇپ، پىرئەۋن، قارۇن، ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلارنىڭ قەۋمى بۇنىڭ مىسالى.

3. بويۇنتاۋلىق بىلەن تەكەببۇرلۇق ئىنسان سۆيەتلىنىدىغان ئەڭ رەزىل سۈپەتلەردۇر.

4. زالىملارنىڭ ۋە ئازغۇنلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش، مۇستەبىتلەرگە باش ئېگىش ئادەمنى خورلۇق بىلەن نابۇتلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

5. ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمىغانلارغا قانچىلىك كۆپ مۆجىزە كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمايدۇ.

6. مۆجىزە تەلەپ قىلغانلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىش ۋە پەيغەمبەرنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلاتتى. مۇنداقلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان جاۋابى ھالاكەتتىن ئىبارەت بولغان.

7. توغرا يولغا ئەگەشمەسلىك ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان ۋە ھالاكەتتۇر. زالىملارغا ئاللاھ تائالا مۆھلەت بېرىدۇ، ئەمما ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ۋاقتى – سائىتى كەلگەندە ئۇلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك جازالايدۇ.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُنَآ إِبْرَٰهِيمَ بِٱلْبُشْرَىٰ قَالُواْ سَلَٰمًا ۖ قَالَ سَلَٰمٌ ۖ

فَمَا لَبِثَ أَن جَآءَ بِعِجۡلٍ حَنِيذٖ ٦٩ فَلَمَّا رَءَآ أَيۡدِيَهُمۡ لَا تَصِلُ إِلَيۡهِ
نَكِرَهُمۡ وَأَوۡجَسَ مِنۡهُمۡ خِيفَةٗۚ قَالُواْ لَا تَخَفۡ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمِ
لُوطٖ ٧٠ وَٱمۡرَأَتُهُۥ قَآئِمَةٞ فَضَحِكَتۡ فَبَشَّرۡنَٰهَا بِإِسۡحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ
إِسۡحَٰقَ يَعۡقُوبَ ٧١ قَالَتۡ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ ءَأَلِدُ وَأَنَا۠ عَجُوزٞ وَهَٰذَا بَعۡلِي
شَيۡخًاۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٌ عَجِيبٞ ٧٢ قَالُوٓاْ أَتَعۡجَبِينَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِۖ
رَحۡمَتُ ٱللَّهِ وَبَرَكَٰتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِۚ إِنَّهُۥ حَمِيدٞ مَّجِيدٞ ٧٣
فَلَمَّا ذَهَبَ عَنۡ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلرَّوۡعُ وَجَآءَتۡهُ ٱلۡبُشۡرَىٰ يُجَٰدِلُنَا فِي قَوۡمِ
لُوطٍ ٧٤ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّٰهٞ مُّنِيبٞ ٧٥ يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ أَعۡرِضۡ عَنۡ
هَٰذَآۖ إِنَّهُۥ قَدۡ جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَإِنَّهُمۡ ءَاتِيهِمۡ عَذَابٌ غَيۡرُ مَرۡدُودٖ
٧٦

### تەرجىمىسى

69ـشۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە :«سالام» دېدى. ئىبراھىمۇ: «سىلەرگىمۇ سالام» دېدى. ئۇ ئۇزاقلا قالماي، كاۋاپ قىلىنغان بىر موزاينى ئېلىپ كەلدى.

70ـ(ئىبراھىم) ئۇلارنىڭ كاۋاپقا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى (خاتا چۈشىنىپ) غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، قورقۇپ قالدى. ئۇلار: «قورقمىغىن، شەكسىزكى، بىز (پەرىشتىلەرمىز، شۇڭا تاماق يېمەيمىز) لۇتنىڭ قەۋمى (نى ھالاك قىلىش) ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېدى.

71ـئۇنىڭ ئايالى (سارە) ئۆرە تۇراتتى، (بۇنى ئاڭلاپ) كۈلدى. بىز ئۇنىڭغا ئىسھاق (ئاتلىق پەرزەنتى بولىدىغانلىقى) ۋە ئىسھاقتىن كېيىن، يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

72ـئۇ: «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، مەن ئەمدى تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى.

73ـپەرىشتىلەر: «ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن ئى ئۆي ئەھلى! شەكسىزكى، ئاللاھ مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا سازاۋەردۇر» دېدى.

74ـ ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن (يەنى پەرىشتىلىرىمىز بىلەن) لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە (باشلىدى).

75ـ ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق ۋە دائىم ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدىغان زات ئىدى.

76ـ (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنىڭدىن ۋاز كەچكىن. چۈنكى، رەببىڭنىڭ ئەمرى ئاللىقاچان كېلىپ بولدى، ئۇلارغا چوقۇم قايتۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئازاب كېلىدۇ».

## ◄ تەپسىرى

بىزنىڭ پەرىشتىلەردىن بولغان ئەلچىلىرىمىز پەيغەمبىرىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئامانلىق تىلىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا سالام بەردى ۋە مېھمانغا كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ كاتتا ئىلتىپاتنى كۆرسەتتى، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىلماقچى بولدى. مېھماننى ئۆيىگە باشلاپ ئۆزۈن ئۆتمەستىنلا سېمىز بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇلارنى يېيىشكە دەۋەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ داستىخانغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قورقۇپ قالدى. چۈنكى، مېھماننىڭ تائامغا ئىلتىپات قىلماسلىقى يا ئۇلارنىڭ تائامدىن شەكلەنگەنلىكىدىن ياكى يامان غەرىزى بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئى ئىبراھىم! قورقمىغىن، بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرىمىز، شۇڭا بىز تاماق يېمەيمىز. بىز لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، بىز ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمىز، بىز ساڭا كەلگۈسىدە سېنىڭ نەسلىڭنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئىرادەڭگە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتىڭ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق».

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە بۇ ۋاقىتتا مېھمانلارنىڭ خىزمىتى بىلەن بەند ئىدى ۋە بولۇۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى. سارە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىسھاق ئاتلىق پەرزەنتى بولىدىغانلىقى ۋە ئىسھاقتىن يەئقۇب ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. سارە بۇ خەۋەرنى

ئاڭلاپ: ﴿ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، مەن ئەمدى تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!﴾ دەپ ھەيران قالدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «سىز ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ ئىشىدىن ۋە تەقدىرىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ قانداقلا بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا: «بول!» دەپ ئەمر قىلىدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە بەرىكەت تىلىدى. مەلۇمكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام-نىڭ ئائىلىسى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام-نىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنچلىرى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ مېھمانلارنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئازاب پەرىشتىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاندىن پەرىشتىلەر بىلەن «ئۇ جايدا لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇ شەھەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىسىلەر؟» دەپ مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ تەپەككۇر قىلىدىغان، كىشىلەرگە بەك ئىچ ئاغرىتىدىغان، ھېچكىمگە ئازاب كېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان، مېھىر-شەپقەتلىك، رەھىمدىل، ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرىدىغان بىر زات ئىدى.

ئاندىن پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىپ دېدىكى: «ئى ئىبراھىم! سەن بۇ مۇنازىرەڭنى قويۇپ تۇرغىن، بىز بىلەن لۇت قەۋمى توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشتىن ۋاز كەچكىن. چۈنكى، بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئىمان ئېيتمىغانلارنى ھالاك قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى پەرمانى ئاللىقاچان كېلىپ بولدى. بۇ ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چوقۇم چۈشىدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ».

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلىرىگە خۇش بېشارەتلەرنى بېرىدۇ. بەزى بېشارەتلەر ياخشى چۈش بىلەنمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن بېشارىتىمۇ چۈش بىلەن بولغان.

2. بىراۋ بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە قانداقلا بىر ئۆيگە كىرگەندە، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىش ناھايىتى مۇھىم بولغان «سۈننەت» ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. ئەمما سالام بەرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇش يەنى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىش ۋاجىپتۇر. سالامغا جاۋاب قايتۇرمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

3. مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ ياخشى خىزمىتىنى قىلىش مۇسۇلمانغا خاس گۈزەل ئەخلاق ۋە دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقىدۇر. بىر ھەدىستە: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلاَ يُؤْذِ جَارَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ» يەنى «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن»[1] دەپ كەلگەن.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى تاللانغان كىشىلەر بولۇپ، پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگىدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

6. سىلىق، مۇلايىم، ئەدەپلىك بولۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

## ◄ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗا وَقَالَ هَٰذَا
يَوۡمٌ عَصِيبٞ ٧٧ وَجَآءَهُۥ قَوۡمُهُۥ يُهۡرَعُونَ إِلَيۡهِ وَمِن قَبۡلُ كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِي هُنَّ أَطۡهَرُ لَكُمۡۖ
فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُخۡزُونِ فِي ضَيۡفِيٓۖ أَلَيۡسَ مِنكُمۡ رَجُلٞ رَّشِيدٞ
٧٨ قَالُواْ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنۡ حَقّٖ وَإِنَّكَ لَتَعۡلَمُ مَا
نُرِيدُ ٧٩ قَالَ لَوۡ أَنَّ لِي بِكُمۡ قُوَّةً أَوۡ ءَاوِيٓ إِلَىٰ رُكۡنٖ شَدِيدٖ ٨٠
قَالُواْ يَٰلُوطُ إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُوٓاْ إِلَيۡكَۖ فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ
مِّنَ ٱلَّيۡلِ وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ أَحَدٌ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَۖ إِنَّهُۥ مُصِيبُهَا مَآ
أَصَابَهُمۡۚ إِنَّ مَوۡعِدَهُمُ ٱلصُّبۡحُۚ أَلَيۡسَ ٱلصُّبۡحُ بِقَرِيبٖ ٨١ فَلَمَّا جَآءَ

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 11-بەت، 6018 - ھەدىس.

أَمْرُنَا جَعَلْنَا عَلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهَا حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ
مَّنضُودٍ ﴿٨٢﴾ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَ ۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ بِبَعِيدٍ ﴿٨٣﴾

## تەرجىمىسى

77-بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر ئىنسان سۈرىتىدە) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ) قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقتىن يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر قىيىن كۈن بولدى» دېدى.

78-(لۇتنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان) قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنمۇ (بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ) يامان ئىشلارنى قىلاتتى. لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر (ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار)، بۇلار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنى مېھمانلىرىم ئالدىدا ئوسال قىلماڭلار، ئاراڭلاردا كاللىسى جايىدا بىرەر ئادەم يوقمۇ؟».

79-ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۈنىڭدەك بىزنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن».

80-لۇت ئېيتتى: «كاشكى، مېنىڭ سىلەرگە (قارشى تۇرغۇدەك) كۈچ- قۇۋ-ۋىتىم ياكى تايانغۇدەك كۈچلۈك جەمەتىم بولغان بولسىچۇ!».

81-(پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شەكسىزكى، بىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (يۇرتۇڭدىن) چىقىپ كەتكىن، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن. ئايالىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلارغا يەتكەن (ئازاب) چوقۇم ئۇنىڭغىمۇ يېتىدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان (ئازاب چۈ-شىدىغان) چاغ تاڭ يورۇش ۋاقتىدۇر، تاڭنىڭ يورۇشى يېقىن ئەمەسمۇ؟!» دېدى.

82-83- بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، بىز ئۇ يۇرتلارغا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ساپال تاشلارنى ئۈستى-ئۈستىلەپ ياغدۇردۇق. بۇ (ئازاب) زالىملاردىن يىراق ئەمەس.

## تەپسىرى

ئازاب پەرىشتىلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەنە ئىنسان سۈرىتىدە بارغاندا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ بىئارام بولدى ۋە بۇ ئەھۋالدىن كۆڭلى سىقىلدى، ئۇ قەۋمىنىڭ ئەرلەرگە چېقىلىدىغان(بەچچىۋازلىق) ئادىتىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بۇ مېھمانلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مېھمانلارنى ئۇلاردىن قوغداپ قالالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قاتتىق غەمكىنلىككە پاتتى، كۆپ بىئارام بولدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى ئىدى.

بايان قىلىنىشىچە، پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ياش يىگىتلەرنىڭ سۈرىتىدە بارغان. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بەكمۇ چا-رىسىز ھېس قىلغانلىقتىن بۇ كۈننى ناھايىتى قىيىن ۋە ئېغىر بىر كۈن دەپ ھېس قىلغان. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قەۋم ئۇنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئەرلەرگە چېقىلىدىغان قەبىھ ئادەتكە بىلەن تونۇلغان ۋە پۇرسەت تاپسىلا بۇ يامان ئادەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىغان رەزىل قەۋم ئىدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ: ﴿ئى قەۋمىم! مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر (ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار)، بۇلار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر﴾ يەنى ئى قەۋمىم! مېنىڭ ۋە قەۋمىمنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ قىزلار ۋە چوكانلار بار، سىلەرنىڭ بۇ قىزلارغا ۋە ئاياللارغا ئۆيلىنىپ ئۇلارغا قائىدە-يوسۇن بويىچە كەلگىنىڭلار ئەرلەرگە كەلگەندىن ياخشى ۋە توغرا ئىشتۇر. ھەم ئۇ قىزلار ۋە ئاياللار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر. شۇڭا سىلەر ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار، دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ﴿مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر (ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار)﴾ دېگەن سۆزىدە قەۋمىنىڭ قىزلىرىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، پەيغەمبەر ئۈچۈن ئۈممىتىنىڭ قىزلىرى ئۆز قىزلىرىغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ: ﴿سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر﴾ دېگەن سۆزى ئۇلار بىلەن زىنا قىلىڭلار دېگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىپ، ئۇلارغا يوللۇق ھالدا كېلىڭلار، ئەرلەرگە جىنسىي تەرەپتىن چېقىلىشتەك يامان ۋە رەزىل ئادىتىڭلارنى تاشلاڭلار، دېگەنلىكى ئىدى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق سۆزىگە قارشى چىقىپ، «ئى لۇت! بىزنىڭ قىزلارغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەرەپتىن ھۇزۇر ئالىدىغانلىقىمىزنى سەن ئوبدان

بىلىسەن، شۇڭا سەن قىزلارنى بىزگە سايە قىلمىغىن، بىزنى يولىمىزدىن توسمىغىن» دەپ ئالجىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام مېھمانلىرىنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا قەۋمىگە قاراپ: ﴿كاشكى، مېنىڭ سىلەرگە (قارشى تۇرغۇدەك) كۈچ-قۇۋۋىتىم ياكى تايانغۇدەك كۈچلۈك جەمەتىم بولغان بولسىچۇ!﴾ دەيدۇ. پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿ئى لۇت! شەكسىزكى، بىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇلار ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾ يەنى بىز پەرىشتىلەرمىز، بىز سېنى ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق. ئۇلار يا ساڭا ياكى بىزگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، دەيدۇ.

بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ مېھمانلىرىغا چېقىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كەلگەندە، مېھمان سۈپىتىدىكى بۇ پەرىشتىلەر تەرىپىدىن چېچىلغان تۇپراق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولغان، ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەر بىلەن يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يۇرتى بىلەن قوشۇپ يەرگە كۆمتۈرۈلگەن. قەمەر سۈرىسىدە بۇ ۋەقەلىك مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿وَلَقَدۡ رَٰوَدُوهُ عَن ضَيۡفِهِۦ فَطَمَسۡنَآ أَعۡيُنَهُمۡ فَذُوقُواْ عَذَابِي وَنُذُرِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن) تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق)﴾[1]. ئاندىن پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپ دەيدۇكى، سەن ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە كېچىلەپ بۇ ئەخلاقسىزلارنىڭ ئۆۋىسى بولغان شەھەردىن چىقىپ كېتىڭلار، ھېچكىم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەڭلار. زارىيات سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿فَأَخۡرَجۡنَا مَن كَانَ فِيهَا مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٣٥ فَمَا وَجَدۡنَا فِيهَا غَيۡرَ بَيۡتٖ مِّنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ﴾ يەنى ﴿(ھالاك بولمىسۇن دەپ) ئۇ شەھەردىكى مۆئمىنلەرنى (دەرھال) سىرتقا چىقىرىۋەتتۇق. بىز ئۇ شەھەردە مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا ئۇچراتتۇق﴾[2]. لۇت ئەلەيھىسسالامغا: «پەقەت سېنىڭ ئايالىڭ ئازابتا قېلىپ قالغۇچىلاردىن بولىدۇ، باشقىلارغا يەتكەن ئازاب ئۇنىڭغىمۇ يېتىدۇ، ئازاب تاڭ يورۇش ۋاقتىدا چۈشىدۇ» دەپ ئالدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايالى

[1] قەمەر سۈرىسى: 37-ئايەت.

[2] زارىيات سۈرىسى: 35-36-ئايەتلەر.

كاپىر ئىدى ۋە كاپىر قەۋم بىلەن ئىتتىپاقى بار ئىدى. دېگەندەك، بۇ ئايال لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ماڭماي شەھەردە قېلىپ قالدى ۋە ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىللە ھالاك بولدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى ھەرقانداق بىر يامانلىقتىن قوغداش پەزىلەتلىك ئىش بولۇپ، ياخشىلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

**2.** ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ جازاسى ھالاكەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر زالىم ئۇچۇن زۇلۇمدىن يېنىش ياكى تېخىمۇ زالىملىقتا پېتىش پۇرسىتى بېرىدۇ. ئۆزىنى ئوڭشىماستىن زۇلۇمنى، يولسىزلىقنى ۋە يامانلىقنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار تۇيۇقسىزلا ھالاك قىلىنىدۇ.

**3.** ئارىسىدا كىشىلەرنى يامانلىقلاردىن توسىدىغان ئادەمى بولمىغان جەمئىيەت بەكمۇ بەختسىز ۋە بىچارە جەمئىيەتتۇر.

**4.** ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەندە ئۇنى توسۇۋالغۇچى بولمايدۇ ۋە جازاغا لايىق بولغۇچىلاردىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

### شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ ۞ وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ وَلَا تَنقُصُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَۖ إِنِّيٓ أَرَىٰكُم بِخَيۡرٖ
وَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ مُّحِيطٖ ٨٤ وَيَٰقَوۡمِ أَوۡفُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ
وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي
ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ٨٥ بَقِيَّتُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَۚ
وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِحَفِيظٖ ٨٦ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ أَصَلَوٰتُكَ تَأۡمُرُكَ أَن
نَّتۡرُكَ مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَآ أَوۡ أَن نَّفۡعَلَ فِيٓ أَمۡوَٰلِنَا مَا نَشَٰٓؤُاْۖ إِنَّكَ لَأَنتَ
ٱلۡحَلِيمُ ٱلرَّشِيدُ ٨٧ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي
وَرَزَقَنِي مِنۡهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أُخَالِفَكُمۡ إِلَىٰ مَآ أَنۡهَىٰكُمۡ
عَنۡهُۚ إِنۡ أُرِيدُ إِلَّا ٱلۡإِصۡلَٰحَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُۚ وَمَا تَوۡفِيقِيٓ إِلَّا بِٱللَّهِۚ

عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ﴿٨٨﴾ وَيَٰقَوۡمِ لَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شِقَاقِيٓ أَن
يُصِيبَكُم مِّثۡلُ مَآ أَصَابَ قَوۡمَ نُوحٍ أَوۡ قَوۡمَ هُودٍ أَوۡ قَوۡمَ صَٰلِحٖۚ
وَمَا قَوۡمُ لُوطٖ مِّنكُم بِبَعِيدٖ ﴿٨٩﴾ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ
إِنَّ رَبِّي رَحِيمٞ وَدُودٞ ﴿٩٠﴾ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ مَا نَفۡقَهُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَقُولُ
وَإِنَّا لَنَرَىٰكَ فِينَا ضَعِيفٗاۖ وَلَوۡلَا رَهۡطُكَ لَرَجَمۡنَٰكَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡنَا
بِعَزِيزٖ ﴿٩١﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَهۡطِيٓ أَعَزُّ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَٱتَّخَذۡتُمُوهُ
وَرَآءَكُمۡ ظِهۡرِيًّاۖ إِنَّ رَبِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٩٢﴾ وَيَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ
عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنِّي عَٰمِلٞۖ سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ
وَمَنۡ هُوَ كَٰذِبٞۖ وَٱرۡتَقِبُوٓاْ إِنِّي مَعَكُمۡ رَقِيبٞ ﴿٩٣﴾ وَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا
نَجَّيۡنَا شُعَيۡبٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَأَخَذَتِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ
ٱلصَّيۡحَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٩٤﴾ كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَا
بُعۡدٗا لِّمَدۡيَنَ كَمَا بَعِدَتۡ ثَمُودُ ﴿٩٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

84ـ«مەديەن (ئاھالىسى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى بايلىق ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستتىنلا سىلەرنىڭ (ھەممىنى) قورشىغۇچى كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.

85ـئى قەۋمىم! ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا ئادىللىق بىلەن تولۇق ئۆلچەپ، تولۇق تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىماڭلار.

86ـئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ قالدۇرغان (ھالال پايدا) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. مەن سىلەرگە كۆزەتچى ئەمەسمەن».

87ـئۇلار (مەسخىرە قىلغان ھالدا): «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ[1] سېنى

---

[1] نامازدەپ تەرجىمە قىلىنغان «صلاة» دېگەن سۆزنىڭ ئىبنى ئەتىيەنىڭ تەپسىرىدە ناماز،

ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشىمىزنى ياكى پۇل-ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشىمىزنى بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان بىر ئادەمسەن-دە» دېدى.

88-شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن رەببىم تەرىپىدىن (بېرىلگەن) ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان تۇرسام ۋە ئۇ مېنى ئۆز تەرىپىدىن گۈزەل بىر رىزىق بىلەن رىزىقلاندۇرغان تۇرسا، (ئەمدى مەن رەببىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىمەن؟) مەن سىلەرنى توسقان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە ئىسلاھ قىلىشنىلا خالايمەن، (مېنىڭ بۇ ئىشتا) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن.

89-ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قارشىلىقىڭلار ھەرگىز سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋەياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. (ھالاك قىلىنغان) لۇت قەۋمىمۇ سىلەردىن يىراق ئەمەس.

90-رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم ناھايىتى كەرەملىكتۇر، (مۇئمىنلەرنى) دوست تۇتقۇچىدۇر».

91-ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپلىرىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز بىر ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ بولمىسا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم چالما-كېسەك قىلاتتۇق. سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى.

92-شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ئۇنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار. شەكسىزكى، رەببىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر.

93-ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە (ئۆز يولۇم بويىچە) ھەرىكەت قىلاي! سىلەر ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەن-

---

قىرائەت، ئىبادەتگاھ ۋە دەۋەت مەنىسىدە كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا ئايەتتىكى «صلاتك» نى «سېنىڭ دەۋىتىڭ» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

-لىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. كۈتۈڭلار! مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتۈۋاتىمەن».

94-بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى بىز تەرەپتىن (كاتتا) بىر رەھمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، (ئىمان ئېيتماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۇزلەندى-دە، ئۇلار دىيارلىرىدا تۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.

95-گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرىدا ئادەمزات ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. بىلىڭلاركى، مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولدى.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھىجازنىڭ شام تەرىپىدىكى رايونلىرىنىڭ بىرى بولغان مەديەن دېگەن جايدا ياشايدىغان ئاھالىگە ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان شۇئەيب ئىسىملىك بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تولىمۇ ئەخلاق-پەزىلەتلىك ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بىر زات ئىدى. مەديەن ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادالەتلىك ئەمەس ئىدى، ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالاتتى، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا ھەمىشە كەم بېرەتتى، ئۇلار رايوندا ھەمىشە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىيتتى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ بۇ يامان ئىللەتلەردىن قول يىغىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر سىلەرنى ياراتقان ۋە سىلەرگە مول رىزىقلارنى بېرىپ كېلىۋاتقان رەببىڭلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئىبادەتلەرنى بۇتلارغا قىلماستىن، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار، چۈنكى، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ ۋە ئىگە يوقتۇر، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ئەلۋەتتە بايلىق ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن. شۇڭا سىلەر كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالماڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر بۇ يامان ئىللەتلەردىن قول يىغمىساڭلار، شەكسىزكى، مەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشىغۇچى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى دۇرۇس تۇتۇڭلار، كىشىلەرگە

نەرسىلىرىنى كەم تارتىپ بەرمەڭلار، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئادالەتلىك ۋە دۇرۇس بولۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىماڭلار. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىقى ئەلۋەتتە سىلەر كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىپ يىغقان ھارام پۇل-ماللىرىڭلاردىن ياخشىدۇر. مەن سىلەرگە كۆزەتچى ئەمەس، مەن پەقەت ھەق دىنىنىڭ تەلىماتىنى سىلەرگە يەتكۈزىدىغان بىر ئەلچىمەن».

ئەمما شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ ئىبادەتلىرىڭ سېنى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىۋېلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ سەن بىزنى ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن بېرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلىرىمىزنى تاشلاتقۇزماقچىمۇ؟ سەن يەنە بىزنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىۋېلىپ، ئۆزىمىز ئىشلەپ تاپقان پۇل-ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە خەجلەشتىن توسماقچىمۇ؟ سەن بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىۋېلىپ زادى نېمە قىلماقچى؟ ھەي! سەن تازىمۇ كۆڭلى- كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان، تولىمۇ ئەقىللىق بىر ئادەمسەن جۇمۇ!» دېدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: «ئى قەۋمىم! ماڭا دەپ بېرىڭلارچۇ، رەببىم مېنى ئىززەتلەپ سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى سىلەرگە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشىم ئۈچۈن ماڭا ئۆز دەرگاھىدىن روشەن مۆجىزە ۋە ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاتا قىلغان تۇرسا، مەن سىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشتا ئاشۇنداق ئوپئوچۇق دەلىللەرگە تايانغان تۇرسام، يەنە ئۇ تېخى مېنى ئەڭ پاك، ئەڭ گۈزەل ۋە ھالال رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا، ئەمدى مەن رەببىمدىن مۇشۇنچە كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلاي؟ ئى قەۋمىم! مەن ئەمدى سىلەرگە بۇنىڭدىن باشقا نېمە دەيتتىم، سىلەرنى ياقتۇرمايدىكەن، دەپ رەببىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟ مەن سىلەرنى توسقان يامان ئىشلارنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت سىلەرنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئىسلاھ قىلىپ تۈزەشنىلا خالايمەن، مېنىڭ باشقىچە بىر غەرىزىم يوق، مەن بۇ ئىشىمدا پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن. شۇڭا مەن ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تايىنىمەن، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن. مەن سىلەردىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتمەيمەن،

سىلەر تەرەپتىن ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىنمۇ قورقۇپ قالمايمەن. ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار ۋە ماڭا قارىتا ئاداۋەتتىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان توپان بالاسىغا ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان قاتتىق بوران ئاپىتىگە ۋەياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولۇشقا ئوخشاش ئازابلارغا دۇچار قىلمىسۇن!

ئى مەديەن ئاھالىسى! سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان لۇت قەۋمىنىڭ دەۋرى سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردىن ئانچە يىراق ئەمەس، چۈنكى، ئوتتۇراڭلاردا كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى. لۇت قەۋمىنىڭ دىيارى سىلەرنىڭ دىيارىڭلاردىن ئانچە يىراق ئەمەس. چۈنكى، سىلەر ئۇلارنىڭ خارابىلىرىنى ھەربىر سەپىرىڭلاردا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. شۇڭا سىلەر گۇناھلىرىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ، رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، رەببىڭلارنىڭ يولىغا كىرىڭلار، بىلىڭلاركى، مېنىڭ رەببىم تەۋبە قىلغۇچىلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر، ئۇلارنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ».

ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپلىرىنى چۈشەنمەيمىز، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا ئاجىز بىر ئادەم، دەپ قارايمىز. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سەن قانداقلارچە بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدا يول كۆرسەتمەكچى بولىسەن؟ سەن قانداقمۇ بىزگە يولباشچى بولالايسەن؟! ئەگەر سېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ ۋە جەمەتىڭ كۆپ بولمىغان بولسا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ سەندىن قۇتۇلاتتۇق، ئاندىن ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارغا خاتىرجەم ھالدا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇراتتۇق ۋە ئۆزىمىز يىغقان پۇل-ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە بىر تەرەپ قىلاتتۇق. سەن بىزدىن ھېچبىر ئۈستۈن ئەمەسسەن ۋە بىزگە ئەتىۋارلىقمۇ ئەمەسسەن» دېدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ماڭا ئاللاھنىڭ يۈز خاتىرىسىنى ئەمەس، پەقەت مېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىمنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىۋاتامسىلەر؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن كارىڭلار بولمىدى، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار، مېنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن سىلەرگە يەتكۈزگەنلىرىمنىمۇ ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار، سىلەر بۇنداق قىلىش بىلەن ئاللاھتىن يۈز

ئۆرۈدۈڭلار ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىمىدىڭلار. ئەمما ئۇنتۇماڭلاركى، رەببىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر. بۇ قىلمىشىڭلار سەۋەبلىك سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ. ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەر نەسىھەت ئاڭلاشنى خالىمىساڭلار، سىلەر ئۆز يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، سىلەرمۇ ئۆز ئېتىقادىڭلار بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ۋە دىنىمنىڭ تەلىماتى بويىچە ھەرىكەت قىلاي! سىلەر مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمغا ئىشەنمىدىڭلار، مېنى يالغانچى دېدىڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر، سىلەر ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتىمەن».

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىزنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش پەرمانىمىز چۈشكەن ۋاقىتتا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرنى ئۆز دەرگاھىمىزدىن ئالاھىدە بىر مەرھەمەت بىلەن ئازابتىن قۇتۇلدۇردۇق. كۇفرى ۋە زۇلۇمدا چىڭ تۇرغان زالىملارغا قاتتىق ئاۋازدىن پەيدا بولغان دەھشەتلىك زىلزىلە يۈزلەندى-دە، ئۇلار دىيارىدا تۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىيارى خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جايلار ئۇنىڭدا ئىلگىرى ھېچكىم تۇرمىغاندەكلا بولۇپ كەتتى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تارازىدا تارتقاندا كەم بېرىش ھارام ئىشلارنىڭ ئىچىدە گۇناھى ئەڭ ئېغىر قىلمىش بولۇپ، مۇنداق قىلىش «قۇرئان كەرىم»دە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن سانالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ١ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ ٢ وَإِذَا كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ ٣ أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم مَّبۡعُوثُونَ ٤ لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ﴾ يەنى ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟﴾[1].

---

[1] مۇتەففىفىين سۈرىسى: 1-5 ئايەتلەر.

2. ھالالغا قانائەت قىلىپ ھارامغا قول ئۇزاتمىغانلار دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىككىلا ئالەمدە پايدا تاپقۇچىلاردۇر.

3. ئىلىم-سېتىم ئىشلىرىدا ئادىل بولماسلىق، كىشىلەرنى ئالداش ئېغىر دەرىجىدىكى خىيانەتچىلىكتۇر. بۇنداق ئالدامچىلار ئاخىرقى ھېساباتا ئۆزىنى ئالدايدۇ.

4. ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلارنى دەرھال تەرك ئېتىش ۋە ياخشى ئىشلارنى ئالدىراپ قىلىش مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھەقىقىي ئىمانىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

5. ھەق سۆز گەرچە ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىش پەزىلەتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەرلا شۇنداق قىلالايدۇ.

6. ھەرقانداق بىر گۇناھتىن كېيىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.

7. ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئوڭايلىق بار. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇتلەق ھۆكمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ۝٥ إِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار. ھەقىقەتەن ھەربىر مۇشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار﴾[1]

8. ھەرقانداق قاتتىقچىلىقنىڭ ياكى قىيىنچىلىقنىڭ ئېشىپ كېتىشى كېلىۋاتقان چىقىش يولىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

9. ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش ئىبادەتتۇر.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ۝٩٦ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ
وَمَلَإِيْهِۦ فَٱتَّبَعُوٓاْ أَمۡرَ فِرۡعَوۡنَۖ وَمَآ أَمۡرُ فِرۡعَوۡنَ بِرَشِيدٖ ۝٩٧ يَقۡدُمُ
قَوۡمَهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَأَوۡرَدَهُمُ ٱلنَّارَۖ وَبِئۡسَ ٱلۡوِرۡدُ ٱلۡمَوۡرُودُ ۝٩٨
وَأُتۡبِعُواْ فِي هَٰذِهِۦ لَعۡنَةٗ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ بِئۡسَ ٱلرِّفۡدُ ٱلۡمَرۡفُودُ ۝٩٩﴾

[1] شەرھ سۈرىسى: 5-ئايەت.

## تەرجىمىسى

96-97-شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئوپئوچۇق دەلىللەر بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق. ئەمما ئۇ كاتتىباشلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى خاتا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى.

98-پىرئەۋن قىيامەت كۈنى قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ[1] ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلار كىرىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!

99-ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا شۇ مەنىدە دەيدۇكى، بىز بەندىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۈرىدىن باشقا سۈرىلەردە تولۇق بايان قىلىنغان توققۇز خىل مۆجىزە بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق، بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بۇ مۆجىزىلەر ئۇنىڭ راستتىنلا بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئىدى. ئەمما پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق چىقارغان بۇيرۇقى خاتا بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى. پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ ئېلان قىلىش، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنى توپلاش، ئىمان ئېيتقانلارنى قىيناپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ناھەق پەرمانلار ئىدى. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئەنە شۇنداق ناھەق پەرمانلارغا بويسۇنۇپ، بارلىق جىنايەتلەردە پىرئەۋنگە ھەمكارلاشتى. ھالبۇكى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى ھەرگىزمۇ توغرا بۇيرۇق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، پىرئەۋن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرىنى بازارغا سېلىشقا تىرىشىۋاتقان، ھەددىدىن ئاشقان بىر ھاكاۋۇر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئۆز قەۋمىنى بۇ دۇنيادا يامانلىققا، ئاندىن ھالاكەتكە باشلاپ بارغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدىغان شەخس ئىدى.

---

[1] يەنى پىرئەۋن خۇددى بۇ دۇنيادا قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئازدۇرغاندەك ۋە دېڭىزغا باشلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ غەرق بولۇشىغا سەۋەب بولغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ ئۆز قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ بارىدۇ.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى كىرىدىغان بۇ دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلار دوزاختا قىزىقلىقىدىن ئۇچەيلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان قايناق سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراش ۋە قايناق سۇ بىلەن سۇغۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ «سوۋغا» نېمىدېگەن يامان! ئېنىقكى، ئايەتتە جازانىڭ «سوۋغا» دەپ ئاتالغانلىقى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە مەنىۋى ئازابنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۇچۇندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلىي ئىلمىدە «ئىمان ئېيتمايدۇ» دەپ پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى دىنغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى، بىز كىمنىڭ ئىمان ئېيتىپ، كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

2. ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدىغانلارغا ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشكە مايىللىقى بولمىغانلارغا مۆجىزىلەرنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

3. يامان يولنىڭ باشلامچىلىرىغا ئەگەشكەنلەر ئازابتا ئۇلارغا ئورتاقتۇر.

## ◄ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازاب قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش

﴿ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّهُۥ عَلَيۡكَۖ مِنۡهَا قَآئِمٞ وَحَصِيدٞ ١٠٠
وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡۖ فَمَآ أَغۡنَتۡ عَنۡهُمۡ ءَالِهَتُهُمُ
ٱلَّتِي يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ لَّمَّا جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَمَا
زَادُوهُمۡ غَيۡرَ تَتۡبِيبٖ ١٠١ وَكَذَٰلِكَ أَخۡذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلۡقُرَىٰ وَهِيَ
ظَٰلِمَةٌۚ إِنَّ أَخۡذَهُۥٓ أَلِيمٞ شَدِيدٌ ١٠٢ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّمَنۡ خَافَ
عَذَابَ ٱلۡأٓخِرَةِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمٞ مَّجۡمُوعٞ لَّهُ ٱلنَّاسُ وَذَٰلِكَ يَوۡمٞ مَّشۡهُودٞ ١٠٣
وَمَا نُؤَخِّرُهُۥٓ إِلَّا لِأَجَلٖ مَّعۡدُودٖ ١٠٤ يَوۡمَ يَأۡتِ لَا تَكَلَّمُ نَفۡسٌ إِلَّا
بِإِذۡنِهِۦۚ فَمِنۡهُمۡ شَقِيّٞ وَسَعِيدٞ ١٠٥ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمۡ

فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ ﴿١٠٦﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ
إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٠٧﴾ ۞ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُواْ
فَفِي ٱلۡجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ
رَبُّكَۖ عَطَآءً غَيۡرَ مَجۡذُوذٖ ﴿١٠٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**100**ـ«مانا بۇلار (ھالاك قىلىنغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدىندۇركى، بىز ئۇنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن (سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالغانلىرىمۇ بار، (ئاد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار.

**101**ـبىز ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. رەببىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) ئەمرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى. (ئەكسىچە) ئۇلارغا زىيان سېلىشتىن باشقىسىغا يارىمىدى.

**102**ـرەببىڭ زالىملارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىلسا، ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ دەردلىك ۋە تولىمۇ قاتتىقتۇر.

**103**ـمانا بۇنىڭدا ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. ئەنە شۇ (ئاخىرەت كۈنى) پۈتۈن ئىنسانلار توپلىنىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر.

**104**ـبىز ئۇنى (قىيامەت كۈنىنى) پەقەت ساناقلىق مۇددەتكىچىلا كېچىكتۈرىمىز.

**105**ـئۇ كۈن كەلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ.

**106**ـبەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار (ئۇ كۈنى) دوزاختا بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا ئېگىز-پەس توۋلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ.

**107**ـئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار دوزاختا داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، رەببىڭ خالىغان كىشىلەر (يەنى مۇئمىنلەردىن بولغان گۇناھكارلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن رەببىڭ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

**108. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتتە بولىدۇ، ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، رەببىڭ خالىغان كىشىلەر (يەنى مۇئمىنلەردىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا قالغان مۇددىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (بۇ) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتقان بۇ خەۋەرلەر ئاھالىسى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقتىن بىز ھالاك قىلىۋەتكەن يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇ توقۇلما سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ راست خەۋەرلىرىنى تەستىقلايدىغان ئايەتلەردۇر. ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان يۇرتلارنىڭ ئىچىدىن سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى «مەدائىن سالىھ»قا ئوخشاش ھازىرغىچە خارابىسى ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار، ئاد ۋە لۇت قەۋملىرىنىڭ يۇرتلىرىغا ئوخشاش ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار، يەنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلىنغانلىقتىن، ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەكلا پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەنلىرىمۇ بار. ئەسلىدە بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ھېچكىمگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىقىش ۋە ھەق دىنغا دۈشمەن بولۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. چۈنكى، بىز ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولساقمۇ، ئۇلار بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىقتى ۋە قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلىرىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى توسۇپ قالماقچى بولدى.

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئەكسىچە، بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا زىياندىن باشقىسىنى ئېلىپ كەلمىدى.

رەببىڭ ئاھالىسى كۇفرلىق قىلغان بىرەر شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولسا، ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى!

ئىچىڭلاردا بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟ ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان زالىملاردىن ھەرگىز كۈچلۈك قەۋم ئەمەسسىلەر ۋە سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىدىن تۆۋەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇر. ﴿أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَأَثَارُواْ ٱلۡأَرۡضَ وَعَمَرُوهَآ أَكۡثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار تېرىقچىلىق قىلغان ۋە زېمىننى بۇلارنىڭ ئاۋاتلاشتۇرغىنىدىن بەكرەك ئاۋاتلاشتۇرغان ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ھالاك بولدى). ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى﴾[1]. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ قىسسىدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ھېساب مەيدانىغا يىغىلىدىغان كۈندۇر. بىز ئۇ كۈننى بۇ دۇنيانىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر كېچىكتۈرىمىز. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ. ﴿يَوۡمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ صَفّٗاۖ لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَقَالَ صَوَابٗا﴾ يەنى ﴿جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە، رەھماننىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن، توغرا (ۋە ھەق) سۆزلىگەنلەردىن باشقا ھېچكىم (بىراۋغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن) گەپ قىلالمايدۇ﴾[2]. قىيامەت كۈنىدە ئاۋازلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كونتروللىدا بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئاڭلىتىشنى خالىمىغان ئاۋازلارمۇ ھېچكىمگە ئاڭلانمايدۇ. ﴿يَوۡمَئِذٖ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوۡلٗا﴾ يەنى ﴿بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ﴾[3].

قىيامەت ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر كۈن بولۇپ، ئۇ كۈن ئىنسانلار

---

[1] رۇم سۈرىسى: 9-ئايەت.

[2] نەبەئ سۈرىسى: 38-ئايەت.

[3] تاھا سۈرىسى: 109-ئايەت.

ئۇچۇن بەكمۇ ئۇزۇندەك تۇيۇلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بۇ كۈندىكى ئەھۋالىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىشكە مەھكۇم بولىدۇ، بەزىلىرى بەختلىك بولغانلىقتىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە لايىق بولىدۇ.

خاتا ئېتىقاد ۋە ناچار ئىشلىرى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئاخىرەتكە بارغاندا دوزاختا بولىدۇ. ئۇلار دوزاختا ئىڭگىز-پەس تووۇلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ. دوزاخنىڭ ئاسمان-زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلارمۇ دوزاختا رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى، رەببىڭ ھەممىگە قادىردۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

مۇپەسسىرلەر: ﴿رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ﴾ دېگەن بۇ مۇستەسنا توغرۇلۇق توختالغان ۋە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ھەقتە ئوندىن كۆپرەك قاراشنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، ئايەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاللاھ تائالا ۋاقتىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتىشنى خالىغانغا قەدەر دوزاختىكىلەر دوزاختا، جەننەتتىكىلەر جەننەتتە شۇنداق داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەر ئىش ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىسا، ئۇنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ، خالىسا ئۆزگەرتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ پەزل - مەرھەمىتى بىلەن توغرا ئېتىقاد ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا نېسىپ بولۇپ، سائادەتكە ئېرىشكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاخىرەتكە بارغاندا جەننەتتە بولىدۇ، جەننەتنىڭ ئاسمان-زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە رەببىڭ خالىغان زامانغا قەدەر داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ئۇلارغا قىلىنغان ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر. ئاخىرەتتىكى جازا بىلەن مۇكاپات ھەر ئىككىسى دائىملىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر.

مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتلەرگە كىرىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «لَنْ يُنْجِيَ أَحَدًا مِنْكُمْ عَمَلُهُ» يەنى «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلارنى قىلغان ئەمەلى قۇتقۇزالمايدۇ (يەنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ

جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ)» دېگەندە، ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىچۇ؟ سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سوراشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «وَلَا إِيَّاىَ ، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِيَ اللهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ» يەنى «ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنداق، مەنمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزل-مەرھەمىتى مېنى قورشىغاندىلا ئاندىن كىرەلەيمەن» [1] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمما كاپىرلارنىڭ تارتىدىغان جازاسى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەرگىزمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇزغۇنچىلارنى، زالىملارنى ۋە ھەربىر گۇناھكارنى جازالىشى ئۇنىڭ ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن رەھمىتىنىڭ ئىزناسىدۇر.

2. كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەبۇد قىلىۋالغان نەرسىلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەندە ئەسقاتمايدۇ.

3. باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇ زۇلۇمىنىڭ جازاسىنى قاتمۇقات تارتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زالىملارنى جازالىماي قالمايدۇ.

4. ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ئادەم چوقۇم كاپىر بولىدۇ.

5. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا سۆزلەشكە رۇخسەت بەرمىگۈچە ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ.

6. ئاللاھ تائالا مۇتلەق قۇدرەت ۋە چەكسىز ئىرادە ئىگىسى بولۇپ، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ خاھىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## پەيغەمبە ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش

﴿فَلَا تَكُ فِي مِرْيَةٍ مِّمَّا يَعْبُدُ هَٰٓؤُلَآءِ ۚ مَا يَعْبُدُونَ إِلَّا كَمَا يَعْبُدُ
ءَابَآؤُهُم مِّن قَبْلُ ۚ وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمْ نَصِيبَهُمْ غَيْرَ مَنقُوصٍ ﴿١٠٩﴾ وَلَقَدْ
ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَٱخْتُلِفَ فِيهِ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ
لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١١٠﴾ وَإِنَّ كُلًّا لَّمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 2169-بەت، 2816-ھەدىس.

رَبُّكَ أَعْمَٰلَهُمْ ۚ إِنَّهُۥ بِمَا يَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١١﴾

## تەرجىمىسى

109-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ (باتىللىقىدىن) قەتئىي شەكلەنمىگىن. ئۇلار پەقەت ئىلگىرى ئاتا-بوۋىلىرى (دەلىل-پاكىتسىز) چوقۇنغانغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك بولغان نېسىۋىسىنى ئەلۋەتتە كېمەيتمەستىن تولۇق بېرىمىز.

110-شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات) نى بەردۇق. ئەمما بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىندى. رەببىڭنىڭ (ئازابنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئالدىن ئېيتىلغان سۆزى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە (مۇشۇ دۇنيادىلا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار) ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر.

111-شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ھەممە ئادەمگە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن يۇقىرىقى بايانلاردىن ۋاقىپ بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاشۇ ئازغۇن مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ئۇلارنى دوزاختا سۆرەيدىغانلىقىدىن ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن قىلچە شەكلەنمە، ئۇلار پەقەت ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى چوقۇنغانغا ئوخشاشلا يەنە شۇ بۇتلارغا چوقۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاشلا ھالاكەت ۋە ئازابتىن ئىبارەت بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىۋېتىمىز. ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارغا ياخشىلىقتىن ۋە مۇكاپاتتىن ھېچبىر نېسىۋە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيالىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ قالدى، ئاخىرەتكە ئىشەنمىدى، ھاياتلىق مۇشۇ دۇنيادىلا بولىدۇ، دەپ قالدى. شۇڭا ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازابتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. مانا بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

قەۋمىدۇر.

شۈبھىسىزكى، بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»تىن ئىبارەت نۇرلۇق كىتابنى بەردۇق، ئۇنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلار ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، مەنسەپ ۋە چوڭلۇق تالىشىپ، بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ھالبۇكى، بۇ كىتاب ئۇلار ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى. رەببىڭنىڭ ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇش توغرۇلۇق ئالدىن چىقارغان ھۆكۈمى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىمۇ خۇددى ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلغاندەك مۇشۇ دۇنيادىلا ھالاك قىلىپ يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلار «تەۋرات» توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە ئىدى، دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، بۇنى كۆچلەندۇرىدىغان ئايەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: ﴿وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُورِثُواْ ٱلْكِتَـٰبَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار كىتاب توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە بولدى﴾[1]. ئايەتتىكى «كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار»دىن مەقسەت يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردۇر. ئۇلار «تەۋرات» ھەققىدە ھازىرمۇ زور گۇماندا تۇرماقتا. چۈنكى، ئەسلى «تەۋرات» ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ھازىرقى «تەۋرات»نىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن كېيىنچە يېزىلغانلىقىنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار بىردەك ئىقرار قىلىدۇ. ئەسلى «تەۋرات» بابىل پادىشاھى بۇختۇنەسسەر[2] تەرىپىدىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكىلى بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. شۇڭا ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ﴿وَيُعَلِّمُهُ ٱلْكِتَـٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ﴾[3] دېگەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالام «تەۋرات»نى يەھۇدىيلاردىن ئالمىغان، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن ئۆگەنگەن. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەن

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 14-ئايەت.

[2] بابىل-ھازىرقى ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ، قەدىمدە پايتەخت بولغان جاي. بۇختەنەسسەر-يەھۇدىيلارنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ دىنىي كىتابلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىغان زالىم پادىشاھتۇر.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 48- ئايەت.

چاغلىرىدىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى يادلىۋالغان «تەۋرات» تېكىستلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشەتتى.

ئاللاھ تائالا ھەممە ئادەمگە ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان قىلمىشلىرىغا تېگىشلىك جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ، ساۋابلىق ئەمەللىرىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، گۇناھلىرىنى كۆپەيتىۋەتمەيدۇ، بەلكى ھەركىمگە قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان تەسەللى ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇممەتلىرى تەرىپىدىن ئۇچرىغان كۈلپەتلىرى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بولغان بولسا، ھازىرمۇ ۋە تا قىيامەتكىچە ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى ھەربىر شەخس ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەسەللىدۇر.

2. كۆپىنچە گۇناھلارنىڭ جازاسىنىڭ ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، جازا بىلەن مۇكاپاتنىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر.

3. ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىيامەت كۈنىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ھەركىمگە ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

## ◄ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ بايانى

﴿ فَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطْغَوْا۟ ۚ إِنَّهُۥ بِمَا
تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١٢﴾ وَلَا تَرْكَنُوٓا۟ إِلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ فَتَمَسَّكُمُ
ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنْ أَوْلِيَآءَ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ﴿١١٣﴾
وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَىِ ٱلنَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيْلِ ۚ إِنَّ ٱلْحَسَنَٰتِ يُذْهِبْنَ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ لِلذَّٰكِرِينَ ﴿١١٤﴾ وَٱصْبِرْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ
أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١١٥﴾ ﴾

### تەرجىمىسى

112- (ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن، سەن بىلەن بىرلىكتە تەۋبە قىلغانلارمۇ (شۇنداق بولسۇن). چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

113- زالىملارغا مايىل بولماڭلار، بولمىسا دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر، ئاندىن سىلەر ھېچبىر ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.

114- كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ (كۈندۈزگە) يېقىن ۋاقىت- لىرىدا ناماز ئوقۇغىن. شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر.

115- (ئى پەيغەمبەر!) چىدامىلىق بولغىن. چۈنكى، ئاللاھ (تائەت ـ ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇغان: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن﴾ دېگەن ئەمرى ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان قىسسىلەردىن ئېلىنغان ئىبرەت ۋە ئۆگۈتلەرنىڭ ئاساسلىق مېۋىسى ۋە خۇلاسىسىدۇر. چۈنكى، بۇ قىسسىلەردىن بىلدۇقكى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسى نۇسرەت ۋە غەلىبە بولغىنىدەك، كۇفرى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر دىندا ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاندەك مۇستەھكەم تۇرۇڭلار ۋە توغرا يولدا راۋۇرۇس بولۇڭلار!

ئېنىقكى، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، توغرا يولدا راۋۇرۇس بولۇش دېگەن «قۇرئان كەرىم» دە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش، دىندا بۇلۇنمەسلىك، دىننىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىش، «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلىپ جايىدا ئورۇنداش، پۈتۈن

ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە ئۇيغۇن قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، - سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، - بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر﴾[1].

دىندا مۇستەھكەم بولۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇلغىنىدەك ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسا ۋە ھارۇن قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇلغان ۋە غەلىبىنىڭ كاپالىتى بولغان ئەمەلدۇر. ﴿قَالَ قَدۡ أُجِيبَت دَّعۡوَتُكُمَا فَٱسۡتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار﴾[2]. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَبۡشِرُواْ بِٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ٣٠ نَحۡنُ أَوۡلِيَآؤُكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَشۡتَهِيٓ أَنفُسُكُمۡ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ٣١ نُزُلٗا مِّنۡ غَفُورٖ رَّحِيمٖ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىماندا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن ھازىردۇر. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[3].

دىندا مۇستەھكەم بولۇش دېگەن دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتلىققا تولۇق تەتبىق قىلىشتۇر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشىلەر قىيامەت

[1] نىسا سۈرىسى: 59-ئايەت.

[2] يۇنۇس سۈرىسى: 89-ئايەت.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى: 30-32-ئايەتلەر.

كۈندە پەيغەمبەرلەر، سالىهلار ۋە شېهىتلار بىلەن بىللە بولىدۇ. سۇفيان سەقەفىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يارەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلامدىن بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويغان بولسىلىكەن» دەپ ئىلتىجا قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قُلْ: آمَنْتُ بِاللّٰهِ ، فَاسْتَقِمْ» يەنى «"ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم" دېگىن ۋە توغرا يولدا راۋۇرۇس بولغىن»[1] دېگەن.

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر دىندا مۇستەھكەم بولۇڭلار. بۇ رەببىڭلارنىڭ ئەمرىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىندا شۇنچىلىك مۇستەھكەم تۇرسىمۇ يەنە ئۇنى مۇستەھكەم بولۇشقا بۇيرۇشتىن مەقسەت ئۇنى داۋاملىق شۇنداق قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە شۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

چەكتىن ئاشماڭلار، دىندا ئاشقۇنلۇق قىلماڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى تولۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ. چەكتىن ئېشىپ كېتىش دېگەن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە سىزىپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىق قىلغان ئىسلام يولىدىن چەتنەپ كېتىش، توغرىلىقتىن چىقىپ كېتىش دېگەنلىكتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «توغرا يولدا راۋۇرۇس بولۇش دېگەن ئوڭ ياكى سولغا قىلچىلىكمۇ مايىل بولۇپ كەتمەي تۈپتۈز بولۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، بەزىدە ئىككى زىت نەرسىنىڭ ياكى ئىككى قارشى نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى پاسىل ئىنتايىن ئىنچىكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿فَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «شَيَّبَتْنِي هُودٌ وأخواتها» يەنى «مېنى ھۇد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەر قېرىتىۋەتتى»[2] دېگەن. ناۋادا ئاللاھ تائالا ﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسْتَطَعْتُمْ﴾ يەنى ﴿سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلمىغان بولسا، مۇسۇلمانلار كۆپ جاپاغا قالغان بولاتتى. خۇلاسە قىلغاندا، توغرا يولدا راۋۇرۇس بولۇش دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا

[1] «صحيح مسلم» 1ـ توم، 65ـ بەت، 38ـ ھەدىس.
[2] «حلية الأولياء» 4ـ توم، 350ـ بەت.
[3] تەغابۇن سۈرىسى: 16ـ ئايەت.

ئەمەل قىلىشتا ھېچقايسى تەرەپكە قىلچىلىكمۇ مايىل بولۇپ كەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر»[1].

سىلەر ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان، ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغان زالىملارغا مايىل بولماڭلار، ئۇلارغا مايىل بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش زۇلۇمدا ئۇلارغا شېرىك بولغانلىق بولۇپ، ئايرىم بىر زۇلۇمدۇر. زالىم كاتتىباشلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، راست سۆزنى قىلماسلىق، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت پەرزنى تەرك ئېتىش ۋە دىنىنىڭ بەزى چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَيِ ٱلنَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيۡلِۚ...﴾ يەنى ﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ (كۈندۈزگە) يېقىن ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇغىن﴾[2]. مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئېنىق بەلگىلىگەن ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر سەئدىي مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر ئايەتنىڭ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ﴿طَرَفَيِ ٱلنَّهَارِ﴾ دېگەن قىسمى بامدات، پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنىڭ ﴿وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيۡلِۚ﴾ دېگەن قىسمى شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ»[3].

بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ ﴿طَرَفَيِ ٱلنَّهَارِ﴾ دېگەن قىسمىدىن پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى، ﴿وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيۡلِ﴾ دېگەن قىسمىدىن بامدات، شام ۋە خۇپتەن قاتارلىق ئۈچ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپى»دىن مەقسەت پېشىن بىلەن ئەسىر ۋاقتىدۇر. ﴿وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيۡلِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿زُلَفًا﴾ دېگەن سۆز «زُلْفَةً» ۋە «زُلْف» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەرەب تىلىدا كۆپلۈكنىڭ ئەڭ ئاز سانى ئۈچتۇر، يەنى ئۈچتىن ئاز نەرسىگە كۆپلۈك ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭا ﴿زُلَفًا﴾ دېگەن سۆز بامدات، شام ۋە خۇپتەندىن ئىبارەت ئۈچ نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] «تفسير الشعراوي» 11- توم، 6707 - بەت.

[2] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

[3] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 389-بەت.

ئەمدى بۇ يەردە ﴿وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيۡلِ﴾ يەنى «كېچىنىڭ (كۈندۈزگە) يېقىن ۋاقىتلىرىدا» دېگەن ئايەت قانداق بولۇپ بامدات، شام ۋە خۇپتەننىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؟ دېگەن سوئال كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، كۈندىلىك نامازلارنىڭ بىرىنچىسى پېشىندۇر، يەنى كۈندۈزنىڭ نامىزى پېشىندىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، جىبرىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئۆگەتكەن ۋە ئىككى كۈن ئۇنىڭغا ئىمام بولۇپ يۇقىرىقى ناماز ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىپ قويغان. مۇنا-سۇۋەتلىك ھەدىس تۆۋەندىكىچە:

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل كەئبىنىڭ يېنىدا ماڭا ئىككى قېتىم ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. بىرىنچى قېتىمدا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئاياغنىڭ بوغۇچىدەك بولغاندا ئوقۇدى، ئەسىرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزى بىلەن تەڭ بولغاندا ئوقۇدى، شامنى كۈن پاتقان ۋە روزا تۇتقان كىشى ئىپتار قىلىدىغان چاغدا ئوقۇدى، خۇپتەننى شەپەق يوقالغاندا ئوقۇدى، بامداتنى تاڭ يورۇپ، روزا تۇتقۇچىغا يېمەك-ئىچمەك مەنئى قىلىنىدىغان چاغدا ئوقۇدى. ئىككىنچى قېتىمدا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بويىغا تەڭ كەلگۈدەك بولغان چاغدا، يەنى بىرىنچى قېتىم ئەسىرنى ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، ئەسىرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ئوخشىشىغا تەڭ بولغاندا ئوقۇدى، شامنى يەنە بىرىنچى قېتىم ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەن ۋاقىتتا ئوقۇدى، بامداتنى ئەتراپ ئاقارغاندا ئوقۇدى، ئاندىن ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى: ‹مانا بۇ، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىدۇر. سېنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقىتلىرىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىدۇر›».

دېمەك، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەش ۋاخ نامازنىڭ ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىبرىلنى ئەۋەتىپ، نامازلارنى قانداق ئادا قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن.

ناماز پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ بېشى. ئۇ بەندە بىلەن تائالانىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلايدىغان، نەپسىنى پاكلايدىغان، روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئەمەلدۇر. ناماز يەنە دىنىنىڭ بېشى. ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش دىننى تۇتقانلىقتۇر، ئۇنى تەرك ئېتىش دىننى تەرك ئەتكەنلىكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مۆكەممەل ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّـٰبِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بارچە مۇسىبەتلەرگە) سەۋر قىلىش ۋە نامازنى مۆكەممەل ئادا قىلىش بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلە قاتارلىق پۈتۈن ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان.

2. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەتتىن چەتنەپ كېتىش ئۆزىنى جازاغا تۇتقانلىق ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

3. بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ناماز ۋاقتىغا رىئايە قىلىش پەرزدۇر. ئۆزرىسىز تۇرۇپ نامازنى قازا قىلىش گۇناھتۇر.

4. ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن يامانلىقلار ئۆچۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ ٱلْحَسَنَـٰتِ يُذْهِبْنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[2] دېگەن.

5. چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش ئەڭ ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

## ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئومۇمىي سەۋەبلەر

﴿فَلَوْلَا كَانَ مِنَ ٱلْقُرُونِ مِن قَبْلِكُمْ أُو۟لُوا۟ بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْفَسَادِ فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّنْ أَنجَيْنَا مِنْهُمْ ۗ وَٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مَآ أُتْرِفُوا۟ فِيهِ وَكَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿١١٦﴾ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ ﴿١١٧﴾ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةً وَٰحِدَةً ۖ وَلَا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ ﴿١١٨﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَ ۚ وَلِذَٰلِكَ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 153-ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

خَلَقَهُمۡۗ وَتَمَّتۡ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١١٩﴾

## تەرجىمىسى

116 ـ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (ئىنسانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر چىقمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (بۇزغۇنچىلىقنى توسقانلىقى ئۈچۈن) بىز نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. زالىملار ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ كەتتى، ئۇلار گۇناھكار ئادەملەر ئىدى.

117ـ رەببىڭ ئاھالىسى (ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى) ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ.

118ـ119ـ ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئىنسانلارنى ئەلۋەتتە (ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان) بىر ئۈممەت قىلاتتى. ئۇلار داۋاملىق ھەر خىل دىنلاردا بولىدۇ. پەقەت رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى[1]. رەببىڭنىڭ: «مەن چوقۇم دوزاخنى پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار(نىڭ گۇناھكارلىرى) بىلەن توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى بېكىتىلىپ بولدى.

## تەپسىرى

كاشكى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدىن مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن، زالىملارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغان، ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر چىقسىچۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىشىلەرنى يامانلىقتىن ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەنلەر ئىنتايىن ئاز كىشىلەردۇر. توغرا يولغا ئەگەشمەي ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بولسا بۇ ۋاقىتلىق دۇنيانىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى قوغلىشىش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. مۇنداقلار ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، يامان ئىشلاردىن توسمايدۇ. ئۇلار

[1] يەنى «رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ياراتتى» ياكى «ئىختىلاپ قىلىش ئۈچۈن ياراتتى» (تەپسىرى ئىبنى كەسىر ۋە تەپسىرى تەبەرى).

ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقتىن گۇناھقا پاتقان ئادەملەردۇر. ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق نېمىدېگەن ئېغىر گۇناھ؟!

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھالال-ھارامنى ئىلغىماستىن، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى توغرا يولدىن چىققانلىق، ئاسىيلىق، زۇلۇم ۋە گۇناھتۇر. پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىش خاھىشى ئالدى بىلەن بايلار ئارىسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئاندىن نامراتلار ئارىسىغا تارقىلىپ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەخلاقىنى چىرىتىدۇ. ﴿وَإِذَآ أَرَدۡنَآ أَن نُّهۡلِكَ قَرۡيَةً أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيۡهَا ٱلۡقَوۡلُ فَدَمَّرۡنَٰهَا تَدۡمِيرٗا﴾ يەنى ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ-دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھالىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز﴾[1].

﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ بِظُلۡمٖ وَأَهۡلُهَا مُصۡلِحُونَ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرلىرى بىر خىل بولمىغان. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: ﴿رەببىڭ ئاھالىسى (ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى) ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئاھالىسى بۇزغۇنچى بولمىغان، ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرغان مۇنداق ياخشى بىر يۇرتنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋېتىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىگە ياراشمايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىشتىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر ۋە پاكتۇر.

ئەللامە تەبەرىي، قۇرتۇبىي ۋە بەغەۋىي قاتارلىق بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر قەۋمنى ئۇنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىنلا ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمنى تارازىدا كەم تارتىپ بەرگەنلىكى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمنى بەچچىۋازلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش. گۇناھ – مەئسىيەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ جازاسىدىن تېزدۇر. ئەمما ئاللاھقا شېرىك كەلتۈر-گەنلىكنىڭ جازاسى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 16-ئايەت.

ئاخىرەتتە بولىدۇ ۋە ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ئىنسانلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك بەچچىۋازلىق قىلمىغان، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك ئۆلچەمدە ئادالەتسىزلىك قىلمىغان، پىرئەۋننىڭ قەۋمىدەك زومىگەرلەرگە بويسۇنۇپ ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلمىغان، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك ئىنسانلارنى شەپقەتسىزلەرچە جازالىمىغان بولسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىنلا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ. دېمەك، نە ئىنسانلار، نە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا ھالاك قىلىنمايدۇ. كۇفرىلىققا زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق قوشۇلغاندا، ئاندىن ئۇلار ھالاكەتكە لايىق بولىدۇ. «مىللەتلەر كاپىرلىقى تۈپەيلىدىنلا زاۋال تاپمايدۇ، ئەمما زۇلۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن زاۋال تاپىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر سۆز بار. توغرا، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرسىمۇ قالمىغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا كاپىر ۋە مۇئمىن ھەممە بەندىسىنى ياشىتىدۇ ۋە ئۇلارنى رىزىقلاندۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى بېرىلىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ مۇكاپاتى ۋە كۇفرىنىڭ جازاسى ئاخىرەتتە تولۇقى بىلەن بېرىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مۇنداق مەنىگىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: كۆپ سانلىقى ياخشى بولغان بىر جەمئىيەت خەلقىنى ئاز ساندىكىلەردىن سادىر بولغان زۇلۇم تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ، ئەمما ھەممىسى ياكى كۆپ سانلىقى شۇنداق زالىم بولۇپ كەتكەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.

ئى قەۋمىنىڭ مۇئمىن بولۇشىغا ھېرىسمەن پەيغەمبەر! ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرلا ئۈممەت قىلاتتى، يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەم مۇئمىن بولاتتى. ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى ھەممە ئادەملەرنى پەرىشتىلەردەك، ئاللاھ تائالاغا قەتئىي ئاسىيلىق قىلمايدىغان قىلىپ ياراتقان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇخشىمىغان يۆنىلىشلەرگە قاراپ ماڭىدىغان قىلىپ ياراتتى. شۇڭا ئۇلار داۋاملىق ھەر خىل دىنلاردا ۋە ھەر خىل مەزھەپلەردە بولىدۇ، ئۇلاردىكى دىنىي ۋە پىكرىي ئىختىلاپلار شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ﴿إِنَّكَ لَا تَهۡدِي مَنۡ أَحۡبَبۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ

[1] «تفسير قرطبي» 7- توم، 100- بەت.

أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1]

ئىنسانلار ئەنە شۇنداق داۋاملىق ھەر خىل دىنلاردا ۋە ھەر خىل مەزھەپلەردە بولىدۇ. پەقەت رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلار ھەق دىنغا يېتەكلىنىدۇ ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە نائىل قىلىش ئۈچۈن ياراتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۇفرى يولىنى تاللاپ بەختسىزلەردىن بولىدۇ، بەزىلىرى ئىمان يولىنى تاللاپ سائادەتمەنلەردىن بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىككى پىرقە قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن ۋە ئىختىلاپلاشمايدىغان پىرقىدۇر، يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالغان پىرقىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿فَمِنۡهُمۡ شَقِيّٞ وَسَعِيدٞ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[2]»[3].

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلِذَٰلِكَ خَلَقَهُمۡۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەللامە تەبەري مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەرنىڭ بەزىسى بۇ ئايەتنى‹ئىختىلاپ قىلىش ئۈچۈن ياراتتى› دېسە، بەزىسىنى ‹رەھمەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى› دېگەن، يەنە بەزىسى ‹بەزىسىنى بەختلىك بولسۇن ئۈچۈن، بەزىسىنى بەختسىز بولسۇن ئۈچۈن ياراتتى› دەپ تەپسىر قىلغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قاراش ‹بەزىسى بەختلىك، بەزىسى بەختسىز بولۇشى ئۈچۈن ياراتتى› دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ بىرى، ئىختىلاپ قىلىشىدىغان ۋە باتىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، يەنە بىرى، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىككى پىرقە كىشىلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ﴿ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن

[1] قەسەس سۈرىسى: 56-ئايەت.
[2] ھۇد سۈرىسى: 105- ئايەت.
[3] «تفسير الطبري» 15-توم، 531-بەت.

يارانتى﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق ھەر ئىككى پىرقىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغان ۋە ھەربىر پىرقە نېمە ئىشقا يارىتىلغان بولسا شۇ ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن»[1].

﴿وَتَمَّتۡ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ: «مەن چوقۇم دوزاخنى پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار(نىڭ گۇناھكارلىرى) بىلەن توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى بېكىتىلىپ بولدى﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەر باشلىغان توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن دېگەن ھۆكمى بېكىتىلىپ بولدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئارىلىرىدا ياخشى كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغان، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئىنسانلار توپى ھەمىشە ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ، مۇنداق جەمئىيەت ئاسانلىقچە ۋەيران بولمايدۇ.

2. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ھالاكەتكە يول ئاچىدۇ.

3. ئىناقلىق رەھمەت، ئىختىلاپ بەختسىزلىكتۇر.

### ◄ سۈرىنىڭ خۇلاسىسى

﴿وَكُلّٗا نَّقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَۚ
وَجَآءَكَ فِي هَٰذِهِ ٱلۡحَقُّ وَمَوۡعِظَةٞ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ١٢٠ وَقُل
لِّلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنَّا عَٰمِلُونَ ١٢١
وَٱنتَظِرُوٓاْ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ١٢٢ وَلِلَّهِ غَيۡبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ
يُرۡجَعُ ٱلۡأَمۡرُ كُلُّهُۥ فَٱعۡبُدۡهُ وَتَوَكَّلۡ عَلَيۡهِۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا
تَعۡمَلُونَ ١٢٣﴾

---

[1] «تفسير الطبري» 15-توم، 531-بەت.

## تەرجىمىسى

120-پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن سېنىڭ قەلبىڭنى مۇستەھكەم قىلىدىغان ھەربىر خەۋەرنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدا (بۇ سۈرىدە) ساڭا ھەقىقەت، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە بىر ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى.

121-ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، بىزمۇ (ئۆز يولىمىز بويىچە) ئىش قىلماقتىمىز.

122-سىلەر (قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز».

123-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، شۇڭا سەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغىن! رەببىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەستۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن بايان قىلىپ بەرگەن بارلىق قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىبرەت، ۋەز-نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىز ساڭا كۆڭلۈڭنى تىندۇرىدىغان، ئىرادەڭنى كۈچەيتىدىغان ھەربىر قىسسىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سېنى تۇرلۇك ئىلىم-مەرىپەتتىن، كائىناتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەردىن، پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلاردىن ۋە ئۇلارغا يەتكەن ئەزىيەتلەر-دىن مۇنداق خەۋەردار قىلىشى پەقەت سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىندۇرۇش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەردىن خەۋەردار بولۇش چىدامچانلىقنى ئاشۇرۇش، ئىرادىنى كۈچەيتىش، كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئى پەيغەمبەر! بۇ سۈرىدە ساڭا خۇددى باشقا سۈرىلەردىكىگە ئوخشاش ئىلاھىي ھەقىقەتلەر، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلار كەلدى.

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ۋەز-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن ئەڭ ئاۋۋال مۇئمىنلەر پايدىلىنىدۇ. ئايەتتىكى مۇئمىنلەردىن هازىرقى زاماندىكى ۋە تا قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدىغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! قېنى سىلەر ھەق دىنغا قارشى چىقىشتا ۋە دەۋەت يولىغا توسقۇنلۇق قىلىشتا كۈچۈڭلارنىڭ بىرىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ باتىل ئېتىقادى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ يولى بويىچە ئىش قىلىمىز. سىلەر قىلمىشىڭلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە شۇنى كۈتىمىز. بىلىڭلاركى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سىر-ئەسرارلىرى ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر، بۇلارنى بىلىشمۇ ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ، ئۇ بولۇشىنى خالىمىغان ئىش بولمايدۇ.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن بۇيرۇلغىنىڭدەك تۈپتوغرا بولغىن، دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغىن، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغىن، قولۇڭدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن. كىمكى ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كۇپايىدۇر. ئۇنتۇمىغىنكى، رەببىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس. ئۇ سىلەرنىڭ چوڭ – كىچىك ھەممە ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەرنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇش، ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش، ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭغا قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش.

(2) مۇئمىنلەرگە ئۈگۈت بېرىش، بارلىق ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش.

(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش.

(4) يامانلىقنىڭ جازاسى ۋە ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى بارلىقىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىش.

2. كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ۋە سەزگۈ ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئالەملەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

3. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ خاھىشى ۋە بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش ئىبادەتتۇر.

# يۈسۈف سۈرىسى

يۈسۈف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، **111** ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختالغانلىقتىن، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى «يۈسۈف سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئېغىر كۈلپەتلەردىن كېيىن غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئەڭ تەپسىلىي ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن سۈرە بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر ئىچىدە «ئەڭ ئېسىل قىسسە» دەپ تەرىپلەنگەن سۈرىدۇر. بۇ سۈرە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھۇد سۈرىسى بىلەن مۇنا-سىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ھەر ئىككى سۈرە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، قىسسىنى بايان قىلىش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە مەدەت بولىدىغان بەزى مۇھىم نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ سۈرە نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

يەنە بۇ قىسسە ئىنسانلارنى كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق-جانسىز شەيئىلەرگە قاراپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قىسسە بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان چەكسىز سۆيگۈسىنى، بەزىبىر قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئىللىتىنى، بەزى ئىنسانلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان ئائىلىدىكى ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا قانداق قۇل بولغانلىقىنى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتىكى مىسىر

جەمئىيەتنى ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

### «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئېسىل قىسسە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ١ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيًّا
لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ٢ نَحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ أَحۡسَنَ ٱلۡقَصَصِ بِمَآ
أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ وَإِن كُنتَ مِن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ ٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ باياني بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2-شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

3-(ئى پەيغەمبەر!) بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ گۈزەل قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز. ئەلۋەتتە سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى (بۇ قىسسىلەردىن) خەۋەرسىز قالغانلاردىن ئىدىڭ.

### تەپسىرى

بۇلار ھەممىنى ناھايىتى مۇكەممەل شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن، بۇ قىسسىدىكى ئوي-پىكىرنى ۋە چوڭقۇر مەنىنى ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا بىلدۈرگەن روشەن كىتاب – «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدۇر.

ئى ئەرەبلەر! سىلەرنىڭ ئۆز تىلىڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان بۇ ئەرەبچە قۇرئاننى سىلەرگە بىز نازىل قىلدۇق. قۇرئان سىلەرگە دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ سىلەرگە بارچە ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئىلگىرى سىلەر ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان قىسسىلەردىن ۋە ۋەقەلىكلەردىن

خەۋەر بېرىدۇ. دىن، دۆلەت، سىياسەت، جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر، ھۆكۈم ۋە ھېكمەت قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ ئېنىق چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» بۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىلىڭلار بولغان ئەرەب تىلىدا بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئى ئەرەبلەر! سىلەرگە بۇلارنى مۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىشتىن مەقسەت: مۇسۇلمان شەخسلەرنى، مۇسۇلمان ئائىلىلەرنى، ساغلام بىر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ۋە كۈچلۈك بىر ئىسلامىي ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا قىسسىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى، ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ ئېسىلى بولغان بۇ قىسسىنى ناھايىتى گۈزەل ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ بېرىمىز. «قۇرئان كەرىم» بارلىق قىسسىلىرىدە ۋە پۈتكۈل مەزمۇنلىرىدا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بىر كىتابتۇر. ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ سۈرىنى نازىل قىلىش ئارقىلىق بۇ قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. چۈنكى، بۇ سۈرە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئامىللارنى، ئەقىدىنىڭ شەخس ۋە جامائەت ھاياتىدىكى چوڭقۇر ئورنىنى ۋە تەسىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ۋە ئەھۋاللىرىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدىڭ. سېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىڭ ھازىرقى ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئەرەبلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايتتى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» تېكىستى ۋە مەزمۇنى بويىچە ئەرەبلەرنى، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنى بۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئاجىز قالدۇرغان مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز كىتابتۇر. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى تالانتلىق ئەرەبلەر بۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتاب ياكى بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك، ھازىرقى ئىنسانلارمۇ ئاجىز كەلمەكتە.

2. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل بولغانلىقى ھەربىر پەيغەمبەرگە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق شۇ مىللەتنى باشقا مىللەتلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ئاۋانگارتلاردىن قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئاخىرقى پەيغەمبەرنى

ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەرەب تىلىدا كىتاب نازىل قىلىشنى تەقەززا قىلغان.

3. «قۇرئان كەرىم» ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇكەممەل قىسسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى ئۆتكەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ھەقىقەتنىڭ ھەر زامان باتىلغا ئۈستۈن كەلگەنلىكى قاتارلىق ھەقىقىي ۋەقەلىكلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كەلگەن ساماۋى كىتاب ــ «قۇرئان كەرىم»مۇ بارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە خۇلاسىسىدۇر.

## ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىق دەۋرى ۋە كۆرگەن چۈشى

﴿إِذۡ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي رَأَيۡتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوۡكَبٗا
وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ رَأَيۡتُهُمۡ لِي سَٰجِدِينَ ٤ قَالَ يَٰبُنَيَّ لَا تَقۡصُصۡ
رُءۡيَاكَ عَلَىٰٓ إِخۡوَتِكَ فَيَكِيدُواْ لَكَ كَيۡدًاۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لِلۡإِنسَٰنِ عَدُوّٞ
مُّبِينٞ ٥ وَكَذَٰلِكَ يَجۡتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِ
وَيُتِمُّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ ءَالِ يَعۡقُوبَ كَمَآ أَتَمَّهَا عَلَىٰٓ أَبَوَيۡكَ مِن
قَبۡلُ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَۚ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

4ـ ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن (چۈشۈمدە) ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغۇاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن ئىدى.

5ـ ئاتىسى: «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى، شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

6ـ رەببىڭ شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا بۇ چۈشنى كۆرسەتكەندەك) سېنى (ئۇلۇغ ئىشلارغا) تاللايدۇ ۋە ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا (پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىپ نېمىتىنى) تاماملىغىنىغا ئوخشاش، ساڭا ۋە يەئقۇب ئائىلىسىگىمۇ (پەيغەمبەرلىك بىلەن) نېمىتىنى

تاماملايدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېدى.

## ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام

يەئقۇب (يەنى ئىسرائىل) ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئايالدىن ئون ئىككى بالىسى بولغان. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغانلىرى ئۇنىڭ راھىلە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان يۈسۈپ ۋە بۇنيامىن ئىدى. يۈسۈف تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئەخلاقلىق بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان، چوڭ ئەربابلاردىن بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا، ئەخلاق-پەزىلىتىدە مانا مەن دەپ تۇراتتى. يۈسۈف بارچە قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتىسى ئۇنى ئۆزىگە بەكمۇ يېقىن تۇتاتتى، باشقا پەرزەنتلىرىدىن بەكرەك سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭغا بەكرەك كۆيۈنەتتى. بۇ سەۋەبتىن يۈسۈف بىلەن ئاتىسىنىڭ بېشىغا ئادەم تاقەت قىلالىغۇسىز ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن كېلىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىردا بۇ جاپالارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ ۋە بۇ جاپالار يۈسۈف بىلەن ئاتىسى ئۈچۈن، شۇنداقلا پۈتكۈل مىسىر خەلقى ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بولۇپ چىقتى.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا قانداق سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىگىنكى، ئۇ: ﴿ئى ئاتا! مەن (چۈشۈمدە) ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم﴾ دېگەن ئىدى. مەلۇمكى، سەجدە قىلىش ئىنسان ۋە پەرىشتىلەردىن سادىر بولىدىغان ھالەتتۇر، ئەمما جانسىز جىسىملارنىڭ سەجدە قىلىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشنىڭ قالايمىقان چۈشلەردىن بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر ئىلھام ۋە بىر بېشارەت ئىكەنلىكىنى، ئوغلى يۈسۈفنىڭ كاتتا بىر ئادەم بولىدىغانلىقىنى، قەۋمىگە، ئاتا - ئانىسىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان چوڭ ئىشلارنى

قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ناۋادا يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى بۇ چۈشنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ يۇسۇفكە ھەسەت قىلىپ سۇيىقەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆرگەن چۈشىنى قېرىنداشلىرىغا دېمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىپ، ﴿ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى، شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر﴾ دېگەن ئىدى.

ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنچىلىككە ئوخشىغان ئىللەتلەر نەپستىكى يامان روھىيەت تۈرتكىلىرىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئىللەتلەر ئىنساننى داۋاملىق يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتىدۇ. شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلىقتىن، قېرىنداشلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت دەپ بىلىدۇ. شۇڭا لەنىتى شەيتان يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئازدۇرۇشقا تەييار ئىدى. شەيتان يۇسۇف ئەلەيھىسسالام-نىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۇلارنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قارشى پىلانلىغان رەزىل پىلانلىرىنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى بارلىق يامانلىقلىرىنىمۇ ئۇلارغا يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى ئوغلۇم! سەن كۆرگەن بۇ چۈش سېنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولىدىغانلىقىڭغا ئىشارەت قىلماقتا. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رەببىڭ سېنى چوقۇم پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ، رەببىم بۇ شەرەپكە ئائىلە ئەزالىرىمىز ئىچىدىن سېنى تاللاپتۇ، سەن راستتىنلا رەببىڭنىڭ تاللانغان بەندىلىرىدىن بولۇپ قالىسەن. ئاللاھ تائالا ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ساڭا ئاتا قىلماقچى بولغان نېمەتنى سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش، ساڭا سەلتەنەت ئاتا قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تاماملايدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا يەئقۇب ئائىلىسىگە ئاتا قىلماقچى بولغان كاتتا نېمەتنى سەن ئارقىلىق تولۇقلايدۇ، پەيغەمبەرلىك ھالقىسى ۋە رىسالەت زەنجىرى سەندە بولىدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ كاتتا نېمىتىنى ئاتا قىلغىنىغا ئوخشاش ساڭىمۇ، يەئقۇب ئائىلىسىگىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ نېمىتىنى ئەنە شۇنداق تاماملايدۇ».

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەرگە خاس ئەقىل-پاراستى ۋە بەسىرىتى (يەنى يىراقنى كۆرۈش ۋە ئىشلارنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاش-

ـتۇرۇش قابىلىيىتى) بىلەن ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنى تولۇق چۈشىنىپ، بۇ چۈشنى قېرىنداشلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا ئىنئام بىلەن خۇش بىشارەت بەرگەن.

شۈبھىسىزكى، رەببىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىنئامغا كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئەلۋەتتە ئۇنى ئادا قىلىشقا لاياقىتى بار ئادەمگە تاپشۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان زاتتۇر.

چۈش ئەرەب تىلىدا «الرؤيا» ۋە «الحلم» دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇمكى چۈش دېگەن ئادەم ئۇخلىغان ۋاقىتتا كۆرىدىغان نەرسە بولۇپ، بەزى ئادەملەردىكى روھىي ھالەتنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى بەزى مۇھىم ئىشلارغا بىشارەت بولىدۇ. مۇنداق چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى ئاللاھ تائالا تەبىر بېرىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغان كىشىلەر بىلەلەيدۇ. ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئىنسان كۆپىنچە ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى چۈشەيدۇ. ئادەم بەزى ۋاقىتتا تاماقنى كۆپ يەۋېلىپ يۈرىكى سىقىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىنمۇ ئېگىز-پەس، قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدۇ. ئەمما بۇنداق چۈشلەر ئىلھام ئەمەس، بەلكى قالايمىقان چۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئەرەبچىدە «أَضغاث أَحلام» دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. چۈشكە تەبىر بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى، ياخشى چۈش ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «الرُّؤْيَا الصَّالِحَةُ مِنَ اللهِ ، وَالرُّؤْيَا السَّوْءُ مِنَ الشَّيْطَانِ ، فَمَنْ رَأَى رُؤْيَا فَكَرِهَ مِنْهَا شَيْئًا فَلْيَنْفُثْ عَنْ يَسَارِهِ ، وَلْيَتَعَوَّذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ ، لَا تَضُرُّهُ وَلَا يُخْبِرْ بِهَا أَحَدًا ، فَإِنْ رَأَى رُؤْيَا حَسَنَةً ، فَلْيُبْشِرْ وَلَا يُخْبِرْ إِلَّا مَنْ يُحِبُّ» يەنى «ياخشى چۈش ئاللاھتىن، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ. سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر چۈش كۆرسەڭلار، سول تەرىپىڭلارغا ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئۇنى ھېچكىمگە دېمەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ چۈشنىڭ سىلەرگە زىيىنى بولمايدۇ. سىلەرنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى چۈش كۆرسەڭلار، ئۇنى

پەقەت سىلەر ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا ئېيتىڭلار»[1].

2. بەزى چۈشلەرنىڭ نەتىجىسى شۇ ۋاقىتتىلا كۆرۈنمەستىن، بىر قانچە يىللارغىچە كېچىكىپ كېتىدۇ.

3. بەزى مۇھىم ئىشلاردا ئېھتىياتنى قولدىن بەرمەستىن، ناھايىتى سەزگۈر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ئىنئامى كۆپ ۋە چوڭ بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كەلگەن.

### ◄ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى

﴿ لَّقَدْ كَانَ فِي يُوسُفَ وَإِخْوَتِهِۦٓ ءَايَٰتٌ لِّلسَّآئِلِينَ ﴿٧﴾ إِذْ قَالُوا۟
لَيُوسُفُ وَأَخُوهُ أَحَبُّ إِلَىٰٓ أَبِينَا مِنَّا وَنَحْنُ عُصْبَةٌ إِنَّ أَبَانَا لَفِى
ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٨﴾ ٱقْتُلُوا۟ يُوسُفَ أَوِ ٱطْرَحُوهُ أَرْضًا يَخْلُ لَكُمْ وَجْهُ
أَبِيكُمْ وَتَكُونُوا۟ مِنۢ بَعْدِهِۦ قَوْمًا صَٰلِحِينَ ﴿٩﴾ قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ
لَا تَقْتُلُوا۟ يُوسُفَ وَأَلْقُوهُ فِى غَيَٰبَتِ ٱلْجُبِّ يَلْتَقِطْهُ بَعْضُ ٱلسَّيَّارَةِ
إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ﴿١٠﴾ قَالُوا۟ يَٰٓأَبَانَا مَا لَكَ لَا تَأْمَ۫نَّا عَلَىٰ يُوسُفَ وَإِنَّا
لَهُۥ لَنَٰصِحُونَ ﴿١١﴾ أَرْسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَيَلْعَبْ وَإِنَّا لَهُۥ
لَحَٰفِظُونَ ﴿١٢﴾ قَالَ إِنِّى لَيَحْزُنُنِىٓ أَن تَذْهَبُوا۟ بِهِۦ وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ
ٱلذِّئْبُ وَأَنتُمْ عَنْهُ غَٰفِلُونَ ﴿١٣﴾ قَالُوا۟ لَئِنْ أَكَلَهُ ٱلذِّئْبُ وَنَحْنُ
عُصْبَةٌ إِنَّآ إِذًا لَّخَٰسِرُونَ ﴿١٤﴾ فَلَمَّا ذَهَبُوا۟ بِهِۦ وَأَجْمَعُوٓا۟ أَن يَجْعَلُوهُ
فِى غَيَٰبَتِ ٱلْجُبِّ ۚ وَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِ لَتُنَبِّئَنَّهُم بِأَمْرِهِمْ هَٰذَا وَهُمْ لَا
يَشْعُرُونَ ﴿١٥﴾ وَجَآءُوٓ أَبَاهُمْ عِشَآءً يَبْكُونَ ﴿١٦﴾ قَالُوا۟ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّا
ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَٰعِنَا فَأَكَلَهُ ٱلذِّئْبُ ۖ وَمَآ

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 1772-بەت، 2261-ھەدىس.

أَنتَ بِمُؤۡمِنٖ لَّنَا وَلَوۡ كُنَّا صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾ وَجَآءُو عَلَىٰ قَمِيصِهِۦ بِدَمٖ
كَذِبٖۚ قَالَ بَلۡ سَوَّلَتۡ لَكُمۡ أَنفُسُكُمۡ أَمۡرٗاۖ فَصَبۡرٞ جَمِيلٞۖ وَٱللَّهُ
ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾

## تەرجىمىسى

7ـ يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

8ـ ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى: «بىز بىر توپ (كۆچلۈك) جامائە بولغان تۇرۇقلۇق، يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى، ئاتىمىز ئوپئوچۇق بىر خاتالىق ئىچىدىدۇر» دېيىشتى.

9ـ ئۇلار (ئۆز ئارىسىدا) «يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى يىراق بىر جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگىلا قالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇۋالارسىلەر» (دېيىشتى).

10ـ ئۇلاردىن يەنە بىرى: «يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئەگەر (ئۇنى ئاتىمىزدىن يىراق) قىلماقچى بولساڭلار، قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن بىرەرسى ئېلىۋالار» دېدى.

11ـ ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى قارايمىز.

12ـ ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈپ كەلسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز».

13ـ يەئقۇب: «سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار، مەن راستتىنلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

14ـ ئۇلار: «بىز بىر توپ جامائە تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

15ـ (قېرىنداشلىرى) ئۇنى ئېلىپ چىقىپ چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان (ئاندىن يۇسۇفكە قىلىدىغان ئەسكى-

-لىكلەرنى قىلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغان) چاغدا، بىز يۇسۇفكە: «شەكسىز-كى، (كېلەچەكتە) ئۇلار (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇقمايدىغان بىر پەيتتە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (بىر-بىرلەپ) ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

16-ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى.

17-ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۇسۇفنى نەرسە-كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قاپتۇق، (ئەپسۇسكى) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى.

18-ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. يەئقۇب: «بەلكى (ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس)، نەپسىڭلار سىلەرگە قەبىھ بىر قىلمىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر» دېدى.

### ◄ تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى توغرۇلۇق سورىغۇچىلار ئۈچۈن، بۇ قىسسىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر ۋە كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار. ھەقىقەتەن بۇ قىسسىلەرنى چۈشىنىپ ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلار بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە بولغان چۈشەنچىسى ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُولِي ٱلْأَلْبَٰبِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[1]، ﴿إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُوا ٱلْأَلْبَٰبِ﴾ يەنى ﴿(بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ئۈگۈت ئالىدۇ﴾[2].

نىھايەت، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قورققىنى يۈز بەردى. چۈنكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆز ئارىسىدا پىلان تۈزۈپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئويناتقىلى ئېلىپ كېتىپ، دېگەن باھانە بىلەن ئاتىسىدىن سوراپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغان كارۋانلار ئۇنى مىسىرغا ئېلىپ كېلىپ، مىسىر دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ۋەزىرى «بۇتىفار»غا

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 111-ئايەت.
[2] رەئد سۈرىسى: 19-ئايەت.

ئەرزىمەس پۇلغا سېتىۋەتتى. «قۇرئان كەرىم»دە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان بۇ ئادەم «ئەزىز» دەپ ئاتالغان. ئەزىز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆيىنى ئاچتى، ئائىلىسىگە قاراش ۋە ئائىلىسىدىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئەمما ئەزىزنىڭ ئايالى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ تەلەپنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى ۋە ئۆزىنى هارامدىن ساقلىدى. شۇ ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى بەزى خەۋەرلەر تارقالدى. ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سۆزىگە كىرگۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدى ۋە ئۇنى پەقەت سۆزىگە كىرگۈزۈش ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈنلا قارىلاپ زىندانغا تاشلاتقۇزدى. ناۋادا، ئايال ئۇنىڭغا ئۇ قەدەر سۆيىقەست قىلمىغان بولسا ئىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىندانغا تاشلانمىغان ۋە كېيىنچە مىسىرنىڭ مالىيە ئىشلىرى ۋەزىرى بولۇپ چىقمىغان بولار ئىدى. (بەزى تەپسىرلەردە، مىسىردا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان ئەزىزنىڭ ئايالىنى زۇلەيخا دەپ ئاتىغانلىقتىن، دىيارىمىزدا بۇ ئىسىم مەشھۇر بولۇپ قالغان. ئەمما زۇلەيخا دېگەن ئىسىم يا «قۇرئان كەرىم»دە ياكى ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، ئۇ ئايال بۇ ئىككى مەنبەدە «ئەزىزنىڭ ئايالى»دەپ ئاتالغان. شۇڭا بىزمۇ بۇ تەپسىردە بۇ ئايالنى «ئەزىزنىڭ ئايالى»دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتۇق).

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، سورىغۇچىلار ۋە بىلىشكە تىرىشقۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت ۋە پەند - نەسىھەتلەر بار. يەنە بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان كىشىنىڭ قەتئىي بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدىغانلىقى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلىپ توغرا يولغا باشلىغان كىشىنىڭ ھەق يولدىن قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئوپئوچۇق دەلىللەر بار.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قاتتىق قەسەم ئىچىشىپ تۇرۇپ ئېيتقان يالغان سۆزلىرىگە قاراڭ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا: ﴿«بىز بىر توپ (كۆچلۈك) جامائە بولغان تۇرۇقلۇق، يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى، ئاتىمىز ئوپئوچۇق بىر خاتالىق ئىچىدىدۇر» دېيىشتى﴾.

ئۇلار: ئاتىمىز يۇسۇف بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى بۇنيامىننى بىزدىن ئارتۇق كۆرىدۇ ۋە سۆيگۈسىنى ئۇلارغا بەكرەك بېغىشلايدۇ. بۇ ئاتىمىزنىڭ

ئۆپئوچۇق خاتالىقتۇر. بەلكى ئاتىمىز ئۇلارنىڭ ئانىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇ ئىككىسىنىمۇ بىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغاندۇ، دېيىشتى. چۈنكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۇسۇف ۋە بۇنيامىندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوغلىنى باشقا پەرزەنتلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك، تېنى ئاجىز، ھەم ئانىسىدىن كىچىك قالغانلىقى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىكى ئەقىل – پاراسەت بىلەن ئېسىل ئەخلاق يۈزىسىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشىدىن ئۇنىڭ ئاددىي ئىنسان ئەمەسلىكىنى ۋە قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقىنىڭمۇ بۇ ئىشتا ئالاھىدە تەسىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ھەسەت ۋە ئىچى تارلىقتىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئىللەت يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئەقلىدىن ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ئۇنىڭدىن بىر يولى خالاس بولۇشنى قارار قىلىشقان. ئاندىن يەنە قايتا پىكىرلىشىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشنى قارار قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىدە ئارىسىدىكى بىرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغان: ﴿يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى يىراق بىر جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاتاڭلار سىلەرگە ئۆڭچە قالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇۋالىسىلەر﴾ يەنى شۇنداق قىلساڭلار، ئاتاڭلار ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدۇ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىپ بارلىق سۆيگۈسىنى سىلەرگە بېغىشلايدۇ، ئاتاڭلار سىلەرنىلا كۆرۈپ تۇرغانلىقتىن سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ يۇسۇفنى يىراقلارغا تاشلىۋەتكەن ۋە ئاتاڭلارغا يالغان سۆزلىگەن بۇ گۇناھىڭلارغا كېيىنچە تەۋبە قىلىۋالساڭلار، سىلەر يەنىلا ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ كېتەلەيسىلەر.

شۇنداق قىلىپ، شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى زىنىنەتلەپ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنى جىنايەت سادىر قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئىچىدىن بىرى: يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى، ئۇ بەرىبىر سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلاردۇر، شۇڭا ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولساڭلار، ئۇنى ئادەتتە كۆزگە چېلىقمايدىغان چەترەك جايدىكى قۇدۇقلاردىن بىرەرسىگە تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن بىرەرسى ئېلىۋالار. شۇنداق قىلساڭلار،

ئۇنى ئاتىسىدىن ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت مەقسىتىڭلار ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر توغرا ئىش قىلماقچى بولساڭلار شۇنداق قىلىڭلار، دېدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ چوڭقۇر سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغان بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامۇ بۇ ئەھۋالنىڭ باشقا بالىلىرىنى غەزەپلەندۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرى بىلەن بىللە بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتىسىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. بولۇپمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر چۈشىدىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغىمۇ تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىدى.

بىركۈنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىغا: ﴿ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى قارايمىز. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز﴾ دەپ تۇرۇۋالدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئويناتقىلى ئېلىپ كېتىش باھانىسى بىلەن يېنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە رازىلىقى بولمىغانلىقتىن، ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا ۋە قاتتىق تەڭلىكتە قالغان ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىمۇ ئۇنى ئويناتقىلى ئېلىپ كېتىش تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلاي دېسە، ئۇلاردىن كۆڭلى خاتىرجەم بولالمايتتى، قوبۇل قىلماي دېسە، ئۇلار چىڭ تۇرۇۋالغان. بىر تەرەپتىن ئوغۇللىرىنىڭ يامان نىيىتىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانىڭ كىچىك يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىشىغا ئىشىنەتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاخىر ئۆز رازىلىقى بولمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل كېلىدۇ، ئاندىن ئوغۇللىرىغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشىنى جېكىلەپ ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلارغا يەنە: ﴿ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار راستتىنلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن﴾ دېگەن ئىدى.

ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ: ﴿بىز بىر توپ جامائە تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾ يەنى ئەگەر بىز بىر ئىنىمىزنى قوغدىيالمىساق، ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن يارامسىز پەرزەنتلەر بولۇپ

قالىمىز، ئى ئاتا! بولدى، سەن بىزگە ئىشەنگىن ۋە خاتىرجەم بولغىن، ھەرگىز كېلىشمەسلىك يۈز بەرمەيدۇ، دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا قايىل بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، كىچىك يۇسۇفنىڭ بېشىغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

مانا بۇلار ئۇلارنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قۇرغان تۇزاقلىرى بولۇپ، ئەمدى بۇ رەزىل پىلاننى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلگەن ئىدى. ئاكىلىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرى بىلىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. لېكىن، ھەر نەرسىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇلارنى چوقۇم قوغدايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام ئارقىلىق: «قورقما! رەببىڭ ئاللاھ سەن بىلەن بىللىدۇر. ئۇ سېنى قوغدايدۇ، سېنىڭ چۈشۈڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، ئاخىر سېنىڭ بۇ ئون بىر قېرىندىشىڭ بىلەن ئاتا-ئاناڭ ساڭا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىدۇ، رەببىڭ ھەقىقەتەن چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، سەن كەلگۈسىدە قېرىنداشلىرىڭغا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىسەن» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

مانا بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

﴿ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى﴾ ئۇلار بۇ يالغان يىغىسى بىلەن ئاتىسىنى قايىل قىلماقچى ۋە يالغان سۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانى ئالدىيالامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئى ئادەم بالىسى سەن نېمىدېگەن نادان! نېمىدېگەن ئەخمەق ھە! ئى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى! سىلەر تېخىچە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە نەرسىنى، ھەتتا غەيبنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋايكى، ياشىنىپ قالغان ئاتاڭلارنى رەھىمسىزلەرچە قاقشاتتىڭلار، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازاب بىلەن داغلىدىڭلار، سىلەر ئەقىل ۋە ھېكمەتنى قايرىپ قويۇپ، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭلار. سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر جىنايەتتۇر.

ئۇلار يالغاندىن ئۆزرە بايان قىلىپ: ﴿ئى ئاتىمىز! يۈسۈفنى نەرسە-كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قاپتۇق، (ئەپسۇسكى) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن﴾ دېيىشتى. ئۇلار ئاتىسىنى ئالداش ئۈچۈن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى كۆرگەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، «سەن نېمە دېگەن كۆيۈمچان هايۋان هە؟ ئوغلۇمنى يەپ كېتىپسەنۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى هېچقانداق زىيان يەتكۈزمەپسەنغۇ؟» دېگەن ئىكەن.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ: ﴿بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلدۇرۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) بىر ئاللاھ مەدەتكاردۇر﴾ دېدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. باللار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇش پەرزدۇر. چۈنكى، باللارنىڭ بىرىگە كۆپرەك ئىلتىپات كۆرسىتىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىقنى دۈشمەنلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار باللارنى ئوخشاش كۆرۈشكە ئەهمىيەت بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

2. هەسەتخورلۇق كۆپلىگەن بەختسىزلىكلەرگە ۋە ئەخلاقىي كىرىزىسلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

3. تەقدىردىن قاچقىلى بولمايدۇ. ئەمما دۇئانىڭ بالايىئاپەتتىن ساقلىنىشتا پايدىسى بار.

4. غەمكىنلىك ئىنساندا بولىدىغان تەبىئىي هالەت بولۇپ، هەركىم بۇنىڭدىن نېسۋىسىنى ئالىدۇ، هەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق. ئەمما غەمكىنلىكنى ئۆمىدنىڭ كۈچى بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ.

### ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كارۋانلارنىڭ قولىدا

﴿وَجَآءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُوا۟ وَارِدَهُمْ فَأَدْلَىٰ دَلْوَهُۥ قَالَ يَٰبُشْرَىٰ
هَٰذَا غُلَٰمٌ وَأَسَرُّوهُ بِضَٰعَةً وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَرَوْهُ

بِثَمَنٍ بَخۡسٍ دَرَٰهِمَ مَعۡدُودَةٖ وَكَانُواْ فِيهِ مِنَ ٱلزَّٰهِدِينَ ﴿٢٠﴾

### تەرجىمىسى

19ـ بىر يەردىن بىر كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سۇچىسىنى (سۇغا) ئەۋەتتى، ئۇ چېلەكنى (قۇدۇققا) تاشلىدى ۋە (يۇسۇفنى كۆرۈپ): «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

20ـ ئۇلار يۇسۇفنى بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى.

### تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تاشلانغان قۇدۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بىر توپ كارۋان، ئۆزلىرىنىڭ سۇچىسىنى سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قۇدۇققا ئەۋەتىدۇ. قۇدۇققا سۇ ئېلىش ئۈچۈن چېلەكنى سالغان سۇچىنىڭ چېلىكىگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئېسىلىۋېلىپ قۇدۇقتىن چىقىدۇ. سۇچى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ﴿خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا﴾ دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ ۋە كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئەھۋالدىن خۇشال بولۇشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كاتتا بىر بايلىق ئۇچرىغان (يەنى قۇل قىلىپ ساتقىلى بولىدىغان، ناھايىتى چىرايلىق بىر ئوغۇل بالا ئۇچرىغان) ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن تېپىۋېلىپ چىقارغان كارۋان باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ. ئەمما ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇراتتى.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَشَرَوۡهُ بِثَمَنِۭ بَخۡسٖ دَرَٰهِمَ مَعۡدُودَةٖ وَكَانُواْ فِيهِ مِنَ ٱلزَّٰهِدِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەبەرىي، قۇرتۇبىي، ئىبنى كەسىر ۋە سەئدى قاتارلىق تەپسىرلەردە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ، مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ساتقانلارنىڭ ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئىكەنلىكى قارارلاشتۇرۇلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر قەتادەنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ساتقانلارنىڭ كارۋانلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا،

﴿وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍ بَخْسٍ دَرَاهِمَ مَعْدُودَةٍ﴾ دېگەن ئايەتتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئاكىلىرى تەرىپىدىن كارۋانغا سېتىۋېتىلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەتتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا كارۋانلار تەرىپىدىن مىسىر ئەمەلدارىغا سېتىۋېتىلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنىڭغا بىنائەن ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ:

كارۋاندىكىلەر خۇشال بولۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ ئەسنادا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. كارۋاندىكىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كەلگەن قۇل ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن سېتىۋالماقچى بولىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنى كارۋانغا باھا تالاشمايلا ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدۇ. چۈنكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇشتى، كارۋانمۇ ئۇنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغىنىغا خۇشال بولۇشتى. ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى كارۋاندىكىلەردىن ئۇنى قويۇپ بەرمەسلىك ۋە چىڭ تۇتۇپ مىسىرغا ئېلىپ كېتىش توغرۇلۇق ۋەدە ئالدى.

كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا كارۋان تەرىپىدىن مىسىر ئەمەلدارىغا سېتىۋېتىلگەنلىك ۋەقەسىنى بايان قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ:

كارۋان يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا ئالدىراپلا سېتىۋەتتى. چۈنكى، ئەسلىدە ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىزىقمىغان ۋە ئۇنى تېزرەك سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلىغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بار بولۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلىرىدىن بىرى ئۇنى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلىكى ۋە تونۇمايدىغان يات

ئادەملەرنىڭ ئۇنى قۇل قىلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقانلىقى ئىدى.

2. بەزى مۇسىبەتلەر پارلاق كېلەچەكنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. مەسىلەن: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقى ۋە قۇل بازىرىدا سېتىلغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك، يۇقىرى مەنسەپ قاتارلىق ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولغان.

3. زىيانلىقتەك كۆرۈنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ئەمەس، بەلكى بەزى ئىشلار پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ.

### ◄ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىردا

﴿وَقَالَ ٱلَّذِى ٱشْتَرَىٰهُ مِن مِّصْرَ لِٱمْرَأَتِهِۦٓ أَكْرِمِى مَثْوَىٰهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوْ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدًا ۚ وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلِنُعَلِّمَهُۥ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ ۚ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمْرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢١﴾ وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٢٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

21-ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغىن، بىزگە ئەسقىتىپ قالار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ، يۇسۇفنى (ئادالەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى ئۈچۈن) ۋە ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئۇ يەرگە (مىسىرغا) مانا مۇشۇنداق يەرلەشتۈردۇق. ئاللاھ (ئۆزى ئىرادە قىلغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

22-يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق. بىز (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

### ◄ تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىردىكى قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغان ئادەم ئايالىغا قىلغان تەۋسىيەسىدە، بۇ بالىنى قۇل ئورنىدا كۆرمەستىن، ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭدا گۈزەل

ئەخلاق ۋە ئالىي ھىممەتنىڭ نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى، كېلەچەكتە ئۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ بالىنىڭ ئۇلارغا دۇنيالىق ئىشلاردا پايدىسى بولۇپ قېلىشى ياكى ئۇنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىپ ئالغانلارنىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى سالغان بولۇپ، نەتىجىدە، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆز بالىسىغا ئوخشاش كۆرىدىغان بولدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، قەلبلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقى، ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە توغرا ئىشلارغا يېتەكلەيدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە پەرۋىشى بىلەن مىسىر زېمىنىغا ماكانلىشىپ قالدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىردا قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغان ئەزىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-شەپقىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا بىر ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى بولغان ئىدى. گەرچە ئۇ كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغان، ھەتتا شۇ ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ تۆھمەت قىلىشى سەۋەبلىك زىندانغا تاشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى غەلىبىلىك بولۇپ چىقتى. چۈنكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ جەرياندا چۈشلەرگە توغرا تەبىر بېرىشتەك ئىلىم-ھېكمەتكە ئېرىشتى ۋە ھەر تەرەپتىن ياخشى يېتىشىپ چىقتى. يەنە ئۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. «قىيىنچىلىقلار ئەرلەرنى تاۋلايدۇ» دېگەندەك، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىك ۋە قىيىنچىلىقلار جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلغان بىر زات ئىدى.

ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر ئىشنى خالىسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىر زات بولۇپ، ئۇنىڭ خاھىشىغا قارشى چىقىدىغان ياكى ئۇنىڭغا توسقۇن بولالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىشى، ئاندىن كارۋانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، ئاندىن قۇل بازىرىدا سېتىلىشى، ئۇنى سېتىۋالغان ئەزىزنىڭ ئايالىغا ئۇنى ياخشى بېقىشنى، قۇل ئورنىدا كۆرمەي ئۆز ئوغلىغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشى، ئۇنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىشى، زىندانغا تاشلىنىشى ۋە چۈش تەبىرلىرىنىڭ

بىلدۈرۈلۈشى قاتارلىق جەريانلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك ماقامىغا لايىق ھالدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش جەريانى بولغان ئىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇ ئىشلاردىكى ئاساسلىق مەقسەتنى ۋە ھېكمەتنى بىلمەيدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىرانىغا يېتىپ، ئەقلى كامالىغا يەتكەن چاغدا، بىز ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەتنى ئاتا قىلدۇق. چۈنكى، بىز بىزگە مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچىلارنى، ئەمەل-ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلانى، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. پەيغەمبەرلەرنى ئەنە شۇنداق يېتىشتۈرىمىز، خۇسۇسەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلۋەتتە شۇنداق يېتىشتۈرىمىز.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. چۈشكە توغرا تەبىر بېرىش ئاللاھ تائالادىن كەلگەن كارامەت بولۇپ، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

3. مۇكاپاتنىڭ ياخشى بولۇشى ياخشى نىيەت بىلەن ياخشى ئەمەلگە باغلىقتۇر.

### ◄ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە ئەزىزنىڭ ئايالى

﴿وَرَٰوَدَتۡهُ ٱلَّتِي هُوَ فِي بَيۡتِهَا عَن نَّفۡسِهِۦ وَغَلَّقَتِ ٱلۡأَبۡوَٰبَ وَقَالَتۡ
هَيۡتَ لَكَۚ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ رَبِّيٓ أَحۡسَنَ مَثۡوَايَۖ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ
ٱلظَّٰلِمُونَ ٢٣ وَلَقَدۡ هَمَّتۡ بِهِۦۖ وَهَمَّ بِهَا لَوۡلَآ أَن رَّءَا بُرۡهَٰنَ
رَبِّهِۦۚ كَذَٰلِكَ لِنَصۡرِفَ عَنۡهُ ٱلسُّوٓءَ وَٱلۡفَحۡشَآءَۚ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ٢٤ وَٱسۡتَبَقَا ٱلۡبَابَ وَقَدَّتۡ قَمِيصَهُۥ مِن دُبُرٖ وَأَلۡفَيَا
سَيِّدَهَا لَدَا ٱلۡبَابِۚ قَالَتۡ مَا جَزَآءُ مَنۡ أَرَادَ بِأَهۡلِكَ سُوٓءًا إِلَّآ أَن
يُسۡجَنَ أَوۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٢٥ قَالَ هِيَ رَٰوَدَتۡنِي عَن نَّفۡسِيۚ وَشَهِدَ

شَاهِدٌ مِّنۡ أَهۡلِهَآ إِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن قُبُلٖ فَصَدَقَتۡ وَهُوَ مِنَ
ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٢٦﴾ وَإِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٖ فَكَذَبَتۡ وَهُوَ مِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٧﴾ فَلَمَّا رَءَا قَمِيصَهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٖ قَالَ إِنَّهُۥ مِن كَيۡدِكُنَّۖ
إِنَّ كَيۡدَكُنَّ عَظِيمٞ ﴿٢٨﴾ يُوسُفُ أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَاۚ وَٱسۡتَغۡفِرِي
لِذَنۢبِكِۖ إِنَّكِ كُنتِ مِنَ ٱلۡخَاطِـِٔينَ ﴿٢٩﴾

## تەرجىمىسى

23ـ يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى يۇسۇفنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى-دە، ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۇسۇف: «ئاللاھ ساقلىسۇن! ئېرىڭىز ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. (خىيانەت قىلىدىغان) زالىملار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

24ـ ئايال ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا (ئىنسانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئازراق) مايىل بولدى. ئۇ رەببىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا (گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتى). بىز يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق (دەلىلىمىزنى كۆر-سەتتۇق). چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

25ـ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئايال يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىككىلىسى ئىشىك ئالدىدا ئايالىنىڭ ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئايال: «سېنىڭ ئائىلەڭگە يامانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى.

26ـ يۇسۇف: «ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى» دېدى. ئايالىنىڭ ئا-ئىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا ئايال راست سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف يالغانچىلاردىن بولىدۇ.

27ـ ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا ئايال يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف راستچىللاردىن بولىدۇ» دېدى.

28ـ (ئايالىنىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىغا: «(ئەي ئاياللار جامائەسى!) بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر،

سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر».

29 ـ «ئى يۇسۇف! بۇنى دەپ يۈرمىگىن. (ئى ئايالىم!) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن. چۈنكى، سەن گۇناھكارلاردىن بولدۇڭ» دېدى.

## تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق ئېغىر ۋە قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلدى. ئەمما بۇ سىناقلار پەقەت ئۇنىڭ پايدىسىغا بولۇپ، ئۇنى تاۋلاپ چىقتى. ئۇ مىسىر دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ۋەزىرى ئەزىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان سۈپىتىدە ئورۇنلاشتى. ئۇنى بارلىق خىزمەتكارلارنىڭ باشلىقى قىلماقچى بولۇپ، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى، ئۇنى ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىشىنى تاپىلىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چوڭراقىنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى شەرتسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئايالنىڭ ئۆيلىگىنى باشقىچە بولۇپ، ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئاشىق بولۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن غەيرى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئويلىغان ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى پىلانلىق ھالدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن يالغۇز قېلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن يامان ئىش قىلىشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلدۇ، ھەتتا ئىشىكنى يېپىۋېلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىگە كېلىشكە زورلايدۇ. ئەمما يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇنداق ئەخلاقسىزلىقنى قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆيىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغان يەردە، خوجايىنىغا ھەرگىز خىيانەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە خىيانەت قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى زىنادىن ساقلاپ قالىدۇ. بىر خىزمەتچىنى ئۆزىنىڭ ئايال خوجايىنى ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە زورلىغاندا، خىزمەتچىنىڭ خوجايىنىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى شەرت بولغان بىر جەمئىيەتتە ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھىبجامال بىر ئايال ئەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ئۆرلىتىدىغان بارلىق ئۇسۇل ۋە چارىلىرىنى قوللىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە بىر تەرەپتىن قىزىقتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر تەلىپىنى رەت قىلسا ئازاب ـ ئۇقۇبەتكە دۇچار قىلىش بىلەن تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتقان بىر شارائىتتا، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتماي، توغرا يولدىن ئاداشماي، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش

ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

مۇپەسسىرلەر ﴿لَوۡلَآ أَن رَّءَا بُرۡهَٰنَ رَبِّهِۦ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان. بۇ ئورۇندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا ئەڭ ئۇيغۇن دەپ قارالغان ئىككى خىل تەپسىرنىلا بايان قىلىمىز:

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يەنى ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ زىنانى ھارام قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالمىغان بولسا، ئايالنىڭ تەلىپىگە مايىل بولغان بولاتتى. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتتە «لَوۡلَآ» (بولمىسا) دېگەن سۆزنىڭ جاۋابى ئۇنىڭدىن ئالدىدا كەلگەن بولۇپ، ئۇ «(يۈسۈفمۇ) ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى» دېگەن جۈملىدۇر.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبى بۇ ئايەتكە يۇقىرىقىدەك مەنە بېرىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى، «لَوۡلَآ» دېگەن سۆزنىڭ جاۋابى چوقۇم بۇ سۆزدىن كېيىن كېلىشى لازىم. شۇڭا بۇ ئورۇندا «لَوۡلَآ»نىڭ جاۋابىنى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتى» دېگەن سۆزدۇر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ تەلىپىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ساقلىدى. ئايالغا مايىل بولۇش ھەرقانداق بىر يىگىتتە بولىدىغان تەبىئىي جىنسىي ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ، ئىنسان بىرەر يامان ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەنلا گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا بىراۋ بىرەر يامانلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭغا بىر ساۋاب يېزىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، پۈتۈن مۇپەسسىرلەر بىردەك ئىتتىپاقلا كەلگەن مەسىلە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يامانلىقنى قىلمىغانلىقىدۇر. ئالدىنقى قاراشتىكىلەر: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەلىلىنى كۆرگەنلىكى (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسكە ئالغانلىقى) ئۇنى ئايالغا مايىل بولۇشتىن توسۇپ قالغان دېسە، كېيىنكى قاراشتىكىلەر: يۈسۈف ئەلەيھىسسالاممۇ ئىنسان بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئايالغا ئازراق مايىل بولدى، ئەمما ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى، دەيدۇ. بۇ خۇددى ﴿وَلَوۡلَآ أَن

ثَبَّتْنَاكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـًٔا قَلِيلًا﴾ يەنى ﴿بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدىڭ﴾ [1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ﴿بىز يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق (دەلىلىمىزنى كۆرسەتتۇق). چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى﴾ يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا بۇ قىيىن سىناقنى كەلتۈرگەنلىكىمىز پەقەت ئۇنى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كېلەچەكتە ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان ئېغىر يۈك ئۈچۈن چېنىقتۇرۇش ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنى، ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت قىلغانلىقتىن بۇ يەردە «ئۇنى گۇناھتىن ۋە سەتچىلىكتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن...» دېمەستىن، ﴿بىز يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن...﴾ دېگەن. بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە چوڭ پەرق بار. گويا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدەك بىر ئىپپەت ئابىدىسىگە يېقىنلاش- ماقچى بولغان بارلىق گۇناھلارنى ۋە جىمى ئەخلاقسىزلىقلارنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن يىراق جايلارغا ئىتتىرىۋەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن يىراق قىلغانلىقى بۇ يامانلىق بىلەن سەتچىلىككە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى يېقىنلاشماقچى بولماستىن، بەلكى بۇ يامانلىق ۋە سەتچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر دېگەن ياخشىلىق ۋە توغرىلىقنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئۇنىڭ يامانلىققا يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت يامانلىقلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولىدۇ-يۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ ۋە پەيغەمبەرنى ساقلايدۇ، يامانلىقنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىدۇ. ﴿وَٱذْكُرْ عِبَٰدَنَآ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ أُو۟لِى ٱلْأَيْدِى وَٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٥﴾ إِنَّآ أَخْلَصْنَٰهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى ٱلدَّارِ ﴿٤٦﴾ وَإِنَّهُمْ عِندَنَا لَمِنَ ٱلْمُصْطَفَيْنَ ٱلْأَخْيَارِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كۈچلۈك ۋە پاراسەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن. بىز ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە تاللانغان ياخشى كىشىلەردۇر﴾[2].

﴿ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى﴾ يەنى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 74-ئايەت.
[2] ساد سۈرىسى: 45-47-ئايەت.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئايالدىن قېچىش ئۈچۈن، ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ئۇلار ئىشىك ئالدىدا ئايالنىڭ ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇ. نەتىجىدە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق بۇ ھالاكەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ بۇ سەتچىلىكنى چوقۇم خوجايىنىغا ئېيتىشى ۋە ئۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ ئېرى ئەزىزگە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى تولۇق بايان قىلدى، ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تەلەپنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەمما ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئايالغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئايال تۆھمەت قىلىۋاتاتتى، بۇ يىگىت ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. ئەزىز قايسىسىنىڭ راستلىقىنى زادى بىلەلمەي قالدۇ. بۇ ئەزىز ئائىلىسىنىڭ شان-شەرىپىگە ۋە ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالغا ئېسىلغانلىقىنى ۋە ئايالمۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىقىنى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز كۆڭلىكىنى ئۆزى يىرتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ، ﴿ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال راست سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف يالغانچىلاردىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف راستچىللاردىن بولىدۇ﴾ دېدى. ئەزىز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئايالىغا قاراپ: ﴿(ئەي ئاياللار جامائەسى!) بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر﴾ يەنى ئەي ئايال! ئۆز گۇناھىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن تۆھمەت قىلىش سېنىڭ قىلغان ھىيلە-مىكىرىڭدۇر، دېدى، ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە ئايال ھەر ئىككىسىگە خىتاب قىلىپ: ﴿ئى يۇسۇف! بۇنى دەپ يۈرمىگىن. (ئى ئايالىم! سەنمۇ) ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن. چۈنكى، سەن گۇناھكارلاردىن بولدۇڭ﴾ دېدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھەركىمنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىنى ھەر زامان قوغدايدۇ.

3. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىپپەت-نومۇس ئابىدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نەپسى شەيتاننى يېڭىپ، ئۆزىنى يامان ئىشقا چاقىرىۋاتقان ساھىبجامال ئايالنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىشتەك پولاتتەك ئىرادىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر.

## ◄ يامان خەۋەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

﴿ وَقَالَ نِسۡوَةٞ فِي ٱلۡمَدِينَةِ ٱمۡرَأَتُ ٱلۡعَزِيزِ تُرَٰوِدُ فَتَىٰهَا عَن
نَّفۡسِهِۦۖ قَدۡ شَغَفَهَا حُبًّاۖ إِنَّا لَنَرَىٰهَا فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٣٠ فَلَمَّا سَمِعَتۡ
بِمَكۡرِهِنَّ أَرۡسَلَتۡ إِلَيۡهِنَّ وَأَعۡتَدَتۡ لَهُنَّ مُتَّكَـٔٗا وَءَاتَتۡ كُلَّ وَٰحِدَةٖ
مِّنۡهُنَّ سِكِّينٗا وَقَالَتِ ٱخۡرُجۡ عَلَيۡهِنَّۖ فَلَمَّا رَأَيۡنَهُۥٓ أَكۡبَرۡنَهُۥ
وَقَطَّعۡنَ أَيۡدِيَهُنَّ وَقُلۡنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا هَٰذَا بَشَرًا إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا مَلَكٞ
كَرِيمٞ ٣١ قَالَتۡ فَذَٰلِكُنَّ ٱلَّذِي لُمۡتُنَّنِي فِيهِۖ وَلَقَدۡ رَٰوَدتُّهُۥ عَن
نَّفۡسِهِۦ فَٱسۡتَعۡصَمَۖ وَلَئِن لَّمۡ يَفۡعَلۡ مَآ ءَامُرُهُۥ لَيُسۡجَنَنَّ وَلَيَكُونٗا
مِّنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ٣٢ قَالَ رَبِّ ٱلسِّجۡنُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّا يَدۡعُونَنِيٓ إِلَيۡهِۖ
وَإِلَّا تَصۡرِفۡ عَنِّي كَيۡدَهُنَّ أَصۡبُ إِلَيۡهِنَّ وَأَكُن مِّنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ
٣٣ فَٱسۡتَجَابَ لَهُۥ رَبُّهُۥ فَصَرَفَ عَنۡهُ كَيۡدَهُنَّۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ٣٤ ثُمَّ بَدَا لَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا رَأَوُاْ ٱلۡأٓيَٰتِ لَيَسۡجُنُنَّهُۥ حَتَّىٰ
حِينٖ ٣٥ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30-شەھەردىكى (بەزى) ئاياللار: «ئەزىزنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بوپتۇ، بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمىز» دېيىشتى.

31-ئايال ئۇلارنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، (چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن) ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا يۆلىنىدىغان تەكيە-ياستۇقلار (ۋە

كېسىپ يەيدىغان پىچاقنى ئەمەس، مېۋىلەرنىڭ پوستىنى ئاقلايدىغان يېنىك، كىچىك پىچاقنى بېرىشنى ئويلىدى) ئۇ پەسىل ئەمەس پىچاقلار ئەمەس پىچاقلارنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر! بۇ ئادەمزات ئەمەس، بۇ پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشتى.

32-ئايال دېدى: «مانا بۇ سىلەرنىڭ مېنى ئەيىبلىشلىرىڭلارغا سەۋەب بولغان ھېلىقى كىشى، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمغا ئۇنىمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

33-يۇسۇف: «ئى رەببىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن توسمىساڭ، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كېتىپ نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى.

34-رەببى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئۇنىڭدىن توستى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

35-ئاندىن ئۇلار (يۇسۇفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، (سۆز-چۆچەك بېسىققانغا قەدەر) ئۇنى بىر مەزگىل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

## ◄ تەپسىرى

ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە كۆيۈپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر پۈتكۈل شەھەرگە يېيىلىپ كەتتى، ھەربىر ئولتۇرۇشلاردا كىشىلەر بۇ ئىشنى سۆزلەيدىغان بولدى. قانداقلا يەرگە بارسا بۇ ئىككىسى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، خۇشۇسەن ئاياللار توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، «مىسىر ۋەزىرى ئەزىزنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىسىگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە چاقىرسا، بۇ نىمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش؟ ئەسلىدە ئايالنى ئەرلەر تەلەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ قانداقلارچە بۇ ئايال ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغاندۇ؟ بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشقۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولغىنى ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان بۇ ئايال ئادەتتىكى بىر ئايال بولماستىن، ئەزىزنىڭ

ئايالى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايالنىڭ رەزىللىكى خەلقى ئالەمگە پۇر كەتكەن تۇرسا، يەنە ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرۈۋاتامدۇ قانداق؟ بۇ ئايال راستىنلا ئەقىلدىن ئېزىپتۇ ۋە ئالجىپتۇ جۇمۇ! بۇ ئايالنىڭ قىلغىنى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ۋە شۆھرىتىگە ھەرگىزمۇ ياراشماپتۇ!»

مانا بۇلار ئاياللارنىڭ ھەربىر ئولتۇرۇشتا سۆزلەيدىغان غەيۋەت-شىكايەتلىرى ئىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى شەھەر ئاياللىرىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتىشقان سۆز-چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرماقچى بولۇپ ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئاياللار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس تەكيە-ياستۇقلارنى، يېمەكلىكلەرنى، مېۋىلەرنى ۋە مېۋىلەرنى كېسىپ يەيدىغان پىچاقلارنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇلار غىزالىنىپ بولۇپ، ھەربىرى قولىغا بىرەردىن پىچاقنى ئېلىپ مېۋە سويۇشقا باشلايدۇ، ئەزىزنىڭ ئايالى بۇ ئەسنادا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئاياللارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئالدىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ جامالىغا ھەيران قېلىپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقىلى تاس قالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ، «بۇنداق چىرايلىق يىگىتنى ياراتقان ئاللاھ بارچە كەمچىلىكتىن پاكتۇر! بۇ ئادەمزات ئەمەس، چۈنكى، ئادەم دېگەن بۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ، بەلكى بۇ بىر پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشىدۇ، شۇ ئەسنادا بۇ ئاياللار قوللىرىدىكى پىچاقلار بىلەن بارماقلىرىنى كېسىپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئەزىزنىڭ ئايالى مېھمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، سىلەر ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، دەپ مېنى ئەيىبلىگەن يىگىت مانا مۇشۇدۇر. سىلەر ئۇنىڭ جامالىنى بىر لەھزە كۆرۈشكە تاقەت قىلالماي بارماقلىرىڭلارنى كېسىپ تاشلىدىڭلار، ئۇنى ئادەمزات ئەمەس، پەرىشتە دەپ ئويلاپ قالدىڭلار، مەنچۇ؟ مەن كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭ جامالىغا ھەر ۋاقىت قاراپ تۇرۇپ قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟ مېنىڭ ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغانلىقىم راست. ئەمما ئۇ بۇ تەلىپىمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئېپپىتىنى ساقلاپ قالدى. قېنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى مېنىڭ ئورنۇمدا قويۇپ باقتىڭلارمۇ؟! سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا بولساڭلار قانداق قىلار ئىدىڭلار؟!

ئەگەر يۈسۈف يەنىلا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىپ، بۇيرۇقۇمغا قارشى چىقىدىكەن، ئۇنى زىندانغا تاشلاپ ئازابلايمەن ۋە ئۇنى ئەڭ خار ئادەملەردىن قىلىۋېتىمەن.

ئەزىزنىڭ ئايالى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشقىدىن ئەقلىنى يوقاتقىلى ئاز قالغان بولۇپ، بۇرۇن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن ئادەم يوق ئۆيدە ئۆزى بىلەن ھارامدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا كۇپايە قىلماستىن، ئەمدى ئۇنى راستتىنلا تەلەپ قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سارايغا توپلانغان ئاياللار جامائەسىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېيتتى.

ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ئى رەببىم! ئۇلار مېنى چاقىرغان ھارام ئىشتىن مەن ئۈچۈن زىندان ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. بۇ بۇزۇلغان بىر جەمئىيەتتۇر. بۇنداق بىر جەمئىيەتتە ياشىغاندىن كۆرە، زىندان مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، ئى رەببىم! ئەگەر سەن بۇ ئاياللارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن توسمىساڭ، مېنى بالادىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىمىساڭ، مەن ئىنسانىي ئاجىزلىقىم سەۋەبلىك ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن-دە، ئۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن، دەپ دۇئا قىلدى. پاكىز بىر مۇھىتتا، ئەدەپ-ئەخلاق دائىرىسىدە چوڭ بولغان بىر ئىنسان ئۈچۈن مۇنداق ئەخلاقى بۇزۇلغان بىر جەمئىيەتتە ياشاشتىن زىندان مىڭ مەرتىۋە ئەلادۇر، ئەلۋەتتە.

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئاياللارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن قۇتقۇزدى، ئۇنى بۇلغىنىشتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، چارىسىزلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، خۇسۇسەن ھەقسىزلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىلتىجاسىنى تېخىمۇ تېز ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى، راستچىللارنىڭ سەمىمىيىتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ئايالى بىلەن خىزمەتچىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنىڭ خەۋىرى پۈتۈن دۆلەت ئىچىگە يېيىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدى ئەزىز نېمە قىلماقچى؟ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قالماقچى؟

ئەزىز كۆپ ئويلاپ، ئاخىر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلاشنى

قارار قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام گۇناھسىزغۇ؟ ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئەزىز ئوبدان بىلىدىغۇ؟ چۈنكى، ئەزىز خەلقى ئالەمگە ئايالىنى گۇناھسىز ئايال قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلاش ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاۋام خەلقنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئىشقا يارىغان بىلەن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغانلارنى قايىل قىلالمايدىغان بىر چارە ئىدى. ئاللاھ تائالا ئەزىزنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى. چۈنكى، بۇ شارائىتتا زىندان يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. بۇ ئەزىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىدى. چۈنكى، مۇنداق قىلغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇتقىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىگۇناھ تۇرۇپ زىنداندا يېتىشقا مەھكۇم بولدى.

پەيغەمبەرلەر ئەنە شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن سىنالغان ئىرادىلىك زاتلاردۇر. مەلۇمكى، سىناقلارنىڭ دەرىجىسىمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسىگە قاراپ بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە يولسىزلىقى سەۋەبلىك ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى چوڭ مەسىلە دەپ قارىمايدۇ. ئەزىزنىڭ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلىشى ئۇنىڭ يولسىزلىقىنىڭ ۋە ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

2. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ تۇرۇپ زىندانغا تاشلىنىشىنى سىرتتا تۇرۇپ گۇناھ-مەئسىيەتكە زورلانغاندىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا دەپ بىلگەنلىكى ھەقىقىي ئىمانىنىڭ ئالامىتىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇماسلىق بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇغانلار ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ئادەم گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

4. بەزى ئىشلار كۆرۈنۈشتە زىيانلىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە پايدىلىقتۇر. مەسىلەن: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانغا مەھكۇم بولۇشى كۆرۈنۈشتە ئېچىنىشلىق كۆرۈنگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ

كېيىنچە قولغا كەلتۈرىدىغان غەلىبىلىرى ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولغان ئىدى.

### ◄ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا

﴿وَدَخَلَ مَعَهُ ٱلسِّجْنَ فَتَيَانِۖ قَالَ أَحَدُهُمَآ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَعْصِرُ خَمْرًاۖ
وَقَالَ ٱلْأٓخَرُ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَحْمِلُ فَوْقَ رَأْسِي خُبْزًا تَأْكُلُ ٱلطَّيْرُ مِنْهُۖ
نَبِّئْنَا بِتَأْوِيلِهِۦٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٦﴾ قَالَ لَا يَأْتِيكُمَا
طَعَامٌ تُرْزَقَانِهِۦٓ إِلَّا نَبَّأْتُكُمَا بِتَأْوِيلِهِۦ قَبْلَ أَن يَأْتِيَكُمَاۚ ذَٰلِكُمَا
مِمَّا عَلَّمَنِي رَبِّيٓۚ إِنِّي تَرَكْتُ مِلَّةَ قَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَهُم بِٱلْأٓخِرَةِ
هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱتَّبَعْتُ مِلَّةَ ءَابَآءِيٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَۚ
مَا كَانَ لَنَآ أَن نُّشْرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَيْءٍۚ ذَٰلِكَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ عَلَيْنَا
وَعَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٣٨﴾ يَٰصَٰحِبَيِ
ٱلسِّجْنِ ءَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ ﴿٣٩﴾ مَا
تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسْمَآءً سَمَّيْتُمُوهَآ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُم مَّآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَٰنٍۚ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِۚ أَمَرَ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ إِلَّآ
إِيَّاهُۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٤٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

36-زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن (ئۈزۈمدىن) مەي سىقىۋېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەكمەن، ناننى قۇشلار يېۋاتقۇدەك، بۇنىڭ تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. چۈنكى، بىز سېنى (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىمۇ، ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ) ياخشى كىشىلەردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

37-يۇسۇف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا رىزىقلىنىشقا سىرتتىن تاماق كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە (تاماق) ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ رەببىم ماڭا بىلدۈرگەن بىلىملەردىندۇر.

شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىدىم.

38-مەن ئاتا-بوۋىلىرىم-ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئە-گەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس. بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ.

39-ئى زىندانداشلىرىم! كۆپ خىل مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھمۇ؟

40-سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا-بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە باشقا ساختا ئىلاھلارنىڭ) ناملىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ ئۇلار(غا چوقۇنۇش) توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس. بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن ئىككى نەپەر ئادەممۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە زىندانغا تاشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مالىيە ئىشلىرى مەسئۇلى، يەنە بىرى ئاشخانا ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ مۇنداق بىرگە زىندانغا كىرىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئۇلار زىنداندا ئۇزۇن مۇددەت بىللە تۇرۇش جەريانىدا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ، زىنداداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ھېلىقى ئىككى مەھبۇستىن بىرى چۈشىدە ئۆزىنىڭ ھاراق ياساش ئۈچۈن ئۈزۈم سىقىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىرى بېشىدا نان كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە قۇشلارنىڭ بۇ ناندىن يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، كۆرگەن چۈشىگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىر بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ياخشى ئىش قىلىدىغان كىشى، چۈشلەرگە توغرا تەبىر بېرىدىغان بىرى دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىشەنچ قىلغانلىقى ۋە ياخشى ئادەم دەپ بىلىۋاتقانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ،

ئۇلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. مانا بۇ دەۋەتچىنىڭ پاراسىتىدۇر. بۇنىڭدىن ئەكتىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەرگىز ھېكمەتسىز ئىش قىلمايدۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانغا چۈشۈشى ھەرگىزمۇ مەنىسىز ئىش ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇنىڭ ھەربىر جايغا يۆتكىلىشى ھەق دىننى دەۋەت قىلىش يولىدىكى باسقۇچلىرىدىن بىر باسقۇچ ئىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان مۆجىزىنى مۇقەددىمە ئورنىدا ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇناسىپ كۆردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن سۆزلەيدىغانلىقىنى، كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن ئالدىنئالا ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن ئېتىقادلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿ئىككىڭلارغا رىزىقلىنىشقا سىرتتىن تاماق كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن﴾ دېگەن سۆزى بۇنىڭ مىسالى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئۇ زىنداندىكى ۋاقىتلىرىدىمۇ ۋەھيى كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دەۋەتنى زىنداندىن باشلىشىنى ئەمر قىلغان. شۇنداق قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئاۋۋال مەھبۇسلاردىن، يوقسۇللاردىن باشلانغان. چۈنكى، يوقسۇللار ۋە ئاۋام خەلق ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن، خەلقنىڭ ئادىتىگە زىت ھالدا يېڭى بىر دىننى قوبۇل قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالمايتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان بىر نەرسىسى يوق ئىدى. ئەمما بايلار بىلەن مەنسەپدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، زامان ئۆزگىرىپ، مەنسىپىدىن ياكى قول-ئىلكىدىكىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ھەقىقەتنى رەت قىلىپ كەلگەن. چۈنكى، مۇنداقلار ئىگىدارچىلىقىدىكى پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرەر يېڭى دىننى ياكى يېڭىچە بىرەر ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ. جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ دەسلەپتە ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ يوقسۇللار

تەبىقىسىدىن بولغانلىقى، قارشى چىققانلارنىڭ تولىسى قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئىچىدىن بولغانلىقى بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندىشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى ئىبراھىم، ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋە ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ھەق دىندا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان، پەقەت بىر ئاللاھ تائالاغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بەزى ئازغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ياراتقان ئىگىسى ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، دەل-دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ، ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاجىز مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دەلىللەپ كۆرسەتتى. پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغىچە بىر جەمەتتە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان چوڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئىككى ھەمراھىغا سوئال قويۇپ، ئۆزى ۋە سۈپەتلىرى ھەر خىل بولغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان بۆلۈنۈشلەرگە ۋە يامانلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان كۆپ ئىلاھلار ياخشىمۇ ياكى ئۆزى بىر، قۇدرىتىنىڭ ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنىڭ چەكسىزلىكىدە يېگانە بولغان بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ پايدىسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىن بېرى ئاتا-بوۋىلىرى نادانلىقتىن شۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتقان قۇرۇق ناملاردىن ئىبارەتلا بىر نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچكىمنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان، ھېچكىمگە ھايات بېرەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇشقا بۇيرۇمىغانلىقىنى، ئىبادەتنىڭ پەقەت بىر ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بۇ دىن شەك-شۈبھىسىز ھەق ۋە توغرا دىن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسىنىڭ بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زىندانغا تاشلانغانلار ۋە سوتلانغانلارنىڭ ھەممىسى يامان ئادەملەر

ئەمەس، ياخشى ئادەملەرمۇ بىگۇناھ تۇرۇپ قارىلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ. نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەملەر ناھەق سوتلىنىپ كېتىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ مىسالى.

2. چۈشلەرگە تەبىر بېرىش روھنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە پاراسىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ھاسىل بولىدىغان ئىلىم بولۇپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلىمنىڭ ئۇستازى ئىدى.

3. مۆئمىن ئادەم قولىغا كەلگەن بارچە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت پەرزنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانداشلىرىغا قىلغان دەۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

### ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكە تەبىرى بېرىشى

﴿يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ أَمَّآ أَحَدُكُمَا فَيَسۡقِي رَبَّهُۥ خَمۡرٗاۖ وَأَمَّا ٱلۡأٓخَرُ فَيُصۡلَبُ فَتَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِن رَّأۡسِهِۦۚ قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ٱلَّذِي فِيهِ تَسۡتَفۡتِيَانِ ﴿٤١﴾ وَقَالَ لِلَّذِي ظَنَّ أَنَّهُۥ نَاجٖ مِّنۡهُمَا ٱذۡكُرۡنِي عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَىٰهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ ذِكۡرَ رَبِّهِۦ فَلَبِثَ فِي ٱلسِّجۡنِ بِضۡعَ سِنِينَ ﴿٤٢﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

41ـ ئى زىندانداشلىرىم! (كۆرگەن چۈشۈڭلارغا كەلسەك)، سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ، بۇرۇنقىدەك) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار توغرىسىدا (مۇشۇنداق) ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى».

42ـ يۈسۈف ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇلۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان بىرىگە: «خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ قويغىن» دېگەن ئىدى. ئەمما خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى. بۇ سەۋەبتىن يۈسۈف زىنداندا يەنە بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى.

#### ◄ تەپسىرى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىككى زىندانداشى بىلەن بىرگە تەۋھىد

ئەقىدىسى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشكە باشلاپ مۇنداق دېدى: ئى دوستلىرىم! سىلەردىن ئۈزۈم شىرنىسى سىقىپ چۈش كۆرگەن كىشى زىنداندىن چىقىپ يەنە بۇرۇنقىدەكلا خوجايىنىغا شاراب تەقدىم قىلىدىغان ساقىيلىق ۋەزىپىسىگە قايتىدۇ. ئەمما بېشىدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە بۇ ناننى ئۇچارقاناتلار يەپ چۈش كۆرگەن كىشى بولسا، دارغا ئېسىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ گۆشىنى گۆشخور قۇشلار يەيدۇ. سىلەر بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلماڭلار! چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمى ئاللىبۇرۇن بەلگىلىنىپ بولدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇلۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان بىرىگە يەنى ساقىيغا: ﴿خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ قويغىن﴾ يەنى مېنىڭ ئەھۋالىمنى پادىشاھقا چۈشەندۈرگىن، دېگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ زىنداندىن تېزراق چىقىپ كېتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئىزدەپ باققانلىقى ئىدى. ئەمما ساقىي ئۇنى پادىشاھقا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى، بۇ سەۋەبتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا يەنە بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى.

ئايەتتىكى ﴿بِضْعَ سِنِينَ﴾ يەنى ﴿بىر قانچە يىل﴾ دېگەن كەلىمە ئۈچتىن توققۇزغىچە بولغان سانغا دالالەت قىلىسىمۇ، لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا ئۈچ يىل قالدىمۇ؟ ياكى يەتتە يىل قالدىمۇ؟ بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس، ئېنىق ساننى ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «ياخشى چۈش ئاللاھتىن، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ»[1]. شۇڭا ياخشى ۋە خۇشاللىنارلىق چۈش كۆرگەندە، ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە ئېيتسا بولىدۇ. ئەمما يامان چۈشنى ھېچكىمگە ئېيتماي، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۇكۇرۇۋېتىپ، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش لازىم.

2. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن چىقىشىنى پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشكە باغلىغان.

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 1772-بەت، 2261-ھەدىس.

3. بەزى ئۆلىمالار يۈسۈف ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ زىنداندىن قۇتقۇزۇپ قويۇشىدىن ئۈمىد كۈتكەنلىكى ئۈچۈن زىنداندا بىر قانچە يىل يېتىپ قالغان، دەپ قارايدۇ.

## ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

﴿وَقَالَ ٱلْمَلِكُ إِنِّىٓ أَرَىٰ سَبْعَ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعَ سُنۢبُلَٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٍ ۖ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ أَفْتُونِى فِى رُءْيَٰىَ إِن كُنتُمْ لِلرُّءْيَا تَعْبُرُونَ ﴿٤٣﴾ قَالُوٓا۟ أَضْغَٰثُ أَحْلَٰمٍ ۖ وَمَا نَحْنُ بِتَأْوِيلِ ٱلْأَحْلَٰمِ بِعَٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ وَقَالَ ٱلَّذِى نَجَا مِنْهُمَا وَٱدَّكَرَ بَعْدَ أُمَّةٍ أَنَا۠ أُنَبِّئُكُم بِتَأْوِيلِهِۦ فَأَرْسِلُونِ ﴿٤٥﴾ يُوسُفُ أَيُّهَا ٱلصِّدِّيقُ أَفْتِنَا فِى سَبْعِ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعِ سُنۢبُلَٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٍ لَّعَلِّىٓ أَرْجِعُ إِلَى ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٤٦﴾ قَالَ تَزْرَعُونَ سَبْعَ سِنِينَ دَأَبًا فَمَا حَصَدتُّمْ فَذَرُوهُ فِى سُنۢبُلِهِۦٓ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّا تَأْكُلُونَ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ يَأْتِى مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ سَبْعٌ شِدَادٌ يَأْكُلْنَ مَا قَدَّمْتُمْ لَهُنَّ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّا تُحْصِنُونَ ﴿٤٨﴾ ثُمَّ يَأْتِى مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ عَامٌ فِيهِ يُغَاثُ ٱلنَّاسُ وَفِيهِ يَعْصِرُونَ ﴿٤٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

43-پادىشاھ ئېيتتى: «مەن راستتىنلا چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى كاتتىباشلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار».

44-ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى بىلمەيمىز».

45-ھېلىقى ئىككىسىنىڭ (زىنداندىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئېسىگە ئالغان بىرى: «مەن سىلەرگە ئۇنىڭ تەبىرىنى خەۋەر قىلىمەن، مېنى (دەرھال زىندانغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى.

46ـ(ئۇ زىندانغا بېرىپ، يۇسۇفنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە) «يۇسۇف! ئى راستچىل كىشى! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈش) توغرىسىدا بىزگە تەبىر بەرگىن. ئۈمىدكى، مەن كىشىلەرگە (توغرا تەبىر بىلەن) قايتسام، ئۇلار(سېنىڭ قەدرىڭنى) بىلگەي» دېدى.

47ـيۇسۇف ئېيتتى: « يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان هوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئاز بىر قىسمىنى ئادالىغاندىن تاشقىرى، قالغىنىنى باشقى بىلەن قويۇڭلار.

48ـشۇنىڭدىن كېيىن قەهەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسىنى يەيسىلەر.

49ـشۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) بىر يىل كېلىدۇ، ئۇنىڭدا هۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر (مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى) سىقىپ چىقىرىدۇ».

### ◄ تەپسىرى

مىسىر پادىشاهى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆردى. كۆرگەن چۈشىنى ۋەزىرلىرىگە، قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ۋە ئىلىم ئەهلىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلاردىن بۇ چۈشكە تەبىر بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار پادىشاهنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشتىن ئاجىز كەلدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ پادىشاهنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمىگەنلىكى ساقىينىڭ يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنى ئېسىگە ئېلىشىغا ۋە پادىشاه بىلەن يۇسۇف ئەلەيهىسسالام ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشىغا سەۋەب بولدى.

پادىشاه چۈشىدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى، يەنە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرگەن ئىدى. ئۇلار پادىشاهنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشتىن ئاجىز كېلىپ، بۇ قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز مۇنداق قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرەلمەيمىز. بەلكى بۇ ئاشقازان ئېغىرلىشىپ روهىيەتتە پەيدا بولغان نورمالسىزلىقتىن كېلىپ چىققان قالايمىقان چۈش بولۇشى مۇمكىن، دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئاللاه تائالا يۇسۇف ئەلەيهىسسالامغا ئوخشاش تاللانغان بەندىلىرىنى مۇشۇنداق يېتىلدۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن شۇنداق شەرت ـ شارائىت هازىرلاپ

بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىدە مىسىرنىڭ كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە چۈشكە تەبىر بېرىدىغان داڭلىق تەبىرچىلەرنى پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشتىن ئاجىز قالدۇرۇش ئارقىلىق يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ چۈشىگە تەبىر بېرىدىغان بىرىنى تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئادەم تاپالمىدى. نىھايەت، ئىلگىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن زىنداندا ياتقان مەھبۇسلاردىن بىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئېسىگە ئېلىپ، ئوردىدىكىلەرگە: «سىلەر بۇ چۈشكە تەبىر بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار! مېنى زىندانغا ئەۋەتىڭلار، مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بېرەلەيدىغان بىر يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن. چۈنكى، مەن زىنداندا چۈش تەبىرى ھەققىدە ئىلمى بار، تەجرىبىلىك بىر يىگىت بىلەن تونۇشقان ئىدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ ئادەمنى زىندانغا ئەۋەتتى.

ئادەم زىندانغا بېرىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردى-دە، «يۇسۇف! ئى راستچىل كىشى! بىزنىڭ پادىشاھىمىز چۈشىدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق كۆرگەن ئىكەن. ئۇنىڭغا ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى، شۇڭا مەن سېنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە يېنىڭغا كەلدىم. ئى يۇسۇف! سەن بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا خەۋەر قىلسام، بەلكى ئۇلار سېنىڭ بىلىمىڭنى بىلگەندىن كېيىن، قەدرىڭنى بىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بەلكى سەنمۇ بۇ تەبىرىڭ يۈزىسىدىن زىنداندىن ئازاد بولۇپ ئەركىنلىككە چىقىپ قالارسەن. پادىشاھقىمۇ سېنىڭ ئەقىل-پاراسىتىڭنىڭ پايدىسى بولۇپ قالار، ئىنسانلارمۇ سېنىڭ ئەقىللىق، ئىلىم-ھېكمەتلىك بىرى ئىكەنلىكىڭنى تونۇپ يېتىپ قەدرىڭنى بىلىپ قالار، بەلكى سەنمۇ دۆلەتتە يۇكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ قالارسەن» دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا، كېلىۋاتقان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ئىشارەت قىلىپ، نەسىھەت ۋە بايان تەرىقىسىدە مۇنداق دېدى: «يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي زور تىرىشچانلىق بىلەن ئارپا-بۇغداي تېرىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئاز بىر قىسمىنى ئايرىپ قويۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى

مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن باشىقى بىلەن قويۇڭلار. بۇ مەھسۇلات ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، چارۋىلىرىڭلار سامىنىدىن، سىلەر مەھسۇلاتتىن ياخشى پايدىلىنىسىلەر. مانا بۇ يەتتە كالا بىلەن يەتتە باشاقنىڭ تەبىرىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن زىرائەتلەر مەھسۇلات بەرمەيدىغان، قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، بۇ يىللاردا ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدىغان ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسىنى يەيسىلەر. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى مولچىلىق يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋىلەرمۇ ياخشى بولىدۇ، كىشىلەر شېكەر قومۇشى، ئۈزۈم ۋە زەيتۇن قاتارلىق مېۋىلەردىن تۈرلۈك شەربەتلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى چۈشنى ھەرقانداق ئادەم كۆرىدۇ، ھەتتا پاسىق ۋە كاپىر كىشىمۇ ياخشى چۈش كۆرىدۇ.

2. چۈشلەر ئىچىدە شەيتاندىن بولىدىغانلىرىمۇ، ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىرىمۇ بار.

3. ئۇنتۇپ قېلىش ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىدۇر.

### پادىشاھنىڭ تەكلىپى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى

﴿وَقَالَ ٱلْمَلِكُ ٱئْتُونِى بِهِۦ ۖ فَلَمَّا جَآءَهُ ٱلرَّسُولُ قَالَ ٱرْجِعْ إِلَىٰ رَبِّكَ فَسْـَٔلْهُ مَا بَالُ ٱلنِّسْوَةِ ٱلَّٰتِى قَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ ۚ إِنَّ رَبِّى بِكَيْدِهِنَّ عَلِيمٌ ﴿٥٠﴾ قَالَ مَا خَطْبُكُنَّ إِذْ رَٰوَدتُّنَّ يُوسُفَ عَن نَّفْسِهِۦ ۚ قُلْنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا عَلِمْنَا عَلَيْهِ مِن سُوٓءٍ ۚ قَالَتِ ٱمْرَأَتُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْـَٰٔنَ حَصْحَصَ ٱلْحَقُّ أَنَا۠ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفْسِهِۦ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٥١﴾ ذَٰلِكَ لِيَعْلَمَ أَنِّى لَمْ أَخُنْهُ بِٱلْغَيْبِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى كَيْدَ ٱلْخَآئِنِينَ ﴿٥٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

50-(بۇلارنى ئاڭلىغان) پادىشاھ: «ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى.

ئەلچى يۇسۇفنىڭ يېنىغا بارغاندا، (يۇسۇف ئۇنىڭغا): «سەن خوجايىنىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارنىڭ دەردى نېمىكەن؟ سوراپ باققىن. شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ»دېدى.

51-پادىشاھ (ھېلىقى ئاياللارنى يىغىپ): «سىلەر يۇسۇفنى ئۆزۈڭلارغا تارتماقچى بولغاندا، ھەقىقىي ئەھۋال قانداق بولغان؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر گۇناھ بارلىقىنى بىلمىدۇق» دېدى. ئەزىزنىڭ ئايالى: «ئەمدى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغان ئىدىم. ئۇ ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى.

52-(ئەزىزنىڭ ئايالى ئېيتتى) «بۇ (يەنى يۇسۇفنى ئاقلاپ، ئۆز گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلىشىم) يۇسۇف يوق چاغدا، مېنىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە ئاللاھنىڭ خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى (ئۇنىڭغا) بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى».

### تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن چۈش تەبىرى پادىشاھقا يەتتى. پادىشاھ بۇ چۈشكە تەبىر بەرگەن كىشىنىڭ نە قەدەر ئەقىللىق ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. مۇنداق بىر كىشىنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىش ۋە ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش پادىشاھ ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق ئىدى. شۇڭا پادىشاھ دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردى.

ئەلچى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۆزۈمنىڭ شەنىگە قەتئىي ياراشمايدىغان بىر تۆھمەت يۈزىسىدىن زىندانغا كىرىپ قالغان تۇرسام، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قانداق بارىمەن؟ شۇنداقتىمۇ سەن خوجايىنىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارنىڭ دەردى نېمە ئىكەن؟ بۇ توغرۇلۇق سوراپ باققىن، پادىشاھنىڭ بۇ ۋەقەلىكتىن خەۋىرى بارمۇ-يوق؟ مەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتىن بۇرۇن، پادىشاھنىڭ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما شۇ ئېنىقكى، مېنىڭ رەببىم ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئاياللارنىڭ ماڭا قىلغان ھىيلە-مىكىرلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە ئوبدان بىلگۈچىدۇر» دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندا تۇرۇپ پادىشاھتىن بۇلارنى تەلەپ

قىلىشى پەيغەمبەرلەرگە خاس ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ تەلەپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى قوغداشتا ۋە يولسىزلىققا قارشى تۇرۇشتا نەقەدەر دادىل ۋە قورقماس ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتۈن تۆھمەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىدە ھېچكىمنى ئەيىبلىمەستىن، پادىشاھنىڭ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، مەخپىيەتچىلىكنىمۇ ئالاھىدە ساقلاپ، ئۆزىنىڭ زىنداندا ناھەق يېتىشىغا سەۋەبچى بولغان ئايالنىڭ ئىسمىنى تىلغان ئالمىغان.

پادىشاھ ھېلىقى ئاياللارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلاردىن: ﴿سىلەر يۈسۈفنى ئۆزۈڭلارغا تارتماقچى بولغاندا، ھەقىقىي ئەھۋال قانداق بولغان؟﴾ يەنى شۇ ۋاقىتتا يۈسۈفتىن بۇ ئىشقا قارىتا ئازراق مايىللىقنى ھېس قىلدىڭلارمۇ ياكى ئۇنىڭدىن شۇنداق گەپ-سۆز سادىر بولغانمۇ؟ دەپ ئېنىق سورىدى. ئاللاھ تائالا ئۇ ئاياللارغا ھەقىقەتنى بەئەينى سۆزلەتكەن بولۇپ، ئۇلار دادىللىق بىلەن مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ: ﴿ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر گۇناھ بارلىقىنى بىلمىدۇق﴾ يەنى بىز يۈسۈفتە يامان ئىشقا ئازراقمۇ مايىللىقنى كۆرمىدۇق، ئۇ گۇناھسىزدۇر، دېدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى: ئەمدى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، يۈسۈفنىڭ پاكلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى، مەن راستىنىلا ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغان ئىدىم، بۇ مۇرادىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتتىم، ئەمما يۈسۈف مېنىڭ تەلىپىمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ ماڭا بېقىنلاشقىلى ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلاپ قالدى. يۈسۈفنىڭ مەن توغرۇلۇق ياكى باشقىلار توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى پۈتۈنلەي راستتۇر. چۈنكى، ئۇ راستچىل كىشىدۇر.

﴿(ئەزىزنىڭ ئايالى ئېيتتى) «بۇ (يەنى يۈسۈفنى ئاقلاپ، ئۆز گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلىشىم) يۈسۈف يوق چاغدا، مېنىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە ئاللاھنىڭ خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى (ئۇنىڭغا) بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى﴾ يەنى مېنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم، يۈسۈف زىنداندىكى ۋاقىتتىمۇ مېنىڭ ئۇنى قارىلاپ ئۇ توغرۇلۇق يالغان ئېيتمىغانلىقىمنى يۈسۈفكە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، بۇ ئاياللارغا يۈسۈفنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭ بۇ تەلەپنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم، ھەتتا ئەگەر ئۇ يەنىلا تەلىپىمنى رەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزىمەن دەپ تەھدىت سالغانلىقىمنىمۇ ئېنىق ئېيتقان

ئىدىم.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر پادىشاھى تەرىپىدىن ئىززەت-ئىكراملىغا، ھەتتا چوڭ مەنسەپكە نائىل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ مول بىلىمى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ئىدى.

2. ئالدىراقسانلىق ھەمىشە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئىشلارنى سوغۇق قانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھەرقاچان ياخشىدۇر.

3. دۇنيادا راستچىللىقتىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ راست گەپ قىلىشتىن ئارتۇق پەزىلەت يوقتۇر. راستچىللار چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، گۇناھىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ.

## نەپس ئادەمنى يامانلىققا باشلايدۇ

﴿وَمَآ أُبَرِّئُ نَفۡسِيٓۚ إِنَّ ٱلنَّفۡسَ لَأَمَّارَةُۢ بِٱلسُّوٓءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّيٓۚ إِنَّ رَبِّي غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥٣﴾

## تەرجىمىسى

53-(ئەزىزنىڭ ئايالى يەنە دېدىكى): «(مەن بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈمنى ئاقلىماقچىمۇ ئەمەسمەن. چۈنكى، رەببىم رەھىم قىلمىسا، نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرىغۇچىدۇر. رەببىم ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر».

## تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر 52- ۋە 53-ئايەتلەردىكى سۆزلەرنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام-نىڭ سۆزىمۇ ياكى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزىمۇ دېگەن مەسىلىدە

ئىختىلاپلاشقان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئىككى ئايەتتىكى سۆزلەرنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن[1]. مۇقاتىل، فەررا، تەبەرىي، زەمەخشەرىي، مۇھەممەد تاھىر ئىبنى ئاشۇر قاتارلىق ئالىملار بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. ئەللامە رازى بىلەن قۇرتۇبىي ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەللامە ئىبنى كەسىر، مۇھەممەد رەشىد رىزا، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم جەۋزى ۋە ئەللامە شەئراۋىي قاتارلىق ئالىملار بۇ سۆزلەرنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھازىرقى زامان تەپسىرلىرىدىن «التفسير الواضح»دا بۇ سۆزلەرنى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئېتىراپلىرى دەپ ئېلىنغان، تەپسىرى «أيسر التفاسير»دا بولسا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دەپ ئېلىنغان. بىز بۇ سۆزلەرنى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزلىرى دېگەن قاراشنى كۈچلۈك دەپ قارىدۇق، شۇڭا ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بۇنى ئاساس قىلدۇق.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دەپ قارىغاندا، بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «مېنىڭ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىم مېنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالىغا چېقىلمىغانلىقىمنى ۋە ئەزىزگە خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى پۈتۈن ئالەمگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. مەن بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەس، چۈنكى، ئاللاھ ساقلىمىسا نەپس دېگەن ئادەمنى تۈرلۈك يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ». يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاقلىمىغان. بۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئەمما بۇ ئايەتلەرنى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزى دەپ قارىغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «بۇ مېنىڭ ئىقرارىم بولۇپ، يۇسۇف بىلسۇنكى، مەن يۇسۇف تۈرمىدىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە داغ تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنۇش ياكى ئۇنىڭ راستچىللىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغىنىم يوق. ئېرىممۇ بۇ ھەقىقەتنى بىلسۇنكى، مەن يۇسۇف بىلەن يالغۇز قالغان چېغىمدا ئېرىمگە خىيانەت قىلمىدىم، مېنىڭ يۇسۇفنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغانلىقىم راست، ئەمما يۇسۇف مېنىڭ تەلىپىمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. مەن يۇسۇفنى ئاقلىغىنىم بىلەن ئۆز نەپسىمنى ئاقلىيالمايمەن. چۈنكى، نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن ئادەمنى يامان

[1] «تفسير الطبري» 16- توم، 143- بەت.

ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ».

ئايەتتىكى:﴿(مەن بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈمنى ئاقلىماقچىمۇ ئەمەسمەن﴾ دېگەن جۈملىدىن كېيىن كەلگەن: ﴿نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ﴾ دېگەن جۈملە خۇددى بىر سورىغۇچىنىڭ: «سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئاقلىمايسەن؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن ئېيتىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، نەپس ئادەمنى ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ چاقىرىدۇ. ھەسەت، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھەقىقەتنى رەت قىلىش، ئۆزىدىكى ئازراق ئارتۇقچىلىقتا كۆرەڭلەپ كېتىش، مال دۇنياغا چوقۇنۇش، يالغان سۆزلەش، ھارام يېيىش، يامان گەپ قىلىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش، بىراۋغا دۈشمەنلىك قىلىش قاتارلىق ناچار قىلىقلارنىڭ ھەممىسى نەپسنىڭ يامانلىقىدىن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، مەغپىرىتىدىن ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىشىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيمىز. گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرساق، رەببىمىز گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەيىبلىرىمىزنى ياپقۇچى ۋە تۈرلۈك كەمچىلىكلىرىمىزنى يوققا چىقارغۇچى مېھرىبان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نەپسنى يېغىش ۋە نەپسنىڭ ئىستەكلىرىنى يوللۇق شەكىلدە قاندۇرۇش تەقۋالىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

2. نەپس ئىنساننى تۈرلۈك خاتالىقلارغا ۋە بالالارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنى ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتالىغانلارلا ئۇنىڭ بالالىرىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

3. نەپسنىڭ ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىنىدىغان دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنىڭ ۋە ئەقىلنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىپ، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىستەكلەر ئەيىبلىنىدۇ ۋە نەپسنىڭ بۇ ئىستەكلىرىنى قەتئىي ئورۇندىماسلىق، نەپسنى ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ كۈچى بىلەن يېڭىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا مەنسەپ تۇتۇشى

﴿وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦٓ أَسۡتَخۡلِصۡهُ لِنَفۡسِيۖ فَلَمَّا كَلَّمَهُۥ قَالَ إِنَّكَ

ٱلۡيَوۡمَ لَدَيۡنَا مَكِينٌ أَمِينٞ ﴿٥٤﴾ قَالَ ٱجۡعَلۡنِي عَلَىٰ خَزَآئِنِ ٱلۡأَرۡضِۖ إِنِّي
حَفِيظٌ عَلِيمٞ ﴿٥٥﴾ وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَتَبَوَّأُ مِنۡهَا
حَيۡثُ يَشَآءُۚ نُصِيبُ بِرَحۡمَتِنَا مَن نَّشَآءُۖ وَلَا نُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ
﴿٥٦﴾ وَلَأَجۡرُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ﴿٥٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

54ـ پادىشاھ: «يۇسۇفنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈپ: «ھەقىقەتەن سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى.

55ـ يۇسۇف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن. چۈنكى، مەن ئۇنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە (بۇ ئىشنى) بىلىدىغان ئادەممەن» دېدى.

56ـ شۇنىڭدەك، بىز يۇسۇفكە خالىغان يەردە تۇرۇپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سالاھىيەت بەردۇق. بىز رەھمىتىمىزنى خالىغان كىشىگە نېسىپ قىلىمىز، (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز.

57ـ ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھلاردىن) ساقلانغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

پادىشاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىلىپ: يۇسۇفنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار، مەن ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىم ۋە ئۆزۈمنىڭ مەخسۇس ئادىمى قىلىمەن، دېگەن مەنىدە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. پادىشاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە، ئىشەنچ-لىكلىكىگە ۋە ئىش باشقۇرۇشتىكى تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا: سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىگە، تولۇق ئىشەنچكە ۋە ئالىي ماقامغا ئىگىسەن. چۈنكى، سەن بۈگۈندىن باشلاپ دۆلەتنىڭ

ئىشلىرىنى باشقۇرسەن، دېدى.

پادىشاھنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە قاراڭ! ئۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئادەملىرىگە ئۇنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشكە ئەمر قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۇنىڭ تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى سەۋر-تاقەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىلىم-ھېكمەتكە ھەقىقەتەن قايىل بولدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئادىمى قىلىۋېلىشنى قارار قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: ﴿ھەقىقەتەن سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئىشەنچلىك ئادەمسەن﴾ دېدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھقا خىتاب قىلىپ: ئەي پادىشاھ! مېنى مىسىرنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشىغا بەلگىلىگىن، مەن ئاشلىق ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن يېقىن كېلەچەكتىكى قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىقنىڭ پالاكەتلىرىدىن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەي. سەن مېنىڭ بۇنداق تەلەپ قىلىشىمدىن ئەجەبلەنمە. چۈنكى، مەن ئۆزۈمگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى ياخشى ساقلايدىغان ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەممەن، دېدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قانداق بولۇپ مىسىر پادىشاھىغا ئىشلەشنى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلغان؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: بىرىنچىدىن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئاقىلانە سىياسىتىگە قايىل بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى توغرا تاپقان. چۈنكى، مۇنداق قىلىش يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ ۋە مىسىر خەلقى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇشتىكى بىلىم سەۋىيەسىگە ۋە قابىلىيىتىگە ئىشەنگەن ۋە مۇنداق قىلىش خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇ مىسىرنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇش تەلىپىنى قويغان. كاشكى ھەربىر مۇسۇلمان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ خەلققە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقان ۋە خەلققە، دىنغا ياخشىلىق بولىدىغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن ھېس قىلىپ، ئەڭ توغرا بولغانىنى قىلىشقا ئالدىرىغان بولسا ئىدى، ھازىرقى دۇنيانىڭ

ۋەزىيىتى باشقىچە بولار ئىدى. چۈنكى، دۇنيادىكى كىرىزىسلارنىڭ كۆپىنچىسى لاياقەتسىز ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ سەۋەبىدىن كېلىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جاپالىق باسقۇچتىن يەنە بىر جاپالىق باسقۇچقا يۆتكىلىشى، بىر قىيىنچىلىقتىن يەنە بىر قىيىنچىلىققا يۆتكىلىشى ۋە ئاخىردا بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن ھالدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى قاتارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولغان. قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشى، كارۋانلارنىڭ ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ مىسىر بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، قۇل بازىرىدا ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشى، ئۇنىڭ مىسىر ئەزىزىنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس خىزمەتچى بولۇشى، ئەزىزنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى، ئارقىدىن ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ ئۇنى زىندانغا تاشلىشى قاتارلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پارلاق كېلەچىكى يولىدىكى سىناقلار بولۇپ، بۇ جاپالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە ئىشەنچكە نائىل بولۇشى، ئاخىردا مىسىرنىڭ مالىيە ئىشلىرى ۋەزىرى بولۇشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىغان جەريانلار ئىدى. چۈنكى، ئەگەر ئۇ زىندانغا تاشلانمىغان بولسا، پادىشاھنىڭ زىنداندىكى يېقىنى بىلەن تونۇشمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان بولسا، پادىشاھ ئۇنى تونۇمىغان ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، مول بىلىمىنى، ئىپپەت-نومۇسىنى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى بىلمىگەن بولاتتى. پادىشاھ ئۇنى بىلمىگەن بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە يېقىن ئادىمى قىلمىغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا مىسىرغا قۇل سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنىپ ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىردا سۆزى ئۆتىدىغان، پۇقرالارنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدار قىلىپ ئۆستۈردى. بۇ چوڭ ئىنئام پەقەت ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلار ئالدىدىكى چىدامچانلىقى، نەپسىنى تىزگىنلەشتىكى سەۋرچانلىقى، ئىپپەت-نومۇسىنى قوغداشتىكى چىن ئىرادىسى، ئېسىل پەزىلىتى، ئىشەنچلىكلىكى، ئەقىل-پاراستى سايىسىدا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن ئىدى. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (ھەقىقەتەن) مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴾[1].

[1] ھەج سۈرىسى: 38-ئايەت.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە رەھمىتىنى ۋە ئىنئامىنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ چىدامچانلىقى، سەۋرچانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كاتتا مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ دۈشمەنلىكىگە، مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالىنىڭ تۆھمەت-لىرىگە، زىنداندىكى قاتتىق ئازابلارغا چىدامچانلىق كۆرسەتتى، ئىرا-دىسىنى بوشاشتۇرمىدى، غايىسىنى يوقاتمىدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەردى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر بەندىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتلار بولۇپ، ياخشى ئەمەل قىلغان مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى بولسا ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادىكىسىدىن ئەۋزەل، مەڭگۈلۈك ۋە ئەڭ ياخشىدۇر. ﴿وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٖ﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە گۈزەل بىر ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئىشەنچىسى كامىل بولغان كىشىنىڭ بىرەر مەنسەپكە ياكى ۋەزىپىگە ئۆزىنى نامزات قىلىشى جائىزدۇر.

2. مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ھەرقانداق بىر ئەمەلنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل ئورۇنداش پەرزدۇر.

3. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىمان بىلەن تەقۋالىقتۇر.

4. مۇسۇلمان ئەمەسلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەتلەردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى جائىزدۇر.

## ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسى بىلەن بولغان ئەھۋالى

﴿وَجَآءَ إِخۡوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَعَرَفَهُمۡ وَهُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ
٥٨ وَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمۡ قَالَ ٱئۡتُونِي بِأَخٖ لَّكُم مِّنۡ أَبِيكُمۡۚ أَلَا
تَرَوۡنَ أَنِّيٓ أُوفِي ٱلۡكَيۡلَ وَأَنَا۠ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ٥٩ فَإِن لَّمۡ تَأۡتُونِي بِهِۦ

[1] ساد سۈرىسى: 25-ئايەت.

فَلَا كَيْلَ لَكُمْ عِندِي وَلَا تَقْرَبُونِ ﴿٦٠﴾ قَالُواْ سَنُرَٰوِدُ عَنْهُ أَبَاهُ
وَإِنَّا لَفَٰعِلُونَ ﴿٦١﴾ وَقَالَ لِفِتْيَٰنِهِ ٱجْعَلُواْ بِضَٰعَتَهُمْ فِي رِحَالِهِمْ لَعَلَّهُمْ
يَعْرِفُونَهَآ إِذَا ٱنقَلَبُوٓاْ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٦٢﴾ فَلَمَّا رَجَعُوٓاْ
إِلَىٰٓ أَبِيهِمْ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مُنِعَ مِنَّا ٱلْكَيْلُ فَأَرْسِلْ مَعَنَآ أَخَانَا نَكْتَلْ
وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿٦٣﴾ قَالَ هَلْ ءَامَنُكُمْ عَلَيْهِ إِلَّا كَمَآ أَمِنتُكُمْ
عَلَىٰٓ أَخِيهِ مِن قَبْلُ فَٱللَّهُ خَيْرٌ حَٰفِظًاۖ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَمَّا
فَتَحُواْ مَتَٰعَهُمْ وَجَدُواْ بِضَٰعَتَهُمْ رُدَّتْ إِلَيْهِمْۖ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مَا نَبْغِيۖ
هَٰذِهِۦ بِضَٰعَتُنَا رُدَّتْ إِلَيْنَاۖ وَنَمِيرُ أَهْلَنَا وَنَحْفَظُ أَخَانَا وَنَزْدَادُ كَيْلَ
بَعِيرٍۖ ذَٰلِكَ كَيْلٌ يَسِيرٌ ﴿٦٥﴾ قَالَ لَنْ أُرْسِلَهُۥ مَعَكُمْ حَتَّىٰ تُؤْتُونِ
مَوْثِقًا مِّنَ ٱللَّهِ لَتَأْتُنَّنِي بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يُحَاطَ بِكُمْۖ فَلَمَّآ ءَاتَوْهُ مَوْثِقَهُمْ
قَالَ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٌ ﴿٦٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

58-يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. يۇسۇف ئۇلارنى تونۇدى، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنى تونۇمىدى.

59-يۇسۇف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

60-ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار».

61-ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز بۇنى چوقۇم قىلىمىز» دېدى.

62-يۇسۇف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل-ماللىرىنى يۈك-تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى.

**63**-ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندا: «ئى ئاتىمىز! بىزگە قايتا ئاشلىق بېرىلمەيدىغان بولدى، ئۇكىمىز (بۇنيامىن)نى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايدىكەنمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى.

**64**-يەئقۇب ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇ توغرىسىدا مەن ئىلگىرى سىلەرگە پەقەت ئۇنىڭ قېرىندىشى (يۇسۇف)نىڭ ئىشىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىمەن؟ (مەن ئۇنى پەقەت ئاللاھقا ئامانەت قىلىمەن) ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ئۇ شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىدۇر».

**65**-ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل-ماللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ پۇل-ماللىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ، (ئۇكىمىزنى ئېلىپ بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلەلەيمىز، بىز ئۇكىمىزنى (ئوبدان) مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالالايمىز. بۇ (پادىشاھقا نىسبەتەن) ئازغىنە ئاشلىقتۇر» دېدى.

**66**-يەئقۇب ئېيتتى: «سىلەر قورشىلىپلا قالمىساڭلار (يەنى چارىسىز ھالغا چۈشۈپلا قالمىساڭلار) ئۇنى (بۇنيامىننى) چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرمىگۈچە، ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر» دېدى.

## ◄ تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن مىسىرنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. چۈنكى، ئۇ ئىقتىساد ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋە زىرائەتلەردىن قانداق قىلغاندا ياخشى مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان تەجرىبىلىك زات ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مىسىردا يۈز بەرگەن ئومۇمىيۈزلۈك قۇرغاقچىلىق سەۋەبلىك ھەر جايدا ئاچارچىلىق ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاچارچىلىق مىسىردىن باشلاپ پەلەستىن ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغان ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشلىق بېرەتتى، ئاشلىقنى ساتمايتتى، بەلكى ئۇلارغا خالىسانە ياردەم قىلىپ بىكارغا بېرەتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

مىسىرنىڭ بەرىكەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى مىسىردىن ئاشلىق سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە كۆپ مىقداردا پۇل-مال بىلەن ئەۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان ئىدى. ئەمما يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئادەمگە پەقەت بىر تۆگە كۆتۈرەلىگۈدەكلا ئاشلىق بېرەتتى. بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشلىقنى تېجەش ۋە باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون قېرىندىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تونۇغان بولسىمۇ، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تونۇيالمىغان ئىدى. ئۇلار ئۇنى قانداقمۇ تونۇيالىسۇن؟! ھالبۇكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىدە خار كۆرۈلگەن، كېيىن قۇل بازىرىدا سېتىۋېتىلگەن كىچىك يۇسۇف ئەمدىلىكتە مىسىر خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك ئادىمىگە ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ قالغان ئىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا ئاشلىق بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تۆگىدىن ئاشلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يۇرتىدا قالغان ئاتىسى بىلەن ئىنىسى ئۈچۈنمۇ ئاشلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كېلەر قېتىم مىسىرغا كەلگەندە ئۆيدە قالغان كىچىك ئىنىسىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشنى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا يەنە ئىككى تۆگىلىك ئاشلىق بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا سورىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بەرگەنلىكىنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان، مېھماننى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، كېلەر قېتىم يەنە ئاشلىق سوراپ كەلگىنىدە، ئاتىسىنىڭ يېنىدا قالغان دادا بىر ئىنىسى بۇنيامىننى بىرگە ئېلىپ كەلمەيدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاشلىق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئىنىسى بۇنيامىننى ئاتىسىدىن سوراپ چوقۇم بىرگە ئېلىپ كېلىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىن ۋەدە بېرىشتى. ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئاتىسىغا بەئەينى بايان قىلىپ مىسىردىكى مالىيە ئىشلىرى ئەمەلدارىنىڭ ئۇلاردىن ئىنىسى بۇنيامىننى بىرگە ئېلىپ كېلىشنى ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن شەرت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغىلى تاس قالغان يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ

بىئارام بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارغا: مەن سىلەرگە قانداق ئىشىنىمەن؟ ئىنىلىرى يۇسۇفنى قانداق قىلغىنىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بۇ ئوغلۇم بۇنيامىنىنىمۇ سىلەرگە قوشۇپ قويامدىمەن؟ بۇرۇن سىلەر يۇسۇفنى بىز چوقۇم قوغدايمىز دېگەنىدىڭلار، ھازىرمۇ بۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى بۇنيامىن ئۈچۈن دەۋاتىسىلەر؟ مەن سىلەرگە قانداقمۇ ئىشىنىمەن؟ دەيدۇ.

ئوغۇللار مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئۇلارنىڭ ئاشلىق ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاتىسىغا: بىزگە مۇشۇنداق كاتتا ياخشىلىق قىلغان بىر ئادەمنىڭ بىزدىن سورىغانلىرىنى ئورۇندىمىساق بولامدۇ؟ ئەي ئاتا! بۇ ئۇنىڭ بىزگە قىلغان زور مېھماندوستلۇقى ۋە ئىززەت -ئىكرامى ئەمەسمۇ؟! بىز ئىنىمىز بۇنيامىننى مىسىرغا بىرگە ئېلىپ بارساق، چوقۇم ئۇنى جېنىمىزدىنمۇ بەك قوغدايمىز، ئۇنىڭغا ياخشى قارايمىز. چۈنكى، شۇنداق قىلمىساق مىسىردىن ئاشلىق ئېلىپ كېلەلمەيمىز ئەمەسمۇ؟ بەلكى بۇ قېتىمقى ئاشلىقنىمۇ پۇل تۆلىمەستىنلا بىكارغا ئېلىپ كېلىشىمىز مۇمكىن، دەيدۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ ئىلگىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىلغانلىرىنى ئەسلىدى ۋە بۇنيامىنىنىمۇ شۇنداق قىلارمۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئوغۇللىرىغا: مەن بۇنيامىننى سىلەرگە قوشۇپ قويمايمەن، بۇ مېنىڭ كۆز قارچۇغۇمدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنيامىننى سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشكە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىپ بەرسەڭلار، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى سىلەرگە قوشۇپ قويىمەن، دەيدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بۇنيامىننى سالامەت قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەندىن كېيىن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام (بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر﴾، ئۇ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچى ۋە ھىمايىچىدۇر، مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا يەنە ئىشىنىپ، ياخشى ئويلار بىلەن ئوغلى بۇنيامىننى ئۇلارغا قوشۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ھەممىسىنىڭ ئاشلىققا بولغان زور ئېھتىياجى تۈپەيلى بالىلارنىڭ بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشىغا، دۈشمەنلىك خىيالىدا بولۇشقا پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى. بۇنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پادىشاھنىڭ چۈش كۆرۈشى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چۈشكە

تەبىر بېرىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش ھادىسىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان بەزى تەدبىرلىرى ئىدى.

2. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىنىسى بۇنيامىننى چاقىرتىپ مىسىرغا ئېلىپ كېلىشى ئۇنىڭ بارچە ئائىلىسىنى ئېلىپ كېلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

3. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىنىسى بۇنيامىننى يېنىغا كەلتۈرۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قېرىنداشلىرىنىڭ يۈكلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن پۇلنى سېلىپ قويغانلىقى قېرىنداشلىرى قانچىلىك خاتالاشقان ۋە نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەن بىرلىرى بولسىمۇ ھارام يېمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كامىللىقى ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشتىكى قەتئىيلىكى بۇ ئايەتلەردە نامايان بولماقتا.

5. ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئائىلە ئەزالىرىدىن بولسىمۇ مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن ئەھدە-پەيمان ياكى قەسەمياد ئېلىش جائىزدۇر.

### ◄ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيتى

﴿وَقَالَ يَٰبَنِيَّ لَا تَدۡخُلُواْ مِنۢ بَابٖ وَٰحِدٖ وَٱدۡخُلُواْ مِنۡ أَبۡوَٰبٖ
مُّتَفَرِّقَةٖۖ وَمَآ أُغۡنِي عَنكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٍۖ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۖ
عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُۖ وَعَلَيۡهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُتَوَكِّلُونَ ٦٧ وَلَمَّا دَخَلُواْ مِنۡ حَيۡثُ
أَمَرَهُمۡ أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغۡنِي عَنۡهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٍ إِلَّا حَاجَةٗ فِي
نَفۡسِ يَعۡقُوبَ قَضَىٰهَاۚ وَإِنَّهُۥ لَذُو عِلۡمٖ لِّمَا عَلَّمۡنَٰهُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ
ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٦٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

67-(ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (شەھەرگە) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا-باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. ئەمما مەن سىلەردىن ئاللاھتىن

(كىيىلىدىغان) ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. مەن ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى.

68-ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە (شەھەرگە باشقا-باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ تەدبىر) يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى تىلەكنى ئورۇنداشتىن باشقا ئاللاھتىن (كەلگەن) ھېچ نەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى. شەكسىزكى، يەئقۇب بىزنىڭ ئۆگىتىشىمىز سايىسىدا ئەلۋەتتە بىر بىلىم ئىگىسى ئىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى بۇنيامىننىڭ ئاكىلىرى بىلەن بىرلىكتە، «مىسىر ئەزىزى» دەپ تونۇلغان قېرىندىشى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىغا قوشۇلدۇ. لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە بىرەر چوڭ ۋەقەنىڭ بولىدىغانلىقىنى سېزەتتى. چۈنكى، ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى. پەيغەمبەرلەر قەلبى ئويغاق، روھى سەزگۈر، ئەقىل-پاراسەتلىك زاتلار بولغانلىقتىن، ئۇلار كېلەچەكتە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى توغرا تەخمىن قىلالايدۇ. شۇڭا ئۇ باللىرىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئوغۇللىرىم! (شەھەرگە) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا-باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار﴾ بۇ كىشىلەرنىڭ سىلەرگە ھەسەت قىلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كۆز تېگىدىغانلىقى ھەقتۇر.

ھەسەت بىلەن يامان كۆز ئىنسان نەپسىنىڭ ئاپەتلىرىدىن بولۇپ، ئىككىلىسى دىنىمىزدا قەتئىي چەكلەنگەن ئىشلاردۇر. چۈنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ شەخسلەرگە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن كۆپتۇر. ھەسەت — بىراۋ ئىگە بولغان نېمەتلەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنى تىلەش، يامان كۆز- بىراۋغا ياكى ئۇ ئېرىشكەن نېمەتكە قىزغىنىش نەزىرى بىلەن قاراش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «العَيْنُ حَقٌّ» يەنى «كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر»[1]، «الْعَيْنُ تُدْخِلُ الرَّجُلَ الْقَبْرَ، وَالْجَمَلَ الْقِدْرَ» يەنى «كۆز ئادەمنى قەبرىگە، تۆگىنى قازانغا كىرگۈزەلەيدۇ»[2]. يەنى يامان كۆز ئادەمنى ۋە ھايۋاننى ئۆلتۈرەلەيدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 132-بەت، 5740 – ھەدىس.

[2] «حلية الأولياء وطبقات الأصفياء» 7-توم، 90-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «أُعِيذُكُمَا بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ ، وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لَامَّةٍ» يەنى «مەن سىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق شەيتاننىڭ، زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ ۋە ھەرقانداق يامان كۆزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «إِذَا رَأَى أَحَدُكُمْ مِنْ أَخِيهِ ، أَوْ مِنْ نَفْسِهِ ، أَوْ مِنْ مَالِهِ مَا يُعْجِبُهُ ، فَلْيُبَرِّكْهُ فَإِنَّ الْعَيْنَ حَقٌّ» يەنى «سىلەر ئۆزۈڭلاردا ياكى پۇل-مېلىڭلاردا ۋەياكى يېقىنلىرىڭلارنىڭ بىرەرسىدە خۇشاللىنارلىق بىر نەرسىنى كۆرسەڭلار، ﴿مَاشَاءَ اللَّهُ﴾ دەپ ئۇنى مۇبارەكلەڭلار. چۈنكى، كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر» [2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا فەلەق سۈرىسىدە: ﴿«ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ) قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾[3] دەپ تەلىم بېرىلگەن.

ئەي ئوغۇللىرىم! مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى چىڭ تۇتۇڭلار، مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدە سىلەر ئۈچۈن يېزىلغانلىرىنى توسۇپ قالالمايمەن. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانىڭلارنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلىكتە، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىڭلار، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار!

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى مىسىر شەھىرىگە ئاتىسى كۆرسەتكەن بويىچە باشقا-باشقا دەرۋازىلاردىن كىردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق شەكىلدە كىرگەنلىكى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى ئورۇنداشتىن باشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ئۈچۈن تەقدىر قىلغان ئىشلاردىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەسلىدە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئون ئوغۇل بىر دەرۋازىدىن بىراقلا كىرسە، ئۇلارغا كۆز تېگىشىدىن، باشقىلارنىڭ ھەسەت قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، شۇڭا ئۇنى بىئارام قىلۋاتقان بۇ ئىشنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ، ئۇلارغا شۇنداق تەۋسىيە قىلغان ئىدى. چۈنكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىشلارنىڭ

[1] «الروض الداني (المعجم الصغير) للطبراني» 2ـ توم، 31ـبەت، 727 – ھەدىس.
[2] «مسند الإمام أحمد» 24ـتوم، 466ـبەت، 15700 ـھەدىس.
[3] فەلەق سۈرىسى: 5ـئايەت.

ئاقۋەتنى تەخمىن قىلالايدىغان ئىلىم-ھېكمەتكە ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە كىشى ئىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ ھەسەت قىلىشىدىن ۋە يامان كۆزلەرنىڭ تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە چارە-تەدبىرلەرنى قىلىش جائىزدۇر.

2. ھەرقانداق بىر ئىشتا قولدىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئالىم بىلەن نادانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەر بىلەن ئاسماندەك، كېچە بىلەن كۈندۈزدەك چوڭدۇر. ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسى ۋە مەر-تىۋىسى بىلىمسىز كىشىلەردىن ھەر زامان يۇقىرى بولۇپ كەلگەن. ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾[1] ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە بىلمەيدىغانلار بىلىدىغانلاردىن ئەلۋەتتە كۆپتۇر.

### يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىسىنى كۆرۈشى

﴿وَلَمَّا دَخَلُوا۟ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيْهِ أَخَاهُ ۖ قَالَ إِنِّىٓ أَنَا۠ أَخُوكَ فَلَا
تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٩﴾ فَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ جَعَلَ ٱلسِّقَايَةَ
فِى رَحْلِ أَخِيهِ ثُمَّ أَذَّنَ مُؤَذِّنٌ أَيَّتُهَا ٱلْعِيرُ إِنَّكُمْ لَسَٰرِقُونَ ﴿٧٠﴾ قَالُوا۟
وَأَقْبَلُوا۟ عَلَيْهِم مَّاذَا تَفْقِدُونَ ﴿٧١﴾ قَالُوا۟ نَفْقِدُ صُوَاعَ ٱلْمَلِكِ وَلِمَن
جَآءَ بِهِۦ حِمْلُ بَعِيرٍ وَأَنَا۠ بِهِۦ زَعِيمٌ ﴿٧٢﴾ قَالُوا۟ تَٱللَّهِ لَقَدْ عَلِمْتُم مَّا
جِئْنَا لِنُفْسِدَ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا كُنَّا سَٰرِقِينَ ﴿٧٣﴾ قَالُوا۟ فَمَا جَزَٰٓؤُهُۥٓ إِن
كُنتُمْ كَٰذِبِينَ ﴿٧٤﴾ قَالُوا۟ جَزَٰٓؤُهُۥ مَن وُجِدَ فِى رَحْلِهِۦ فَهُوَ جَزَٰٓؤُهُۥ ۚ
كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَبَدَأَ بِأَوْعِيَتِهِمْ قَبْلَ وِعَآءِ أَخِيهِ ثُمَّ

[1] زۇمەر سۈرىسى: 9-ئايەت.

ٱسۡتَخۡرَجَهَا مِن وِعَآءِ أَخِيهِۚ كَذَٰلِكَ كِدۡنَا لِيُوسُفَۖ مَا كَانَ لِيَأۡخُذَ
أَخَاهُ فِي دِينِ ٱلۡمَلِكِ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ
وَفَوۡقَ كُلِّ ذِي عِلۡمٍ عَلِيمٞ ٧٦

## تەرجىمىسى

69ـئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئاكاڭ بولىمەن. ئۇلارنىڭ (بىزگە) قىلغانلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى.

70ـيۇسۇف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، بىر سۇ قاچىسىنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە (تۇيدۇرماي) سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى.

71ـ(يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار» دېدى.

72ـئۇلار: «پادىشاھنىڭ سۇ قاچىسىنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە بىر تۆگە ئاشلىق (مۇكاپات) بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى.

73ـ(يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى.

74ـئۇلار: «ئەگەر سىلەر يالغانچى چىقىپ قالساڭلار، ئۇ چاغدا (سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا) ئوغرىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟» دېدى.

75ـ(يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئۇنىڭ جازاسى (ئوغرىلانغان نەرسە كىمنىڭ يۈكىدىن تېپىلسا، ئاشۇ (كىشىنى قۇل قىلىش) ئۇنىڭ جازاسىدۇر. بىز (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى.

76ـيۇسۇف ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئاكىلىرىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن سۇ قاچىسىنى تېپىپ چىقتى. بىز يۇسۇفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق. (چۈنكى) پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇ ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى، ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق

قىلىشنى خالىدى، بىز خالىغان ئادەمنى يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەربىر بىلىملىكنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرى بار.

### ◄ تەپسىرى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇنىڭ ئىنىسى بۇنيامىننى ئېلىپ كىردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىنىسى بۇنيامىننى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قارشى ئالدى ۋە ئىككىسى ئايرىم بىر ھۇجرىدا پاراڭلىشىپ ھەممە ئەھۋالنى ئىنىسىغا ئۇقتۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىنىسى بۇنيامىننى يېنىدا ئېلىپ قالماقچى بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ قېلىشنىڭ باھانىسىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر ئەپلىك بىر چارىنى تاپقان ئىدى. ئاكىلىرىغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق بېرىپ، ئۇلارنى تەمىنلىگەندىن كېيىن، ئاكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈك تاقلىرىنى تېڭىپ ھازىرلىنىۋاتقان پەيتتە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر سۇ قاچىسىنى ئىنىسى بۇنيامىننىڭ يۈكىنىڭ ئىچىگە ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن سېلىپ قويىدۇ. كارۋان ئۆزلىرى مىسىر ئەزىزىدىن تەلەپ قىلغان ئاشلىقنى تولۇق ئېلىپ يولغا چىققانلىقىغا خۇشال بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. تۇساتتىن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇلارنى توختاتتى. جاكارچى: ﴿ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر﴾ دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا شۇنچىلىك غەلىتە ئاڭلاندىكى گويا ئۇلارغا قاتتىق گۈلدۈرماما چۈشكەندەك تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئوغرى ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھېچ نەرسىنىمۇ تىقىۋالمىغان ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ھەيرانلىقتا جاكارچىغا يۈزلىنىپ، ﴿نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار﴾ دەپ سورىدى. جاكارچى سۇ قاچىسىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ تامغىسى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ كارۋاننىڭ تۆگىلىرىگە يۈكلەنگەن يۈكىنىڭ ئىچىدىن چىقىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىسىر زېمىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمەگەنلىكىنى، ئۆزلىرىگە ئاشلىق بېرىپ ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ بىر نەرسىسىنى ئوغرىلاش ئۆزلىرىنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئوغرىلىق قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىشتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى كارۋانغا: سىلەر يالغان سۆزلىگەن بولساڭلار، سۇ قاچىسى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قالسا، جازاسى سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. كارۋاندىكىلەر: بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە، يىتىپ كەتكەن نەرسە كىمنىڭ يېنىدىن چىقسا، ئۇ كىشى قۇللۇققا تۇتۇلىدۇ، سۇ قاچىسىمۇ كىمنىڭ يۈكىدىن چىقسا، ئۇنى قۇللۇققا تۇتۇپ قېلىش بۇ ئوغرىلىقنىڭ جازاسىدۇر، دېيىشىدۇ. چۈنكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە، ئوغرىلىق قىلغان ئادەم مال ئىگىسىگە بىر يىل قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپ، ئاۋۋال ئاكىلىرىنىڭ يۈكلىرىنى، ئاندىن ئاخىردا ئۆكىسى بۇنيامىننىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇپ، سۇ قاچىسىنى ئۇنىڭ يۈكى ئىچىدىن تېپىپ چىقتى.

ئاللاھ تائالا بۇ مەندە دەيدۇكى، بۇنيامىننى يۇسۇفنىڭ قېشىدا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق تەدبىرنى تاللىدۇق ۋە يۇسۇفكە شۇنداق قىلىشنى ۋەھيى قىلدۇق. چۈنكى، مىسىر پادىشاھىنىڭ قانۇنىدا بىراۋنى سەۋەبسىز ئېلىپ قېلىشقا بولمايتتى. شۇڭا يۇسۇفكە ھىيلە-قىلىشنى بىلدۈردۇق، ئۇ شۇ يول بىلەن ئىنىسى بۇنيامىننى يېنىدا ئېلىپ قېلىشتىن ئىبارەت مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئوغرى ئەمەس بىرىنى ئوغرىلىق قىلدى، دەپ قارىلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بۇ پىلان كۆرۈنۈشتە خاتا بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە پىلان شۇ بويىچە ئەمەلگە ئاشقان.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز خۇددى يۇسۇفنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغان ۋە ئۇنى مەقسىتىگە ئېرىشتۈرگەندەك، خالىغان بەندىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلىش بىلەن ئۇنىڭ مەر-تىۋىسىنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىمىز.

ھەرقانداق بىر ئالىمنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئالىمراق بىرى چوقۇم بولىدۇ. ئىلىم دەرىجىسى شۇنداق يۇقىرىغا قاراپ يۈكسىلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تولۇق بىلگۈچىدۇر. ﴿أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق

خەۋەرداردۇر﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھسىز ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھەققى بار. شۇنداقلا گۇناھسىز ئادەملەرنى ئاقلاش ساۋابلىقتۇر.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى بىر بولسىمۇ، شەرىئەتلىرى بىرخىل بولمىغان. ئوغرىنى قۇل قىلىش جازاسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگىلا خاس بىر ھۆكۈم ئىدى.

3. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ھەر ۋاقىت ھىمايە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرلىرى ھەر ۋاقىت ئەڭ مۇكەممەل بولىدۇ.

4. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم-ھېكمەت جەھەتتىكى ئارتۇقلۇقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتتۇر.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئىلمى مۇكەممەل ئەمەس. ھەرقانداق بىر كاتتا ئالىمنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىلىرى بار.

## ◄ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

﴿۞ قَالُوٓاْ إِن يَسۡرِقۡ فَقَدۡ سَرَقَ أَخٞ لَّهُۥ مِن قَبۡلُۚ فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ
فِي نَفۡسِهِۦ وَلَمۡ يُبۡدِهَا لَهُمۡۚ قَالَ أَنتُمۡ شَرّٞ مَّكَانٗاۖ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا
تَصِفُونَ ٧٧ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ إِنَّ لَهُۥٓ أَبٗا شَيۡخٗا كَبِيرٗا فَخُذۡ
أَحَدَنَا مَكَانَهُۥٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٧٨ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِ أَن
نَّأۡخُذَ إِلَّا مَن وَجَدۡنَا مَتَٰعَنَا عِندَهُۥٓ إِنَّآ إِذٗا لَّظَٰلِمُونَ ٧٩ فَلَمَّا
ٱسۡتَيۡـَٔسُواْ مِنۡهُ خَلَصُواْ نَجِيّٗاۖ قَالَ كَبِيرُهُمۡ أَلَمۡ تَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ أَبَاكُمۡ
قَدۡ أَخَذَ عَلَيۡكُم مَّوۡثِقٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَمِن قَبۡلُ مَا فَرَّطتُمۡ فِي يُوسُفَۖ
فَلَنۡ أَبۡرَحَ ٱلۡأَرۡضَ حَتَّىٰ يَأۡذَنَ لِيٓ أَبِيٓ أَوۡ يَحۡكُمَ ٱللَّهُ لِيۖ وَهُوَ خَيۡرُ
ٱلۡحَٰكِمِينَ ٨٠ ٱرۡجِعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيكُمۡ فَقُولُواْ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّ ٱبۡنَكَ سَرَقَ

[1] مۇلك سۈرىسى: 14-ئايەت.

وَمَا شَهِدْنَآ إِلَّا بِمَا عَلِمْنَا وَمَا كُنَّا لِلْغَيْبِ حَٰفِظِينَ ٨١ وَسْـَٔلِ
ٱلْقَرْيَةَ ٱلَّتِى كُنَّا فِيهَا وَٱلْعِيرَ ٱلَّتِىٓ أَقْبَلْنَا فِيهَا ۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ٨٢
قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا ۖ فَصَبْرٌ جَمِيلٌ ۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن
يَأْتِيَنِى بِهِمْ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ٨٣ وَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ
يَٰٓأَسَفَىٰ عَلَىٰ يُوسُفَ وَٱبْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ ٱلْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ ٨٤
قَالُوا۟ تَٱللَّهِ تَفْتَؤُا۟ تَذْكُرُ يُوسُفَ حَتَّىٰ تَكُونَ حَرَضًا أَوْ تَكُونَ
مِنَ ٱلْهَٰلِكِينَ ٨٥ قَالَ إِنَّمَآ أَشْكُوا۟ بَثِّى وَحُزْنِىٓ إِلَى ٱللَّهِ وَأَعْلَمُ مِنَ
ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ٨٦ يَٰبَنِىَّ ٱذْهَبُوا۟ فَتَحَسَّسُوا۟ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ
وَلَا تَا۟يْـَٔسُوا۟ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ ۖ إِنَّهُۥ لَا يَا۟يْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ
ٱلْكَٰفِرُونَ ٨٧

### تەرجىمىسى

77-ئۇلار: «ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئىلگىرى ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى» دېيىشتى. يۇسۇف بۇنى ئىچىدە ساقلىدى، ئۇلارغا چاندۇرمىدى، (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار تېخىمۇ يامان، ئاللاھ سىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى.

78-ئۇلار: «ئى ئەزىز[1] ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، شەكسىزكى، بىز سېنى ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

79-يۇسۇف: «بىز نەرسىمىزنى يۈكىدىن تاپقان كىشىدىن باشقىسىنى ئېلىپ قېلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن! (ئەگەر شۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

80-ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى يۇسۇفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) تامامەن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم

[1] ئەزىز دېگەن سۆز مىسىرنىڭ ۋالىيلىرى ئۈچۈن بىر ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. (أيسر التفاسير، 2- توم، 636-بەت).

قىلدۇرۇپ چىن ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدا كەتكۈزۈپ قويغىنىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغۇچە ياكى ئاللاھ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

81-سىلەر ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ(بۇنيامىن) راستتىنلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز.

82-بىز تۇرغان شەھەر (مىسىردىكىلەر) دىن ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىز چوقۇم راست سۆزلەۋاتىمىز».

83-يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بىر قەبىھ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ (يۇسۇف، بۇنيامىن ۋە رۇبىل[1] قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

84-يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئاھ يۇسۇف!» دېدى، قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى.

85-ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۇسۇفنى ئۇيلاۋېرىپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىدىغان ياكى ھالاك قىلىدىغان بولدۇڭ» دېدى.

86-يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ-ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

87-ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمە-تىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ».

### ◄ تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى سۇ قاچىسىنى بۇنيامىننىڭ يۈكىنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالدى. يۈكلەرنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇنيامىننىڭ ئاكىلىرى سۇ قاچىسىنىڭ كارۋانلارنىڭ يۈكى ئىچىدە يوق

[1] رۇبىل-يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا قالغان ئوغلىنىڭ ئىسمىدۇر. (ئەيسەرۇتتەە-فاسىر2- تۇم، 639-بەت).

ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىنى كەسكىن ئېيتقان ۋە ئەگەر سۇ قاچىسى ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرى ئىچىدىن چىقىپ قالسا، ئۇ كىمنىڭكىدىن چىقسا، جازانى شۇ كىشىنىڭ تارتىدىغانلىقىغا كېلىشىۋالغان ئىدى. مانا ئەمدى سۇ قاچىسى بۈنيامىننىڭ يۈكىدىن چىقىپ قالدى. ئۇلار ئۇچۇن راستتىنلا يامان بولدى. بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ تۇرۇپ سۇ قاچىسى ئۆزلىرىنىڭ يۈكىدىن چىقىپ قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئاتىسىغا بۈنيامىننى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىپ ۋەدە بەرگەن ۋە بۇرۇن يۈسۈفنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرىنىڭ بۈنيامىننىڭ بېشىغا ھەرگىز كەلمەيدىغانلىقىنى قاتتىق تەكىتلەپ ئاتىسىنى خاتىرجەم قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ گاڭگىراشتا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي بۈنيامىنغا تاپا-تەنە قىلىشقىلى تۇردى. ئۇلار: ﴿ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئىلگىرى ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى﴾، چۈنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسى بىر بولغانلىقتىن، ئىككىلىسىنىڭ ئەخلاقىمۇ بىر خىل بولغان، دېيىشتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام راستتىنلا ئوغرىلىق قىلغانمۇ؟ كۆپچىلىك ئۆلىمالار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغرىلىق قىلمىغانلىقىنى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئوغرىلىق قىلغان دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلىقتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى يۆگەشكە ئۇرۇنغانلىقتىن ئىدى، دەپ قارايدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىنىڭ بۇ قەبىھ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئەمما ئۇنى ئاشكارا قىلمىدى، ئىچىدە بىلدى، بۇنى ئۇلارغا چاندۇرمىدى، ئۇلارغا جاۋابمۇ بەرمىدى، ئۆزىنى ئاقلاپمۇ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بەكمۇ يامان. چۈنكى، ئوغرىلىقنى سىلەر قىلدىڭلار، قېرىندىشىڭلار يۈسۈفنىمۇ ئاتاڭلاردىن ئوغرىلاپ قۇدۇققا تاشلىغان ئۆزۈڭلار، ئاندىن يالغاندىن ئۇنى بۆرە يەپ كەتتى دەپ بىلجىرلىدىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇ يالغانچىلىقىڭلارنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ» دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۈنيامىننى تىلىۋېلىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى بىلدى. ئاندىن «بىزنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتىمىز بار ئىدى. بۇ قېرىندىشىمىزنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان ئوغلىنىڭ دەردى ئۇچۇن بۇ ئىنىمىز بىلەن تەسەللى تاپاتتى، شۇ

ياشىنىپ قالغان ئاتىمىزغا رەھىم-شەپقەت قىلىپ بىزدىن بىرەرسىمىزنى بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئېلىپ قالسىڭىزكەن. چۈنكى، ئاتىمىز بۇنيامىندىن ئايرىلىپ قېلىشقا قەتئىي چىدىيالمايدۇ. بىز سىزنى ياخشى ئادەم، ياخشىلىق قىلىشتىن چېكىنمەيدۇ، دەپ بىلىۋاتىمىز. شۇ ئادىتىڭىز بويىچە بىزگە بىر ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىزكەن» دېگەن مەندە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇردى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنداق قىلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن! سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە ۋە بۇ يەردىكى پادىشاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن! چۈنكى، ھەر ئىككى قانۇندا بىرىنىڭ گۇناھى باشقا بىرسىگە يۈكلەنمەيدۇ. شۇڭا بىز سۇ قاچىسىنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇ كىشىنى ئېلىپ قالىمىز، ئەگەر بىز بۇنيامىننىڭ ئورنىغا باشقا بىرىڭلارنى ئېلىپ قالماقچى بولساق، ئۇ چاغدا بىز كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىدىغان زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى سۆزىدە «كىم ئوغرىلىغان بولسا» دېمەستىن، «كىمنىڭ يۈكىدىن چىقسا» دېيىش ئارقىلىق بۇنيامىننىڭ ياكى ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭ كەسكىن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپ ئۆز ئارىسىدا مەخپىي ھالدا مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ چوڭى سۆزلەشكە باشلىدى... قېرىنداشلىرىم! ئاتىمىز سىلەردىن بۇنيامىننى ساق-سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشىمىز ھەققىدە قەسەم بىلەن ئەھدە ئالغان ئىدى. سىلەر بىلىسىلەر، ئاتىمىز بۇنيامىننى كۆرمىسە زادى چىدىيالمايدۇ، ئىلگىرى بىزنىڭ يۈسۈفكە قىلغانلىرىمىزنى بىلىسىلەر. ئەمدى ئاتىمىز بىزگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئى قېرىنداشلىرىم! ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ مەن بۇنيامىننى ئالماي مىسىر زېمىنىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. ئاللاھ ماڭا يول كۆرسەتكەنگە قەدەر مىسىردا تۇرىمەن. سىلەر ئاتىمىزغا ئەھۋالنى بايان قىلىڭلار. بۇنيامىننىڭ پادىشاھنىڭ سۇ قاچىسىنى ئوغرىلىغانلىقىنى، مىسىر ئەزىزىنىڭ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ شەرىئىتىمىز بويىچە جازالاپ، ئوغرىلىق قىلغان بۇنيامىننى مىسىردا ئېلىپ قالغانلىقىنى، بۇ ئوغرىلىق دېلوسىنى ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ گۇۋاھ بولغىنىڭلارنى ئېنىق ئېيتىڭلار. يەنە دەڭلاركى، بىز بۇنيامىننىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساق، ئۇنى ھەرگىزمۇ سىزدىن

سوراپ، سىزگە ئەھدە-مىساقلارنى بېرىپ ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتۇق، ئەگەر بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئىشەنمىسىڭىز ئارقىمىزدىن مىسىر پادىشاھىنىڭ ئادەملىرى قوغلاپ كېلىپ يۈكلىرىمىزنى ئاختۇرغان يېزىنىڭ ئادەملىرىدىن سوراڭ، بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋانلاردىن سوراڭ، چۈنكى، بۇ ئوغرىلىق دېلوسى پۈتۈن ئەتراپلارغا تارقىلىپ كەتتى، بۇ ئەھۋالنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولدى. بىز ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋاتىمىز.

ئوغۇللار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەسلىھەتلەشكەن بويىچە ئېيتقان بولسىمۇ، ئاتىسى ئۇلارنىڭ سۆزىگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ خۇددى ئىلگىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلغاندەك بۇنيامىنغىمۇ قەست قىلىپ يوقىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. ھەممىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، بىر كۈنى بارلىق ئوغۇللىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈرىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام شۇنداقتىمۇ قاتتىق بىئارام بولىدۇ، كۆپ ھەسرەت چېكىدۇ، كۆپ يىغلىغانلىقتىن كۆزلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ، ئاخىر كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.

قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش، ھەسرەت چېكىش تەبىئىي ئەھۋال. ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان كۇفرى سۆزنى ئېيتىپ سالمىسىلا، ھەسرەت چېكىپ قايغۇرۇشنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، قاتتىق قايغۇرغان ۋە مۇنداق دېگەن: «إِنَّ العَيْنَ تَدْمَعُ ، وَالقَلْبَ يَحْزَنُ ، وَلاَ نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى رَبُّنَا ، وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ» يەنى «شەكسىزكى، كۆزلەر ياش تۆكىدۇ، كۆڭۈل ھەسرەت چېكىدۇ. ئەمما بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا ئېيتىمىز، ئى ئىبراھىم بىز سەندىن ئايرىلغانلىقىمىز ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇۋاتىمىز»[1]. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پىراقىغا چىدىيالماي قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەي ئاتا! سىز يۈسۈفنى ئويلاۋېرىپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىدىغان بولدىڭىز، بولدى قىلىڭ، ئەمدى يۈسۈفنىڭ ۋەقەسى كونىراپ قالدى. بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى ھالاك قىلىۋېتىسىز، دەيدۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە مۇنداق دېدى: «مەن

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 83-بەت، 1303 - ھەدىس.

بۇ قايغۇ-ھەسرىتىمنى ۋە بۇ دەردلىرىمنى رەببىم ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ھېچكىمگە مالامەت قىلمايمەن ۋە ھېچكىمگە يالۋۇرمايمەن، پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىمەن، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىمەن. مەن ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن، يۇسۇف بىلەن بىنيامىننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئاللاھ يۇسۇفنى تاللاپ چىقىپ ئۇنىڭغا ۋە يەئقۇب ئائىلىسىگە نېمىتىنى تاماملىدى. سىلەر باشقىچە ئويلىشىڭلار مۇمكىن، ئەمما يۇسۇفنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن چۈشى ھەق ئىدى. ئالدىمىزدىكى كۈنلەر سىلەرگە مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى چوقۇم كۆرسىتىدۇ، شۇ ۋاقىتتا، سىلەر مېنىڭ سۆزلىرىمگە تولۇق قايىل بولىسىلەر. ئەي ئوغۇللىرىم! سىلەر مىسىرغا بېرىڭلار، يۇسۇفنىڭ ۋە بىنيامىننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەڭلار، ئۇلارنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە پەزل-مەرھەمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار. چۈنكى، ھايات بار يەردە ئۈمىدسىزلىك بولمايدۇ، ئۈمىدسىزلىك بار يەردە ھاياتمۇ بولمايدۇ. كاپىر قەۋمدىن باشقىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. مۆئمىن ئادەم ھەرگىز ئۈمىدسىز بولمايدۇ، ئۈمىدۋار ئادەملەرنى ئېغىر مۇسىبەتلەر يىقىتالمايدۇ، قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئىرادىسىدىن ۋاز كەچكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولغان ھالدا، ھەرقانداق ئىشقا سەۋر قىلغۇچىلاردۇر ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگۈچىلەردۇر». ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴾[1].

كۆزنىڭ ھەسرەتتىن كۆپ يىغلاپ ئاقىرىدىغانلىقى ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كۆز كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ قويىدىكەن.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىدى ۋە مىسىرغا كەلدى. ئۇلار مىسىرغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ھارماستىن، زېرىكمەستىن ۋە ئۈمىدسىزلەنمەستىن يۇسۇف بىلەن بىنيامىندىن ئىبارەت ئىككى ئىنىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خاتالاشقان ئادەم مۇنداق خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىقىقا بەل باغلىشى، بىراۋنى سەۋەنلىك بىلەن رەنجىتىپ قويغان ياكى ئۇنىڭغا

[1] ھەج سۈرىسى: 38-ئايەت.

زىيان يەتكۈزۈپ قويغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزرە تىلەش ئارقىلىق خاتالىقنى يۇيۇشى لازىم.

2. گۇناھكارنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى جازالاش ياكى بىراۋغا باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئېڭىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

3. ئىشلاردا كېڭەشىش ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقى بولۇپ، ھەر ئىشنى ئۆزئارا كېڭىشىش بىلەن قىلغانلار كۆپلىگەن خاتالىقلاردىن ئامان قالىدۇ.

4. بېرىلگەن ۋەدىلەرنى ۋە قىلىنغان ئەھدە-پەيمانلارنى ئەسكە سېلىش ياخشى ئىشتۇر.

5. ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن خىجىل بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس.

6. باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشى ئىشلاردا ياردەمچى بولۇش گۈزەل ئەخلاقتۇر.

7. ئىلگىرى جىنايەت سادىر قىلغان ئادەمنى ئىككىنچى قېتىم سادىر قىلمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

8. ئۆزىنىڭ چارىسىزلىكى ۋە موھتاجلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالاغا دەرد ئېيتىش جائىزدۇر.

9. قاتتىق قايغۇرۇش ئادەمنى ھالاك بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ.

10. بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا يۆلىنىپ يالۋۇرۇش ھارامدۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا ئۇلاردىن ياردەم سوراشقا بولىدۇ.

11. ئۈمىدسىزلىك مەنىۋى جەھەتتىن تۈگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

## ◄ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى تونۇشى

﴿فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَيۡهِ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ مَسَّنَا وَأَهۡلَنَا ٱلضُّرُّ
وَجِئۡنَا بِبِضَٰعَةٖ مُّزۡجَىٰةٖ فَأَوۡفِ لَنَا ٱلۡكَيۡلَ وَتَصَدَّقۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّ ٱللَّهَ
يَجۡزِي ٱلۡمُتَصَدِّقِينَ ﴿٨٨﴾ قَالَ هَلۡ عَلِمۡتُم مَّا فَعَلۡتُم بِيُوسُفَ وَأَخِيهِ
إِذۡ أَنتُمۡ جَٰهِلُونَ ﴿٨٩﴾ قَالُوٓاْ أَءِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُۖ قَالَ أَنَا۠ يُوسُفُ
وَهَٰذَآ أَخِيۖ قَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡنَآۖ إِنَّهُۥ مَن يَتَّقِ وَيَصۡبِرۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا

يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٩٠﴾ قَالُواْ تَٱللَّهِ لَقَدۡ ءَاثَرَكَ ٱللَّهُ عَلَيۡنَا وَإِن
كُنَّا لَخَٰطِـِٔينَ ﴿٩١﴾ قَالَ لَا تَثۡرِيبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡيَوۡمَۖ يَغۡفِرُ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ
وَهُوَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٩٢﴾ ٱذۡهَبُواْ بِقَمِيصِي هَٰذَا فَأَلۡقُوهُ عَلَىٰ وَجۡهِ أَبِي
يَأۡتِ بَصِيرٗا وَأۡتُونِي بِأَهۡلِكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٩٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

88ـ(يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى مىسىرغا قايتا كېلىپ) ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ دېدىكى، «ئى ئەزىز! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى. (ئالـدىڭغا) ئەرزىمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، سەن بىزگە (بۇرۇن بەرگەندەك) ئاشلىقنى تولۇق بەرگىن، بىزگە ياخشىلىق قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ».

89ـيۇسۇف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى.

90ـئۇلار: «سەن راستتىنلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «(ھەئە) مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. ئاللاھ ھەقىقەتەن بىزگە مەرھەمەت قىلدى. چۈنكى، كىمكى تەقۋالىق قىلىدىكەن ۋە سەۋر قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.

91ـئۇلار «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى.

92ـيۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئۇ شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىدۇر.

93ـسىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە يېپىڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلەردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار».

### ◄ تەپسىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مىسىرغا يېتىپ باردى. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ قەھەتچىلىك سەۋەبلىك قىيىن ئەھۋالدا

قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېقىش قارارىغا كېلىشتى. ئەگەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئۇلارغا يۇمشاپ ئىلتىپات كۆرسەتسە، ئاندىن تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاشلىق بەرگەن مىسىر ئەمەلدارىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە جەزم قىلغان بولسىمۇ، بۇنى ئوغۇللىرىغا ئېيتمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار بۇنى بىلمەيتتى. ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا دادىلىنىپ، ئائىلىسىنىڭ قۇرغاقچىلىق يۈزىسىدىن ئاچارچىلىق تارتىپ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى، شۇڭا چارىسىزلىكتىن ئاتىسى ئۇلارنى مىسىرغا ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار گەرچە ئۆزلىرى بۇ قېتىم كۆپ پۇل-مال ئېلىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئازنى قوبۇل قىلىپ، بۇرۇن بەرگەندەك يېتەرلىك ئاشلىق بېرىشىنى، ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلىشىنى سوراپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۈزلىنىپ ﴿سىلەر نادان ۋاقىتىڭلاردا يۈسۈفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلىكىنىڭ، ئىنىسى بۇنيامىنغا قاتتىق قوللۇق قىلىپ رەنجىتكەنلىكىنىڭ ئېغىر قاباھەت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ نادانلىقتىن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىغا ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزى ئۆزىنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ۋە خاتالىقلىرىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا سوئال قىلىپ «سەن راستتىنلا يۈسۈفمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى بۇ كىشىنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تونۇمىغانلىقى، ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى باشتىن بېرى تونۇيدىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ھەيرانلىقتا گاڭگىراپ قالغان ئىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سوئالىغا دەرھاللا: ھەئە مەن يۈسۈف بولىمەن، مانا بۇ ئىنىمىز بۇنيامىن بولىدۇ، سىلەر مېنى بۇ ئىنىمدىن ۋە ئاتامدىن ئايرىۋەتكەن ئىدىڭلار، ئەمدى ئاللاھ بىزنى جەم قىلدى، بىزگە رەھىم قىلدى، چۈنكى، ئۇ ھەر ئىشنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زاتتۇر. ئۇ ھەمىشە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى قوغدايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋالىق قىلغان، ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە تايانغان

كىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كۇپايىدۇر، ئۇنى ھەرقانداق يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن قاتتىق خىجىل بولىدۇ ۋە گۇناھلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەزل-مەرھەمىتى ۋە زور ئىنئامىغا ئېرىشكەنلىكىنى، بىلىمگەنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىلىم-ھېكمەتكە تولغانلىقىنى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئاسىي-گۇناھكار بەندىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ، ئەي قېرىنداشلىرىم! مەن بۈگۈن سىلەرگە كايىمايمەن ۋە سىلەرنى ئەيىبلىمەيمەن. چۈنكى، مەن سىلەرنى كەچۈرۈۋەتتىم، ئاللاھتىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن رەھىم-شەپقەت تىلەيمەن. چۈنكى، ئاللاھ شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىدۇر، دەيدۇ.

بەزىلەر مۇنداق سوئال قىلىشى مۇمكىن: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئىككى يىل ئۇلارغا ئۆزىنى ئاشكارا قىلمىدى؟ ئاتىسى ئۇنى دەپ شۇنچىلىك ئازابلىنىۋاتقان تۇرسا، نېمىشقا تېزرەك ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلمىدى؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام باشتىن ئاخىر ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش كۆرەتتى. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى قىلاتتى، بۇيرۇمىغاننى قىلمايتتى ۋە ھەربىر ئىشتا ۋەھيىنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشىنى ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن شۇڭا شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرىدا ھەرخىل تەھلىللەر ۋە قاراشلار بار بولۇپ، ئۇلارنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنى ھاجەتسىز، دەپ قارىدۇق.

ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنىڭ بىر كۆڭلىكىنى تۇتقۇزۇپ ئۇنى ئاتىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىشنى ۋە ئاتىسىنىڭ بۇ كۆڭلەكنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەتتا كۆڭلەكنى ئاتىسى يۈزىگە

سۈرسە كۆپ يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزىنىڭ ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلەر قېتىم كەلگەندە ئاتىسىدىن باشلاپ بارچە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشىنى تاپىلايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ تولىسى ئاساسەن، ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ دىنىنى، شەرىئىتىنى، ياخشىلارغا قىلغان ۋەدىسىنى ۋە يامانلىق قىلغۇچىلارغا بېرىدىغان جازاسىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك ياكى تولۇق بىلىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن سادىر قىلىدۇ.

2. تەقۋالىق بىلەن سەۋرچانلىق ئىككىسى قوشكېزەك بولۇپ، بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەمەللەردۇر.

3. كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى، ھەتتا يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش تولىمۇ ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ.

## ◄ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا خۇش خەۋەرنىڭ كېلىشى

﴿وَلَمَّا فَصَلَتِ ٱلۡعِيرُ قَالَ أَبُوهُمۡ إِنِّي لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَۖ لَوۡلَآ أَن تُفَنِّدُونِ
٩٤ قَالُواْ تَٱللَّهِ إِنَّكَ لَفِي ضَلَٰلِكَ ٱلۡقَدِيمِ ٩٥ فَلَمَّآ أَن جَآءَ ٱلۡبَشِيرُ أَلۡقَىٰهُ
عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ فَٱرۡتَدَّ بَصِيرٗاۖ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا
تَعۡلَمُونَ ٩٦ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا ٱسۡتَغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَآ إِنَّا كُنَّا خَٰطِـِٔينَ ٩٧ قَالَ
سَوۡفَ أَسۡتَغۡفِرُ لَكُمۡ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ٩٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

94-كارۋان (مىسىردىن) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يېنىدىكىلەرگە): «مەن ھەقىقەتەن يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، ئەگەر سىلەر مېنى ئالجىپ قاپتۇ دېمەيدىغان بولساڭلار (مەن ئۇنى ھايات دەيتتىم)» دېدى.

95-ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخىچە بۇرۇنقى خاتا قارىشىڭدا ئىكەنسەن» دېدى.

96ـ خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە يېپىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزى دەرھال ئېچىلدى، يەئقۇب: «مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى.

97ـ ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن (ئاللاھتىن) بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، بىز راستتىنلا گۇناھكارلاردىن بوپتىمىز» دېيىشتى.

98ـ يەئقۇب: «كېيىنچە رەببىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. رەببىم ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر» دېدى.

### تەپسىرى

نىھايەت، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى قېرىندىشى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تونۇدى، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلغان يامانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى، ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى تۇتقۇزۇپ ئۇنى ئاتىسىغا ئېلىپ بېرىشىنى، كېلەر قېتىم كەلگەندە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىشىنى تاپىلاپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، كارۋان مىسىردىن يولغا چىقتى. بۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە: ﴿مەن ھەقىقەتەن يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن﴾ دېدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقتىن، ۋەھيى يولى بىلەن باشقىلار ھېس قىلالمىغاننى ھېس قىلاتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغانلار ئۇنى ئەقلىدىن ئېزىپ ئالجىپ قاپتۇ، ئۇ يۇسۇفنىڭ دەردىدە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تىرىك دېگەن سۆزىگە قارشى چىقىدۇ.

شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا خەۋەرچى كېلىپ، ئۆزىنىڭ يۇسۇف بىلەن ئىنىسى بۇنيامىننى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئاتىسىنىڭ يۈزىگە ياپىدۇـدە، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزى كۆرۈشكە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ﴿مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم؟﴾ دەيدۇ.

ھەقىقەت ئاشكارىلاندى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرى

ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى، ئاتىسىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىشىنى ئۆتۈندى. ئاتىسى ئۇلارغا كېيىنچە ئاللاھ تائالادىن ئۇلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سادىر قىلغىنى چوڭ جىنايەت ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گۇناھكار ئوغۇللىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن دەرھال مەغپىرەت تەلەپ قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قارىتا سادىر قىلغان جىنايىتى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنى ئالدى بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرۈۋېتىشى شەرت ئىدى. چۈنكى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولغانلىقتىن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كەچۈرمىگۈچە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرمەيتتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا قاراڭ، ئۇ تاش يۈرەك قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن شۇنچىلىك كۆپ جاپالارغا ۋە خارلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىللىق چىراي ئېچىش ۋە ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قورقۇنچلىرىنى ۋە ئەندىشىسىنى بىر ئاندىلا يوق قىلىۋەتتى، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن، گۇناھلىرىنى دادىل ئېتىراپ قىلالايدىغان ھالەتكە كەلدى. چۈنكى، ئۇلار دەسلەپتە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى تونۇغاندا قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن خالىغانچە ئىنتىقام ئېلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلارغا چىرايلىق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلدى ۋە يەنە كېلىپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك يىراقتىكى ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدىنى ئالالىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرگە ئالاھىدە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى يۈزىگە يېپىشى بىلەن كۆزىنىڭ كۆرىدىغان بولۇپ كېتىشىمۇ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىلەردىن بىرىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ قايسى تەرىقىدە، قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بىز پەقەت شۇنداق بولغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىز، خالاس.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا تۇرۇۋاتقان يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدىنى ئالغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىدىن بىرىدۇر.

2. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى يېپىش بىلەن ئۇنىڭ تولا يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى ئايرىم بىر مۆجىزىدۇر.

3. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە يامانلىق قىلغان قېرىنداشلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۇلۇغلۇق ئىشلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىر ئىش- ئىزى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

### يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى چۈشىنىڭ رويابقا چىقىشى

﴿فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيۡهِ أَبَوَيۡهِ وَقَالَ ٱدۡخُلُواْ مِصۡرَ إِن
شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَرَفَعَ أَبَوَيۡهِ عَلَى ٱلۡعَرۡشِ وَخَرُّواْ لَهُۥ سُجَّدٗاۖ
وَقَالَ يَٰٓأَبَتِ هَٰذَا تَأۡوِيلُ رُءۡيَٰيَ مِن قَبۡلُ قَدۡ جَعَلَهَا رَبِّي حَقّٗاۖ
وَقَدۡ أَحۡسَنَ بِيٓ إِذۡ أَخۡرَجَنِي مِنَ ٱلسِّجۡنِ وَجَآءَ بِكُم مِّنَ ٱلۡبَدۡوِ
مِنۢ بَعۡدِ أَن نَّزَغَ ٱلشَّيۡطَٰنُ بَيۡنِي وَبَيۡنَ إِخۡوَتِيٓۚ إِنَّ رَبِّي لَطِيفٞ لِّمَا
يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٠٠﴾ ۞ رَبِّ قَدۡ ءَاتَيۡتَنِي مِنَ ٱلۡمُلۡكِ
وَعَلَّمۡتَنِي مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَنتَ
وَلِيِّۦ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ تَوَفَّنِي مُسۡلِمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠١﴾﴾

### تەرجىمىسى

99- ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا- ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «ئاللاھ خالىسا، مىسىرغا ئامان- ئېسەن كىرىڭلار!» دېدى.

100- (يۇسۇف) ئاتا- ئانىسىنى تەختىدە ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار يۇسۇفكە

(ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشتى[1]. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ بۇرۇن كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر. رەببىم ئۇ چۈشۈمنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شەيتان قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى بۇزغاندىن كېيىن، رەببىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش ۋە سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى. رەببىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

101ـ ئى رەببىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىقتىن (نېسىۋە) ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، جېنىمنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئالغىن، مېنى ياخشى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن» دېدى.

## تەپسىرى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئاتا-ئانىسىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بارلىق ئەمەلدارلارنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاتا-ئانىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى، ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە چىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئاندىن ئۇلارغا: مىسىرغا كىرىڭلار، بۇ جاينىڭ بەرىكەتلىرىدىن كەڭتاشا ھۇزۇرلىنىڭلار، ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەتكىچە سىلەر خاتىرجەم ھالدا مىسىردا ياشايسىلەر، دېدى، ئاندىن سارايغا باشلاپ ئەكىرىپ، ئاتا-ئانىسىنى ئۆزىنىڭ تەختىگە چىقىرىپ ھۆرمەت بىلەن يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

مۇپەسسىرلەر يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن مىسىرغا كەلگەن ئايال توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، ئۇ ئايالنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. سۇددىي مەزكۇر ئايالنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ئىكەنلىكىنى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى راھىلىنىڭ كەنجە ئوغلى بۇنيامىننىڭ تۇغۇتىدا ۋاپات بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن[2]. بۇنىڭغا بىنائەن ئايەتتىكى ﴿ئاتا-ئانىسى﴾ دېگەن ئىبارىدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

[1] ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە ھۆرمەت ئۈچۈن ئىنسانغا سەجدە قىلىش جائىز ئىدى، ئەمما بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە جائىز ئەمەس.

[2] «تفسير الطبري» 16ـ توم، 264ـ بەت.

بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى، ھاممىسى ۋە ئون بىر قېرىندىشى ھەممىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئاتىسىغا ﴿ئاتا! مانا بۇ مېنىڭ بۇرۇن كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر﴾ دېدى. (بۇ يەردە، سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان ﴿ئى ئاتا! مەن (چۈشۈمدە) ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم﴾ دېگەن ئايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ). بۇ ھالەت مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە سەجدە قىلغان قۇياش يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا، ئاي يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىغا، ئون بىر يۇلتۇز ئۇنىڭ ئون بىر قېرىندىشىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئاندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. چۈشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن چىقىپ ئەمەلدار بولغانلىقى، ئاتىسى، ھاممىسى، ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىقتىن ئاچارچىلىق بولغان جايدىن بەرىكەتلىك مىسىرغا كېلىپ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا ئىلتىپاتى ۋە چوڭ ئىنئامى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام چوڭ بىر خۇشاللىق بىلەن ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى. بىراق ئۆزىنى قېرىنداشلىرىنىڭ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى. بۇ قېرىنداشلىرىنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدەك، ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالمىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق-سوغۇق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتىسىغا ھېكايە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئۇنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارغا قىلغان يامانلىقىدىن بولغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز شەپقىتى ئۇنىڭ گۇناھكار ئاكىلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىنى شۇنداق ئەسلەپ ئۆتتى، ئۇنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلغانلىقى،

مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالىنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىقىپ مىسىردا كاتتا ئەمەلدار بولغانلىقى قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «ئى رەببىم! ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدىڭ، ماڭا پادىشاھلىقتىن نېسىۋە ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ماڭا سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە سىرلىرىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلدىڭ، ئى ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۈرنەكسىز ياراتقان، ئۇلارغا ئەڭ مۇكەممەل نىزام ۋە سىستېمىلارنى بېكىتكەن ئۇلۇغ رەببىم! سەن مېنىڭ ئىگەمسەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىم سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، ھەقىقەتەن سەن ئاجىزلارنىڭمۇ، كۈچلۈكلەرنىڭمۇ ئىگىسىسەن، سەن ھەممىنى باشقۇر-غۇچىسەن، مېنىڭ جېنىمنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئالغىن، مېنى ئەجدادلىرىم ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ئاتام يەئقۇب قاتارلىق ياخشى بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىغا قوشقىن. چۈنكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن، بەندىلىرىڭگە ناھايىتى مېھرىبانسەن».

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىغا ئايرىم بىر دەلىلدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭغا چۈشنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ چۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان زات-ئاللاھ تائالادۇر.

2. بەزى چۈشلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بىر قانچە ئون يىل كېتىدىغانلىقى ھەقتۇر. چۈنكى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى قىرىق يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان دېيىلىدۇ.

3. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل قىسسە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە پەزل-كەرەمى گەۋدىلەنگەن.

4. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى سوراش ئىبادەتتۇر. دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىشى ئەڭ ياخشىدۇر.

5. دۇنيا مەنپەئەتىنى كىچىك ساناش ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن ئاخىرەت ئىشلىرىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەقىقىي

مۆئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

6. ئاخىرەتتە ياخشىلار بىلەن بىر قاتاردا بولۇشنى تىلەپ دۇئا قىلىش دىنىمىزدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ.

7. ئۆلۈمنى تىلەش ياخشى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا يَتَمَنَّ أَحَدُكُمُ الْمَوْتَ ، وَلَا يَدْعُ بِهِ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَهُ ، إِنَّهُ إِذَا مَاتَ أَحَدُكُمُ انْقَطَعَ عَمَلُهُ ، وَإِنَّهُ لَا يَزِيدُ الْمُؤْمِنَ عُمْرُهُ إِلَّا خَيْرًا» يەنى «سىلەردىن ھېچكىم ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن! ئۆلۈمنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەپ دۇئامۇ قىلمىسۇن! چۈنكى، ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ، مۆئمىن ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ياخشىلىقتىن باشقىسى ئۇزارتالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

8. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿جېنىمنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ئالغىن﴾ دەپ دۇئا قىلغانلىقى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمنى تىلىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇ كەلگۈسىگە ئائىت تىلەكتۇر، يەنى مېنىڭ ئەجىلىم كەلگەن چاغدا، جېنىمنى مۇسۇلمانلىق ھالىتىمدە ئالغىن دېگەنلىكىدۇر. بۇ ھەرقانداق بىر مۆئمىن ئادەمنىڭ ئارزۇسىدۇر.

### ◄ قىسسىنىڭ مەقستى

﴿ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهِ إِلَيۡكَۖ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ
أَجۡمَعُوٓاْ أَمۡرَهُمۡ وَهُمۡ يَمۡكُرُونَ ﴿١٠٢﴾ وَمَآ أَكۡثَرُ ٱلنَّاسِ وَلَوۡ حَرَصۡتَ
بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَمَا تَسۡـَٔلُهُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ
﴿١٠٤﴾ وَكَأَيِّن مِّنۡ ءَايَةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ يَمُرُّونَ عَلَيۡهَا وَهُمۡ
عَنۡهَا مُعۡرِضُونَ ﴿١٠٥﴾ وَمَا يُؤۡمِنُ أَكۡثَرُهُم بِٱللَّهِ إِلَّا وَهُم مُّشۡرِكُونَ
﴿١٠٦﴾ أَفَأَمِنُوٓاْ أَن تَأۡتِيَهُمۡ غَٰشِيَةٞ مِّنۡ عَذَابِ ٱللَّهِ أَوۡ تَأۡتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ
بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿١٠٧﴾ قُلۡ هَٰذِهِۦ سَبِيلِيٓ أَدۡعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِۚ عَلَىٰ
بَصِيرَةٍ أَنَا۠ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِيۖ وَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٠٨﴾
وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰٓۗ

[1] «صحيح مسلم» 4ـتوم، 2065ـ بەت، 2682ـھەدىس.

أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ ۗ وَلَدَارُ ٱلْـَٔاخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٠٩﴾ حَتَّىٰٓ
إِذَا ٱسْتَيْـَٔسَ ٱلرُّسُلُ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُوا۟ جَآءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّىَ
مَن نَّشَآءُ ۖ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ ٱلْقَوْمِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١١٠﴾ لَقَدْ كَانَ فِى
قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ ۗ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ وَلَـٰكِن
تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ
يُؤْمِنُونَ ﴿١١١﴾

### تەرجىمىسى

102-(ئى پەيغەمبەر!) مانا بۇلار غەيب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتىمىز. (يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) ھىيلە-مىكىر بىلەن ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرغاندا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.

103-سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ.

104-سەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايسەن. ئۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن پەقەتلا ۋەز-نەسىھەتتۇر.

105-ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نۇرغۇن دەلىللەر باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

106-ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنگەندىمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ.

107-ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ قورشىغۇچى ئازابلىرىدىن بىر ئازابىنىڭ چۈ-شۈشىدىن ياكى ئۆزلىرى سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلى-شىدىن قورقامدۇ؟

108-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».

109-بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق. (مۇشرىكلار) يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ

ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. سىلەر تېخىچە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

110-ھەتتا پەيغەمبەرلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە يالغانغا چىقىرىلىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغاندا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ.

111-ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى كىتابلار)نى تەستىقلىغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل قىسسە دەپ ئاتىغان بۇ قىسسىنى (يەنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى) بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قىسسىنىڭ ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپات ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا يۇقىرىدا بايان قىلىپ بەرگەن قىسسىلەر رەببىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز سېنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلدۇق. بۇ قىسسىلەرنى سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىن ھېچبىرىڭلار بىلمەيتتىڭلار، ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدىڭلار. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ھەممە بىردەك باش قاتۇرۇپ بىر قارارغا كەلگەن چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. گەرچە ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق ھىيلە-مىكىرنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرىنى بەربات قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا شەرەپنى ئاتا قىلدى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ قىسسىلەر ساڭا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىقلا يېتىپ كەلدى. بۇ قىسسىلەرنى سەن ئاغزاكى رىۋايەتلەردىن

ئاڭلاپ ياكى بىرەر تارىخ كىتابىدىن ئوقۇپ بىلمىدىڭ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۆتمۈشلەردىكى قىسسىلەردىن بىرەرسىنى مۇنداق تەپسىلىي ۋە مۇنداق توپتوغرا بايان قىلىپ بەرگەن بىرەر كىتاب يوق. سەن بۇلارنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىقلا بىلدىڭ. شەكسىزكى، بۇلار سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە كۈچلۈك دەلىلدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا جىمى ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى خالىغان بولسا ئىدى، سېنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ قىسسىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلغان بولاتتى. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭمۇ، قانچىلىك ھېرىسمەن بولساڭمۇ، بەرىبىر ئاللاھ تائالا خالىمىسا، سەن ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلالمايسەن. مۇنداقلارغا قانچىلىك روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرسەتسەڭمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنى بىئارام قىلما، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قايغۇرما. چۈنكى، سەن ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىمان ئېيتقۇزالمايسەن ۋە كىشىلەرنى ئىمانغا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن. سەن ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبرەت ئالىدىغانلار ئىبرەت ئالىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلار نېمە ئۈچۈن ساڭا ئىمان ئېيتمايدىغاندۇ؟ سەن ئۇلارغا قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلدىڭمۇ؟ ياكى سەن ئۇلارغا پادىشاھ بولۇۋېلىشنى تىلىدىڭمۇ؟ سەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدىڭ. بەلكى سەن ئۆزۈڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ئەجرىڭنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈپ، كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدىڭ، يېتەكلىدىڭ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىدىڭ، رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ «قۇرئان كەرىم» پۈتكۈل ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەتتۇر، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر. خالىغان كىشى ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان كىشى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ جازاسىنى بېرىش رەببىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! خۇددى باشقا قىسسىلەرگە ئوخشاش بۇ قىسسىدىمۇ سېنىڭ راستچىللىقىڭغا دالالەت قىلىدىغان ئىشارەتلەر ۋە دەلىل-ئىسپاتلار شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ھەيران قالمىغىن. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئوپئوچۇق

نامايان قىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەر ۋە كائىنات دەلىللىرى ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا شۇنچىلىك كۆپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئىمان ئېيتمايدىغان ئىنسانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە كائىناتتىكى ئىبرەتلىك ئالامەتلەر خۇددى هايۋانلارغا ۋە جانسىز جىسىملارغا تەسىر قىلمىغاندەك ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا بۇنداق كاپىرلار ھەقىقەتتىن ھەمىشە يۈز ئۆرۈيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە ئەقىل كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى كىممۇ ھىدايەت قىلالىسۇن؟!

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن ئايەتلەردىن ۋە كائىنات دەلىللىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئاشۇ ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدۇ، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقان قۇدرەتلىك ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلماي، بۇتلارغا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن: «سىلەرنى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار: «بىزنى ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق تۇرسىمۇ، بەزى ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ھەققىدە تەلىم بېرىپ، ئۇنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن (كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلىنىمىز﴾، يەنى مېنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسىتىم يوق. مەن قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ، تۇتقان

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 25-ئايەت.

يولۇمنىڭ توغرىلىقىنى ئوبدان بىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مەندىن كېيىن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، بىز ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتقا تايىنىمىز، مەن ۋە مېنىڭ يولۇمغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ھېچقانداق بىر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمىز، دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەقىدىمىزدىن، يولىمىزدىن ۋە دەۋىتىمىزدىن ۋاز كېچىدىغانلاردىنمۇ ئەمەسمىز. مال-دۇنيا، شان-شۆھرەت، پەرزەنتلەر، تىجارەتلەر بىزنى يولىمىزدىن توسۇپ قالالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئەۋلادى بولغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇلار پەرىشتە ياكى ئاياللار ئەمەس ئىدى. بىز پەيغەمبەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىپ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان ۋە ئۇلارنى مەخسۇس پەرىشتىلىرىمىز بىلەن، روشەن مۆجىزىلىرىمىز بىلەن كۈچلەندۈرگەن ئىدۇق. سېنىمۇ شۇنداق كۈچلەندۈردۇق.

ئەي قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ئەجەبكى، سىلەر يەر يۈزىدە كېزىپ كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەرخىل ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىنغان ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ ئاقىۋىتىنى تېخىچە بىلمىدىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار پۇل-مال، كۈچ-قۇۋۋەت، ئادەم سانى جەھەتلەردە سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ۋە ئارتۇق قەۋملەر ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ھالاكەت بولسا، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ كېلەچىكى ئىككى دۇنيالىق ئامانلىق، خاتىرجەملىك، بەخت-سائادەتتۇر. ئاخىرەت ھاياتى مەڭگۈلۈكتۇر ۋە ھەقىقىي ھاياتتۇر. سىلەر بۇنى بىلمەمسىلەر؟!

بىز پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىدۇق. بەلكى ئۇلارنى توغرا يولغا قايتىپ قالار، دەپ پۇرسەت بەردۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە قىلىۋاتقان يامانلىقلىرى ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ۋە توغرا يولغا كىرىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، ئۇلارغا ئازابىمىزنى ئەۋەتتۇق. بۇ ئەينى ۋاقىتتا، پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇئمىنلەرگە نۇسرەت،

كاپىرلارغا مەغلۇبىيەت ھەم ھالاكەت ئىدى. مۇئمىنلەرنى قۇتۇلدۇردۇق، كاپىرلارنى بولسا ھەرخىل ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىۋەتتۇق. بۇنداق گۇناھكار قەۋمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياكى ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى.

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە، خۇسۇسەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن قىسسىلەر توقۇلما ياكى ئەپسانە ئەمەس، بەلكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردىكى توغرا قىسسىلەرنى تەستىقلايدىغان ۋە يوشۇرۇلغان ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان قىسسىلەردۇر.

«قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر ناھايىتى گۈزەل ۋە ئىبرەتلىك شەكىلدە بايان قىلىنغان، دىنىنىڭ ئاساسىغا ۋە ئەقىدە ئاساسلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى ۋە رەھمەت بولىدۇ. ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ سۈرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن.

2. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچى بولۇپ، دىنغا دەۋەت قىلىش دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي بولغان ھالدا خالىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەجرى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىنات دەلىللىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتتۇر. بۇنىڭدىن نېسىۋە ئالالمىغانلار غەپلەتتە قالغانلاردۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ۋە قۇدرىتىگە ئىشەنمىگۈچىلەر ياكى ئىبادەتتە ئۇنىڭغا

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 2-ئايەت.

باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغۇچىلار ئىمان ئېيتمىغانلارغا ئوخشاشتۇر.

5. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپى بولۇپ، بۇ مۇئەييەنلەشكەن ھەقىقەتتۇر.

6. پەيغەمبەر پەقەت ئەرلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئاياللاردىن پەيغەمبەر كەلمىگەن دېگەن قاراش كۈچلۈكتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى تارقىتىشتا ۋە كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتە ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى ئوخشاشتۇر.

7. دىنغا سادىق بولۇپ، ئىخلاسمەن بولۇشنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

8. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت بولغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دىنىنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى بار.

9. پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنىڭ كېچىكىپ كېلىشى ئۇلارنى سەۋرچانلىقتا ۋە چىدامچانلىقتا يېتىلدۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بولۇپ، ھەر زامان ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە پەيغەمبەرلەرگە مەنسۇپ بولغان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بار.

10. «قۇرئان كەرىم» ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشنى خالىغانلار ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقىدۇر. ئۇ ھىدايەت سورىغانلار ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەۋزى كەۋسەر شەربىتىدىن ئىمانى مۇستەھكەم بولغان كىشىلەرلا ئىچەلەيدۇ.

# رەئد سۈرىسى

رەئد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 43 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئۇنى مەدىنىدە نازىل بولغان، دەپ قارايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە يۇسۇف سۈرىسىدىكى: ﴿وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ﴿ءَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ﴾ يەنى ﴿كۆپ خىل مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھمۇ؟﴾[2] دېگەن ئايەتتىكى تەۋھىد مەسىلىسى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتكەن مۇكەممەل نىزام ۋە گۈزەل سەنئەتلەرنى نامايان قىلىدىغان بەزى مىساللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقلۇقىنى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، بۇتلاردىن ۋە ھەرقانداق ساختا ئىلاھلاردىن مەدەت ۋە ياردەم سورايدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ ﴿وَيُسَبِّحُ ٱلرَّعْدُ بِحَمْدِهِۦ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِۦ وَيُرْسِلُ ٱلصَّوَٰعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَآءُ وَهُمْ يُجَٰدِلُونَ فِى ٱللَّهِ

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 105ـ ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى: 39ـ ئايەت.

﴿وَهُوَ شَدِيدُ ٱلْمِحَالِ﴾ يەنى ﴿گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھ چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. كاپىرلار ئاللاھ توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن «گۈلدۈرماما» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلرَّعْدُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەقلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِۗ وَٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ ٱلۡحَقُّ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١ ٱللَّهُ ٱلَّذِي رَفَعَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ
كُلّٞ يَجۡرِي لِأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ يُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُم بِلِقَآءِ
رَبِّكُمۡ تُوقِنُونَ ٢ وَهُوَ ٱلَّذِي مَدَّ ٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ
وَأَنۡهَٰرٗاۖ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ جَعَلَ فِيهَا زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِۖ يُغۡشِي ٱلَّيۡلَ
ٱلنَّهَارَۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٣ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ قِطَعٞ
مُّتَجَٰوِرَٰتٞ وَجَنَّٰتٞ مِّنۡ أَعۡنَٰبٖ وَزَرۡعٞ وَنَخِيلٞ صِنۡوَانٞ وَغَيۡرُ
صِنۡوَانٖ يُسۡقَىٰ بِمَآءٖ وَٰحِدٖ وَنُفَضِّلُ بَعۡضَهَا عَلَىٰ بَعۡضٖ فِي ٱلۡأُكُلِۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف. لام. مىيم. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار كىتاب (يەنى قۇرئان)نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (بۇ قۇرئان) ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ.

**2ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى سىلەر كۆرۈۋاتقاندەك تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغان، ئاندىن ئەرشىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن، كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە سەير قىلىدۇ، ئاللاھ مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى رەببىڭلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلي بايان قىلىدۇ.**

**3ـ ئۇ يەر يۈزىنى سوزۇپ كەڭ ياراتقان، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلەردىن ھەربىر تۈرنى ئەركەك-چىشى - ئىككى (جىنسلىق) قىلىپ ياراتقان زاتتۇر، ئۇ كۈندۈزنى كېچە بىلەن يېپىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.**

**4ـ يەر يۈزىدە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قىتئەلەر، ئۈزۈملۈك باغلار، تۈرلۈك زىرائەتلەر، شاخلىغان ۋە شاخلىمىغان خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئەمما ئۇلارنىڭ) بەزىسىنى بەزىسىدىن تەملىك قىلىمىز. شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.**

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ ئايەتلەر تۈزۈلۈشى ئاجايىپ مۆجىزىلىك، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، بايانلىرى ناھايىتى ئوچۇق ئۇلۇغ كىتاب - «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدۇر. بۇ ئايەتلەر شەك-شۈبھىسىز ھەقتۇر ۋە ھەقنى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، ئۇ ھەممە تىلدا مەدھىيەلىنىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغاندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تولىسى نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمەيدۇ؟ ئۇنى ۋەھيى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان زات ئاسمانلارنى سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرشىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن قۇدرەتلىك زات تۇرسا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيدۇ؟

قۇياش، ئاي ۋە يەر شارى قاتارلىق سەييارىلەرگە سەير قىلىش سىستېمىلىرىنى، قۇياشقا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بېرىش، كۆرۈنۈش،

يوشۇرۇنۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى بىكىتكەن زات-ئاللاھ تائالادۇر! ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، بۇلار ۋە بۇلاردىكى ئىنتىزام تا قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈنگە قەدەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق سىستېمىلىق ھالدا داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا كائىناتنى ئۆز ئىرادىسى، خاھىشى ۋە تەدبىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، مۇكەممەل ئىلىم - ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى، كائىناتتىكى ھەرخىل ئالامەتلەرنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت سىلەر بۇ ئايەتلەرنى ۋە ئالامەتلەرنى كۆرۈپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان يۇقىرى ئۇپۇقتىكى كائىنات ئالامەتلىرى بولۇپ، يەر يۈزىدىكى كائىنات ئالا-مەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس. زېمىننى كېڭەيتكەن، ئۇنى ئۈستىگە دەسسەپ ماڭىدىغان قىلغان، ئۇنىڭغا ئېگىز تاغلارنى بېكىتكەن، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغىرىپ تۇرغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ﴿أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ مِهَٰدٗا ۞ وَٱلۡجِبَالَ أَوۡتَادٗا ۞ وَخَلَقۡنَٰكُمۡ أَزۡوَٰجٗا﴾ يەنى ﴿بىز زېمىننى سېلىنچا قىلمىدۇقمۇ؟ (زېمىن تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ بىز سىلەرنى ئەر-ئايال قىلىپ ياراتمىدۇقمۇ؟﴾[1]. زېمىننىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان ھالەتتە كەڭ يارىتىلغانلىقى ئۇنىڭ شار شەكىللىك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى ئىلمىي ھەقىقەت.

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر ئۆسۈملۈكنى ئەركەك-چىشى قىلىپ جۈپ ياراتقان. ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم -پەن بۇنى ئىسپاتلىدى. ھەرقانداق گۈل-چېچەك، دەل-دەرەخ، زىرائەت چاڭلىنىش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ چاڭلىنىشى شامال ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق نەرسىنى ئەنە شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلىك ياراتقان. كېچە كۈندۈزنى ۋە كۈندۈز كېچىنى ياپىدۇ، يەنى كېچە ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن

---

[1] نەبەئ سۈرىسى: 6-8-ئايەتلەر.

كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى، كۈندۈز ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يۆگەيدۇ.

زېمىننى كەڭ ۋە ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ھالەتتە ياراتتىش، تاغلارنى زېمىننىڭ ئۈستىگە قوزۇق قىلىپ ئورنىتىش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتىش، كېچە بىلەن كۈندۈز ئىككىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىبرەت ئالىدىغان ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ چۈشىنەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار.

يەر يۈزىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلغان، بىر خىل تۇپراقتا ئۆسكەن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مېۋىسى ھەر تۈرلۈك بولىدۇ، بەزىسى تاتلىق، بەزىسى ئاچچىق ۋە بەزىسى چۈچۈمەل بولۇپ چىقىدۇ، ھەتتا شەكلى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى جەھەتتە ھەرخىل بولىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق باغلار باركى، بۇ خورما دەرەخلىرىنىڭ بەزىسى شاخلاپ بىر قانچە شاختىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، بەزىسى شاخلىماي ئۆزىنىڭ شۇ بىرلا شېخىدا مېۋە بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىگە، گۈزەل سەنئىتىگە ۋە ماھىرلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن سانالمامدۇ؟

دۇنيادا شۇنداق باغلار باركى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن، سۈيى بىر، چېچىلغان ئۇرۇقى بىر، تېرىلىش ئۇسۇلى بىر، ھەممە ئىشتا ئوخشاش تۇرۇپ، بەرگەن مېۋىسىنىڭ بەزىسى تاتلىق، بەزىسى ئاچچىق، بەزىسى تەملىك، بەزىسى تەمسىز، بەزىسى كىچىك، بەزىسى چوڭ، بەزىسى پارقىراپ تۇرىدىغان رەڭلىك، بەزىسى رەڭسىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىشقا يەتمەمدۇ؟ دۇنيانىڭ ئىشلىرى خۇددى بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر ئائىلىگە ئوخشاش نىزام بىلەن ماڭىدىغان، ھەتتا بۇ ئىككىسىدىنمۇ مۇرەككەپ تۇرسا، مۇشۇنچە كاتتا كائىنات بىرەر باشقۇرغۇچىسىز ئۆزلۈكىدىن ئىدارە قىلىنىپ تۇرالامدۇ؟ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، توغرا يەكۈن چىقىرالايدىغان، قەلب كۆزى ئويغاق، ئەقلى ساغلام بولغان ئىنسانلار ئۈچۈن بۇلاردا ياراتقۇچىنى تونۇشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر، ئىبرەتلەر ۋە ئىشارەتلەر بار.

ئاللاھ تائالاغا مىڭ شۈكرىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم-پەن سايىسىدا، تەبىئەت ئالىملىرى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ئىنچىكە ۋە پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نىزاملار ھەققىدە ئىزدىنىپ، شۇنداق

يەكۈنلىدىكى، كائىناتنىڭ ھازىرقى نىزامىدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولىدىغان بولسا، پۈتۈن ئالەم بىر دەمدىلا ھالاك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى بىكىتكەن مۇكەممەل نىزام ئارقىلىق كائىناتنى ئەنە شۇنداق تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بىرەردىن ئالامەت بولۇشقا يارىمامدۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەھيى ھەقتۇر، ئۇ پەقەت پەيغەمبەرلەرگىلا كېلىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر.

3. كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتتۇر.

4. كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنى ئىدارە قىلغۇچى زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرى

﴿وَإِن تَعۡجَبۡ فَعَجَبٞ قَوۡلُهُمۡ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا أَءِنَّا لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدٍۗ
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَغۡلَٰلُ فِيٓ أَعۡنَاقِهِمۡۖ
وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٥ وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ
بِٱلسَّيِّئَةِ قَبۡلَ ٱلۡحَسَنَةِ وَقَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِمُ ٱلۡمَثُلَٰتُۗ وَإِنَّ رَبَّكَ
لَذُو مَغۡفِرَةٖ لِّلنَّاسِ عَلَىٰ ظُلۡمِهِمۡۖ وَإِنَّ رَبَّكَ لَشَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٦
وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦٓۗ إِنَّمَآ أَنتَ
مُنذِرٞۖ وَلِكُلِّ قَوۡمٍ هَادٍ ٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

5-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، كاپىرلارنىڭ: «بىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن يارىتىلامدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىكتۇر. ئەنە شۇلار رەببىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، ئەنە

شۇلار (قىيامەت كۈنى) بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

6-ئۇلار سەندىن ياخشىلىقتىن ئىلگىرى يامانلىقنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ) تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلاردىن ئىلگىرى (ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنكارچى قەۋملەرگە) كۆپلىگەن ئازابلار كەلگەن ئىدى (ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇلاردىن ئىبرەت ئالمايدۇ؟). ئىنسانلار يولسىزلىق قىلسىمۇ، (تەۋبە قىلسىلا) رەببىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن مەغپىرەت ئىگىسىدۇر. (تەۋبە قىلمىسا) رەببىڭنىڭ ئازابى تولىمۇ قاتتىقتۇر.

7-كاپىرلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ھەربىر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەتكە چاقىرغۇچىسى بولىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىغا سېنىڭ ئەجەبلىنىۋاتقانلىقىڭ راست. چۈنكى، بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. ئەمما ئەڭ ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش دەل ئۇلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىدۇر. ئاسماننى ئۈستۈنمىزدە تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغان، قۇياش بىلەن ئاينى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ سەير قىلىش سىستېمىلىرىنى ۋە ئىنتىزامىنى بېكىتكەن ۋە كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان زات ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ ھەرگىز ئاجىز كەلمەيدۇ. بەلكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن يوقنى بار قىلىشقا نىسبەتەن تولىمۇ ئاساندۇر.

كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئەمەلىيەتتىن يىراق ساناپ، «بىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تىرىلەمدۇق؟» دېيىشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. مۇنداقلار زالالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئازغۇنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ جازاسى يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئوتىدۇر. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىپ قىزىتىلغان دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدۇ. ﴿إِذِ ٱلۡأَغۡلَٰلُ فِيٓ أَعۡنَٰقِهِمۡ وَٱلسَّلَٰسِلُ يُسۡحَبُونَ ٧١ فِي ٱلۡحَمِيمِ ثُمَّ فِي ٱلنَّارِ يُسۡجَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ. ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ

كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾[1]. ئۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا خالىغان ۋاقىتقا قەدەر دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار كۇفرى ـ زالالەتتىن ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ، سەن ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىگە ئالدىرايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بۇنى سېنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: ﴿ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن﴾[2] دېگەنلەرمۇ بار.

ئۇلار ئازابنىڭ كېلىشىگە ئالدىرايدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىنمۇ شۇنداق ئازابقا ئالدىرىغانلار بولغان ۋە ئازاب بىلەن ھالاك قىلىنغان ئىدى. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلسىمۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە پېتىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىباندۇر، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ يامانلىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سەمىمىي تەۋبە قىلىپ يامانلىقتىن قول ئۈزگەنلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆز پەزلىدىن ئۈستىگە ئالغان. ئەمما گۇناھ ـ مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارغا، يامانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلمىغان، ھەقىقەتكە قايتمىغان ۋە تەۋبە قىلمىغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان جازاسى راستتىنلا قاتتىق بولىدۇ. ﴿وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا﴾ يەنى ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر﴾[3]. ﴿وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ﴾ يەنى ﴿سېنىڭ رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[4].

كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار: ﴿نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟﴾ دېيىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تا قىيامەتكىچە دائىملىق مەڭگۈلۈك مۆجىزە ۋە كەسكىن ھۆججەت قىلىپ نازىل قىلغانلىقى ئۇلارغا يەتمەمدۇ؟ بۇ

---

[1] غافىر سۈرىسى: 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەنفال سۈرىسى: 32 ـ ئايەت.
[3] شۇرا سۈرىسى: 40 ـ ئايەت.
[4] فۇسسىلەت سۈرىسى: 46 ـ ئايەت.

كىتاب مۆجىزە بولۇشقا كۇپايە قىلمامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دىننى يەتكۈزگۈچى، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ كىشىلەرگە دىننى يەتكۈزۈشتۇر. سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىئارام بولمىغىن. چۈنكى، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار ئەمەسسەن.

كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسىگە كۇپايە قىلماستىن، باشقا مۆجىزىلەرنى، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرگە ئوخشايدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىشىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، مۆجىزىنىڭ ھەربىر قەۋمنىڭ شارائىتىغا ۋە زامانىغا قاراپ بېرىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەربىر پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدە تونۇلۇپ ئۇچىغا چىققان پەن ياكى ماھارەتنى بېسىپ چۈشىدىغان مۆجىزە بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەنىدە دېيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ئەرەبلەرگە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك بىر مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلىپ ئۇلاردا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەدەبىياتنى بېسىپ چۈشتۈڭ، ئۇلارنىڭ بارچە ئەدەبىي ماھارەتلىرىنى يېڭىپ چۈشتۈڭ ۋە ئۇلارنى ئاجىز قالدۇردۇڭ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولۇشى ھەقتۇر. ئۇ كۈندە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ.

2. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغانلار ياراتقۇچىنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈشتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى

﴿ٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَحۡمِلُ كُلُّ أُنثَىٰ وَمَا تَغِيضُ ٱلۡأَرۡحَامُ وَمَا تَزۡدَادُۚ وَكُلُّ
شَيۡءٍ عِندَهُۥ بِمِقۡدَارٍ ٨ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡكَبِيرُ ٱلۡمُتَعَالِ
٩ سَوَآءٞ مِّنكُم مَّنۡ أَسَرَّ ٱلۡقَوۡلَ وَمَن جَهَرَ بِهِۦ وَمَنۡ هُوَ مُسۡتَخۡفِۭ

بِٱلَّيۡلِ وَسَارِبُۢ بِٱلنَّهَارِ ﴿١٠﴾ لَهُۥ مُعَقِّبَٰتٞ مِّنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦ
يَحۡفَظُونَهُۥ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا
بِأَنفُسِهِمۡۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوۡمٖ سُوٓءٗا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥۚ وَمَا لَهُم مِّن
دُونِهِۦ مِن وَالٍ ﴿١١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

8-ھەربىر چىشىنىڭ نېمىگە ھامىلىدار بولغانلىقىنى، بالىياتقۇلارنىڭ نېمىنى كېمەيتىپ نېمىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ھامىلىنىڭ مۇددىتى توشماي ياكى مۇددىتى ئېشىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.

9-ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

10-سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (ئاللاھنىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن) ئوخشاشتۇر.

11-ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار. شەكسىزكى، ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئاللاھ قانداقلا بىر قەۋمگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ھېچقانداق قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگىمۇ چىقمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ھەرقانداق چىشىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ، يەنى تۆرەلمە ئوغۇلمۇ-قىزمۇ، بىرمۇ-كېزەكمۇ، چىرايلىقمۇ-كۆرۈمسىزمۇ، بەختلىكمۇ-بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ-قىسقىمۇ، ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. تۆرەلمىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكا ئارقىلىق بىلگىلى بولغان بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسپېرما ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈلۈشتىن بۇرۇنلا بىلىدۇ.

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى،

ئاشكارا-يوشۇرۇن، هازىر ۋە كېلەچەكتە بولىدىغان ھەممە ئىشنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاشكارىنى، يوشۇرۇننى، كۆرۈنگەننى ۋە كۆرۈنمىگەننى ئېنىق بىلگەن ئىكەن، ئىنسانلار قانداقلا بىر سۆزنى ئاشكارا ئېيتسۇن ياكى كۆڭلىدە ئۆزىگە ئۆزى ئېيتسۇن، قانداقلا بىر ئىشنى ئاشكارا قىلسۇن ياكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ مەخپىي قىلسۇن، ھەممىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئېيتقاندا رەستىدە ئاشكارا جىنايەت سادىر قىلغان بىلەن قاراڭغۇ كېچىدە مەخپىي ھالدا قىلغانلىقنىڭ پەرقى يوق. بۇنىڭدىن باشقا، ھەركىمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنى، گەپ-سۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان مەخسۇس كۆزەتچى پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ۋە گەپ-سۆزلىرىنى بىر-بىرلەپ تەپسىلىي يېزىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغان ئىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى يېزىشىغا نېمە ھاجەت بار؟

توغرا، ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇننى بىلىپ تۇرۇشى يېتەرلىك. ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇشى قىيامەت كۈنىدە ھەربىر ئىنساننىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى قىلغانلىرىغا ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەردىن باشقا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ خېيىم-خەتەرلىرىدىن قوغداپ تۇرىدىغان مەخسۇس قوغدىغۇچى پەرىشتىلەرمۇ بار. ئۇلار ئىنسانلارنى تۈرلۈك خەتەرلەردىن قوغدىغاندەك، ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان يامانلىقلاردىنمۇ ساقلايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ناشۈكۈرلۈك قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمۈش، بىر-بىرىگە يولسىزلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئىنئاملىرىدىن مەھرۇم بولىدىغان ھالغا كېلىپ قالمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئىنئاملىرىنى ئۇلاردىن ئايىمايدۇ. ئىنسانلار ئىمان، ئىنساپ، ئادالەت، ئىستىقامەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇ-رىدىكەن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن مەخسۇس پەرىشتىلەر قوغداپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر مىللەتكە ئاتا قىلغان ئەزىزلىكنى، مۇستەقىللىقنى

ۋە ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى سەۋەبسىزلا ئۇلاردىن ئېلىۋالمايدۇ. پەقەت ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىنلا بۇ نېمەتلەرنى ئۇلاردىن تارتىپ ئېلىش ئارقىلىق بۇ نېمەتلەردىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىدۇ.

تارىخ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىماقتا، ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى بىر زامانلاردا ناھايىتى ئەزىز قىلغان، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردىن ئۇلارغا تەڭداشسىز نوپۇزلارنى ئاتا قىلغان. ھەتتا ئۇلار ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. لېكىن مۇسۇلمانلار ئىسلام روھىدىن يىراقلىشىش، خۇراپاتلىقنى دىن دەۋېلىش، ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش روھىدىن ياتلىشىپ كېتىش، ئىسلام ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ھەركىم ئۆز مەنپەئەتى بىلەنلا بولۇپ كېتىش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۈگۈنكىدەك خار ۋە زەبۇن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئىشلىگەنلەر چىشلەيدىغان مەيداندۇر.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ مۇستەملىكىگە قېلىش، نامراتلىق، كېسەللىك، ئاجىزلىق ۋە خورلۇققا مەھكۇم بولۇش قاتارلىق بەختسىزلىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمۡ يَكُ مُغَيِّرٗا نِّعۡمَةً أَنۡعَمَهَا عَلَىٰ قَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡ﴾ يەنى ﴿بۇ (ئازابنىڭ چۈشۈشى) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قورساقتىكى بالىنىڭ ئەھۋالىنى، رەڭگىنى، بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىنى، بىجىرىم ياكى ئەمەسلىكىنى، ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى، ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئالدىن بىلىدۇ.

2. غەيبلەرنى بىلىش ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولۇپ، كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقلىقىگە ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۈچ چوڭ

[1] ئەنفال سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئاساسىدۇر.

4. كىشىلەرنى ئىماندىن مەھرۇم قىلىدىغان خەتەرلىك ئىللەتلەرنىڭ ئاساسلىقى تەقلىدچىلىك بىلەن كىبىردۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئىلمى مولدۇر.

6. قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى

﴿هُوَ ٱلَّذِي يُرِيكُمُ ٱلۡبَرۡقَ خَوۡفٗا وَطَمَعٗا وَيُنشِئُ ٱلسَّحَابَ ٱلثِّقَالَ
١٢ وَيُسَبِّحُ ٱلرَّعۡدُ بِحَمۡدِهِۦ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ مِنۡ خِيفَتِهِۦ وَيُرۡسِلُ
ٱلصَّوَٰعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَآءُ وَهُمۡ يُجَٰدِلُونَ فِي ٱللَّهِ وَهُوَ
شَدِيدُ ٱلۡمِحَالِ ١٣ لَهُۥ دَعۡوَةُ ٱلۡحَقِّۖ وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا
يَسۡتَجِيبُونَ لَهُم بِشَيۡءٍ إِلَّا كَبَٰسِطِ كَفَّيۡهِ إِلَى ٱلۡمَآءِ لِيَبۡلُغَ فَاهُ وَمَا
هُوَ بِبَٰلِغِهِۦۚ وَمَا دُعَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٖ ١٤ وَلِلَّهِ يَسۡجُدُ مَن
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ طَوۡعٗا وَكَرۡهٗا وَظِلَٰلُهُم بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ۩
١٥ قُلۡ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ قُلِ ٱللَّهُۚ قُلۡ أَفَٱتَّخَذۡتُم مِّن
دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ لَا يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ نَفۡعٗا وَلَا ضَرّٗاۚ قُلۡ هَلۡ يَسۡتَوِي
ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ أَمۡ هَلۡ تَسۡتَوِي ٱلظُّلُمَٰتُ وَٱلنُّورُۗ أَمۡ جَعَلُواْ لِلَّهِ
شُرَكَآءَ خَلَقُواْ كَخَلۡقِهِۦ فَتَشَٰبَهَ ٱلۡخَلۡقُ عَلَيۡهِمۡۚ قُلِ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ
شَيۡءٖ وَهُوَ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّٰرُ ١٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

12ـئاللاھ قورقۇتۇش ۋە ئۈمىد بېرىش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدىغان ۋە قويۇق ئېغىر بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدىغان زاتتۇر!

13ـگۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، كاپىرلار ئاللاھ توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىۋاتقاندا ئاللاھ چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى

ھالاك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

14ـ ھەقىقىي دۇئا ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسىغا يالۋۇرغانلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ. ئۇلار ئاغزىمغا سۇ يەتسۇن دەپ ئىككى ئالىقىنىنى (يىراقتىن) سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرغان ئادەمگىلا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، سۇ (ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان نەرسە بولغاچقا) ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا يەتمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ (مەبۇدلىرىغا قىلغان) دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر.

15ـ ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (بەزىسى) ئىختىيارىي ۋە (بەزىسى) مەجبۇرىي يوسۇندا ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ.

16ـ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن) «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ رەببى كىم؟» دەپ سورىغىن ۋە «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بەرگىن. (يەنە ئۇلارغا) «(شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىغا ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلارمۇ؟» دېگىن. «كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇر باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ياكى (ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى) ئاللاھ ياراتقانغا ئوخشاش يارىتالايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قېلىپ، (ئۇ مەبۇدلىرىنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇ بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر».

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىككى چوڭ بۇلۇتنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان چاقماقنى سىلەرگە كۆرسىتىدىغان زاتتۇر. يامغۇرغا ھاجىتى بولۇۋاتقانلارنى خۇش قىلىش، سەپەر ئۈستىدە بولغان ياكى ئاشلىق ۋە دانلىرى سىرتتا قالغانلىقتىن ھول بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يامغۇرنىڭ ئەلچىسى بولغان چاقماقنى ئەۋەتىدىغان زاتمۇ ئاللاھ تائالادۇر. ئېغىر سۇنى كۆتۈرگەن قويۇق بۇلۇتلارنى ئاسماندا پەيدا قىلىدىغان زاتمۇ ئاللاھ تائالادۇر. چاقماق ئۆز ھالى بىلەن ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى

مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى سەزمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇ-چىدۇر﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقماقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا: «اللَّهُمَّ لَا تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ ، وَلَا تُهْلِكْنَا بِعَذَابِكَ ، وَعَافِنَا قَبْلَ ذَلِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىزنى غەزىپىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن ۋە بىزنى ئامان قىلغىن»[2] دەپ دۇئا قىلاتتى.

پەرىشتىلەرنىڭ تەسبىھ ئېيتىشى ئاللاھ تائالانىڭ بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى مەدھىيىلەش، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋايىغا يەتكەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن بولىدۇ. ئى ئادەم بالىسى! ئاسمان ۋە زېمىندىكى جانلىق-جانسىز بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ ھەيۋىتىدىن ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىپ، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلەپ ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئۆز تىلى بىلەن مەدھىيىلەيدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان تۇرسا، سەن ماددا ۋە روھتىن تەركىب تاپقان بىر جانلىق تۇرۇپ، ئەقىل-ئىدراكقا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىمايسەن؟!

ئاللاھ تائالا بەزىدە كۆيدۈرگۈچى چاقماقنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ھالاك قىلماقچى بولغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى شۇنداق قاتتىق ۋە دەھشەتلىك تۇرسىمۇ، كاپىرلار يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقى ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ راستلىقى توغرۇلۇق دەتالاش قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇنى بىلسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ياكى ئۈستىدىن قاتتىق ئازابلارنى ئەۋەتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا ھىيلە-مىكىر قىلغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ پىلانلىغان ھىيلە-مىكىرلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك تەدبىر بىلەن جازالىغۇچىدۇر. ﴿فَانْظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ مَكْرِهِمْ أَنَّا دَمَّرْنَاهُمْ وَقَوْمَهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن، شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق﴾[3].

چىن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشقا، پۈتۈن ھاجەتلىرىنى تىلەشكە ۋە

[1] ئىسرا سۈرىسى: 44-ئايەت.

[2] «مسند الإمام أحمد» 10-توم، 47-بەت، 5763 -ھەدىس.

[3] نەمل سۈرىسى: 51-ئايەت.

ئىبادەتنى خالىس قىلىشقا ئاللاھ تائالادىن لايىق بىرى يوقتۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئەقىدە قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغان، تىلەكلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر، ئۇ ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن ئۈستۈن يېگانە ياراتقۇچىدۇر. دۇنيادىكى ساختا مەبۇدلار چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئەخمەقلەرنىڭ «مەبۇدلىرىمىز» دەپ ئېتىقاد قىلغان نەرسىلىرى ئەسلىدە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ئاجىز نەرسىلەردۇر. كاپىرلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىغا قىلغان دۇئالىرى، تىلەكلىرى ۋە قىلغان ئەقىدىلىرى ئۇپئۇچۇق ئازغۇنلۇقتۇر ھەم پۈتۈنلەي بىكاردۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿لَهُۥ دَعۡوَةُ ٱلۡحَقِّۚ وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسۡتَجِيبُونَ لَهُم بِشَيۡءٍ إِلَّا كَبَٰسِطِ كَفَّيۡهِ إِلَى ٱلۡمَآءِ لِيَبۡلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَٰلِغِهِۦۚ وَمَا دُعَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿دَعۡوَةُ ٱلۡحَقِّۚ﴾ دېگەن قىسمىغا «ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن ئىمان كەلىمىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن تەۋھىد دەۋىتى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، يەنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئېتىقاد قىلىنمايدۇ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ ۋە ئىلتىجا قىلىنمايدۇ. مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان ساختا مەبۇدلارنىڭ ھېچبىر دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇ ساختا مەبۇدلارغا چۇقۇنغۇچىلار خۇددى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن سۇغا قولىنى ئۇزاتقان بولسىمۇ، سۇ ئاغزىغا يەتمىگەن ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. كاپىرلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئىنسان ۋە جىنلاردىن مۆئمىن بولغانلىرى ۋە جىمى پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ھالدا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ باش ئېگىدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. شۇنداقلا ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان كاپىرلار مەجبۇرىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ، ئاسمان-زېمىندىكى ئىنسان ۋە جىندىن باشقا جانلىق-جانسىز ھەممە مەخلۇقات، ھەتتا قاتتىق جىسىملارمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ ماختايدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. كاپىر ئىنسان ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما

بۇ كاپىر ئىنسان «مەن ئاللاھقا مەجبۇرىي ھالدىمۇ بويسۇنمايمەن» دېيەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ شۇنداق دېسە چوقۇم يالغان ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كېسەلنى سالسا، مەن كېسەل بولمايمەن دېيەلەمدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولسا، مەن بۇ جاننى بەرمەيمەن دېيەلەمدۇ؟ ياق، دېيەلمەيدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداقتۇر، مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنىدۇ، كاپىر ئادەم ئاللاھ تائالاغا مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ.

دېمەك، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئىنسان، جىن، ھايۋان، پەرىشتە، قاتتىق جىسىم، ئۇسۇملۇك قاتارلىق بارلىق مەۋجۇدات ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغان بولۇپ، ئەتە-كەچ ۋە ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. خۇددى قوياشنىڭ ئۆز ئوقىدا سىستېمىلىق ھالدا ئايلىنىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن رەببىڭلار كىم دەپ سوراشقا، ئاندىن يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ «ئاللاھتۇر» دېيىشكە بۇيرۇلغان. چۈنكى، مۇشرىكلارمۇ شۇ جاۋابنىڭ ئۆزىنى بېرەتتى. ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئۇلارنى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك قىلىۋالامسىلەر؟ قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى قويۇپ ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز مەخلۇقاتقا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن قەلب كۆزى كور بولغان ئادەم بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان، قەلب كۆزى ئوچۇق ئادەم ئوخشاش بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇقلار بىلەن يورۇقلۇق (نۇر) ئوخشاش بولامدۇ؟ تەبىئىيكى، قاراڭغۇلۇقلار ھەر خىل ئازغۇنلۇق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ «قاراڭغۇلۇقلار» (ظلمات)

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 9-ئايەت.

دەپ كۆپلۈك شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن. ئەمما «يورۇقلۇق» (نۇر) ھىدايەتنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ بىرلىك شەكلىدە كەلگەن. چۈنكى، نۇر ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەقىقەت بىر بولىدۇ. ئەمما باتىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قاراڭغۇلۇقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ھەربىر ئازغۇنلۇق بىر قاراڭغۇلۇقتۇر.

ياكى بۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش مەخلۇقاتنى يارىتالايدۇ دەۋالغانلىقتىن، ئۇ مەبۇدلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى بىلەن مەبۇدلىرىمىز ياراتقان دەۋالغان نەرسىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى بىر يۇرۇش ساختا ئىلاھلار بولۇپ، ئۇلار ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار چوقۇنغان بۇتلارنىڭ ۋە باشقا بارلىق ساختا ئىلاھلارنىڭ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغانلىقىنى ۋە قو-لىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەقلى بار ئادەم بۇ ھەقىقەتنى چوقۇم كۆرەلەيدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچى يوقلۇقى مۇئەييەنلەشكەن ھەقىقەتتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نېمەتلەر پەقەت گۇناھ-مەئسىيەت ۋە ناشۈكۈرلۈك بىلەن قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئەمما شۈكۈر ۋە قانائەت بىلەن نېمەت زىيادىلىشىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ.

2. دۇئا ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قىلىنغان دۇئا پايدىسىزدۇر.

3. كاپىرلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىغا قىلغان دۇئاسى ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

4. مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ. چۈنكى، ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

5.شېرىك ئەقىدىسى ھەقىقەتتىن ئاساسى بولمىغان باتىل ئەقىدىدۇر.

6. ئىبادەت بىرلا ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدۇ.

## ◄ ھەقىقەت ۋە باتىل ھەققىدە مىساللار

﴿أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَالَتۡ أَوۡدِيَةُۢ بِقَدَرِهَا فَٱحۡتَمَلَ ٱلسَّيۡلُ
زَبَدٗا رَّابِيٗاۖ وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيۡهِ فِي ٱلنَّارِ ٱبۡتِغَآءَ حِلۡيَةٍ أَوۡ مَتَٰعٖ
زَبَدٞ مِّثۡلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ وَٱلۡبَٰطِلَۚ فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذۡهَبُ
جُفَآءٗۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمۡكُثُ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ
ٱلۡأَمۡثَالَ ١٧ لِلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ وَٱلَّذِينَ لَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ
لَهُۥ لَوۡ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفۡتَدَوۡاْ بِهِۦٓۚ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ سُوٓءُ ٱلۡحِسَابِ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ١٨ ۞
أَفَمَن يَعۡلَمُ أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ ٱلۡحَقُّ كَمَنۡ هُوَ أَعۡمَىٰٓۚ إِنَّمَا
يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17ـ ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى ـ دە، يامغۇر جىلغىلاردا لىقمۇلىق ئاقتى. كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى. كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكى بار. ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلغا مۇشۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ. كۆپۈك پارچىلىنىپ يوقىلىدۇ، ئەمما ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

18ـ رەببىنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلغانلار ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل مۇكاپات بار. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارغا كەلسەك، ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭ بىر ھەسسىسى ئۇلارنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى. ھېسابنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئەنە شۇلارغا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!

19ـ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ئۇنى بىلمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا نەسىھەت ئالىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى بولغان ئۇلۇغ كىتاب – «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىگە قاراپ ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغانلىقىنى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چۈشىدىغان يامغۇرغا ئوخشاتقان. خۇددى سۇسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، قۇرئانسىز ئىماننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. يامغۇر ئىنسان، ھايۋان ۋە جىمى جانلىقلار ئۈچۈن ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر سۇسىز ئۆسمەيدۇ. جانلىقلار سۇسىز ياشىيالمايدۇ. سۇ بارچە ياخشىلىقنىڭ ۋە كەڭ رىزىقنىڭ مەنبەسى بولغاندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ بارچە ياخشىلىقنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەسىدۇر. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتە يامغۇرغا ئوخشايدۇ.

باتىلنىڭ تېزلا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە پايدىسىزلىقى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدىغان كۆپۈككە ۋە ئوت بىلەن ئېرىتىلگەن ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولۇپ دەرھال يوقىلىپ كېتىدىغان كۆپۈككە ئوخشىتىلغان. چۈنكى، كۆپۈك بىر جايدا مۇقىم تۇرمايدىغان ۋە ناھايىتى تېز يوقىلىدىغان نەرسىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئېسىل مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ چۈشەندۈردى. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان بۇنداق مىساللار ئەقىللىق كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە، باتىلدىن ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

باتىل ھەرقاچان مەغلۇپ بولىدۇ. خۇددى سۇنىڭ ئۈستىدە ۋاقىتلىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ لەيلەپ تۇرغان كۆپۈك بىر ئازدىن كېيىنلا يوق بولۇپ كەتكەندەك، باتىلمۇ ۋاقىتلىق دەۋر سۈرگەن بىلەن ناھايىتى تېزلا يوقىلىدۇ. ئەمما ھەقىقەت مەڭگۈلۈك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، خۇددى مۇنبەت يەرگە ياغقان يامغۇردەك ئۇ يەردىن گۈل-گۈلىستانلارنى ياشارتىدۇ ۋە ئىنسانلارغا، شۇنداقلا جىمى مەۋجۇداتقا پايدا يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»مۇ بارلىق باتىل ئەقىدىلەر ئۈستىدىن، خۇسۇسەن ئەرەب بۇددىستلىرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ،

ئۆزىنىڭ روشەن نۇرىنى چاچتى ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنى ئىسپاتلىدى. ھەقىقەت ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

توغرا يولنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ يېتەكچىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» شۇنداق پايدىلىق بىر ئىلاھىي دەستۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرگەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ ۋە مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۆتمۈشلەردە مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ سايىسىدا قەد كۆتۈرگەن ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ھازىرقى ياۋروپا دۆلەتلىرى زامانىمىزدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدىنمۇ نامرات، قالاق ۋە جېدەلخور ئىدى. ئۇلارنى ھازىرقى سەۋىيەگە ئېلىپ چىققان ئىلىم-پەننىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دىكى مەكتەپ-مەدرىسلەردە پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئىلىم-مەرىپەتكە ئىگە بولغان ۋە ياۋروپاغا مۇشۇ جايدىن ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تارقالغان.

ئەپسۇسكى، ھازىرقى ياۋروپا خەلقى ئىچىدە راستچىللىق، دۇرۇسلۇق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش قاتارلىق ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئىش كۆرىدىغانلار كۆپ. ئەمما ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى تامامەن بۇرۇنقىلىرىنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلاردا ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق، يالغانچىلىق قاتارلىق ناچار ئەخلاقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇنداق مىساللارنى بېرىدۇ. ۋەز-نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بۇ ئىماننى نامايان قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى راستتىنلا خەيرلىك بولىدۇ. شۇنچىلىك تەسىرلىك تەسۋىرلەر ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردىن كېيىنمۇ يەنە ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ياراتقان رەببىنى تونۇمىغانلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى كۈتىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ھېساب بېرىشى تولىمۇ قىيىن، ئازابى قاتتىق، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ.

خۇددى ساپ مەدەن بىلەن ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۈزۈك سۇغا ئوخشايدىغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، قەلب كۆزى ئوچۇق، ۋىجدانى ئويغاق، ئەقلى جايىدا بولغان ئادەم بىلەن قەلب كۆزى كور، ۋىجدانى ئۆلۈك،

ئەقلى كەم ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ ياق! ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ. بۇ ئوخشىتىشلاردىن پەقەت ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەملەرلا مەنپەئەت ئالالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەقىل ئىگىلىرى كىملەر؟ ئۇلار كېيىنكى ئايەتلەردە بايان قىلىنىدىغان مۆئمىنلەردۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كېچىكىپ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، باتىلنىڭ بەربىر يوقىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

2. پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىمانغا كەلگەنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتكە كىرگۈزۈش توغرۇلۇق ۋەدىسى بار.

3. ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى بىلەن جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر.

### ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿ٱلَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ وَلَا يَنقُضُونَ ٱلۡمِيثَٰقَ ﴿٢٠﴾ وَٱلَّذِينَ
يَصِلُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ وَيَخَافُونَ سُوٓءَ
ٱلۡحِسَابِ ﴿٢١﴾ وَٱلَّذِينَ صَبَرُواْ ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ رَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ سِرّٗا وَعَلَانِيَةٗ وَيَدۡرَءُونَ بِٱلۡحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٢﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا وَمَن صَلَحَ
مِنۡ ءَابَآئِهِمۡ وَأَزۡوَٰجِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَدۡخُلُونَ عَلَيۡهِم مِّن
كُلِّ بَابٖ ﴿٢٣﴾ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

20-ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ[1]، (بەرگەن) ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ،

21-ئۇلار ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى

[1] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 27-ئايىتىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتە-سىنى) ئۇلايدۇ، رەببىدىن ئەيمىنىدۇ ۋە قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ.

22-ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (تائەت-ئىبادەتتە) چىداملىق بولغان، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغان ۋە ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق يامانلىقنى تۇسىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ.

23-24- (ياخشى ئاقىۋەت) دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى، جۈپتلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى سالىھلارمۇ ئۇ جەننەتلەرگە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر (جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، (ئۇلارغا): «چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن ۋە كەلتۈرگەن مىساللىرىدىن پەقەت قەلبى ئويغاق مۆئمىنلەرلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ. چۈنكى، مۆئمىنلەر ئەقىللىق كىشىلەردۇر. ئەپسۇسكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر قايسىبىر يوللار بىلەن بولسۇن، كۆپ پۇل تاپقان، باي بولغان ئادەملەرنى ئەقىللىق ئادەملەر، دەپ سانايدۇ. ئەمما باتىلدىن تامامەن خالىي بولغان ۋە ھەقىقەتنىلا سۆزلەيدىغان «قۇرئان كەرىم» ئۇنداق سانىمايدۇ، ئەقىللىق كىشىلەرنى تۆۋەندىكى سەككىز سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدۇ:

1. ﴿ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ (بەرگەن) ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ﴾، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەتتە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ. ئۇلار مەيلى ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى (ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدە بولسۇن، مەيلى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا قىلىشقان ۋەدىلەر بولسۇن، مەيلى ئۆزىگە ئۆزى بەرگەن ۋەدە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى بۇزمايدۇ، ھەممىسىگە ۋاپا قىلىپ تولۇق ئورۇندايدۇ.

2. ﴿ئۇلار ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق

رىشتىسىنى) ئۈزىدۇ﴾، يەنى ئۇلار مەيلى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسۇن ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسى بولسۇن ۋەياكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسى بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزىدۇ، داۋاملاشتۇرىدۇ، قەتئىي ئۈزۈپ قويمايدۇ.

3. ﴿رەببىدىن ئەيمىنىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە، جازاسىغا ۋە ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئۇنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ھەقىقىي ئالىمنىڭ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانى قانچىلىك ياخشى تونۇغان ئالىم ئۇنىڭ قەدرىنى ۋە كاتتىلىقىنى شۇنچىلىك ياخشى تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىنى كۆچەيتىدۇ. ﴿إِنَّمَا يَخۡشَى ٱللَّهَ مِنۡ عِبَادِهِ ٱلۡعُلَمَٰٓؤُاْۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[1]. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ ھەققىنى تونۇش، ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەش، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن چەكلىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ﴿قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ﴾، يەنى ئۇلار ھېساب بېرىشنىڭ قاتتىقلىقىدىن ۋە ھېساب بەرگەندە يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ، شۇڭا بۇ دۇنيادا ھەممىشە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، ئەمەللىرىنى تەكشۈرۈپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى شەرىئەت تارازىسىغا سېلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھېساب بېرىشكە ئىشەنگەن ئادەم ھېساب بېرىدىغان كۈن كېلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىپ ھېسابلاپ كۆرىدۇ.

5. ﴿ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (تائەت-ئىبادەتتە) چىداملىق بولغان﴾، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، تائەت-ئىبادەتلەردە ۋە نەپسى خاھىشىنىڭ يولسىز ئىستەكلىرىنى رەت قىلىشتا چىداملىق بولۇپ، بۇ يولدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرگە، قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچان بولغان، بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 28-ئايەت.

پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا چىدامچان بولغان كىشىلەردۇر.

**6.** ﴿نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان﴾، يەنى ئۇلار نامازلارنى بارلىق قائىدە-تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان، قەلبىنى دۇنيالىق خىياللاردىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلغان، ئەقلىنى، روھىنى ۋە بارچە ئەزاسىنى ئاللاھقىلا قاراتقان ھالدا مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلاردۇر. نامازنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ھازىر قىلغان تەقدىردىمۇ، كۆڭلى نامازنىڭ سىرتىدا، دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە بولغان كىشىنىڭ نامىزى تولۇق ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى، نامازدا ئەقلىنى، قەلبىنى ۋە پۈتۈن خىيالىنى ئاللاھقىلا بېغىشلاپ تۇرۇش زۆرۈردۇر. بۇ «خۇشۇئ» دەپ ئاتىلىدۇ. «خۇشۇئ» بولمىغان ناماز كەمتۈك ناماز بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان بەندىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدىغانلىقىنى نامازنى ھەقىقىي مەنىدە تولۇق ئادا قىلىدىغانلار ئوبدان بىلىدۇ.

**7.** ﴿بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغان﴾، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا سەرپ قىلىدۇ. كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش، باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش، مۇجاھىدلارنى تەمىنلەش، يوقسۇللارنى يۆلەش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلغانلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ كەلگەنلىكىنىڭ سىرلىرىدىن بىرى شۇكى، قول ئىلكىدە بار ئىنسانلار ئەگەر پۇل-ماللىرىنى بىسەپ ياتماي ئاللاھ تائالانىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە خەير-ساخاۋەت قىلسا، دۇنيادا ئاچارچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتىن دەردلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يۈكى يەڭگىللەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياراتقان بايلىقلار، زىرائەتلەر ۋە بارچە رىزىقلار جىمى جانلىقلارغا يېتىدىغان مىقداردا ئۆلچەملىك يارىتىلغان. پەقەت بەزى ئىنسانلارنىڭ بېخىللىقى، ئاچكۆزلۈكى ۋە يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن بايلىقنى بىسىپ يېتىشى بىلەن دۇنيادا يوقسۇللۇق ۋە ئاچارچىلىق دېگەنلەر مەۋجۇت.

**8.** ﴿ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدىغان كىشىلەردۇر﴾، يەنى ئۇلار نادانلارغا سوغۇق قانلىق بىلەن، ئەزىيەت قىلغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. يەنە ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش

ئارقىلىق كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ. بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرقى سۈپىتى بولۇپ، مۇئمىن ئادەم گۇناھنى داۋاملاشتۇرمايدۇ. گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئارقىدىنلا ياخشى ئىش قىلىش بىلەن ئۇنى يۇيۇۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1] دەيدۇ. دۇنيادا گۇناھ قىلمايدىغان ئىنسان يوق. ھەممە ئادەم گۇناھ قىلىدۇ، خاتالىشىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەر گۇناھ سادىر قىلغان ياكى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، دەرھال ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ.

مۇنداق مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى دۇنيادا خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ھەقىقىي ئامانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇلار ئەڭ ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە كۆڭلى خالىغان نازۇنېمەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، جەننەتلەردە ئاغرىق-سىلاق، كۆڭۈل ئاغرىش، زېرىكىش دېگەنلەر بولمايدۇ. ئۇلار مەڭگۈگە شۇنداق نېمەتلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئاياللىرى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق ئەۋلادىدىن ئەمەللىرى ياخشى بولغانلىرى ئۇلار بىلەن جەننەتلەردە بىرگە بولىدۇ. ئەمما ئەمەلى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە لايىق بولمىغانلار ئۇلارغا قوشۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَن لَّيۡسَ لِلۡإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ [2] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «وَيَا فَاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمَّدٍ سَلِينِي مَا شِئْتِ مِنْ مَالِي لاَ أُغْنِي عَنْكِ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا» يەنى «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! سىز بۇ دۇنيادا مېنىڭ پۇل-مېلىمدىن نېمىنى سورىسىڭىز سوراڭ، ئەمما مەن سىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن»[3] دېگەن.

جەننەت ئەھلى بولغانلار جەننەتلەردىكى ئېگىز قەسىرلەردە بىر-بىرى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، پەرىشتىلەر ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىدە ئۇلارغا قىزغىن سالام بېرىدۇ ۋە ئامانلىق تىلەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا دەيدۇ: سىلەرگە

[1] ھۇد سۈرىسى: 114- ئايەت.

[2] نەجم سۈرىسى: 39-ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 4-توم، 6-بەت، 2753 -ھەدىس.

ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈ ئامانلىقى يار بولسۇن! دۇنيا ھاياتىدا جاپا چەككىنىڭلار، سەۋر قىلدىڭلار، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈڭلار، مانا بۈگۈن دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈۋاتىسىلەر. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئاقىۋەت! بۇ نېمىدېگەن كاتتا ئۇتۇق-ھە!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىن ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن تىرىك بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئويغاق بولىدۇ. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. كاپىر ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈك بولۇپ، ئۇ دۇنيا مەنپەئەتىدىن باشقىسىغا قىزىقمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ.

2. ۋەز-نەسىھەتلەردىن مەنپەئەت ئېلىش پەقەت ئەقلى ساغلام كىشىلەرگە خاستۇر.

3. بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ۋاپادارلىق بىلەن باشلىنىپ، ياخشى ئەمەل ئارقىلىق يامانلىقنى توسقانغا قەدەر بولغان سەككىز سۈپەت مۇئمىن ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىلدۇر.

4. پەرىشتىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تەبرىكلىشى ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

### ◄ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿وَٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ
ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ
سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٢٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25-ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-

سىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر-ئەنە شۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) تۇرارجايى بەكمۇ يامان بولىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە تەقۋادار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى بولغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ھىدايەتكە ئەگەشمىگەن بەختسىزلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبى بولۇپ، مۇئمىن بىلەن كاپىرنى، تەقۋادار بىلەن ئاسىينى يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، شەرىئەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئەقىدىدە مۇستەھكەم بولۇش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۇلاش ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش قاتارلىق ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ قويىدىغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان جايى ئىنتايىن يامان جاي بولغان دوزاختۇر. ئۇلار دوزاختا بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەر ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ تامامەن ئەكسى بولۇپ، ئالدىنقى ئايەتلەردىكىلەر ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن، ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان مۇناسىۋەتلەرنى داۋاملاشتۇرغان، كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىمىغان بەختلىك كىشىلەردۇر. ئەمما بۇ ئايەتتىكىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغان، ئۇنىڭغا ئىبادەت

قىلمىغان، ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا بۇيرۇغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ قويغان، كۇفرلۇق ۋە گۇناھ- مەئسىيەت بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بەتبەخت كىشىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ۋەدىسىنى بۇزغان، ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى تەرك ئەتكەن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىپ كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان ۋە ھەق دىنىنى كۆزگە ئىلمىغان بەتبەختلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققەتەن ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

**2.** بەتبەختلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ.

### ◄ بەتبەختلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

﴿ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ وَفَرِحُواْ بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَمَا
ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا مَتَٰعٞ ٢٦ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ
أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِيٓ إِلَيۡهِ
مَنۡ أَنَابَ ٢٧ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَتَطۡمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكۡرِ ٱللَّهِۗ أَلَا بِذِكۡرِ
ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ ٢٨ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ طُوبَىٰ
لَهُمۡ وَحُسۡنُ مَـَٔابٖ ٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

26ـ ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. (كاپىرلار) دۇنيا ھاياتى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتتى. ھالبۇكى، دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

27ـ كاپىرلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) «شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىنى (ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن) ئازدۇرىدۇ ۋە تەۋبە قىلغان كىشىنى ئۆزىنىڭ دىنىغا يېتەكلەيدۇ» دېگىن.

28ـ ئۇلار ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان

كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ.

29 ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خۇشال ھايات ۋە گۈزەل قارارگاھ بار.

## تەپسىرى

بۇلارمۇ ئەھدىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتسىزلىك قىلىدىغان بەتبەختلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنى ئەلۋەتتە يامان ئاقىۋەت ۋە يامان قارارگاھ كۈتمەكتە. چۈنكى، ئۇلار دۇنيالىقتىن ئېرىشكەن ئاز-تولا بايلىقىغا ياكى يۈز-ئابرۇيىغا خۇشاللىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن، مەغرۇر-لانغان ۋە ھەق دىننى مەسخىرە قىلغان ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. مۇنداقلار ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىلاھىي دەستۇر -«قۇرئان كەرىم»نى كۆزگە ئىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا مۆجىزىلەرنى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشايدىغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

بۇ بەتبەختلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋىتىگە قارىتا بەزىلەر: «ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ كۆپ نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن تۇرسا، قانداق بولۇپ ئاخىرەتتە يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرايدىغاندۇ؟» دەپ سورۇشى مۇمكىن. جاۋاب شۇكى، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا بەندىلىرىنى مۇئمىن-كاپىر دەپ ئايرىماي، ئۆزى خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشاتلىق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىنىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان قىممەتسىز نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەزىدە مۇئمىن بەندىسىنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭ رىزقىنى تار، تۇرمۇشىنى قىيىن قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىرىنىڭ كاپىرلىقى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق قىلغانلىقى كاپىرنى قەدىرلەپ، مۇئمىننى خارلىغانلىقى ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەممىگە ئورتاق رەھىم-شەپقەت قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان «رەھمان» سۈپىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بۇ دۇنيادا بەندىلىرىنى مۇئمىن-كاپىر، تەقۋا-پاسىق دەپ ئايرىماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رىزىقلاندۇرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان «رەھىم» سۈپىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، تەقۋادار مۇئمىن بەندىلىرىگىلا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. بۇ دۇنيا مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئورنى ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەتبەخت

كاپىرلارنىڭ سۆپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا: ﴿ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾ دېگەن ئارا جۈملىنى نازىل قىلغان.

بەتبەختلەر بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاقىۋەتتىن غەم قىلمىدى، ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرمىدى، ئاخىرەتتىكى ھېسابنى بولسا ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇلار شۇنچىلىك ئىشەنچ قىلىپ كەتكەن بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت ھاياتىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇ پەقەت تېزلا زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغان ۋاقىتلىق نېمەتتۇر، خالاس. دۇنيا ھاياتى تېز ئۆتۈپ كېتىشتە كەچكۈزنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشايدۇ.

ئۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقى، خاتا چۈشەنچىسى ۋە يامان غەرىزى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تىل ئۇزارتىپ ﴿نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟﴾ دەيدۇ. گويا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن مۆجىزىلەرگە قانائەت قىلمىغان، «قۇرئان كەرىم»دەك مەڭگۈلۈك مۆجىزىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغان.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، مۆجىزە چۈشۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ ھالىڭلار راستىنلا ئەجەبلىنەرلىكتۇر. سىلەرنىڭ كۇفرىدا مۇنداق چىڭ تۇرۇشۇڭلار نېمىدېگەن يامان! ھىدايەتنى خالىمىغان ۋە ئازغۇنلۇقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ھەق دىنغا ئەگەشكەن كىشىنى ئەلۋەتتە ھىدايەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئازدۇرغان بىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھىدايەت تاپىدىغىنى تاپىدۇ، تاپمايدىغىنى تاپمايدۇ. چۈنكى، مۆجىزە تەلەپ قىلغانلارنىڭ ئاساسلىق غەرىزى ھەقىقەتنى ئىزدەش ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ رەزىل غەرىزى ئۈچۈن مۆجىزە تەلەپ قىلىشىدۇ.

### قانداق كىشىلەر ھىدايەت تاپىدۇ؟

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان، ئىمان بىلەن دىلى ئارام تاپىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا كۆڭلى يۇمشايدىغان كىشىلەر ھىدايەت تاپىدۇ. راستتىنلا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەنلا دىللار ئارام تاپىدۇ، كۆڭۈللەر شادلىنىدۇ.

ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر مەڭگۈلۈك تۈگىمەس خۇشاللىققا ۋە ئەڭ ياخشى ئاقىۋەتكە نائىل بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بايلىق بىلەن پېقىرلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسى بىلەن بەندىلىرىنى سىنايدۇ. بىراۋنىڭ باي بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ياقتۇرغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس. شۇنىڭدەك بىراۋنىڭ پېقىرلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىدىن ئەمەس.

2. دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ قانىتىچىلىكمۇ قىممىتى يوقتۇر. بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېمەتلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

3. ئىمان بىلەن بېزەلگەن دىللار ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ ۋە ئارام تاپىدۇ.

4. ياخشى ئاقىۋەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خاستۇر.

### مۇشرىكلارغا رەددىيە

﴿كَذَٰلِكَ أَرۡسَلۡنَٰكَ فِيٓ أُمَّةٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهَآ أُمَمٞ لِّتَتۡلُوَاْ عَلَيۡهِمُ
ٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ وَهُمۡ يَكۡفُرُونَ بِٱلرَّحۡمَٰنِۚ قُلۡ هُوَ رَبِّي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا
هُوَ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ مَتَابِ ٣٠ وَلَوۡ أَنَّ قُرۡءَانٗا سُيِّرَتۡ بِهِ ٱلۡجِبَالُ
أَوۡ قُطِّعَتۡ بِهِ ٱلۡأَرۡضُ أَوۡ كُلِّمَ بِهِ ٱلۡمَوۡتَىٰۗ بَل لِّلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ جَمِيعًاۗ أَفَلَمۡ

يَاْيْـَٔسِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن لَّوۡ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَهَدَى ٱلنَّاسَ جَمِيعٗاۗ وَلَا
يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ تُصِيبُهُم بِمَا صَنَعُواْ قَارِعَةٌ أَوۡ تَحُلُّ قَرِيبٗا مِّن
دَارِهِمۡ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ وَعۡدُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿٣١﴾ وَلَقَدِ
ٱسۡتُهۡزِئَ بِرُسُلٖ مِّن قَبۡلِكَ فَأَمۡلَيۡتُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ ثُمَّ أَخَذۡتُهُمۡۖ
فَكَيۡفَ كَانَ عِقَابِ ﴿٣٢﴾ أَفَمَنۡ هُوَ قَآئِمٌ عَلَىٰ كُلِّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡۗ
وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ قُلۡ سَمُّوهُمۡۚ أَمۡ تُنَبِّـُٔونَهُۥ بِمَا لَا يَعۡلَمُ فِي ٱلۡأَرۡضِ
أَم بِظَٰهِرٖ مِّنَ ٱلۡقَوۡلِۗ بَلۡ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ مَكۡرُهُمۡ وَصُدُّواْ عَنِ
ٱلسَّبِيلِۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ ﴿٣٣﴾ لَّهُمۡ عَذَابٞ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَشَقُّۖ وَمَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٖ ﴿٣٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30ـ(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، بۇلار رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلماقتا. ئېيتقىنكى، «ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن».

31ـمۇبادا بىر قۇرئان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار يۆتكەلگەن ياكى يەر يېرىلغان ۋەياكى ئۆلۈكلەر سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، (ئۇلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. مۇئمىنلەر ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بەرگەن) ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، ھامان تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ياكى بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

32ـسەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىنغان ئىدى، (شۇڭا سەنمۇ قايغۇرمىغىن). كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى جازالىغان ئىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟

33ـ ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، سىلەر يەر يۈزىدە ئاللاھ بىلمەيدىغان (نەرسە بار دەپ، ئۇ) نەرسىنى ئاللاھقا بىلدۈرۈپ قويماقچىمۇ؟ ياكى (ئاساسى يوق) قۇرۇق گەپ بىلەن (ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتاۋاتامسىلەر؟)» دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ ھىلە - مىكىرلىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر.

34ـ ئۇلارغا دۇنيا ھاياتىدا بىر ئازاب بار، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلماي، بۇتلارغا قىلىدىغان قەۋم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغان، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشايدىغان مۆ-جىزىلەرنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بەرگەن.

ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك سېنىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرسەن، سەن ئىنسانلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان شانلىق «قۇرئان كەرىم»نى بىز ساڭا ۋەھيى قىلدۇق. «قۇرئان كەرىم» بولسا ھەر تەرەپتىن قوغدالغان مۇقەددەس كىتاب بولۇپ، ئۇ ھەممە تىللاردا مەدھىيىلىنىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇنداق بىر كاتتا مۆجىزىدىن كېيىن يەنە قانداق مۆجىزە تەلەپ قىلماقچى؟

بۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بۇ كاتتا نېمىتىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، بۇ نېمەتنى تونۇمايۋاتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ نېمەتلىرىدىن بىرى سېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ چىقىپ پەيغەمبەر قىلغانلىقىدۇر. سەن قەۋمىڭگە ئىنتايىن

كۆيۈمچانسەن، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا قاتتىق ھېرىسمەنسەن. ﴿هُوَ ٱلَّذِى بَعَثَ فِى ٱلْأُمِّيِّـۧنَ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىلگىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان ساۋاتسىزلارغا (ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن زاتتۇر﴾[1]. بۇ «قۇرئان كەرىم» دىللارغا شىپا، ئىنسانلارغا ھىدايەت، مۆئمىنلەرگە رەھمەت تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە ئۇنى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدۇ؟

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئىبادەتنى خالىس قىلىش زۆرۈر بولغان بىرلا مەبۇد ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىۋاتقان زات مېنىڭ رەببىم ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، ئۇ مەخلۇقاتلىرىغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان زاتتۇر. ئۇ تۇغۇلغان ئەمەس، بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا تەڭداش بولالايدىغان ھېچكىم يوق. شۇڭا مەن بارلىق ئىشلىرىمدا ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىمەن، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن، ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن ۋە ئۇنىڭ يولىدا يۈرىمەن.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك چوڭ-كىچىك گۇناھلاردىن ۋە جىمى خاتالىقلاردىن پاك بىر زاتنىمۇ تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغان. چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بىر پاك پەيغەمبەر ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتقان يەردە، بىزدەك گۇناھكار ئىنسانلار قانداقمۇ تەۋبە قىلمايلى؟!

بىر كۈنى مۇشرىكلاردىن ئەبۇ جەھىل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە باشچىلىقىدا بىر قانچە كىشى كەئبىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ كېلىشكەن، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سېنىڭ رەببىڭ سەن دەۋاتقاندەك قۇدرەتلىك زات بولىدىغان بولسا، مۇشۇ مەككە تېغىنى بىزدىن يىراقراق بىر جايغا يۆتكىۋەتسۇن، بىزمۇ ئازادىلىككە چىقايلى، شامالنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرسۇنكى، بىز شامال بىلەن ئۇچۇپ شامغا بېرىپ ئىشلىرىمىزنى قىلىپ كېلەيلى، ئى مۇھەممەد! ئەگەر كۈچۈڭ يەتسە، ئەجدادلىرىڭدىن قۇسەينى تىرىلدۈرۈپ بىزگە

[1] جۇمۇئە سۈرىسى: 2-ئايەت.

كۆرسەتكىن، ئاندىن بىز ساڭا ئەگىشەيلى، چۈنكى، سەن ئاللاھنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا شاماللارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئىيسانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى تۇرماستىن سۆزلەپ كېلىۋاتىسەن، ئەگەر بۇ ئېيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، سېنىڭ رەببىڭ بىزنىڭ بۇ تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنداپ بەرسۇن، دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿مۇبادا بىر قۇرئان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار يۆتكەلگەن ياكى يەر يېرىلغان ۋەياكى ئۆلۈكلەر سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، (ئۇلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايتتى)...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1]. يەنى مۇبادا بۇ قۇرئاننىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتكەن، تاشلار پارچىلىنىپ كەتكەن، زېمىن يېرىلىپ كەتكەن، ئۆلۈكلەر تىرىلىپ سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ مۇشرىكلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۆجىزە تەلەپ قىلىشتا ھەقىقەتنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق بىمەنە تەلەپلەرنى قويىدۇ. ﴿وَلَوْ أَنَّنَا نَزَّلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلْمَوْتَىٰ وَحَشَرْنَا عَلَيْهِمْ كُلَّ شَىْءٍ قُبُلًا مَّا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ يَجْهَلُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەر (تىرىلىپ، سېنىڭ راستچىللىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ) ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن، (ئۇلار تەلەپ قىلغان) ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن، (ئۇلار ھەممىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن) تەقدىردىمۇ، ئاللاھ خالىمىغۇچە، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ [2].

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى ئورۇنداپ بېرىشكە قادىر ئەمەسمىدى؟ ئەلۋەتتە قادىر ئىدى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئورۇنداپ بەرمىدى؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايتتى. چۈنكى، ھەقىقەتنى ئىزدەش ئۈچۈن مۆجىزە سورىغان ئەمەس، بەلكى پەقەت مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا سورايتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا تەلەپ قىلغان

---

[1] «تفسير البغوي» 4-توم، 319-بەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 111-ئايەت.

مۆجىزىلىرى كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كېتەتتى.

مۇسۇلمانلار ئۇنتۇپ قالمىسۇنكى، ئاللاھ تائالا خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ھېچبىر مۆجىزە كۆرسىتىشكە ھاجەت بولماستىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىناشنى ئىرادە قىلغان.

ئاللاھ تائالانىڭ مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنىشىدىن ئىبارەت ۋەدىسى كەلگەنگە قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى ۋە ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن بالا-يىئاپەتلەرگە، زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايلىرىغا يېقىن بىر جايغا بالايىئاپەتلەر چۈشىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ئۆز ئارىسىدىكى پىتنىلەر، ئۇرۇشلار ۋە قالايمىقانچىلىقلار بىلەن بەند بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ سېنى مەسخىرە قىلغانلىقىدىن غەمكىن بولما، بۇنىڭغا بىئارام بولما. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز قەۋمىنىڭ مەسخىرىلىرىگە، زۇلۇم-سىتەملىرىگە ۋە ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلىرىگە ئۇچرىغان. ئەمما ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولغان. كاپىرلار بولسا ئەڭ ئىبرەتلىك جازالار بىلەن ھالاك قىلىنغان. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشى ۋە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ھەقلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى جازالاشنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرىدۇ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق بىر ئازاب بىلەنلا تۇيۇقسىز جازالايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار يوقمۇ؟!

ئەي مۇشرىكلار! ھەممىنى ئىدارە قىلىپ ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانى سىلەرنىڭ ئاشۇ ئاجىز، قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بۇتلىرىڭلارغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟! بۇ نەرسىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا تەڭ بولالىسۇن؟!

كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش، پەرۋىش قىلىش، يارىتىش، يوق قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا قادىر بولغان يېگانە ياراتقۇچى سىلەرنىڭ ئاشۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلارغا ئوخشامدۇ؟!

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ساختا مەبۇدلىرىڭلارنى خالىغىنىڭلارچە ماختاڭلار، ئۇلارغا خالىغان ئىسىملارنى قويۇپ بېقىڭلار. ئەمما ئەمەلىيەتتە سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان بۇ نەرسىلىرىڭلار ئاللاھ تائالاغا ھەرگىزمۇ شېرىك بولالمايدۇ، تەڭ بولالمايدۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قىممىتى يوق. ياكى سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئاللاھ تائالا بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىمىز دەپ جۆيلۈۋاتامسىلەر؟ ھالبۇكى، دۇنيادا ئاللاھ تائالا بىلمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئەمما سىلەر بىلمەيدىغان ھەقىقەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇنداقتىمۇ، سىلەر ئۇلارنى بىلىشنى خالىمايسىلەر. سىلەرنىڭ ساختا مەبۇدلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشىڭلار چوڭ گۇناھتۇر. سىلەر ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوق، ئۇ ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە يېگانە ئىلاھتۇر.

كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى شۇنداق چىرايلىق كۆر-سىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى ياخشى ئەمەل دەپ سانايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئېتىقادىنى ھەقىقەت دەپ ئىشىنىدۇ، ئۆزلىرىنى بولسا توغرا يولدا دەپ بىلىدۇ. كاپىرلار ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇش يولىدا شۇنچىلىك كۆپ تىرىشقان ۋە بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى قوللانغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇكەممەل قىلىدۇ، ئۇنى ئىنسانلاردىن خالىغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا ئورنىتىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان بىرىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئازغۇنلارغا بۇ دۇنيادا قاتتىق ئازاب ۋە ئاۋارىچىلىق بار. ئەمما ئاخىرەتنىڭ ئازابى بولسا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق ۋە بەكمۇ ياماندۇر. ئۇلارنى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ياكى ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ تىلىۋالىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ھەتتا ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەۋەككۇل-ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تايىنىش دېگەنلىك

بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەتتۇر.

2. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا كەچۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ھېچكىم بىراۋنىڭ گۇناھىنى كەچۈرەلمەيدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت مەشئىلىدۇر. ئۇنى چىڭ تۇتقانلار ھىدايەتتە مۇستەھكەم تۇرالايدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بولمىغانلار بۇ دۇنيادا ھۇزۇرغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرسىمۇ ئۇلارنى جازاسىز قويمايدۇ.

6. بۇتلاردىن، ھەيكەللەردىن ۋە ھايۋانلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلار ئەخمەقلەرنىڭ مەبۇدلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

7. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى شەيتاننىڭ ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى چىرايلىق ۋە توغرا كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئالدىغانلىقىدىن بولىدۇ.

8. «قۇرئان كەرىم»دە ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى، يامانلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر مۇكاپات ۋەدىسى بىلەن جازا قورقۇنچىسى ئارىسىدا ئىش كۆرۈش ئارقىلىق توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ.

### ◄ جەننەتنىڭ سۈپىتى ۋە كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿مَّثَلُ ٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ أُكُلُهَا
دَآئِمٞ وَظِلُّهَاۚ تِلۡكَ عُقۡبَى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْۚ وَّعُقۡبَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٱلنَّارُ ٣٥
وَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَفۡرَحُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَۖ وَمِنَ ٱلۡأَحۡزَابِ
مَن يُنكِرُ بَعۡضَهُۥۚ قُلۡ إِنَّمَآ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَلَآ أُشۡرِكَ بِهِۦٓۚ إِلَيۡهِ
أَدۡعُواْ وَإِلَيۡهِ مَـَٔابِ ٣٦ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ حُكۡمًا عَرَبِيّٗاۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ
أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا

وَاقٍ ﴿٣٧﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِّن قَبْلِكَ وَجَعَلْنَا لَهُمْ أَزْوَٰجًا وَذُرِّيَّةً ۚ
وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأْتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۗ لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ ﴿٣٨﴾
يَمْحُوا۟ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ وَيُثْبِتُ ۖ وَعِندَهُۥٓ أُمُّ ٱلْكِتَٰبِ ﴿٣٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

35ـ تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر، كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى بولسا دوزاختۇر.

36ـ (ئى پەيغەمبەر!) بىز كىتاب بەرگەنلەر ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان بىلەن خۇشاللىنىدۇ. پەقەت (ساڭا قارشى) ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، مەن (ئىنسانلارنى) پەقەت شۇنىڭغىلا دەۋەت قىلىمەن، مېنىڭ قايتىدىغان يېرىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر».

37ـ شۇنىڭدەك (يەنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب چۈشۈرگىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىجرا قىلىنىدىغان) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق. ناۋادا ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قوغداپ قالغۇچى بولمايدۇ.

38ـ شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ئاياللار ۋە بالىلارنى بەرگەن ئىدۇق، ھېچبىر پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر مۇددەتنىڭ (مۇئەييەن) چېكى بولىدۇ.

39ـ ئاللاھ (ئۇنىڭدىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلارنى، خۇسۇسەن جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتا، ئۇلارنى ئىنسانلار بىلىدىغان

نەرسىلەرگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. چۈنكى، ھېچكىم جەننەتكە كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ﴿يُطَافُ عَلَيۡهِم بِصِحَافٖ مِّن ذَهَبٖ وَأَكۡوَابٖۖ وَفِيهَا مَا تَشۡتَهِيهِ ٱلۡأَنفُسُ وَتَلَذُّ ٱلۡأَعۡيُنُۖ وَأَنتُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٧١ وَتِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِيٓ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٧٢ لَكُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ كَثِيرَةٞ مِّنۡهَا تَأۡكُلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا (نازۇنېمەتلەر تىزىلغان) ئالتۇن لېگەنلەر ۋە (شەربەت تولدۇرۇلغان) ئالتۇن جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر. سىلەر قىلغان ئەمەللىڭلار يۈزىسىدىن ۋارىس قىلىنغان جەننەت ئەنە شۇدۇر. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر»﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەت قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئەتراپى تولىمۇ چىرايلىق، تولىمۇ جەلپ قىلارلىق شەكىلدە بېزەلگەن، بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر ئازادە ھۇزۇرلىنىدىغان ئېسىل باغچىلاردۇر. ﴿مَّثَلُ ٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۖ فِيهَآ أَنۡهَٰرٞ مِّن مَّآءٍ غَيۡرِ ءَاسِنٖ وَأَنۡهَٰرٞ مِّن لَّبَنٖ لَّمۡ يَتَغَيَّرۡ طَعۡمُهُۥ وَأَنۡهَٰرٞ مِّنۡ خَمۡرٖ لَّذَّةٖ لِّلشَّٰرِبِينَ وَأَنۡهَٰرٞ مِّنۡ عَسَلٖ مُّصَفّٗىۖ وَلَهُمۡ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغۡفِرَةٞ مِّن رَّبِّهِمۡۖ كَمَنۡ هُوَ خَٰلِدٞ فِي ٱلنَّارِ وَسُقُواْ مَآءً حَمِيمٗا فَقَطَّعَ أَمۡعَآءَهُمۡ﴾ يەنى ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمەيدىغان سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە-پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[2].

جەننەتنىڭ مېۋىلىرى مەڭگۈلۈك، دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇنىڭ تائاملىرى ۋە ئىچىملىكلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان رىزىقلاردۇر. ﴿وَفَٰكِهَةٖ كَثِيرَةٖ ٣٢ لَّا مَقۡطُوعَةٖ وَلَا مَمۡنُوعَةٖ﴾ يەنى ﴿(جەننەت

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 71ـ72ـ73ـئايەتلەر.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 15ـئايەت.

ئەھلى) تۇغمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مول مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ﴾[1]، ﴿وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَالُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلًا﴾ يەنى ﴿جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئۇلارغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن ئېگىلىپ بېرىدۇ﴾[2]. مانا بۇلار ھەقىقىي تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مۇكاپاتى بولسا، كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت-نادامەت چېكىش، جازاسى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مەسئۇل بولىدىغان دوزاختۇر.

ئى پەيغەمبەر! بۇلار جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلار ئىككى سىنىپقا ئايرىلىدۇ: بىرى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغۇچى، يەنە بىرى، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر. ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر شۇ كىتابلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى بېشارەتلەرگە ئىشەنگەنلىكتىن ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن خۇشاللىنىدۇ ۋە كۆڭلى شادلىنىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن: ئەھلى كىتابتىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە تەمىم ئەددارى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەقىقىي مۆئمىنلەر بولغاندەك، كەئب ئىبنى ئەشرەف قاتارلىق كاپىرلارمۇ بار، ئۇلار ئىسلام دىنىغا قارشى چىقىپ، پەيغەمبەرگە ئەزىيەت بېرىش ئۈچۈن چىشلىرىنى بۆلەپ تۇرىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشلىرىغا ياقمايدىغان ئايەتلەرنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلىدۇ.

ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ھەقىقەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ئىشىغا كەلگەندە ئىككى پىرقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ھالبۇكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان بىرلا ھەقىقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئىدى. بۇ ھەقىقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىلا تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. مانا بۇ خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىدۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر مۇشۇ ھەقىقەتنى جاكارلاش ئۈچۈن كەلگەن.

ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى

---

[1] ۋاقىئە سۈرىسى: 32-33-ئايەتلەر.

[2] ئىنسان سۈرىسى: 14-ئايەت.

ئەۋەتكەندەك، سېنى پۈتۈن ئالەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ساڭا ھەق سۆزنى ۋە ھەق ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق كىتاب ــ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق، ھەمدە بۇ كىتابنى بايانلىرىنى روشەن، مەقسەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قىلىپ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق. ﴿لَّا يَأۡتِيهِ ٱلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرەپتىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ساڭا رەببىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىلىم-ھېكمەت بېرىلگەن ۋە ھەقىقەت ئوپئوچۇق ئايدىڭلاشقان تۇرۇپ، ناۋادا بۇ كاپىرلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا ساڭا ياردەم بېرىدىغان بىرەر دوست چىقمايدۇ، سېنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر قوغدىغۇچى ياكى بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ.

مانا بۇ، ھەقىقەتنى تونۇغان ئىلىم ئەھلىلىرىنى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى، ھەقىقەتنى بىلگەنلەرنىڭ ئازغۇنلارغا ئەگىشىپ كېتىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر، بۇ ئەڭ ئېچىنىشلىق يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئاياللىق بولغانلىقىنى ئەيىبلەپ: «ئەگەر مۇھەممەد راستتىنلا پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئايال ۋە بالىچاقىلار بىلەن بولماي، قۇرئان بىلەنلا بولغان بولاتتى» دېگەنگە ئوخشىغان بىمەنە ئىغۋالارنى تارقاتقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَذُرِّيَّةٗۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ئاياللار ۋە بالىلارنى بەرگەن ئىدۇق...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاياللىرى، بالىلىرى بار ئىدى، ئۇلارمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يەيتتى، ئىچەتتى، ئۆيلىنەتتى، ھالال رىزىق يولىدا ئىشلەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ شۇلارغا ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەردۇر. ﴿قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 42-ئايەت.

ئىنسانمەن. (شۇ ئىپنىقكى) ماڭا: ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَكِنِّي أُصَلِّي وَأَنَامُ ، وَأَصُومُ وَأُفْطِرُ ، وَأَتَزَوَّجُ النِّسَاءَ ، فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِي فَلَيْسَ مِنِّي» يەنى « لېكىن مەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلاپ، بىر قىسمىدا ئىبادەت قىلىمەن، رامىزاندىن باشقا كۈنلەرنىڭ بەزىسىدە روزا تۇتىمەن، بەزىسىدە تۇتمايمەن، مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مەندىن ئەمەس (يەنى مېنىڭ يولۇمغا ئەگەشكەنلەردىن ئەمەس)»[2].

ئەمدى، كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقىغا كەلسەك، پەيغەمبەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى ئىنسانلارغا ئەينەن يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەرمىگەن مۆجىزىنى پەيغەمبەر ھەرگىز كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچبىر مۆجىزە كۆرسىتەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئەڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، ئۇ مۆجىزە تەلەپ قىلغۇچىلارغا كۇپايىدۇر. چۈنكى، مۆجىزە دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، ھەربىر زاماننىڭ تەقەززاسىغا قاراپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ھەربىر مۇددەتنىڭ ۋە ھەربىر زاماننىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ يېزىلىپ كەتكەن مەخسۇس ھۆكمى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ﴾ دېگەن ئايەتنى: ھەربىر ئىشنىڭ مەلۇم ۋاقتى قەرەلى بار، مۆجىزە تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭمۇ ئالدىن بېكىتىلگەن مەلۇم ۋاقتى بار، ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن مەيدانغا چىقمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ﴾دېگەن ئايەتتىكى ﴿كِتَابٌ﴾دىن ساماۋى كىتابلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، كېيىنكى ﴿ئاللاھ (ئۇ ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى شۇ پېتى قالدۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابنى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان پېتىچە قالدۇرۇپ مەڭگۈگە مۆجىزە سۈپىتىدە قوغدايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

[1] كەھف سۈرىسى: 110ـ ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 2ـ توم، 1020ـ بەت، 1401ـ ھەدىس.

كائىناتتىكى نەرسىلەردىن خالىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، خالىغاننى يوق قىلىش ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغاننى يارىتىدۇ، خالىغاننى يوق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلىي ئىلمىدە شۇنداق بەلگىلەنگەن ئىشلاردۇر. يەنى ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغانلارغا مۇۋاپىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆچۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ھەربىر لەھزىلىرىدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مەسىلەن: يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق، ھايات، ئۆلۈم، قۇۋۋەت، ئاجىزلىق، زىرائەت تېرىش، ئۇنى ئورۇش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەزەلىي ئىلمىدە بەلگىلەنگەن بويىچە بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئالىملىرىدىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەر قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھەر زامان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىنى سۆزلەپ كەلمەكتە. يېقىنقى زامانلاردا مۇسۇلمان بولغان غەربلىك ئالىملار بۇنىڭ مىسالى.

2. ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر زامان ئۇنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى بولۇپ، ھەدىس «قۇرئان كەرىم»نى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ۋە بەزى ئەھكاملارنى بەلگىلەش رولىغا ئىگە.

4. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئايرىم شەرىئەت بىلەن ئەۋەتكەن. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى بىر، شەرىئەتلىرى پەرقلىق بولغان.

5. «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، قەتئىي ئۆزگەرمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغدايدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر دىننى يەتكۈزگۈچى، ئاللاھ ھېساب ئالغۇچىدۇر

﴿وَإِن مَّا نُرِيَنَّكَ بَعْضَ ٱلَّذِى نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ
ٱلْبَلَٰغُ وَعَلَيْنَا ٱلْحِسَابُ ۝٤٠ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا نَأْتِى ٱلْأَرْضَ نَنقُصُهَا مِنْ

أَطْرَافِهَاۚ وَٱللَّهُ يَحْكُمُ لَا مُعَقِّبَ لِحُكْمِهِۦۚ وَهُوَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٤١﴾
وَقَدْ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلِلَّهِ ٱلْمَكْرُ جَمِيعًاۖ يَعْلَمُ مَا تَكْسِبُ
كُلُّ نَفْسٍۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلْكُفَّٰرُ لِمَنْ عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٤٢﴾ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ لَسْتَ مُرْسَلًاۚ قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَمَنْ
عِندَهُۥ عِلْمُ ٱلْكِتَٰبِ ﴿٤٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

40-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب)نىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارغا چۈشۈرۈش بىلەن) ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ھېساب ئېلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

41-ئۇلار زېمىنلىرىنى بىزنىڭ (تەدرىجىي پەتھى قىلىپ) ئەتراپىدىن تارايتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟

42-ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) تۇزاق قۇرغان ئىدى. (بارلىق تۇزاقلارنى بەربات قىلىش) تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ھەربىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، كاپىرلار كىمنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغانلىقىنى پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

43-(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار: «سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ. (ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر».

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتەك ئەخمەقلىقىغا رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب)نىڭ

بىر قىسمىنى (ئۇلارغا چۈشۈرۈش بىلەن) ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. ھېساب ئېلىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾، يەنى سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ دىنىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ ئۈستۈڭدىكى مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. شۇڭا سەن كاپىرلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن غەمكىن بولۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى، كاپىرلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارنى جا-زالاش رەببىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر.

ئۇ كاپىرلار بىزنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش كاپىرلارنىڭ زېمىنلىرىنى پەتھى قىلىپ، قەدەممۇقەدەم ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى، بۇ زېمىنلەرنى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋات-قانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ (ياكى ئىنسانلار ئارقا-ئارقىدىن مۇسۇلمان بولۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرى كېڭىيىپ، كاپىرلارنىڭ زېمىنلىرى تارىيىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇلار تېخىچە بىلمەيۋاتامدۇ؟).

ئاللاھ تائالا ھۆكۈم قىلغۇچى ۋە قارار چىقارغۇچى زات بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدىغان ياكى ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە قارشى چىقىدىغان ۋەياكى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان ھېچكىم يوق. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ھەر زامان كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ «بول!»دەپ ئەمر قىلىشى بىلەنلا ئىرادە قىلغان ئىشى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇ-ماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

بۇرۇنقى ئۈممەتلەردىن ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى تۈرلۈك سۇ-يىقەستلەرنى پىلانلاپ، تۇزاقلارنى قۇرغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن، ھەق دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارە-تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار پىلانلىغان تەدبىرلەرنى، قۇرغان تۇزاقلارنى ۋە قىلغان ھىيلە-مىكىرلەرنى بەربات قىلىدىغان ئاجايىپ كۈچلۈك تەدبىرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۆز تەدبىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق تۇزاقلىرىنى، سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى.

كاپىرلار شۇنچىلىك يامان كۆرگەن بىلەنمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەق دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئادەمنىڭ

نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن جىمى ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. كاپىرلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلانغاندا ياخشى ئاقىۋەت كىملەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بىلگەنىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بايانلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەزىيەتلەرگە ۋە قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك دۈشمەنلىكلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەمما ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە يەنىلا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ بولغان، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ئاقىۋەت ئاشۇلارغا مەنسۇپتۇر. تا قىيامەتكىچە ياخشى ئاقىۋەت ۋە ئاخىرقى غەلىبە ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا مەنسۇپتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا يەمەننىڭ پوپلىرىدىن بىرى كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ‹ ئىنجىل›دا مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىم ھەققىدە بىرەر بېشارەتنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىغاندا، ئۇ ‹ياق›دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار: «سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[1]. يەنى ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا دېگىنكى، مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى تەستىقلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر. ماڭا نازىل قىلىنغان مۆجىزىلىك كىتاب — «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئايەتلىرى، سۈرىلىرى، بايانلىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن مېنىڭ راستچىللىقىمغا گۇۋاھتۇر. مەندىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا كىتاب ئاتا قىلغان يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئالىملىرى ئىچىدىن مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ۋە «قۇرئان كەرىم» گە ئىشەنگەن مۆئمىنلەرمۇ ئەلۋەتتە گۇۋاھتۇر. چۈنكى، ئۇلار «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى مەن توغرۇلۇق كەلگەن بېشارەتلەر ئارقىلىق مېنى

[1] «تفسير الدر المنثور للسيوطي» 4-توم، 668-بەت، «التفسير الواضح» 2-توم، 242-بەت.

خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ ۋە مېنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىقلاردا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى بېشارەتلەر بايان قىلىنغان. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان يەھۇدىي ۋە خرىستىيان موللىلىرى پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن ۋە خار سانىلىدىغان ئەرەبلەرگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان. ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّ فَرِيقًا مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىنىڭ چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يىلتىز تارتقانلىقى بۇ دىننى ئاللاھ تائالانىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، يات بىر ئەقىدىنى بىرەر مىللەتكە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر ياكى ئىككى ئەۋلاد ئالماشقۇچىلىك ۋاقىت كېرەك ئىكەنلىكىنى ئىدېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بايان قىلماقتا. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى 23 يىل ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشتۇرغان.

2. ئاخىرقى دىندا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئەھكاملار قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئەھكاملارنى ھەرقانداق زاماننىڭ ۋە ھەرقانداق ماكاننىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىپ نازىل قىلغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 146-ئايەت.

ئىكەنلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى ئەڭ كاتتا ۋە يېتەرلىك گۇۋاھلىقتۇر.

4. يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئالىملىرىدىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر ئورۇندا قويۇلغانلىقى ئالىمنىڭ جاھىلدىن نەقەدەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە ئايرىم بىر دەلىلدۇر. ئۆز ۋاقتىدا خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلار بىلىم ئىگىلىرى، ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا بىلىمسىز سانىلاتتى.

# ئىبراھىم سۈرىسى

ئىبراھىم سۈرىسى 52 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 28-ۋە 29-ئايەتلىرى مەدىنىدە، قالغان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى كۇفرىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چاقىرىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە قەۋملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشىغا قارىتا سەۋرچانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىش، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ئالدىنقى سۈرىدە بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى تەپسىلي بايان قىلىش بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم» دەلىللىرى، كائىنات ئالامەتلىرى، قىيامەت كۈنى ھەققىدىكى بايانلار، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنىڭ مىساللىرى، كاپىرلارنىڭ ھەق دىنغا قارشى ئىلىپ بارغان ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش جەھەتتە ئالدىنقى سۈرە بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

بۇ سۈرىنىڭ 35-ئايىتىدىن 41-ئايەتلىرىگىچە بولغان بايانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۈرە «ئىبراھىم سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بايانى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓرۚ كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ لِتُخۡرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ
بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ① ٱللَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَوَيۡلٌ لِّلۡكَٰفِرِينَ مِنۡ عَذَابٖ شَدِيدٍ ②

ٱلَّذِينَ يَسۡتَحِبُّونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا عَلَى ٱلۡأٓخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ۝٣ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن
رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ فَيُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي
مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ۝٤

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف. لام. را (بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). (ئى پەيغەمبەر!) بۇ قۇرئان شۇنداق بىر كىتابتۇركى، بىز ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ـ غالىب، مەدھىيەلەنگۈچى ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

2ـ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۆز ئىلكىدە بولغان زاتتۇر! قاتتىق ئازاب تۈپەيلىدىن كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

3ـ ئۇلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئەنە شۇلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

4ـ قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ «قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر كىتابتۇركى، ساڭا بىز ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىزنى بىلەن كىشىلەرنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان، ئىلىم ۋە ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىشىڭ، يەنى ھەممىگە غالىب، ھەممە تىلدا مەدھىيەلىنىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ھەقىقەتەن «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مۆجىزىسى، دىلنى يۇمشىتىدىغان، ئەقىلنى ئويغىتىدىغان، ۋىجداننى

ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئىپسىل بايانلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرى-ئازغۇنلۇقنىڭ، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ھەق دىنىنىڭ نۇرىغا، دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ يولىغا باشلايدۇ. قەدىمدە نۇرغۇنلىغان پەيلاسوپلار ئارزۇ قىلغان «پەزىلەتلىك جەمئىيەت»نىڭ ئەڭ مۇكەممەل نەمۇنىلىرى «قۇرئان كەرىم»دە تولۇق تېپىلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئەرەب مىللىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى، ياردىمى ۋە ھىدايىتى بىلەن كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئىماننىڭ ۋە ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىقتى. ئاندىن بۇ مىللەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارغا ھەق دىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. نەتىجىدە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، دۇرۇسلۇقى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى يۈزىسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۇلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى.

بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەممىگە غالىب ئىكەنلىكى، يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە مەدھىيەلىنىشكە تامامەن لايىق ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىپسىل سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ۋاقىتلىق دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رازى بولىدىغان، ئاخىرەت ھاياتىدىن غەپلەت ئىچىدە ئۆتىدىغان، ھەتتا ئاخىرەت دېيىدىغان بىر ئالەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرىشتىن، ھىدايەت تېپىشتىن توسىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەگرى بولۇپ ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ماسلىشىدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئەگرى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئاشۇ ئەخمەقلەر ھەقىقەتتىن يىراق بولغان چوڭقۇر بىر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھىدايەت مەنبەسىنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلغانلىق نېمىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىپ ئەۋەتكەنلىك ۋە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغانلىق نېمىتىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان زور ئىنئامىنى بايان قىلغان. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئەۋەتىلگەن

خەلقىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان بولۇشى شۇ خەلقنىڭ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

پەيغەمبەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ تائالاغا ئۆزرە ئېيتىپ «بىزگە ئۆز تىلىمىزدا كىتاب نازىل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى چۈشە-نەلمىگەنتۇق» دەپ جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ﴿وَلَوْ جَعَلْنَٰهُ قُرْءَانًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُواْ لَوْلَا فُصِّلَتْ ءَايَٰتُهُۥٓ ءَا۬عْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ﴾ يەنى ﴿مۇبادا بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى بىر قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) ئوچۇق بايان قىلىنسا بولماىتى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب) باشقا تىلدا بولامدۇ؟» دەيتتى﴾[1].

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: ﴿قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ دەلىلى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. قىيامەت كۈنى ئەرەبلەرغۇ باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا نازىل بولغان. ئەمما باشقا مىللەتلەر «بىزنىڭ تىلىمىز باشقا بولغانلىقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نىمە دەپ دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا بولغاچقا، بىز ئۇنى چۈشىنەلمىگەنتۇق، ئۇ كىتاب نېمىشقا ھەممە تىلدا نازىل بولمىغان؟» دەپ ئۆزرە كۆرسىتەلەمدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئىسلام دەۋىتىنى ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلىغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدە «بىلمىگەن ئىكەنمەن»، «چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن» دەپ تۇرۇۋېلىشى ئۆزرە بولالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ھەممە تىلدا نازىل قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى، ئۇنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» دۇنيادىكى بارلىق تىللارنىڭ ھەممىسىدە نازىل بولغان بولسا، ھەربىر تىلنىڭ ئۇسلۇبى، بايان قىلىش تەرىقىسى بىر خىل بولمىغانلىقتىن، مەنىسىمۇ

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 44 ـئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 158ـئايەت.

بىر خىل چىقمايتتى. ئۇ چاغدا ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ قۇرئانى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، مۇسۇلمانلاردا ئورتاق ئەقىدە، پىكىر بىرلىكى دېگەنلەر بولمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى بىر تىلدا نازىل قىلغان.

ئەمدى يەنە بىر سوئال: نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان؟

جاۋاب: ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئۇ ئەرەب مىللىتىدىن چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئەڭ ئاۋۋال ئەرەبلەر چۈشىنىشى، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەنلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە يەتكۈزۈشى تەلەپ قىلىناتتى. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارقىتىشنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرنى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل قىلىشنى مۇناسىپ كۆرگەن.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۆزىنىڭ قەۋمىگە دىنىنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرسۇن دەپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنى بۇ ئۇلۇغ دىنغا ھىدايەت قىلىش ۋە ھىدايەت قىلماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ھىدايەتكە مايىللىقى ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشكە بولغان قىزغىنلىقى يۈزىسىدىن ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ھىدايەتنى خالىمىغانلىقى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئازغۇن قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلارغا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما دەۋەتنىڭ ئۆزىلا ھىدايەتنىڭ كاپالىتى ئەمەس. ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات بولۇپ، قىلغان ئىشىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكى ھەققىدە سوئال قويۇشقا بولمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرىلىق قاراڭغۇلۇقتۇر، ئىمان يورۇقلۇقتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا يېتەكلەش ئۈچۈن

نازىل قىلىنغان ھىدايەت مەنبەسىدۇر.

2. پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىپ ئەۋەتىش ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھەربىرى پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر بولۇپ كېلەتتى. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گەرچە ئەرەبلەردىن چىققان بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن يېگانە پەيغەمبەردۇر.

3. ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ھىدايەتنىڭ يولىغا يېتەكلەشتۇر.

### ◄ پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَآ أَنْ أَخْرِجْ قَوْمَكَ مِنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى
ٱلنُّورِ وَذَكِّرْهُم بِأَيَّىٰمِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ
﴿٥﴾ وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ أَنجَىٰكُم
مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ
وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٦﴾ وَإِذْ
تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِى
لَشَدِيدٌ ﴿٧﴾ وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِن تَكْفُرُوٓا۟ أَنتُمْ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا
فَإِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

5ـشەكسىزكى، بىز مۇسانى «قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقارغىن ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى (يەنى نېمەتلىرىنى ۋە جازاسىنى) ئەسلەتكىن» دەپ مۆجىزىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ھەربىر سەۋرچان، شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

6ـئۆز ۋاقتىدا مۇسا قەۋمىگە: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى. ھالبۇكى،

**ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى چەككۈزەتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى (قىزلىرىڭلارنى) ھايات قالدۇراتتى. بۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ بىر سىناق بار ئىدى» دېگەن ئىدى.**

**7ـ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر» دەپ جاكارلىغان ئىدى.**

**8ـ مۇسا: «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر). چۈنكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر» دېدى.**

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز كىشىلەرنى كۇفرى ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىلىم، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندەك، سەندىن ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ توققۇز خىل مۆجىزە بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق[1]. بىز مۇسانى قەۋمىڭنى جاھالەت ۋە كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىلىم ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن دەپ، بۇيرۇدۇق.

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئىنئاملىرىنى ئەسلەتكىن، يەنە ئۇلارغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغانلىقى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەتكىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنى قانداق جازالىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگىن. چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى ئىبرەتلىك ۋەقەلەرنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىشنىڭ پايدىسى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى راستتىنلا ئەسلەشكە ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك كۈنلەر ئىدى. ئۇ كۈنلەر مۇئمىنلەر نىجات تاپقان، پىرئەۋن باشچىلىقىدىكى زالىملار ھالاك بولغان

---

[1] مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز چوڭ مۆجىزە ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىنغان.

كۈنلەر ئىدى. بۇ كۈنلەردە ۋە بۇ كۈنلەرنى ئەسلەشتە قىيىنچىلىقلارغا، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىداشلىق بېرىدىغان، بېشىغا كەلگەنلەرگە سەۋر قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئاتا-ئىھسانلىرىغا چىن قەلبىدىن شۈكۈر قىلىپ، بۇ شۈكۈرنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

ئەگەر ياخشى بەندە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسە، چىدامچانلىق كۆرسىتىدىغان، جاپالارغا بەرداشلىق بېرىدىغان، يامانلىق يەتسە سەۋر قىلىدىغان، ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان بەندىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «عَجَبًا لِأَمْرِ الْمُؤْمِنِ ، إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَاكَ لِأَحَدٍ إِلَّا لِلْمُؤْمِنِ ، إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ ، فَكَانَ خَيْرًا لَهُ ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ ، صَبَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ» يەنى «مۇئمىن ئادەمنىڭ ئىشى نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر. بۇ ياخشىلىق پەقەت مۇئمىنگىلا خاس ياخشىلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇسۇلمانلار جاپاغا سەۋر قىلىدىغان ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلىدىغان بولۇشقا چاقىرىلغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى مەھكەم تۇتاتتى. ئۇ ئۆز قەۋمىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتىنى ۋە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىشكە باشلاپ مۇنداق دېگەن: ئەي قەۋمىم! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرى سىلەرگە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېتەتتى، سىلەرنى كۈچۈڭلار يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلايتتى، ئۇلار پىرئەۋننىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان بىر ئوغۇلنىڭ سىلەرنىڭ مىللىتىڭلاردىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ تۇراتتى، قىز-ئاياللىرىڭلارنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇراتتى. راستىنلا بۇلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ئەڭ چوڭ پالاكەت ۋە چوڭ سىناق ئىدى.

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2295-بەت، 2999-ھەدىس.

بۇ ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ چوڭ پالاكەتلەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بىلەن ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىلارنى ئايرىش ئۈچۈن ھەمىشە ئۇلارنى نېمەت ۋە بالايىئاپەتلەر بىلەن سىنايدۇ. ﴿وَبَلَوْنَاهُم بِالْحَسَنَاتِ وَالسَّيِّئَاتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى توغرا يولغا قايتىۋالسۇن دەپ، باياشاتچىلىق ۋە قاتتىقچىلىق بىلەن سىنىدۇق﴾[1]. ﴿وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً﴾ يەنى ﴿بىز سىناش ئۈچۈن سىلەرنى يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىمىز﴾ [2].

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماڭلاركى، رەببىڭلار ئۆز ۋاقتىدا سىلەرگە: ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى سىلەرگە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن. چۈنكى، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئەگەر تۇزكورلۇق قىلىپ مېنىڭ نېمەتلىرىمدىن تانساڭلار، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىساڭلار، سىلەرنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش، قاتتىقچىلىقتا قويۇش، بالايىئاپەتلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق دۇچار قىلىدىغان ئازابىم ئەلۋەتتە قاتتىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۈكۈرنىڭ پايدىسى شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. شۈكۈر قىلغان ئادەم نېمەتكە ئېرىشىدۇ، تۇزكورلۇق قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: ئەگەر سىلەر ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ پەزل-كەرەملىرىدىن تانساڭلارمۇ، سىلەر نە ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىغا، نە ئۇنىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. مۇنداق قىلىش بىلەن پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا زىيانغا ئۇچرىتىسىلەر، يەنە كېلىپ، كۆپلىگەن نېمەتلەردىن مەھرۇم قالىسىلەر، ئەگەر مۇنداق قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىسىلەر. ﴿فَكَفَرُوا وَتَوَلَّوا وَّاسْتَغْنَى اللَّهُ وَاللَّهُ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئىمانىدىن) بىھاجەت بولدى. ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەنگۈچىدۇر﴾[3].

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 168-ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 35-ئايەت.
[3] تەغابۇن سۈرىسى: 6-ئايەت.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ شۈكۈر قىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىمانىغا موھتاج ئەمەس. ئىمان بىلەن شۈكۈرنىڭ پايدىسى شۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغۇاتقان نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا جىمى مەخلۇقاتنى ئۆزىنىڭ سانسىز نېمەتلىرى بىلەن كەڭتاشا نېمەتلەندۇرۇپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەمدۇسانا ئېيتىپ مەدھىيەلىشىگە تامامەن ھەقلىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانى ماختىمىغان ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەرگە ۋە ماختاشلارغا تامامەن لايىقتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەسلىك ۋە كىشىلەرگە ئەسلىتىپ تۇرۇش شۈكۈر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، شۈكۈر نېمەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغان بەندىسىگە تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، شۈكۈر ئېغىز بىلەنلا ئادا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش ۋە موھتاجلارغا خەير-ئېھسان قىلىشقا ئوخشىغان ئەمەلىي ئىشلار ئارقىلىق ئادا بولىدۇ.

2. نېمەتكە شۈكۈر قىلغان بەندىسىگە ئاشۇرۇپ بېرىش، تۇزكورلۇق قىلغانلارنى نېمەتتىن مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەر زامان ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ شۈكۈر-تەشەككۈرلىرىدىن بىھاجەتتۇر. شۈكۈر قىلغانلارنىڭ شۈكرىسىنىڭ پايدىسى ۋە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ تۇزكورلۇقىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بولۇپ، بۇلاردىن ئاللاھ تائالاغا بىرەر پايدا ياكى زىيان يەتمەيدۇ.

## ◄ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرى

﴿أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُا۟ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ
وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ
فَرَدُّوٓا۟ أَيْدِيَهُمْ فِىٓ أَفْوَٰهِهِمْ وَقَالُوٓا۟ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ وَإِنَّا

لَفِى شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَآ إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٩﴾ ۞ قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِى ٱللَّهِ
شَكٌّ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ
وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ قَالُوٓا۟ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ
أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٠﴾
قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ
مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَمَا كَانَ لَنَآ أَن نَّأْتِيَكُم بِسُلْطَٰنٍ إِلَّا بِإِذْنِ
ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾ وَمَا لَنَآ أَلَّا نَتَوَكَّلَ عَلَى ٱللَّهِ
وَقَدْ هَدَىٰنَا سُبُلَنَا ۚ وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَآ ءَاذَيْتُمُونَا ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ
ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**9**-سىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقىسى بىلىپ بولالمايدۇ. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار (بولدى! بىزگە ئارتۇقچە گەپ قىلغۇچى بولماڭلار دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن) قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ: «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى راستتىنلا ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتىن ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېدى.

**10**-پەيغەمبەرلىرى ئۇلار: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئاللاھتا شەك بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلاردىن بىر قىسمىنى مەغپىرەت قىلىش ۋە سىلەرنى مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىتىش ئۈچۈن سىلەرنى (ھەق دىنغا) دەۋەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇلار: «سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، سىلەر بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا، بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى.

**11**-پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «(توغرا) بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمىز، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) ئېھسان قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز،

مۆئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن!

12-ئاللاھ بىزنى (مېڭىشقا تېگىشلىك) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلمايمىز؟ سىلەر بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!» دېدى.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! سىلەرگە ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، سانىنى رەببىڭلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان قەۋملەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

ئۇ قەۋملەرگە پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك دەلىل-پاكىتلارنى ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار بىزگە ئارتۇقچە گەپ قىلغۇچى بولماڭلار دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ: «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى راستتىنلا ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتىن ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېدى.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَرَدُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ فِيٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇپەسسىرلەرنىڭ «ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دىنغا چاقىرغان دەۋەتلىرىنى ئاڭلىماسلىق ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىنى توسۇش ئۈچۈن قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنى سۈكۈت قىلىشقا دەۋەت قىلدى» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. يەنە بەزىسى «ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلماسلىق ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئېغىزلىرى بىلەن قايتۇرۇۋەتتى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي «ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئاچچىقلانغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى ئېغىزلىرىغا ئاپىرىپ، بارماقلىرىنى چىشلىدى» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەت توغرۇلۇق يەنە ھەر خىل تەپسىرلەر مەۋجۇت بولۇپ، ھەممىسى كاپىرلارنىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى

چىقىپ: بىز سىلەرنىڭ «روشەن مۆجىزە» دەپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز، سىلەرنىڭ بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشىڭلار، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلىشىڭلار دېگەن دەۋىتىڭلارنىڭ ھەقلىقىدىن شەكلىنىۋاتىمىز، راستىنلا بىز سىلەرنىڭ ئىشىڭلار توغرۇلۇق چوڭقۇر شەكتىمىز، دەيدۇ.

پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىدا شەك بارمۇ؟ سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلارنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغىمۇ شەك قىلىۋاتامسىلەر؟ بارلىق دەلىل-ئىسپاتلار ۋە كائىناتتىكى تۈرلۈك ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرسا، ئاسمان – زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرسا، سىلەر بۇ كائىناتنى ياراتقان زاتتىن شەكلىنىۋاتامسىلەر؟ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا پۇختا نىزامنى ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى بەلگىلىگەن زات ئاللاھ تائالا ئەمەسمۇ؟! ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈپ، رىزقىڭلارنى مول قىلىپ، سىلەرنى ئۆزى بەلگىلىگەن ئەجەل كەلگەنگە قەدەر ياشىتىش ئۈچۈن سىلەرنى ئىمانغا چاقىرغان زات ئاللاھ تائالادۇر.

كاپىرلار پەيغەمبەرلەرنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن كېيىن نېمە دېدى؟

كاپىرلار دېدىكى، بىز قانداقمۇ سىلەرگە ئىمان ئېيتىمىز؟ سىلەر بىزگە ئوخشاشلا يەيدىغان، ئىچىدىغان ئىنسان تۇرساڭلار؟ سىلەرنى ھېچقايسى تەرەپتىن ئۆزىمىزدىن ئارتۇق كۆرمەيۋاتىمىزغۇ! ئەمدى بىز قانداق بولۇپ سىلەرگە ئەگىشىمىز ۋە سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىزكەن؟ سىلەر بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، ئاتا- بوۋىلىرىمىز ياخشى بىلەتتى، توغرا سۆزلەيتتى. بىز سىلەرنى دەپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى تاشلامدۇق؟

بىز ئەزەلدىن چوقۇنۇپ كەلگەن بۇ ئىلاھلىرىمىزنى ۋە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇ دىنىمىزنى بۇنداق ئاسان تاشلىمايمىز. ئەگەر سىلەر بىزنى قايىل قىلالايدىغان ئېنىق دەلىل – ئىسپات كۆرسىتەلمىسەڭلار، بىز ئۆز دىنىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز.

پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا قانداق رەددىيە بەردى؟

پەيغەمبەرلىرى ئۇلارنىڭ ﴿سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان﴾،

﴿سىلەر بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر﴾ ۋە ﴿ئۇنداقتا، بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار﴾ دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ: توغرا ئېيتىسىلەر، بىزمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان، سىلەرگە ئوخشاشلا يەيمىز، ئىچىمىز، بازارلارغا بارىمىز، تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەيمىز، ئۆيلىنىمىز، بالىچاقىلىق بولىمىز. ئەمما بۇ قىلغانلىرىمىز بىزنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمىزگە زىت كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. چۈنكى، ﴿ٱللَّهُ أَعۡلَمُ حَيۡثُ يَجۡعَلُ رِسَالَتَهُۥ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى كىمگە ئاتا قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1]. ئەمما سىلەرنىڭ شۇنچە روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە بىزدىن مۆجىزە سورىغىنىڭلارغا كەلسەك، مۆجىزە ئەۋەتىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بولماستىن ھېچقانداق بىر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيمىز.

ئەمدى سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار چوقۇنۇپ كەلگەن ئىلاھلارنى تاشلىمايۋاتقىنىڭلارغا كەلسەك، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى تەقلىد قىلىپ ئۇلار چوقۇنۇپ كەلگەن نەرسىلەرنى ھازىرغىچە «ئىلاھلىرىمىز» دەپ تۇرۇۋاتقانلىقىڭلار ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. بۇ ئىلاھلارنىڭ ساختىلىقى سىلەرگە ئېنىق ئايان بولغان تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن ۋاز كەچمەيۋاتقىنىڭلار راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.

بۇ مۇنازىرىلەردىن كېيىن، ھەق سۆزگە قايىل بولمىغان كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا ۋە ئۇلارغا سۇيىقەست پىلانلاشقا ئۆتتىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا دەيدۇ: بىز سىلەرنىڭ تەھدىتلىرىڭلاردىن قورقۇپ قالمايمىز، چۈنكى، سىلەرنىڭ تەھدىتلىرىڭلار بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بىز ئاللاھ تائالاغا تايىنىمىز، ئىشىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمىز، ئۇنىڭغىلا ئېسىلىمىز. چۈنكى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئەڭ توغرا يولغا ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مۇئمىنلەرنى ۋە بىزنى قوغدايدىغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلمايمىز؟! بىز سىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىڭلارغا سەۋر قىلىپ، ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىمىز.

[1] ئەنئام سۈرىسى: 124-ئايەت.

چۈنكى، ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلاش، ئوقۇش، ئەسلەش قاتارلىقلار ئىبرەت ئېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىدىن شەك قىلغۇچىلار خۇددى كۈندۈزدىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن شەكلەنگەن كورلارغا ئوخشاش مەنىۋى كورلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەقلى ساغلام ئەمەس.

3. ھەقىقەتنى ياقتۇرمايدىغانلارغا قانچىلىك كۆپ دەلىل-ئىسپاتلار كەلتۈرۈلسىمۇ، ئۇلار بەربىر ھەقىقەتنى رەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتنى ئىزدەش ئەمەس، بەلكى رەت قىلىشتۇر.

4. پەيغەمبەرلەر ئەزەلدىن ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن زاتلاردۇر. ئىنسانلارغا پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس.

5. ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

### ◄ ياخشى ئاقىۋەت مۆئمىنلەرگە خاستۇر

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُم مِّنْ أَرْضِنَآ أَوْ
لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَاۖ فَأَوْحَىٰٓ إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٣
وَلَنُسْكِنَنَّكُمُ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِهِمْۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِي وَخَافَ
وَعِيدِ ١٤ وَٱسْتَفْتَحُواْ وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ١٥ مِّن وَرَآئِهِۦ
جَهَنَّمُ وَيُسْقَىٰ مِن مَّآءٍ صَدِيدٍ ١٦ يَتَجَرَّعُهُۥ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُۥ
وَيَأْتِيهِ ٱلْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍۖ وَمِن وَرَآئِهِۦ عَذَابٌ
غَلِيظٌ ١٧ مَّثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْۖ أَعْمَٰلُهُمْ كَرَمَادٍ ٱشْتَدَّتْ بِهِ
ٱلرِّيحُ فِي يَوْمٍ عَاصِفٍۖ لَّا يَقْدِرُونَ مِمَّا كَسَبُواْ عَلَىٰ شَيْءٍۚ ذَٰلِكَ هُوَ
ٱلضَّلَٰلُ ٱلْبَعِيدُ ١٨﴾

## تەرجىمىسى

13-كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى يۇرتىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇڭا رەببى ئۇلارغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز.

14-ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، (ئۇلارنىڭ) زېمىنىدا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز. مانا بۇ مېنىڭ ئالدىمدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر» دەپ ۋەھيى قىلدى.

15-(پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن) نۇسرەت تىلىۋىدى (ئۇلار نۇسرەتكە ئېرىشتى)، ھەربىر ئۆچىغا چىققان مۇتەكەببىر، گەدەنكەش ھالاك بولدى.

16-ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، ئۇ، جەھەننەمدە يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

17-ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ (ھارارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئۈچەيلىرىنى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ)، ئۆلۈم ئۇنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

18-رەببىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ قىلغان) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، مانا بۇ قاتتىق ئازغۇنلۇقتۇر.

## تەپسىرى

پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىشكە دەۋەت قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر كاتتىباشلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشتىكى قىزغىنلىقىنى ۋە ئۇلارنى مۆئمىنلەردىن قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يا يۇرتتىن چىقىپ كېتىش ياكى قەۋمىنىڭ دىنىغا قايتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلىش تەكلىپىنى قويغان. ئۆز ۋاقتىدا، مەديەن خەلقى ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەر شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆئمىنلەرگە شۇنداق تەھدىت سالغان. ئاللاھ تائالا ئەئراف سۈرىسىدە بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لَنُخۡرِجَنَّكَ يَٰشُعَيۡبُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَكَ مِن قَرۡيَتِنَآ أَوۡ

﴿لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا﴾ يەنى ﴿شۇئەيب قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز ياقتۇرمىساقمۇ (دىنىڭلارغا مەجبۇرلامسىلەر؟» دېدى﴾[1]. مەككىلىك كاپىرلارمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سالغان. ﴿وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـًٔا قَلِيلًا﴾ يەنى ﴿(ئۇ كاپىرلار) سېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى (خاتىرجەم) تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى﴾[2].

چۈنكى، كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىگە ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ زورلۇقىغا، مۇئمىنلەرنىڭ سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئۇلارغا يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ شۇنداق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەم قىلماسلىقىنى، ئاخىرقى غەلىبە ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا مۇئمىنلەرنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ھەقىقەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرغان مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىنى كۆپلىگەن ئايەتلەردە تەكرار بايان قىلغان. ﴿كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغْلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِىٓ﴾ يەنى ﴿ئاللا: «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ، پۈتۈۋەتكەن﴾[3]، ﴿وَلَقَدْ سَبَقَتْ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٧١﴾ إِنَّهُمْ لَهُمُ ٱلْمَنصُورُونَ ﴿١٧٢﴾ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ ٱلْغَٰلِبُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە ئالدىنئالا بەرگەن بىر سۆزىمىز بار ئىدى. ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾ [4]، ﴿ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱللَّهِ وَٱصْبِرُوٓا۟ ۖ إِنَّ ٱلْأَرْضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، چىداملىق بولۇڭلار. شەكسىزكى، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭدۇر، ئۇ بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 88-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 76-ئايەت.
[3] مۇجادەلە سۈرىسى 21- ئايەت.
[4] ساففات سۈرىسى: 171-173-ئايەتلەر.

تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق شۇنى جاكارلايدۇكى، مېنىڭ ياردىمىم ۋە نۇسرىتىم پەقەت مېنىڭ كاتتىلىقىمدىن ئەيمىنىپ، غەزىپىمگە لايىق بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن، مېنىڭ ئالدىمدا ھېساب بېرىشتىن قورققان بەندىلىرىمگە خاستۇر.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە نۇسرەت تەلەپ قىلغان. «قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئەينەن ھېكايە قىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزگە قاتتىق ئازاب كەلتۈرگىن!﴾[2]. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، «ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭ راست بولىدىغان بولسا مېنى ھالاك قىلغىن» دېيىش نېمىدېگەن چېكىگە يەتكەن ئەخمەقلىق؟! پەيغەمبەرلەر ئەنە شۇنداق ئىنكار قىلىنغان، قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ دەپ قالغان پەيتلەردە، ئاللاھ تائالادىن قەۋمىگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلغان.

ئۇ قەۋملەر ھاماقەتلىكتە شۇنچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتكەنكى، ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلىۋاتقان پەيغەمبەرلىرىگە قولاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆزلىرىنىڭ خۇراپى دىنىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ كاپىر قەۋمىگە قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشنى سورىغان ۋە ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشكەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداقلار توغرۇلۇق ﴿ھەربىر ئۇچىغا چىققان مۇتەكەببىر، گەدەنكەش ھالاك قىلىندى﴾ دېگەن ھۆكۈمنى ئالدىنئالا چىقىرىپ بولغان ئىدى. راستتىنلا بۇنداق زالىملار ھالاك بولدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا دوزاخ تۇرىدۇ، دوزاخ راستتىنلا يامان جاي! ئۇلارغا دوزاختا قان بىلەن يىرىڭ ئارىلاشقان يۇقىرى ھارارەتلىك، سېسىق سۇدىن باشقا ئىچىدىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇلار ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ. ئىچكەن نەرسىسىنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئۈچەيلىرى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 128-ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى: 32-ئايەت.

﴿هَٰذَا فَلْيَذُوقُوهُ حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ ۝٥٧ وَءَاخَرُ مِن شَكْلِهِۦٓ أَزْوَٰجٌ﴾ يەنى ﴿بۇ (يۇقىرى ھارارەتلىك) قىزىق سۇدۇر، قان-يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلارمۇ بار﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرى ھەرقانداق زالىمنىڭ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئازابلار بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن باشلاپ، پىرئەۋن، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىدىن ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋمىدىن بولغان كاپىرلار، شۇنداقلا مەككە كاپىرلىرىغا قەدەر بولغان زالىملارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ئىبرەتلىك ساۋاقلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۇ يەردىكى قاتتىق ھارارەت تۈپەيلىدىن قاتتىق ئۇسسايدىغانلىقى ۋە سۇغا تەلمۈرگىنىدە، ئىنتايىن ئاچچىق ۋە ھىدى بەكمۇ سېسىق بولغان قان بىلەن يىرىڭ ئارىلاشقان قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

دوزاختا ياكى جەننەتتە ئۆلۈم يوق. دوزاخ ئەھلى دوزاختا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ جازالىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ بولغىنىدا، بۇ تېرىلەر يەنە قايتىدىن يېڭىلىنىپ، ئەسلىگە كېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئازاب شۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ. چۈنكى، سېزىم تېرىدە بولۇپ، تېرە كۆيۈپ بولغاندا، كۆيۈكنىڭ ئازابى ھېس قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا ئازابنى داۋاملىق تېتىتىپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئۈزۈلدۈرمەي ئازابلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُم بَدَّلْنَٰهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى يېقىندا دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

ئۇلار دوزاختا ئۆلگۈدەك قاتتىق ئازابلانسىمۇ يەنىلا ئۆلمەيدۇ، قاتتىق ھارغىنلىق، غەم-ئەندىشە، قىيىنلىش ئۇلارنى ئۆلۈككە ئوخشاش قىلىپ قويسىمۇ يەنىلا ئۆلمەيدۇ ۋە ئازاب داۋاملىشىدۇ. مانا بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ

---

[1] ساد سۈرىسى،57-58-ائيەتلەر.

[2] نىسا سۈرىسى: 56-ئايەت.

ئېچىنىشلىق ھالى. ئاللاھ بىزلەرنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىسۇن! ئامىن.

كاپىرلار ئۆلىدىغان چېغىدا، قاتتىق قىينىلىش ۋە ئازابلىنىش بىلەن جان بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ جېنى مۇئمىنلەرنىڭكىدەك سىلىق ئېلىنماستىن، بەلكى قاتتىق تارتىپ ۋە سۆكۈپ ئېلىنىدۇ. ئىمانسىز ئۆلگەنلەرنىڭ سەكراتتىكى قىينىچىلىقى ئۇلارغا ئازابنىڭ باشلان-غانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن قەبرە ئازابىغا، ئاندىن قىيامەتتە ئاخىرەت ئازابىغا تۇتۇلىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، يەڭگىللىتىلمەيدۇ ۋە بىر لەھزىمۇ توختىتىلمايدۇ. سەكرات، قەبرە ۋە ئاخىرەت ئازابلىرى ئارقا-ئارقىدىن شۇنداق كېلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياكى يېنىكلىتىدىغان ئەمەللىرى يوقمىدى؟ دېگەن سوئالغا ئاللاھ تائالا جاۋاب بېرىپ، ﴿رەببىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ قىلغان) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، مانا بۇ قاتتىق ئازغۇنلۇقتۇر﴾ دەيدۇ. چۈنكى، ئىمانسىز تۇرۇپ قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەل بىكار ۋە پايدىسىزدۇر. مۇنداقلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەل دەپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن نەرسىدەكلا يوق بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن ياكى ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئىمانسىزلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارغا جازادىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىماندۇر. ئىمانسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر كۆپلۈكىدىن ھەتتا قۇمنىڭ دانىلىرىدەك ھېسابسىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاخىرەتتە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ، ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان نەرسە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. ﴿وَقَدِمْنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَـٰهُ هَبَآءً مَّنثُورًا﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلار قىلغان ھەربىر ئەمەلگە يۈزلىنىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز﴾[1]. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن مەقسەت ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، يوقسۇللارنى يوقلاش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش،

[1] فۇرقان سۈرىسى، 23-ئايەت.

ئىنسانلارغا ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلاردۇر. ئىمان بولمىغان ئىكەن، بۇ ياخشىلىقلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچبىر مۇكاپاتى ياكى پايدىسى بولمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** سەۋرنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىشە خەيرلىك بولىدۇ. بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغانلار، چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلەر چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

**2.** يولسىزلىقنىڭ، زۇلۇمنىڭ ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

**3.** زالىملار ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىدىن بىر قىسمىنى مۇشۇ دۇنيادىلا چېكىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە تارتىدىغان ئازابلىرى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ.

**4.** ياخشى ئاقىۋەت ھەر زامان ياخشىلارغا ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

**5.** ئاخىرەتنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

**6.** ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئاخىرەتتە پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئىماندىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ.

### ◄ دوزاخ ئەھلىنىڭ شەيتان بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ
وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٩﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٍ ﴿٢٠﴾ وَبَرَزُوا۟ لِلَّهِ
جَمِيعًا فَقَالَ ٱلضُّعَفَٰٓؤُا۟ لِلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓا۟ إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ
أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۚ قَالُوا۟ لَوْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ
لَهَدَيْنَٰكُمْ ۖ سَوَآءٌ عَلَيْنَآ أَجَزِعْنَآ أَمْ صَبَرْنَا مَا لَنَا مِن مَّحِيصٍ
﴿٢١﴾ وَقَالَ ٱلشَّيْطَٰنُ لَمَّا قُضِىَ ٱلْأَمْرُ إِنَّ ٱللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ ٱلْحَقِّ
وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ ۖ وَمَا كَانَ لِىَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍ إِلَّآ

أَن دَعَوۡتُكُمۡ فَٱسۡتَجَبۡتُمۡ لِيۖ فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوٓاْ أَنفُسَكُمۖ مَّآ
أَنَا۠ بِمُصۡرِخِكُمۡ وَمَآ أَنتُم بِمُصۡرِخِيَّ إِنِّي كَفَرۡتُ بِمَآ أَشۡرَكۡتُمُونِ
مِن قَبۡلُۗ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٢﴾ وَأُدۡخِلَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا
بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡۖ تَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٌ ﴿٢٣﴾

### تەرجىمىسى

19ـئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى كەلتۈرىدۇ.

20ـبۇ ئاللاھقا (ھەرگىز) قىيىن ئەمەس.

21ـ(قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراقىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغان بولاتتۇق، بىز نالە-پەرياد قىلساقمۇ، سەۋر قىلساقمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ.

22ـ(ھېساب ئېلىش ئىشى ئاخىرلىشىپ) ئىش پۈتكەندە، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ھەق ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ئۇنىڭغا ۋاپا قىلدى)، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى (كۇفرىلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، (بۈگۈن) مەن سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان) زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار» دەيدۇ.

23ـئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، بۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ يەردە (ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر

تەرىپىدىن) «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىنى، بۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە، چەكسىز ئىلمىگە دەلىل قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدىغان شەكىلدە ئەڭ مۇكەممەل ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق سۆزنى بارلىق ئىنسانىيەتكە قاراتقان. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككىسىنى بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقى ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە تەڭداشسىز ئىلمىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچبىرىگە موھتاج ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ھالاك قىلىپ پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، ئاسىيلىق قىلمايدىغان يېڭى بىر ئىتائەتمەن خەلقنى كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بۇ ھەرگىز قىيىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، خالىغىنىنى قىلالايدىغان زاتتۇر.

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بايان قىلغان ئايەت بولۇپ، ھەممىنى ئۆرنەكسىز ياراتقان، ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ لايىق بولغان، ئازابىدىن قورقۇلىدىغان، رەھمىتى ئۈمىد قىلىنىدىغان شۇنداق تەڭداشسىز زاتنى ئىنكار قىلىش راستىنلا ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟!

بارچە خالايىق قىيامەت كۈنىدە تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ھېساب مەيدانىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا ھازىر بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان كاپىرلار، ھەددىدىن ئاشقان زالىملار بۇ كۈندە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى كۆز ئالدىدا ھازىر قىلىنغان ھالدا كۆرىدۇ. قىلمىشلىرىدىن تېنىۋالالمايدۇ، ھەممە قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسلەيدۇ ۋە ئىقرار قىلىدۇ.

ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ئىرادىدە ئاجىز بولغانلىقتىن ئازغۇن كاتتىباشلىرىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى قىلغان ئەگەشكۈچىلەر بۇ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرىغا دەيدۇكى: بىز دۇنيادا سىلەرگە پۈتۈن ئىشلاردا ئەگەشكەن

ئىدۇق. سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنى قىلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك كەلتۈرگەن ئىدۇق. ئەمدى بىز يەنە سىلەرگە كەلدۇق. سىلەر بىزدىن بۇ قاتتىق ئازابتىن ئازراقىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلەمسىلەر؟ بۇ ئازابنى بىزدىن ئازراق بولسىمۇ يىراق قىلالامسىلەر؟ دەيدۇ. ھاكاۋۇر كاتتىباشلار ئۇلارغا: بۇ ھالەتتە بىز سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرەلەيمىز؟ كۆرۈۋاتىسىلەركى، بىز ئۆزىمىزنىمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايۋاتىمىز. دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە سىلەرنىمۇ ھىدايەتكە باشلىغان بولار ئىدۇق. بىز مەيلى زارلىنىپ قاقشايلى، مەيلى سەۋر قىلىپ جىم تۇرايلى، بەرىبىر قولىمىزدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ. چۈنكى، جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلار دوزاخقا ئايرىلىپ بولدى، ھۆكۈم كېسىلىپ بولدى. ئەمدى بىزگە بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرۈشتىن باشقا چارە يوق. شۇڭا بىز بۇ ئازابتىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايمىز، دەيدۇ. ئەگەشكۈچىلەر بۇ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزلىرىنى دۇنيا ھاياتىدا ئازدۇرغان بۇ ئازغۇن كاتتىباشلارنىڭ ئازابىنى ئىككى ھەسسە ئارتۇق قىلىشىنى، ئۇلارنى بەكرەك جازالىشىنى تىلەيدۇ.

ئاندىن دوزاخ ئەھلى بولغانلارنىڭ شەيتان بىلەن بولغان مۇنازىرىسى باشلىنىپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئېلىش ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ، جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا مەنسۇپ بولغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، شەيتان بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ سۆزىگە كىرىپ بەختسىزلەردىن بولۇپ كەتكەنلەرگە خىتاب قىلىپ: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق سىلەرگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى جەننەتلەرگە كىرگۈزىدىغانلىقى، شەيتانغا ئەگىشىپ كۇفرى ۋە زالالەت يولىنى تاللىغانلارنى دوزاخقا تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە ھەق ۋەدە بەرگەن ئىدى، ۋەدىسىگە راستىتىنلا ۋاپا قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ھەق، ۋەدىسى راست ئىدى. ئەمما مەن سىلەرنى دۇنيادا ئازدۇرۇپ، دوزاخ ۋە جەننەت دېگەنلەر يوق، قىيامەت دېگەن يوق، ئەگەر بار دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ شاپا-ئەتچىلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىپ ھەرقانداق ئازاب ۋە جازالاردىن بىزنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، بىز شۇڭا ئۇلارغا چوقۇنىمىز، دېدىم. سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىمگە ئىشەندىڭلار-دە، ماڭا ئەگەشتىڭلار، رەببىڭلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىدىڭلار. ئەمەلىيەتتە رەببىڭلارنىڭ

ۋەدىسى راست ئىدى، مېنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىم يالغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈۋاتىسىلەر. قىسقىسى، مەن سىلەرگە يالغاندىن ۋەدىلەرنى بەردىم، سىلەر سۆزۈمگە ئىشەندىڭلار، سىلەرنى كۇفرى-زالالەتكە ۋە يامان ئىشلارغا چاقىردىم، سىلەر چاقىرىقىمنى قوبۇل قىلدىڭلار، ئەمما مەن سىلەرگە يامانلىقنى مەجبۇرلاپ قىلدۇرمىدىم. چۈنكى، مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك كۈچ-قۇۋۋىتىم يوق ئىدى، مەندە سىلەرنى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلىغۇدەك سالاھىيەتمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ماڭا ئەگىشىپ رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار. ئاندىن مەن سىلەرگە قىلغان ۋەدىلىرىمگە خىلاپلىق قىلدىم، دەيدۇ. ﴿يَعِدُهُمْ وَيُمَنِّيهِمْ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا﴾ يەنى ﴿شەيتان ئۇلارغا ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىدۇ، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

سۇبھانالللاھ! يۇقىرىقىلار شەيتاننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئېتىراپى ۋە ئازابىنى كۆرگەن ۋاقىتتىكى ھەق سۆزى ئىدى. قىيامەت كۈنىدە شەيتاننىڭ بۇنداق ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قانداق ئازدۇرغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى دوزاخ ئەھلىنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاش ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، شەيتان ئادەم باللىرىغا ئەشەددىي دۈشمەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىگە سەۋەب بولغانىنى ئاز دەپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دوزاختىمۇ بىئارام قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئازابىغا ئازاب قوشىدۇ. كاشكى ئىنسانلار شەيتاننىڭ ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى!

شەيتان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى: مەن سىلەرگە باتىلنى ۋە يامانلىقلارنى خۇددى توغرا ۋە ياخشى ئىشتەك قىلىپ كۆرسىتىپ، سىلەرنى ئۇنىڭغا چاقىرغان چېغىمدا، سىلەر مېنىڭ چاقىرىقىمغا قۇلاق بېرىپ، ئۆز ئىرادەڭلار ۋە ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ماڭا ئەگەشتىڭلار، مەن سىلەرنى مەجبۇرلاپ ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرمىدىم. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ماڭا مالامەت قىلماي، ئۆزۈڭلارغا مالامەت قىلىڭلار، مېنى ئەيىبلىمەي، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار. چۈنكى، سىلەر يامانلىقنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن قىلدىڭلار، ھەقىقەتنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن

[1] نىسا سۈرىسى: 120-ئايەت.

ئىنكار قىلدىڭلار. رەببىڭلار مەندىن يىراق تۇرۇشۇڭلارنى شۇنچە قاتتىق تەكىتلەپ تۇرغان بولسىمۇ، سىلەر رەببىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدىڭلار، ئۆزۈڭلار ماڭا ئەگەشتىڭلار ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ سىلەرنى ئازدۇرغانلىقىم راست، ئەمما سىلەرنى ئازغۇنلۇققا مەجبۇرلىغىنىم يوق. مانا بۈگۈن بۇ يەردە ھەممىمىز ئوخشاشلا دەرد-ئەلەم چېكىۋاتىمىز، قىلمىشلىرىمىزغا پۇشايمان قىلىۋاتىمىز. ئەمما بۇنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار ئەمەس، سىلەرمۇ مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم ئەمەس. چۈنكى، مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايمەن، سىلەرمۇ مېنى قۇتۇلدۇ-رالمايسىلەر. ھەممىمىز ئازاب ئىچىدىمىز. مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ دۇنيادا مېنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلغىنىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن.

يۇقىرىقىلار شەيتاننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئېتىراپى ۋە ئىقرارىدۇر. «شەيتانى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىق» دېگەن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا شەيتانغا بويسۇنغانلىق دېگەنلىكتۇر.

شەيتاننىڭ ئىقرارى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. شەيتاننىڭ بارلىق ۋەدىلىرى يالغاندۇر.

2. شەيتانغا ئەگەشكەنلەر ئەقىل ياكى دىندىن پاكىتى بولمىغان نەرسىگە ئەگەشكەن بولىدۇ.

3. شەيتانغا ئەگىشىپ يامان ئىش قىلغانلار يامانلىقنى شەيتاندىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىن كۆرۈشى لازىم.

4. شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدۇ. بەلكى ئۆزىنىمۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

5. شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئەمدى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ھەقىقەت-لەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننىڭ تەلىپىگە لايىق ھايات كەچۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتكەن، قەلبلىرىنى نۇرغا تولدۇرغان ھالدا، ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل جەننەتلەرگە-قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل -دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن سۈپسۈزۈك ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان، مېۋىلىرى كۆزلەرنى

قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتلەردە ئۆز ئارىسىدا ۋە پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا سالاملىشىشى«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» يەنى (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن!) دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئالاھىدە قارشى ئېلىپ: ئامانلىق سىلەرگە يار بولسۇن! ياخشىلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمىدېگەن ياخشى! دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھ ۋە ئەڭ چوڭ يولسىزلىقتۇر.

2. ئۆز ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغرا يولنى تاللىماستىن، باشقىلارغا ئەگىشىپ ئازغۇنلۇق يولىغا كىرگەنلەر قىيامەت كۈنىدە ئۆزرە بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلىيالمايدۇ.

3. شەيتان ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ دوستى بولۇپ، چوقۇنغۇچىلىرىنى زىياندىن باشقىسىغا ئۇچراتمايدۇ.

4. كائىناتتا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان بولۇپ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىر-بىرلەپ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

5. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنىڭ جازاسى ئېغىردۇر.

6. ھېچكىم قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەنلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەنلا كىرەلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بەرگەن سانسىز ئاتا-ئېھسانلىرى ئالدىدا بىزنىڭ قىلغان تائەت-ئىبادەتلىرىمىز ھېچقانچە ئەمەس.

### ◄ ھەق سۆز بىلەن باتىل سۆزنىڭ مىساللىرى

﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا
ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾ تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ
وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾ وَمَثَلُ كَلِمَةٍ

خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ
﴿٢٦﴾ يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى
ٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴿٢٧﴾

### تەرجىمىسى

24ـ25ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ياخشى سۆز (كەلىمە تەييىبە) يىلتىزى (يەرنىڭ ئاستىدا) مۇستەھكەم بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پەند- نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

26ـ يامان سۆز (كۇفرى سۆز) يەرنىڭ ئۈستىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ.

27ـ ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە چىڭ تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى (ھەقىقەتتىن) بۇرۇۋېتىدۇ، ئۆزى خالىغىنىنى قىلىدۇ.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە بەختلىك مۆئمىنلەر بىلەن بەختسىز كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ياخشىلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ﴿لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ مُحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر﴾ دېگەن كەلىمە تەييىبەدىن ئىبارەت ئىمان ۋە ئىسلام كەلىمىسى بىلەن بىرگە يامانلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۇفرى سۆزىنىمۇ بايان قىلىدۇ. ئىماننى يىلتىزى مۇستەھكەم مېۋىلىك دەرەخكە، كۇفرىنى يىلتىزى قومۇرۇلغان مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشىتىش مەنىۋى نەرسىلەرنى ماددىي نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەش بولۇپ، ئەرەب تىلى بۇ خىلدىكى ئوخشىتىشلارغا ناھايىتى بايدۇر. مەلۇمكى، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوي-پىكىرنى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە تېخىمۇ روشەن بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ كۆرسىتىشتە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ رەببىڭ ئىسلام بىلەن ئىمانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كەلىمە تەييىبەنى يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا مۇستەھكەم بولغان، شاخلىرى ئاسمانغا تۇتاشقان، رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشاتتى. بۇ مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئىماننىڭ ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا شۇنداق كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، دەرەخنىڭ يىلتىزى قەلبتىكى ئىماننى، ئۇنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان شاخلىرى ياخشى ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. ﴿إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ﴾ يەنى ﴿ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾[1]. ھىدايەت مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورنىشىپ، ئۇنىڭ قەلبى ئىسلام ۋە ئىماننىڭ نۇرى بىلەن پارلىغاندىن كېيىن، بۇ نۇر ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى يورۇتىدۇ. خۇددى ئېسىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن كۆپ كىشىلەر پايدىلانغاندەك، ياخشى مۆئمىن ئادەمدىن ھەممە خەلق مەنپەئەت ئالىدۇ.

ئەمما كۇفرى سۆزى يەردىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق، يىلتىزى بولغان تەقدىردىمۇ مەھكەم تۇرالمايدىغان، ئازراق بىر شامال بىلەنمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان، پايدىسىز ۋە مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشىتىلغان.

ھەممىتى يۇقىرى، ئىمانى مۇستەھكەم كىشىلەر كەلىمە تەييىبەنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىدىغان، ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان، يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر ئورناشقان، شاخلىرى ئاسمانغا تاقاشقان خورما دەرىخىگە ئوخشايدىغان، قەلبىدە ئىمان بىلەن ياخشىلىق مەھكەم ئورۇن ئالغان، ياخشى ئەمەللىرى دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن كىشىلەردۇر.

ئەمما ئىرادىسى ئاجىز، نەپسىنىڭ تەلەپلىرىگە ئەسىر بولغان، ھىممەتسىز ئادەملەر مېۋە بەرمەيدىغان، سايىسىدىن ياكى كۆتىكىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان ناچار دەرەخكە ئوخشاش ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، بارلىقى بىلەن يوقلۇقىنىڭ ھېچبىر پەرقى بولمايدىغان ئادەملەردۇر.

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 10-ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى كەلىمە تەييىبەدە ئىپادىسىنى تاپقان مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرماقچى بولغانلار مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداق كىشىلەر ئەقىدە يولىدا كاپىرلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە، قاتتىق قىيىن-قىستاقلىرىغا ئۇچرىسىمۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىلال، سۇھەيب قاتارلىق زاتلارغا ئوخشاش قىلچە تەۋرەنمەيدۇ، كۇفرىغا قايتمايدۇ ۋە ئىماندا ئاخىرغىچە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. مۇنداق مۆئمىنلەر بۇ دۇنيادىكى بارچە ئازدۇرۇش ۋاستىلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ قىيىن-قىستاقلىرى ئالدىدا تولۇق ئىمانى بىلەن مۇستەھكەم تۇرغاندەك، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئاخىرەتنىڭ بىرىنچى بېكىتى بولغان قەبرىدىمۇ مۇستەھكەم ئىمانى بىلەن بولىدۇ. ئاندىن جەننەتتە ھەرقانداق بىر قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان ھالدا خاتىرجەم ھۇزۇرلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتقاندا، مېيىت تىرىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن‹بۇ كىشى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟›دەپ سورايدۇ. مېيىت مۆئمىن بولسا، ‹مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر›دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا، ‹دوزاختىكى ئورنۇڭغا قاراپ باق، ئاللاھ سېنىڭ بۇ ئورنۇڭنى جەننەتتىكى مۇنۇ ئورۇنغا ئۆزگەرتتى› دەيدۇ، ئۇلار ھەممىسى (يەنى ئىككى پەرىشتە بىلەن مېيىت) بۇ ئىككى ئورۇننى ئېنىق كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى كېڭەيتىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار پەرىشتىلەرنىڭ ‹بۇ كىشى توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟ دېگەن سوئالىغا، ‹بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ دېگىنىنى دەيتتىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بازغان بىلەن قاتتىق بىر ئۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئىنسان بىلەن جىندىن باشقا ھەممە جانلىقلار ئاڭلايدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنى، نەپسى خاھىشىغا ئەسىر بولغانلارنى ئەنە شۇنداق ئازدۇرۇۋېتىدۇ، ھەقتىن شۇنداق بۇرۇۋېتىدۇ. ﴿قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ۝٩ وَقَدۡ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا ۝١٠﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇنى (گۇناھ-مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ﴾[2].

---

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 90-بەت، 1338 -ھەدىس.

[2] شەمس سۈرىسى: 9-10-ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھېچقانداق بىر توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى مۇستەھكەم ئىمان يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان، شاخلىرى ئۆسۈپ كۆككە تاقاشقان ۋە ھەممىسى ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. مۇنداق دەرەخ بوران چاپقۇنلاردا ھېچ تەۋرىمىگەندەك، مۇئمىنىنىڭ ئىمانىمۇ كاپىرلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرى ۋە پىتنە-پاساتلىرى بىلەنمۇ ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ ۋە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. مەزكۇر دەرەخ مېۋە بېرىشنى توختاتمىغاندەك، مۇئمىن ئادەممۇ ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن توختاپ قالمايدۇ.

2. كۇفرىلىق كاپىر ئىنساننىڭ قەلبىدىكى تىكەن بولۇپ، باشقىلارغا پايدا ئەمەس، ھەمىشە زىيان يەتكۈزىدۇ. كاپىر ئادەم خۇددى مېۋىسى ئاچچىق دەرەخكە ئوخشاش يېقىمسىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ھەمىشە مۇستەھكەم قىلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر بۇ دۇنيادىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىدىمۇ ۋە قىيامەت كۈنىمۇ شۇ مۇستەھكەم ئىمانى بىلەن بولىدۇ. كۇفرىلىقتا، زالىملىقتا چىڭ تۇرغانلارغا ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى نېسىپ قىلماستىن، ئۇلارنى كاپىر پېتى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى

﴿۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ بَدَّلُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ كُفْرًا وَأَحَلُّوا۟ قَوْمَهُمْ دَارَ
ٱلْبَوَارِ ﴿٢٨﴾ جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا ۖ وَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٢٩﴾ وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا
لِّيُضِلُّوا۟ عَن سَبِيلِهِۦ ۗ قُلْ تَمَتَّعُوا۟ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٣٠﴾ قُل
لِّعِبَادِىَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ يُقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُنفِقُوا۟ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا
وَعَلَانِيَةً مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ يَوْمٌ لَّا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خِلَٰلٌ ﴿٣١﴾﴾

### تەرجىمىسى

28ـ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇپ) ھالاكەت يۇرتىغا باشلاپ بارغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟

29ـ ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

30ـ ئۇلار (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھقا شېرىكلەرنى قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن.

31ـ ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن، ئېلىم-سېتىممۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا ئاتا قىلغان (پۇل-مال) لىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلسۇن.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان، ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ، قەۋمىنى ئازدۇرۇپ مەڭگۈلۈك دوزاختىن ئىبارەت ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان كاپىرلارنىڭ ھالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ رەزىل سۈپىتىنى بايان قىلغان:

1. ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلدى. چۈنكى، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇلارغا پەرز ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭ ئەكسىچە، شۈكۈرنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق بىلەن تۇزكورلۇق قىلدى، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تېنىۋالدى ۋە تۇزكورلۇق قىلىپ شۈكۈر قىلمىدى. ئاللاھ تائالا مەككىلىكلەرنى ئۇلۇغ كەئبىنىڭ يېنىدا ياشايدىغان قىلىش بىلەن ئۇلارنى شەرەپلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ كۆتۈردى ۋە ئۇلارنى ئەزىز بىر مىللەت قىلدى. ئەمما ئۇلار بۇنداق بىر چوڭ نېمەتكە شۈكۈر قىلىپ ھەق دىنغا ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدى. بۇ ئويئوچۇق كۇفرىلىق ئەمەسمۇ؟!

2. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا كۆپىيە قىلماستىن، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا ئەگىشىشتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتىن توسۇپ، ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدى. بۇ ھالاكەت گىردابى بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەت ۋە ئاخىرەتتە دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈلۈك جازالىنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

3. ئۇلار كىشىلەرنى ھەق دىندىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا بۇتلاردىن، ھەيكەللەردىن ئىبارەت يالغان مەبۇدلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالدى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ۋە بەزى قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا: ﴿قېنى كەيىپ-ساپا سۈرۈۋېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. يەنى بۇ قىسقىغىنا دۇنيا ھاياتىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، ئازغۇنلۇقۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار. ئەمما بۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى، بەربىر سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار چوقۇم دوزاخ بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلغان، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلغان، ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا كاپىرلىق قىلغان، كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن ئازدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش قىلىشقا تىرىشقان كاپىرلارنىڭ جازاسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ بايانىدىن كېيىن، ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەمىر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلماي شۈكۈر قىلىدىغان مۆئمىن، مۇخلىس كىشىلەرنى تىخىمۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۈندەپ، ئۇلارنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە تەربىيەلەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، رەببىڭلار پەرز قىلغان نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ۋە مۇكەممەل ئوقۇڭلار. چۈنكى، ناماز دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل-ماللاردىن يەنە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەرپ قىلىڭلار، زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، خالىسانە سەدىقە-ئېھسانلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەر ۋاقىت قىلىپ تۇرۇڭلار، ئاجىز-ئۇرۇقلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن

ياردەم قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاشلار. ئى ئىمان ئېيتقانلار! قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ئېلىم-سېتىممۇ بولمايدىغان، دوستلۇق پايدا بەرمەيدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئەسقاتمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشلار. ﴿فَٱلۡيَوۡمَ لَا يُؤۡخَذُ مِنكُمۡ فِدۡيَةٞ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ مَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُۖ هِيَ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿(ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەردىنمۇ، كاپىرلاردىنمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) فىدىيە ئېلىنمايدۇ، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! (دېيىلىدۇ)﴾[1]، ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ﴾ يەنى ﴿كىشى كىشىگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى توغرا يولغا ئەگىشىشتىن توسىدىغانلار، مىللىتىنى ۋە خەلقىنى قىڭغىر يوللارغا باشلايدىغان نائەھلىلەر قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆزلىرى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

2. ھىدايەتنىڭ ئورنىغا ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلار ئىماندىن ئىبارەت چوڭ نېمەتنى كۇفرىلىقتىن ئىبارەت ھالاكەتكە تېگىشكەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر.

3. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا بەندىلىرىنى كاپىر، مۇئمىن دەپ ئايرىماي نېمەتلىرىدىن ھەممىسىنى بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرەتنىڭ نېمىتى مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر.

4. ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغانلار ئاللاھ تائالانى قەدىرلىمىگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر.

5. ناماز بىلەن زاكات ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك پەرزلىرىدىن بولۇپ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ۋە پۇل-مېلى زاكات بېرىش مىقدارىغا

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 15-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 48-ئايەت.

يەتكەن بولسا يىلدا بىر قېتىم زاكات ئايرىش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

**6.** خەير-ئېھسانىنى ئاشكارا قىلىش دۇرۇس بولغاندەك، ئۇنى مەخپىي قىلىش ياخشىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً
فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْفُلْكَ لِتَجْرِىَ
فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْأَنْهَٰرَ ﴿٣٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلشَّمْسَ
وَٱلْقَمَرَ دَآئِبَيْنِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ﴿٣٣﴾ وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ
مَا سَأَلْتُمُوهُ ۚ وَإِن تَعُدُّوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَظَلُومٌ
كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32-ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى چىقىرىپ بەرگەن، سىلەرگە كېمىلەرنى ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ بەرگەن ۋە سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

33-ئۇ سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، يەنە سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

34-ئۇ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن زاتتۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن بەك زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن تۇزكوردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلاردىن ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇ ئايەتلەردە ئىنسانىنى ئاللاھ

تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيدىغان سانسىزلىغان نېمەتلەردىن بەزىسى بايان قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن جىمى مەۋجۇداتنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ھەربىرىدە ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق، شۇ يامغۇر بىلەن بارچە جانلىقلارنى ياشاتقان، ئىنسانلار ئۈچۈن زېمىندىن ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقىرىپ بەرگەن، سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىننى تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىللىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر!

ئەي ئادەم باللىرى! سىلەر ئۈچۈن كېمىلەرنى دېڭىزلاردا يۈرىدىغان قىلىپ بېرىپ، يۇك-تاقلىرىڭلارنى توشۇشۇڭلار ۋە سەپەر قىلىشىڭلارنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن رەببىڭلار ۋە ئىگەڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرگە كېمە ۋە پاراخوتلارنى ياساشنى ئىلھام قىلغان ۋە ئۆگەتكەن زاتنىڭ ئۆزىدۇر. دەريالارنىمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەھەرلەر ۋە يېزىلاردا ئاققۇزۇپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاي بىلەن كۈن ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ سەير قىلىش نىزاملىرىنى بېكىتكەن ۋە ئىنسانىيەتكە ئەڭ پايدىلىق رەۋىشتە ئايلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. ﴿لَا ٱلشَّمۡسُ يَنۢبَغِي لَهَآ أَن تُدۡرِكَ ٱلۡقَمَرَ وَلَا ٱلَّيۡلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِۚ وَكُلّٞ فِي فَلَكٖ يَسۡبَحُونَ﴾ يەنى ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىپ، ئۇلارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا ئۇيغۇن قىلىپ بەرگەن، كېچىنى دەم ئېلىش ئۈچۈن، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ﴿أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَأَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ﴾ يەنى ﴿كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن

[1] ياسىن سۈرىسى: 40 -ئايەت.

بىلەن ئايىنى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەتتا نەپەس ئېلىشىڭلارمۇ ئۇنىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى سىلەرنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما سىلەر بۇ نېمەتلەرنى ھېس قىلمايسىلەر، پۇت-قولۇڭلارنىڭ ساقلىقى، كۆز ۋە قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىڭلارنىڭ جايىدا ئىشلىشى سىلەر ئۈچۈن گويا ئۆزگەرمەس تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدەك تۇيۇلىدۇ، بۇ نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلمەيسىلەر ۋە بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيسىلەر. ناۋادا قۇلاق، كۆز، پۇت، قول قاتارلىق ئەزايىڭلاردىن بىرەرسى كاردىن چىقسا، شۇ چاغدا سىلەر نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىلگىرى قانداق كاتتا نېمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭلارنى شۇ چاغدا بىلىسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقان نېمەتلىرى ھەقىقەتەن سانسىز بولۇپ، ئۇلارنى ساناپ بولۇش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، خۇددى دېڭىز بويىدىكى قۇم دانلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىمۇ ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. سىلەر ھەرقانچە قىلساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ۋە قىلىۋاتقان نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر ۋە بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلالمايسىلەر.

دېمەك، ئى ئىنسانلار! بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە پەقەت سىلەر ئۈچۈنلا يارىتىلغان. ئەمما سىلەرچۇ؟ سىلەر كىم ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سوراپ باققانلار بارمىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، سىلەر رەببىڭلار ئۈچۈن، رەببىڭلارنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ پەقەت ئىنسانلارنىڭ خىزمىتى ۋە

[1] لۇقمان سۈرىسى: 29-ئايەت.

مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ.

2. مەرىپەتنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى تونۇشتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىپ بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالاغا قانچىلىك كۆپ شۈكۈر قىلساقمۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى، تىنىقىمىزدىن باشلاپ، ئولتۇرۇپ-قوپۇش، يۈرۈش-تۇرۇش قاتارلىق بارلىق ھەرىكەتلىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسان تەن ساقلىقىدىن ئايرىلىپ قالغاندىلا بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

4. تۇزكورلۇق، نېمەتكە ناشۈكۈرلۈك قىلىش ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئىنسانلار بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ رَبِّ ٱجْعَلْ هَـٰذَا ٱلْبَلَدَ ءَامِنًا وَٱجْنُبْنِى وَبَنِىَّ أَن
نَّعْبُدَ ٱلْأَصْنَامَ ﴿٣٥﴾ رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضْلَلْنَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ ۖ فَمَن تَبِعَنِى
فَإِنَّهُۥ مِنِّى ۖ وَمَنْ عَصَانِى فَإِنَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣٦﴾ رَّبَّنَآ إِنِّىٓ أَسْكَنتُ
مِن ذُرِّيَّتِى بِوَادٍ غَيْرِ ذِى زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ ٱلْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا۟
ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجْعَلْ أَفْـِٔدَةً مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهْوِىٓ إِلَيْهِمْ وَٱرْزُقْهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ
لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ ﴿٣٧﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِى وَمَا نُعْلِنُ ۗ وَمَا يَخْفَىٰ
عَلَى ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٣٨﴾ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى
وَهَبَ لِى عَلَى ٱلْكِبَرِ إِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ ۚ إِنَّ رَبِّى لَسَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٩﴾
رَبِّ ٱجْعَلْنِى مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾ رَبَّنَا
ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ ﴿٤١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

35ـئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «ئى رەببىم! بۇ (مەككە) شەھىرىنى

تىنچ-ئامان قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇ-نۇشتىن يىراق قىلغىن.

36-ئى رەببىم! ئۇلار (يەنى بۇتلار) ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. كىمكى ماڭا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىندۇر. كىمكى (مۇشرىكلىكتىن باشقا گۇناھ قىلىپ) ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

37-ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! (بۇ ئىشنى) ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن (دەپ قىلدىم). ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن.

38-ئى رەببىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن. ئاسمان-زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس.

39 بارلىق ھەمدۇسانا ياشانغان چېغىمدىمۇ ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىس-ھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر! شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم دۇئانى ناھايىتى بەك ئاڭلىغۇچىدۇر.

40-ئى رەببىم! مېنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى نامازنى مۇ-كەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن، ئى رەببىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن.

41-ئى رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن تىلىگەنلىرىنى قەۋمىڭگە يەتكۈز-گىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى: ئى رەببىم! بۇ مەككە شەھرىنى قان تۆكۈلمەيدىغان، زۇلۇم قىلىنمايدىغان، ئىنسانلىرى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان، دەل-دەرەخلىرى، زىرائەتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدىغان تىنچ-ئامان شەھەر قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت خۇراپاتلىقتىن يىراق قىلغىن.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھىدايەتتە ۋە ھەق دىندا مۇستەھكەم قىلغان ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا بۇتلارنىڭ ئۈستىدىن ئاللاھ تائالاغا مۇنداق شىكايەت قىلغان ئىدى: ئى رەببىم! بۇ بۇتلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەق يولدىن ئېزىپ، كۇفرى ۋە زالالەت يولىغا كىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. چۈنكى، ئىنسانلار بۇ بۇتلارنى ئىلاھلىرىمىز دەپ چوقۇنۇش ئارقىلىق سېنىڭ توغرا دىنىڭدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كەتتى. شۇڭا كىمكى ماڭا ئەگىشىپ، مەن دەۋەت قىلغان دىننى قوبۇل قىلىپ، ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە مەندىن ۋە مېنىڭ يولۇمدا يۈرگەنلەردىن سانىلىدۇ. ئەمما بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، ھەق دىنغا ئەگەشكەن بولسىمۇ، بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى سەن ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن. چۈنكى، سەن بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھلىرىنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبانسەن.

ئاللاھ تائالا شۇنى جاكارلايدۇكى، مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى كەئبە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەت ئۆيى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغان زات ئىدى، ئۇ بۇتلاردىن ۋە بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن ئەلۋەتتە يىراق ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر دۇئاسىنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا قىلغان مۇنۇ دۇئاسىنى بايان قىلىدۇ: ئى رەببىم! مەن ئوغلۇم ئىسمائىل بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى سۇ يوق، زىرائەت يوق بىر ۋادىدا – سېنىڭ ئۇلۇغ ئۆيۈڭنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ كەتتىم. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ، ساڭا خالىس ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. ﴿رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ﴾ يەنى﴿ئى رەببىم! مېنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن﴾ دېگەن ئايەتتە نامازنىڭلا تىلغا ئېلىنغانلىقى نامازنىڭ باشقا ئىبادەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغان مۇھىم پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. يەنە بەزى تەپسىرلەردە ئايەتتىكى ﴿ناماز﴾ دېگەن سۆزدىن بىر پۈتۈن دىن كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتكە «ئى رەببىم! مېنى، ئەۋلادلىرىمنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى ئىسلامدا مۇستەھكەم

قىلغىن، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىدىغان قىلغىن»[1] دەپ مەنە ئېيتقان.

مۇپەسسىرلەر ﴿رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «مِنْ» دېگەن ھەرپىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئايەتتىكى «مِنْ» ھەرپىنىڭ مەنىسىنى «للتبعيض» يەنى (بەزىسى، بىر قىسمى) دېگەننى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن «نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنىڭ بىر قىسمىنى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن» دەپ تىلىگەن بولىدۇ. ئايەتنى بۇنداق تەپسىر قىلغانلارنىڭ قارىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دۇئا قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِنْ» ھەرپىنى «الزائدة» يەنى (مەنە ئېيتىلمايدىغان زىيادە ھەرپ) دېگەن، يەنە بەزىسى «مِنْ» ھەرپىنىڭ مەنىسىنى «إبتدائية» يەنى (مەلۇم بىر ئىش- ھەرىكەتنىڭ... دىن باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىش) مەنىسىدە كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئەللامە تاھىر ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى «مِنْ» ھەرپى بەزىسى ياكى بىر قىسمى دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ باشلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىلا تىلەيتتى»[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِنْ» ھەرپىنى «للجنس» يەنى (تۈرنى بايان قىلىش) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغانلاردىن بولۇشىنى تىلىگەن، دەپ قارايدۇ[3]. كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالادىن مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى كىشىلەرنىڭ قەلبى تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، ھەممە ئارزۇ قىلىدىغان جاي قىلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ جايدا ئىستىقامەت قىلغانلارنى ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرۇشىنى تىلىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا

---

[1] تفسير القرطبي» 260- بەت.
[2] «التحرير والتنوير» 7- توم، 445- بەت.
[3] «مغني اللبيب» 420-421- بەتلەر.

ئۇنىڭ بۇ دۇئاسىنىمۇ ئىجابەت قىلغان. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ مەككىگە كېلىشنى ئارمان قىلىدىغانلىقى، قەلبىنىڭ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. شۇنىڭدەك مەككىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ قىش-ياز، ھەممە پەسىلدە كەلتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى دېسەك خاتا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن بىرگە يەنە دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدىمۇ ئۆزىگە ئىسمائىل ۋە ئىسھاقتىن ئىبارەت ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلغان شەپقەتلىك رەببى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، پەرزەنتلىرىدىن دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىدىغانلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى سورايدۇ، ئاخىردا، ئۆزىگە، ئاتا-ئانىسىغا ۋە جىمى مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا رەھىم قىلىشىنى تىلەش بىلەن دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز دادىسىغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن قايتقاندا، ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكَۖ سَأَسۡتَغۡفِرُ لَكَ رَبِّيٓۖ﴾ يەنى ﴿ساڭا ئامانلىق بولسۇن، رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن﴾[1] دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن بولغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كاپىرلارغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولغان ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىمەيدىغان بولغان.

شۇنىمۇ بىلىۋېلىش كېرەككى، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرگە مەغپىرەت تىلەشكە بولمايدۇ، ئەمما ھاياتتىكى كاپىرلارغا ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت تىلەشكە بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەككە مۇكەررەمە شەھىرى يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي

---

[1] مەريەم سۈرىسى: 47-ئايەت.

بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگەن ئادەم ئامانلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ كەئبە جايلاشقان بىر شەھەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، شېرىك تەۋھىدنىڭ دۈشمىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان قىلمىشتۇر.

3. دىندىكى قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتىمۇ داۋاملىشىدىغان قېرىنداشلىق دىندىكى قېرىنداشلىقتۇر.

4. بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئەڭ ئالدىنقى پەرز بولۇپ، نامازنى تەرك ئەتكەنلىكنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر.

5. ئاللاھ تائالا سەممىي قىلىنغان دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدۇ.

6. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرى ئەلۋەتتە شۈكۈرنى تەقەززا قىلىدۇ.

7. ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ھەمىشە تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلگىلىك مۆئمىنلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، تەۋبە - ئىستىغپارنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر.

8. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقى ۋە ھەركىمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

### ◄ قىيامەتنىڭ تەسۋىرلىرى

﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ غَٰفِلًا عَمَّا يَعۡمَلُ ٱلظَّٰلِمُونَۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمۡ لِيَوۡمٖ
تَشۡخَصُ فِيهِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٤٢﴾ مُهۡطِعِينَ مُقۡنِعِي رُءُوسِهِمۡ لَا يَرۡتَدُّ إِلَيۡهِمۡ
طَرۡفُهُمۡۖ وَأَفۡـِٔدَتُهُمۡ هَوَآءٞ ﴿٤٣﴾ وَأَنذِرِ ٱلنَّاسَ يَوۡمَ يَأۡتِيهِمُ ٱلۡعَذَابُ
فَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رَبَّنَآ أَخِّرۡنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ نُّجِبۡ دَعۡوَتَكَ
وَنَتَّبِعِ ٱلرُّسُلَۗ أَوَلَمۡ تَكُونُوٓاْ أَقۡسَمۡتُم مِّن قَبۡلُ مَا لَكُم مِّن زَوَالٖ
﴿٤٤﴾ وَسَكَنتُمۡ فِي مَسَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَتَبَيَّنَ لَكُمۡ

كَيْفَ فَعَلْنَا بِهِمْ وَضَرَبْنَا لَكُمُ ٱلْأَمْثَالَ ﴿٤٥﴾ وَقَدْ مَكَرُوا۟ مَكْرَهُمْ
وَعِندَ ٱللَّهِ مَكْرُهُمْ وَإِن كَانَ مَكْرُهُمْ لِتَزُولَ مِنْهُ ٱلْجِبَالُ ﴿٤٦﴾ فَلَا
تَحْسَبَنَّ ٱللَّهَ مُخْلِفَ وَعْدِهِۦ رُسُلَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٤٧﴾ يَوْمَ
تُبَدَّلُ ٱلْأَرْضُ غَيْرَ ٱلْأَرْضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ ۖ وَبَرَزُوا۟ لِلَّهِ ٱلْوَٰحِدِ ٱلْقَهَّارِ
﴿٤٨﴾ وَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ مُّقَرَّنِينَ فِى ٱلْأَصْفَادِ ﴿٤٩﴾ سَرَابِيلُهُم
مِّن قَطِرَانٍ وَتَغْشَىٰ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ ﴿٥٠﴾ لِيَجْزِىَ ٱللَّهُ كُلَّ نَفْسٍ مَّا
كَسَبَتْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٥١﴾ هَٰذَا بَلَٰغٌ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُوا۟
بِهِۦ وَلِيَعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٥٢﴾

## تەرجىمىسى

42-زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن! ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى (قورقۇنچتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان (قىيامەت) كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ.

43-(ئۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ (چاقىرىلغان تەرەپكە قاراپ) تېز يۈگۈرىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (قورققانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل-ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ.

44-(ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنى ئازاب كېلىدىغان كۈندىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈنى) زالىملار: «ئى رەببىمىز! (بىزنى دۇنياغا قايتا ئەۋەتىپ) قىسقىغىنا ۋاقىت بولسىمۇ بىزگە مۆھلەت بەرگىن، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەپ يالۋۇرىدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر ئىلگىرى ‹بىز ھەرگىز يوقالمايمىز› دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟

45-سىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ ھالاك بولغانلارنىڭ يۇرتلىرىدا ماكانلاشقان ئىدىڭلار، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق بولغان ۋە سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنىمۇ كەلتۈرگەن ئىدۇق».

46-ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە) تۇزاق قۇردى. ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (كۈچلۈك) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىنى بەربات قىلىدۇ.

47-ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ

ئويلىمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، (زالىملاردىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

48-ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ، (بارچە خالايىق) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ.

49-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇ كۈندە گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن.

50-ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قەتىران (يەنى قارىماي)دىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ.

51-ئاللاھ ھەر كىمگە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). ئاللاھ ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

52-(پەيغەمبەر! بىز ساڭا نازىل قىلغان) بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن ئېلان (ۋە چاقىرىقتۇر).

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھ تائالانى ھەرگىز خەۋەرسىز دەپ ئويلاپ قالما! ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، زالىملارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر بولسا ھەممىنى بىر-بىرلەپ يېزىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئۇنتۇپ قالدۇ ياكى تاشلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما! ئاللاھ تائالا كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنىڭ تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا كىرىشى ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ قاتتىق جازاغا تېگىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر ئۆمۈر پۇرسەت بېرىدۇ، ئۇلارنى تېز جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالغانلىقتىن ياكى ئۇلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن ئەمەس. دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ بىر تال قانىتىغا تەڭ كەلمەيدىغان دەرىجىدە قىممەتسىز نەرسىدۇر، يەنە كېلىپ، بۇ دۇنيا جازالاش ئورنى ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا بەرمەستىن، بەلكى ئاخىرەتكە يەنى قورقۇنچتىن ھاملىدار ئايال تۇغۇپ سالىدىغان، كۆزلەر چاچراپ چىقىپ كەتكىلى تاس قالىدىغان دەھشەتلىك كۈنگە كېچىكتۈرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ﴾ يەنى ﴿سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن﴾[1]، ﴿فَلَا تَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى قوشۇپ ئىبادەت قىلمىغىن﴾[2] دېگەنگە ئوخشاش ئەمرلىرىدە خىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۈممىتى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلاردىن بولۇشىنى ياكى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا، زالىملارنى ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىدىكى دەھشەتلىك ئازابنى كۆرگەندە: «ئى رەببىمىز! (بىزنى دۇنياغا قايتا ئەۋەتىپ) قىسقىغىنا ۋاقىت بولسىمۇ بىزگە مۆھلەت بەرگىن، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەپ يالۋۇرىدىغان كۈندىن قورقۇتۇشقا بۇيرۇغان. قىيامەت كۈنىدە زالىملار ئاللاھ تائالاغا ئەنە شۇنداق يالۋۇرىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىش مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇق ئارمانلىرىغا مۇنداق رەددىيە بېرىدۇ: سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق» دەپ قەسەم ئىچەتتىڭلارغۇ؟ ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش دېگەنلەر يوق دەپ ئېتىقاد قىلاتتىڭلارغۇ؟ ئەمدى كۆردۈڭلارمۇ؟ بىزنىڭ ئاگاھلاندۇرغانلىرىمىز راستمىكەن؟ ﴿وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَا يَبۡعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى﴾[3].

ئى دوزاخ ئەھلى! سىلەر بۇرۇن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ جايلىرىغا ماكانلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىيارلىرىدا ياشىدىڭلار، ئۇلار جازالانغان شەھەردە قالغان ئىزلار ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانداق جازا-لانغانلىقىنى بىلدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، بەزىسى قاتتىق بوران بىلەن، بەزىسى يەرگە كۆمتۈرۈلۈش بىلەن ۋە بەزىسى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن ھالاك بولۇپ تۈگەشكەنلىكىنى بىلدىڭلار. ئاللاھ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 14-ئايەت.

[2] شۇئەرا سۈرىسى: 213-ئايەت.

[3] نەھل سۈرىسى: 38-ئايەت.

تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ قانداق جازالىنىدىغانلىقى سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق بولغان ئىدى. بۇ توغرىدا سىلەرگە مىساللارنىمۇ كەلتۈرگەن ئىدۇق. لېكىن سىلەر ھېچ ئىبرەت ئالمايتتىڭلار. ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ئاچچىق ساۋاقمۇ ئالمىغان ئىدىڭلار.

ئى مۇشرىكلار! ئىلگىرىكىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇزاقلارنى قۇرغان، بارچە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە قۇرغان تۇزاقلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن ۋە ئۇلارنى ئىبرەتلىك ھالدا ھالاك قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى تاغلارنى ئورۇنلىرىدىن قوزغىۋەتكۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراپ ھالاك قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى شۇنداق بەك يامان كۆرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇكەممەل قىلىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانى پەيغەمبىرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالما! بۇنى ئەقلىڭگىمۇ كەلتۈرمە! چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلسۇن؟!

ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر تارمار بولىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالا زالىملاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، گۇناھكارلار ھېساب مەيدانىغا پۇت-قوللىرىدىن زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىپ، بىر-بىرىگە چېتىلغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قاراماي (قەتىران) دىن بولىدۇ، دوزاخنىڭ ئوتى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قەتىران (يەنى قارىماي)دىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئازاب بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ:

1. ئۇلارنىڭ زەنجىرلەر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ قىيناش ۋە تېخىمۇ خارلاش ئۈچۈندۇر.

2. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ قارامايدىن بولۇشى ئۇلارغا ئوتنىڭ ئاسانلا تۇتۇشۇشى ئۈچۈندۇر.

3. دوزاخ ئوتىنىڭ ئۇلارنىڭ يۈزىنى ئورىۋېلىشى ئازابنى بەكرەك

تېتىتىش ئۇچۇندۇر. ﴿يَوۡمَ يُسۡحَبُونَ فِي ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ ذُوقُواْ مَسَّ سَقَرَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدىغانلىقى ۋە يامانلارنى جازالايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىساللار بولۇپ، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان قىلمىشىغا قاراپ مۇكاپاتىنى ياكى جازا-سىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى، زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولغان كىشىنىڭمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغانلىقىنى، زەررىچە-لىك يامانلىقى بولغانلارنىڭمۇ شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىيدى-غانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلارنى مۇكاپاتلاشقا، يامانلارنى جازالاشقا قادىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ بىلىشى، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، جەننىتىنى ئۈمىد قىلىشى ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىپ ياخشى چۈشىنىپ، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتۇر ۋە دەۋەتتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زالىملارنىڭ جازاسىنىڭ كېچىكىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ياكى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىبرەتلىك جازالاش ۋەياكى ئۇلارنى ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابلارغا دۇچار قىلىش ئۈچۈندۇر.

2. قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا تۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن زالىملار، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنى ياكى بۇ دۇنياغا قايتىپ بېرىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ياخشىلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەيھات! ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئۇلارغا ھەسرەت-نادامەتتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئادالەتلىك زات بولۇپ زۇلۇمنى بەكمۇ يامان

---

[1] قەمەر سۈرىسى: 48-ئايەت.

كۆرىدۇ. شۇڭا زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىپ جازالىسا، بەزىسىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان كىشىگە ھېچكىم زىيان-كەشلىك قىلالمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تارىخ ۋە رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرگە، ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە قارشى غالىب قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

6. گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەقىقە-تەن قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلىنمايدۇ.

7. بۇ سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىردىكى ﴿بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن ئېلان (ۋە چاقىرىقتۇر)﴾ دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئىخچاملاپ تونۇشتۇرغان.

# هىجر سۈرىسى

هىجر سۈرىسى 99 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 87-ئايىتى مەدىنىدە، قالغانلىرى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بۇرۇن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىنى ھەق دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئېتىقادىغا ۋە خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىش، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش، ئىنسانغا ئۆزىنىڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئەسلىتىش، ئىنساننىڭ پەرىشتىلەر ۋە باشقا غەيبىي ئالەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىردا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختىلىدۇ.

«ھىجر» ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ 80-84-ئايەتلىرىدە ھىجر توغرۇلۇق بايانلار كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى «ھىجر» سۈرىسى دەپ ئاتالغان.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغدايدۇ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ وَقُرۡءَانٖ مُّبِينٖ ١ رُّبَمَا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ لَوۡ كَانُواْ مُسۡلِمِينَ ٢ ذَرۡهُمۡ يَأۡكُلُواْ وَيَتَمَتَّعُواْ وَيُلۡهِهِمُ

ٱلۡأَمَلُۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ۝٣ وَمَآ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةٍ إِلَّا وَلَهَا كِتَابٞ
مَّعۡلُومٞ ۝٤ مَّا تَسۡبِقُ مِنۡ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ ۝٥ وَقَالُواْ
يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِي نُزِّلَ عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ إِنَّكَ لَمَجۡنُونٞ ۝٦ لَّوۡمَا تَأۡتِينَا
بِٱلۡمَلَـٰٓئِكَةِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّـٰدِقِينَ ۝٧ مَا نُنَزِّلُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةَ إِلَّا
بِٱلۡحَقِّ وَمَا كَانُوٓاْ إِذٗا مُّنظَرِينَ ۝٨ إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ
لَحَٰفِظُونَ ۝٩ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ فِي شِيَعِ ٱلۡأَوَّلِينَ ۝١٠ وَمَا
يَأۡتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ۝١١ كَذَٰلِكَ نَسۡلُكُهُۥ فِي
قُلُوبِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ۝١٢ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهِۦ وَقَدۡ خَلَتۡ سُنَّةُ ٱلۡأَوَّلِينَ ۝١٣
وَلَوۡ فَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَابٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَظَلُّواْ فِيهِ يَعۡرُجُونَ ۝١٤ لَقَالُوٓاْ
إِنَّمَا سُكِّرَتۡ أَبۡصَٰرُنَا بَلۡ نَحۡنُ قَوۡمٞ مَّسۡحُورُونَ ۝١٥

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار كىتابنىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2-كاپىرلار (قىيامەت كۈنى) كاشكى بىزمۇ مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ناھايىتى بەك ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ.

3-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار يەپ-ئىچىپ، (دۇنيا لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن. ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ.

4-بىز (پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان) ھېچقانداق بىر شەھەر (ئاھالىسى)نى ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك قىلمىدۇق.

5-ھېچبىر ئۈممەت ئۆز ئەجىلىنى ئىلگىرى - كېيىن قىلالمايدۇ.

6-ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇن-

ـسەن،

7ـئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، ئالدىمىزغا پەرىشتىلەرنى ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟»».

8ـ(هالبۇكى، بىز) پەرىشتىلەرنى (كاپىرلارغا) هەق (لىق بولغان ئازاب بىلەنلا چۈشۈرىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ.

9ـقۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز.

10ـ(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرى بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

11ـئۇلار ئۆزلىرىگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى.

12ـئەنە شۇنىڭدەك، بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا (ئىنكار قىلىشنى) سالىمىز.

13ـئاللاھنىڭ (ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى جازالاشتىكى) قانۇنىيىتى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ.

14ـبىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا داۋاملىق ئۆرلىگەن تەقدىردىمۇ،

15ـئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكىم بىز سېھىرلەنگەن بىر قەۋم بولۇپ قالدۇق» دېيىشىدۇ.

### تەپسىرى

بۇ سۈرە «ئەلىف، لام، را» دېگەن ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بەزى سۈرىلەرنىڭ بۇنداق ھەرپلەر بىلەن باشلىنىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرىدىن بولۇپ، مەيلى ئەرەب، مەيلى باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرپلەر ھەققىدىكى بايان بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى.

بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابنىڭ ۋە ھەقىقەتنى ئويئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچى «قۇرئان

كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى راست، ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئاگاھلاندۇرغانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا مۇسۇلمان بولۇپ ياشىمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەگەر دۇنيا ھاياتىغا قايتىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، دۇنياغا قايتىپ بېرىپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ ياشاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى دوزاختا، مۆئمىنلەرنى جەننەتلەردە كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن! ئۇلارنى يولغا كىرگۈزىمەن دەپ ئاۋارە بولما. ئۇلار ھاياتىنى ھايۋانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىش بىلەن ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئۇلار مال-دۇنيا ياكى بالىلارنىڭ كۆپلۈكى ئەسقاتمايدىغان، پەقەت ساغلام ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدىن باشقىسى پايدا بەرمەيدىغان قىيامەت كۈنى يامان ئەمەللىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىلگەنىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن!﴾ دېگەن ئەمرى كاپىرلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇزاققا قالماي چوقۇم تار-تىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىكى نەپسانىيەتچىلىك ۋە پانىي دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئەڭ ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ئىدارە قىلىش ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەزەلدە بېكىتىۋەتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بار، ئۇ بولسىمۇ، قانداقلا بىر شەھەرنى ياكى قانداقلا بىر مىللەتنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ، بەلكى دەل ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ﴿لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ﴾ يەنى ﴿ھەربىر ۋاقىتنىڭ (مۇئەييەن) ھۆكمى بولىدۇ﴾[1].

---

[1] رەئد سۈرىسى: 38-ئايەت.

كاپىرلار ئىككى چوڭ سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن. ئۇلار:

1. كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇنسەن﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىمەن، بۇ قۇرئاننى ماڭا ئاللاھ تائالا نازىل قىلدى» دېگەن سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دېگەن.

2. ئۇلارنىڭ ﴿ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، ئالدىمىزغا پەرىشتىلەرنى ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، قېنى، سېنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلمەمسەن؟ دېگەن سۆزى ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ: ﴿لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىمەنە سۆز ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى، ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى قورقۇتۇپ كېلىۋاتقان شۇ ئازابىڭنى بىر كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟ قېنى بىزنى جازالاپ باقمامسەن!» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ ﴿وَإِذۡ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزگە قاتتىق ئازاب كەلتۈرگىن!» دېدى﴾ [2] دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ مەنىدە رەددىيە بەرگەن: بىز سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن پەرىشتە چۈشۈرمەيمىز. پەقەت ھەقىقەتنىڭ ۋە ھېكمىتىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىمىز. كاپىرلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پەرىشتە چۈشۈرۈش ھېكمەتلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار پەرىشتىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، ئەگەر پەرىشتىلەرنى چۈشۈرسەكمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئادەم سۈرىتىدە چۈشۈرەتتۇق. ئۇ چاغدا، بۇ كاپىرلار

[1] فۇرقان سۈرىسى: 7-ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى: 32-ئايەت.

ئۇلارنى پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنساندۇر، دەپ تۇرۇۋالاتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ: ﴿ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇنسەن﴾ دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىپ: «قۇرئان كەرىم»نى پەرىشتە جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا راستتىنلا ئۆزى نازىل قىلغانلىقىنى، ئۇنى تا قىيامەتكىچە ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىشتىن، بۇرمىلاشتىن ۋە يەڭگۈشلەشتىن قوغدايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿شەكسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾ دېگەن سۆزى ئۆزىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. چۈنكى، ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ھەقىقەتلەردىن بىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بىر ھەرپمۇ ئۆزگەرتىلمەستىن، بۇرمىلانماستىن ئۆز پېتى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. ئۆتمۈشلەردىكى ساماۋى كىتابلاردىن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لارغا قارايدىغان بولساق، بۇ كىتابلارنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىنى يوقىتىپ، كېيىنچە مەلۇم شەخسلەر تەرىپىدىن قايتا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭغا يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارمۇ ئىقرار.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ خۇددى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش قەۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە، ئىنكار قىلىشىغا بەرداشلىق بېرىشى لازىملىقىنى، كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ دۈشمەنلىكىگە پەسەنت قىلماي، يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن مەسخىرىلەرگە، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئەمما ئاخىردا پەيغەمبەرلەر بىلەن مۆئمىنلەر غەلىبە قىلىپ، ئىنكارچىلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ماۋزۇدا بېكىتكەن قانۇنىيىتىنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، بىز ئىلگىرىكى گۇناھكارلارنىڭ قەلبىگە كۇفرى بىلەن ئاسىيلىقنى سالغىنىمىزغا ئوخشاش ھازىرقى گۇناھكار-لارنىڭ قەلبىگىمۇ شۇنى سالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ھەقىقەت خۇددى كۈندۈزدىكى قۇياشتەك ئوپئوچۇق تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن

ئادىتىدۇر، ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالاش بىزنىڭ ئەزەلدىن بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتىمىزدۇر. كاپىرلار ئۈچۈن بىز ئاسمانغا چىقىدىغان بىر ئىشىك ئېچىپ بەرسەك، ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ پەرىشتىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار: «مۇھەممەد بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلىۋالدى، بىزگە سېھىر قىلدى» دەپ تۇرۇۋالاتتى. بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشتىكى چېكىگە يەتكەن گەدەنكەشلىكىنى ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئاسىيلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئىنساننىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل بايان قىلىپ بەرگەن ئىلاھىي دەستۇردۇر.

2. ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىمىغانلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئىماننىڭ مۇئمىنلەرنى نەقەدەر بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە مۇئمىن بولۇپ ياشىغان بولاتتى.

3. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىلمى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، كائىناتتا بولۇپ ئۆتكەن، بولۇۋاتقان ۋە كېلەچەكتە بولىدىغان بارلىق ئىشلار، مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرى، ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا ياكى ئۇزۇن بولۇشى، تېنى ساق ياكى كېسەلچان بولۇشى، باي ياكى يوقسۇل بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ كەتكەن ئىشلاردۇر.

4. ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئاز بولمىغان. ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپلا مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇرادىغا يېتەلمىگەن. چۈنكى، بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنى چىڭ تۇتقان مۇددەتچە ئۇلارنى دۈشمەنلىرى مەغلۇپ قىلالمايدۇ ۋە يولىدىن ئازدۇرالمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىۋاتقان رەھمىتى ۋە نېمىتى

شۈنچىلىك كەڭ بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ رەھمەت بىلەن نېمەتنى تونۇغان ۋە شۈكۈر قىلغانلارغا بۇ دۇنيادا نېمەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. بۇ نېمەتلەرنى تونۇمىغانلارنى بولسا بۇ دۇنيادا نېمەتتىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە دوزاخ بىلەن ئازابلايدۇ. ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن.

6. «قۇرئان كەرىم»نى قوغدىغۇچى يالغۇز ئاللاھ تائالا بولۇپ، ئۇنى تا قىيامەتكىچە كەم-زىيادە قىلىنىشتىن ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرغان ھەربىر پەيغەمبەر قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا، مەسخىرە قىلىشىغا ۋە دۈشمەنلىك قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىرى غايىسىدىن قايتمىغان، ئۈمىدسىزلەنمىگەن ۋە ئاخىردا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

8. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلارغا مىڭلارچە دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈلسىمۇ، ئۇلار بەربىر ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەردىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان كاپىرلارمۇ نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئىمان ئېيتمىغان.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە نېمەتلىرىنىڭ نامايەندىلىرى

﴿وَلَقَدْ جَعَلْنَا فِي ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَزَيَّنَّٰهَا لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٦﴾ وَحَفِظْنَٰهَا
مِن كُلِّ شَيْطَٰنٍ رَّجِيمٍ ﴿١٧﴾ إِلَّا مَنِ ٱسْتَرَقَ ٱلسَّمْعَ فَأَتْبَعَهُۥ شِهَابٌ
مُّبِينٌ ﴿١٨﴾ وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا
مِن كُلِّ شَىْءٍ مَّوْزُونٍ ﴿١٩﴾ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسْتُمْ
لَهُۥ بِرَٰزِقِينَ ﴿٢٠﴾ وَإِن مِّن شَىْءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَآئِنُهُۥ وَمَا نُنَزِّلُهُۥٓ
إِلَّا بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ ﴿٢١﴾ وَأَرْسَلْنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

مَآءً فَأَسْقَيْنَٰكُمُوهُ وَمَآ أَنتُمْ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ﴿٢٢﴾ وَإِنَّا لَنَحْنُ نُحْىِۦ
وَنُمِيتُ وَنَحْنُ ٱلْوَٰرِثُونَ ﴿٢٣﴾ وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَقْدِمِينَ مِنكُمْ
وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَـْٔخِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَحْشُرُهُمْ ۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ
عَلِيمٌ ﴿٢٥﴾

### تەرجىمىسى

16-بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى (يەنى ئوربىتىلارنى) قىلدۇق، قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئاسماننى زىننەتلىدۇق،

17-بىز ئاسماننى ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن قوغدىدۇق.

18-لېكىن (ئۇ شەيتانلاردىن) كىمكى ئوغرىلىقچە (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) قۇلاق سالماقچى بولىدىكەن، روشەن ئاقار يۇلتۇز ئۇنى قوغلاپ يېتىدۇ.

19-يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل ئۆلچەملىك ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

20-يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق.

21-ھەرقانداق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مۇئەييەن بىر ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىمىز.

22-بىز شاماللارنى چاڭلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ئۇنى ھەرگىز ساقلىيالمايتتىڭلار.

23-شەكسىزكى، بىز (يوقنى يارىتىپ) تىرىلدۈرىمىز، (ئەجىلى توشقاننى) ئۆلتۈرىمىز ۋە (ھەممىگە) بىز ۋارىسلىق قىلىمىز.

24-شەكسىزكى، بىز سىلەردىن ئىلگىرى كېلىپ كەتكەنلەرنىمۇ بىلىمىز ۋە (قىيامەتكە قەدەر) كېلىدىغانلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىمىز.

25-شەكسىزكى، رەببىڭ (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنى يىغىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ

قىيامەت كۈنى ئازابنى كۆرگەن چاغدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئۇنىڭ سانسىز نېمەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ھەقىقەتەن بىز ئاسماندا قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوربىتىلىرىنى بەلگىلىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ سەير قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى بېكىتتۇق. تەپەككۇر كۆزى بىلەن نەزەر سالغۇچىلار ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەپ بېزىدۇق. بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. ﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِى جَعَلَ فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا﴾ يەنى ﴿ئاسماندا ئوربىتىلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «شەيتانلار ئاسمانلاردا پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، يەر يۈزىدىكى پالچىلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى. پالچىلار شەيتانلاردىن ئاڭلىۋالغان بىر راست سۆزگە توقسان توققۇز يالغان سۆزنى قوشۇپ تارقىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ بارلىق يالغانلىرىغا ئىشىنەتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن شەيتانلار ئۈچ ئاسماندىن قوغلانغان ئىدى، ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ھەممە ئاسماندىن قوغلانغان. ئۇلاردىن ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىماقچى بولغانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئوت بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدۇ»[2].

﴿وَٱلصَّٰٓفَّٰتِ صَفًّا ۝١ فَٱلزَّٰجِرَٰتِ زَجْرًا ۝٢ فَٱلتَّٰلِيَٰتِ ذِكْرًا ۝٣ إِنَّ إِلَٰهَكُمْ
لَوَٰحِدٌ ۝٤ رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَرَبُّ ٱلْمَشَٰرِقِ ۝٥ إِنَّا زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ
ٱلدُّنْيَا بِزِينَةٍ ٱلْكَوَاكِبِ ۝٦ وَحِفْظًا مِّن كُلِّ شَيْطَٰنٍ مَّارِدٍ ۝٧ لَّا يَسَّمَّعُونَ إِلَى
ٱلْمَلَإِ ٱلْأَعْلَىٰ وَيُقْذَفُونَ مِن كُلِّ جَانِبٍ ۝٨ دُحُورًا ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ وَاصِبٌ ۝٩ إِلَّا
مَنْ خَطِفَ ٱلْخَطْفَةَ فَأَتْبَعَهُۥ شِهَابٌ ثَاقِبٌ ۝١٠﴾ يەنى ﴿سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن، بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان پەرىشتىلەر بىلەن،

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 61-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 10-توم، 10-بەت.

ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلمەنكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر. (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر، شۇنداقلا مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر. شەكسىزكى، بىز يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق. ئۇنى ھەربىر ئاسىي شەيتاندىن قوغدىدۇق. (ئۇ شەيتانلار) ئاسماندىكى پەرىشتىلەر (نىڭ سۆزلىرى)نى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار ھەر تەرەپتىن (ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن) ئېتىلىپ قوغلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دائىملىق ئازاب بار. لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىرەر نەرسە ئاڭلىۋالغان شەيتاننى كۆيدۈرگۈچى ئاقار يۇلتۇز قوغلايدۇ (ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)﴾ [1].

«قۇرئان كەرىم»دە جىنلارنىڭ مۇنۇ ئېتىراپلىرى بايان قىلىنغان: ﴿وَأَنَّا لَمَسْنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدْنَـٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ۝٨ وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَـٰعِدَ لِلسَّمْعِ ۖ فَمَن يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ شِهَابًا رَّصَدًا﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. ھالبۇكى، بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا (خەۋەر) تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزلىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ﴾[2].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇنى ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن قوغدىدۇق. لېكىن (ئۇ شەيتانلاردىن) كىمكى ئوغرىلىقچە (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) قۇلاق سالماقچى بولىدىكەن، روشەن ئاقار يۇلتۇز ئۇنى قوغلاپ يېتىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئىزاھلايدۇ، يەنى شەيتانلارنى ئاسمانلارغا ئۆرلەشتىن مەنئى قىلدۇق. ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆرلىمەكچى بولغانلىرىنى ئاقار يۇلتۇزلار قوغلاپ يۈرۈپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاسمانلارنى ئۇلاردىن قوغدايمىز. تەبىئىيكى، شەيتانلارنىڭ ئوغرىلىماقچى بولغان خەۋەرلىرى ۋەھيىدىن باشقا خەۋەرلەردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەھيىنى ئوغرىلاشقا جۈرئەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ﴿وَمَا تَنَزَّلَتْ بِهِ ٱلشَّيَـٰطِينُ ۝٢١٠ وَمَا يَنۢبَغِى لَهُمْ وَمَا يَسْتَطِيعُونَ ۝٢١١ إِنَّهُمْ عَنِ ٱلسَّمْعِ لَمَعْزُولُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى شەيتانلار

[1] سافغات سۈرىسى: 1ـ10ـ ئايەتلەر.
[2] جىن سۈرىسى: 8ـ9ـ ئايەتلەر.

ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس. زادى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوغرىلىقچە (ۋەھيىنى) تىڭشاشتىنمۇ مەنئى قىلىنغان﴾[1].

توغرىسى، ئاسماننىڭ خەۋەرلىرىگە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن پالچىلارنىڭ ئىشى توختىغان. ﴿فَمَن يَسۡتَمِعِ ٱلۡأٓنَ يَجِدۡ لَهُۥ شِهَابٗا رَّصَدٗا﴾ يەنى ﴿ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ﴾[2].

«قۇرئان كەرىم» ئاسمان ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كېيىن، زېمىن توغرۇلۇق بايانغا يۆتكىلىدۇ ۋە بۇ مەنىدە دەيدۇكى، يەر يۈزىنى يېيىپ كېڭەيتتۇق، ئۇنى يەرلىشىشكە مۇناسىپ ھالغا كەلتۈردۇق. زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتۇق. زېمىن ئۆز ئوربىتىسىدا ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئىنتىزاملىق ھالدا تەكشى ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەركىم يەر يۈزىگە قايسى جايدىن قارىسا ئۇنى سوزۇلغان، يېيىلغان ھالدا كۆرىدۇ.

ئاللاھ تائالا زېمىننى ياشاشقا مۇناسىپ قىلىپ ھازىرلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆلچەملىك ھالدا ئۆستۈرۈپ بەردى. يەر يۈزىدە پىلانسىز ۋە ئۆلچەمسىز يارىتىلغان بىرمۇ ئۆسۈملۈك يوق. ئەكسىچە، ھەربىر نەرسە پىلانلىق ۋە ئۆلچەملىك ھالدا يارىتىلغان. يارىتىلغانلاردىن بەزىسى نۇرغۇن كىشىلەرگە پايدىسىزدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچبىرى پايدىسىز ۋە ھېكمەتسىز يارىتىلغان ئەمەس. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى كىشىلەر ئەھمىيەت بەرمىگەن نۇرغۇنلىغان ئوت-چۆپلەرنىڭ ۋە بەزى زىرائەتلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بايقاپ چىقتى. دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ رىزقىمىزنى ۋە رىزقىنى بىز بېرەلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ، بالىلارنىڭ ۋە قول - ئىلكىمىزدە بولغان ھەربىر جانلىقنىڭ رىزقىنى بۇ زېمىندا يارىتىپ ھازىرلاپ بەرگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىشنى ئۆزىنىڭ پەزل-كەرەمى يۈزىسىدىن

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 211-213-ئايەت.
[2] جىن سۈرىسى: 9-ئايەت.

ئۈستىگە ئالغان زاتتۇر. بىز ئىجاد قىلىشقا قادىر بولغان ھەرقانداق نەرسىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت تەقەززاسى ۋە ئىلمى بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرالايمىز. بىز قول ئاستىمىزدىكىلەرگىمۇ پەقەت ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغانىنىلا بېرەلەيمىز. چۈنكى، ھەركىمنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ شۇنىڭغىلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا شاماللارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ شاماللار بەزىدە شۇنداق قاتتىق چىقىدۇكى، تاغلارنى ئورۇنلىرىدىن يۆتكىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. شاماللار بۇلۇتلارنى ھەيدىگەندەك، دېڭىزدا كېمىلەرنىمۇ ھەيدەيدۇ. شاماللار يەنە ئۆسۈملۈكلەرنى، دەل-دەرەخلەرنى بىر-بىرىگە چاڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم-پەن مەيلى گۈل-چېچەك، مەيلى دەل-دەرەخ، مەيلى زىرائەت ھەرقانداق بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئەركەك ۋە چىشىسى بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە چاڭلىنىشىشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار شامال ئارقىلىق چاڭلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنى شاماللار تارقىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا شاماللارنىڭ بۇلۇتلارنى قوغلىشى نەتىجىسىدە ياغقان يامغۇردىن ھاسىل بولغان سۇنى بارچە جانلىقلارغا ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە رىزىق قىلىپ بەردى. ئىنسانلارنىڭ يامغۇر سۈيىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز كونترولىغا ئېلىپ ساقلىشى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھاجەتكە يېتەرلىك ھالدا ئۆلچەملىك چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلاردا كۆپ مىقداردىكى سۇنى ئۆز كونترولىغا ئېلىش ۋە ساقلاش قۇدرىتى يوق. بۇ خۇددى نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى سۇ تاشقان ۋاقىتتا باشقۇرالمىغانغا ئوخشاش.

ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ئىنسان قەلبىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئۆلۈم ۋە ھايات مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ ئۆلۈم ۋە ھايات قىسسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر زات بولۇپ، بارچە مەخلۇقاتنىڭ ھايات-مامات مەسىلىسى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ يوق بولمايدىغان ۋە ھەمىشە شۇنداق تۇرىدىغان بىرلا مەۋجۇت ئاللاھ تائالادۇر. ﴿كُلُّ شَيۡءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجۡهَهُۥۚ لَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1].

[1] قەسەس سۈرىسى: 88-ئايەت.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ۋە پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىنتايىن ئېنىق ۋە تولۇق مەلۇم بولغاندەك، كېيىنكىلەرنىڭ ئىشلىرى، ياخشى-يامان ئەمەللىرىمۇ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئاياندۇر. ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە كېلىدىغانلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا قەيت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە جىمى خەلقنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ ۋە ئۇلاردىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇلتۇزلار ۋە باشقا سەييارىلەر ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

2. غەيبلەرنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەقەت بەزى غەيبلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگىلا بىلدۈرىدۇ. ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەرنىڭ مۇزاكىرىلىرىدىن بەزى غەيبلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن يۇقىرى ئۇپۇقلارغا ئۆرلىگەن شەيتانلار كۆزەتچى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئوت بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

3. يەر يۈزىنىڭ يارىتىلىشى، كېڭەيتىلىشى، تاغلارنىڭ قوزۇق قىلىپ زېمىنغا بېكىتىلىشى، بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان شاماللارنىڭ ئەۋەتىلىشى، يامغۇر بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋە ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان مۇتلەق كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ.

4. يامغۇرنىڭ ئېھتىياجغا يېتەرلىك مۇئەييەن مىقداردا يېغىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە مەبۇدتۇر.

6. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

## ◄ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ پەرىشتە ۋە جىنلار بىلەن مۇناسىۋىتى

﴿وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ ﴿٢٦﴾ وَٱلۡجَآنَّ
خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾ وَإِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ
إِنِّي خَٰلِقُۢ بَشَرٗا مِّن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ ﴿٢٨﴾ فَإِذَا سَوَّيۡتُهُۥ
وَنَفَخۡتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُۥ سَٰجِدِينَ ﴿٢٩﴾ فَسَجَدَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
كُلُّهُمۡ أَجۡمَعُونَ ﴿٣٠﴾ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰٓ أَن يَكُونَ مَعَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٣١﴾
قَالَ يَٰٓإِبۡلِيسُ مَا لَكَ أَلَّا تَكُونَ مَعَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ لَمۡ أَكُن
لِّأَسۡجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقۡتَهُۥ مِن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ ﴿٣٣﴾ قَالَ
فَٱخۡرُجۡ مِنۡهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٞ ﴿٣٤﴾ وَإِنَّ عَلَيۡكَ ٱللَّعۡنَةَ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلدِّينِ
﴿٣٥﴾ قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿٣٦﴾ قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ
﴿٣٧﴾ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ﴿٣٨﴾ قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمۡ
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَأُغۡوِيَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنۡهُمُ ٱلۡمُخۡلَصِينَ
﴿٤٠﴾ قَالَ هَٰذَا صِرَٰطٌ عَلَيَّ مُسۡتَقِيمٌ ﴿٤١﴾ إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ
سُلۡطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ ﴿٤٢﴾ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمَوۡعِدُهُمۡ
أَجۡمَعِينَ ﴿٤٣﴾ لَهَا سَبۡعَةُ أَبۡوَٰبٖ لِّكُلِّ بَابٖ مِّنۡهُمۡ جُزۡءٞ مَّقۡسُومٌ ﴿٤٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

26ـ شەكسىزكى، بىز ئىنساننى (چەكسە) ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان سېسىق قارا لايدىن ياراتتۇق.

27ـ جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق.

28ـ رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن (چەكسە) ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان سېسىق قارا لايدىن ئىنسان يارىتىمەن.

29ـ مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا (مەن ياراتقان) روھىمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار».

30ـ پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى.

31ـ پەقەت ئىبلىسلا ئۇلار بىلەن بىللە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.

32ـ (ئاللاھ): «ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى.

33ـ (ئىبلىس): «(چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان سېسىق قارا لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى.

34ـ ئاللاھ ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن سەن قوغلاندى بولدۇڭ.

35ـ شەكسىزكى، قىيامەت كۈنىگە قەدەر ساڭا لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ».

36ـ ئىبلىس: «ئى رەببىم! ماڭا (مەخلۇقات) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

37ـ 38ـ ئاللاھ: «سەن چوقۇم مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدىغانلار-دىنسەن» دېدى.

39ـ (ئىبلىس) ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا (گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن.

40ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ساڭا سەمىمىي ئىتائەت قىلىدىغان بەندە-لىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا».

41ـ ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ ماڭا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ توغرا يولدۇر.

42ـ شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمە-رانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا».

43ـ شەكسىزكى، دوزاخ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر.

44ـ جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەربىر دەرۋازىدىن كىرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن مۇئەييەن بىر گۇرۇھ ئايرىلغان بولىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى سېسىق پۇرايدىغان قاپقارا لايدىن ئۆزگىرىپ، چەكسە ئاۋاز چىققۇدەك دەرىجىدە قۇرۇغان لايدىن ياراتقان. «ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇشۇدۇر.

ئەگەر ئىنسانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇسا، «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بەرگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدەنسە، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئالدىدا ئەقلى لال بولغان ھالدا ھەيرانلىقتا چۈشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، بىر-بىرىگە ياردەمچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[1] دېگەن سۆزى «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىردىنبىر مەڭگۈلۈك مۆجىزە ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ كەلمەكتە.

توغرا، ئاللاھ تائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىسى سېسىق پۇرايدىغان پاتقاقلىق قاپقارا لايدىن ئۆزگىرىپ چەكسە ئاۋاز چىققۇدەك دەرىجىدە قۇرۇغان، ئىچى بوش قۇرۇق لايدىن ياراتقان. بۇنىڭدا بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدە ۋە نەپسىمىزدە بولىدىغان ئىستەكلەرگە ئىشارەت قىلىنغان. بىر ھەدىستە: «إِنَّ اللَّهَ تَعَالَى خَلَقَ آدَمَ مِنْ قَبْضَةٍ قَبَضَهَا مِنْ جَمِيعِ الأَرْضِ ، فَجَاءَ بَنُو آدَمَ عَلَى قَدْرِ الأَرْضِ ، فَجَاءَ مِنْهُمُ الأَحْمَرُ وَالأَبْيَضُ وَالأَسْوَدُ وَبَيْنَ ذَلِكَ ، وَالسَّهْلُ وَالحَزْنُ وَالخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ» يەنى «ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئالغان بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ياراتقان. شۇڭا ئادەم ئەۋلادىمۇ زېمىنغا ئوخشاش يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن قىزىل تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭدە يارىتىلغانلىرىمۇ بار. ئۇلاردىن ياخشىلىرى-يامانلىرى، ياۋاش-يۇمشاقلىرى ۋە قاتتىقلىرىمۇ بار»[2] دەپ كەلگەن.

بىز ئۆزىمىزنىڭ سېسىق پۇرايدىغان پاتقاقلىق قارا لايدىن يارىتىلغانلىقىمىزنى بىلگىنىمىزدە، بىزنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ۋە رەزىللىكلەرگە نېمە ئۈچۈن كۆپ چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنىڭ سىرىنى بىلىمىز. ئەگەر گۇناھ-مەئسىيەتلەر پۇرايدىغان بولسا ئىدى، بىزنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان ۋاقتىمىزدىكى سېسىق پۇرىقىمىزغا ھېچكىم تاقەت قىلالماس ئىدى.

بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنساننىڭ ئەسلىسى پاتقاقلىق قارا لاي بولغانلىقى ئۇنىڭ نەپسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ۋە ئەخلاقىدىكى قىڭغىر-

[1] ئىسرا سۈرىسى: 88-ئايەت.

[2] «سنن الترمذي» 5-توم، 54-بەت، 2955 -ھەدىس.

لىقا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئەمما ئىنساننىڭ چەكسە ئاۋاز چىققۇدەك، قاتتىقراق ئۇرسا سۇنۇپ كېتىدىغان، ئاجىز، ئىچى بوش قۇرۇق لايدىن يارىتىلغانلىقى ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى ۋە دۇنيا مەنپەئەتىنىڭ مەپتۇنكارلىقى ئالدىدا چىدامسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى تۇپراقتىن ياراتقان بولسا، جىنلارنى ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان.

جىنلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلار بولغىنىدەك يامانلارمۇ بار. «قۇرئان كەرىم» جىنلارنىڭ سۆزلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنَّا دُونَ ذَٰلِكَۖ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار. بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈندۇق﴾[1]. جىنلارمۇ بىزلەرگە ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇلارمۇ بىزدەك نەسىللىنىش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، ئۇلار بىزنى كۆرىدۇ، ئەمما بىز ئۇلارنى كۆرمەيمىز. ﴿إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ﴾ يەنى ﴿شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغان يەردىن كۆرەلەيدۇ﴾[2]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ياخشى مۆئمىنلىرى بار بولغىنىدەك، ئىبلىس ۋە شەيتانلارغا ئوخشاش گۇناھكار كاپىرلىرىمۇ بار.

ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا جىنلارنىڭ بەزى خاراكتېرىگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، ئوت ھەمىشە يالقۇنلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، بەزىدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئوت يەنە غەزىپنى ئىپادىلەيدۇ.

بىلىمىزكى، شەيتانلارنىڭ پېشۋاسى ئىبلىس چوڭچىلىق قىلدى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا ئەمر قىلىنغانلىقىغا ئاغرىنىپ، بۇ ئەمرگە خىلاپلىق قىلدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە جىمى خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى.

---

[1] جىن سۈرىسى: 11-ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى: 27-ئايەت.

﴿رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن (چەكسە ئاۋاز چىقىقىدىغان) قۇرۇغان قارا لايدىن ئىنسان يارىتىمەن. مەن ئۇنى تولۇق يارىتىپ ۋە ئۇنىڭغا (مەن ياراتقان) روھىمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى﴾. ئايەتتىكى «روھ»تىن جان كۆزدە تۇتۇلغاندەك، مەنىۋىياتنىڭ يادروسى بولغان روھمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان جىسىم ۋە روھتىن تەركىب تاپقان مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ جىسمى سېسىق پۇرايدىغان قارا لايدىن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ روھى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان قىممەتلىك جەۋھەردۇر. ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿روھىمدىن﴾ دەپ روھنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغانلىقى ئىنساننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ «بەيتۇللاھ» يەنى (ئاللاھنىڭ ئۆيى) دېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، مەسجىد ھۆرمەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغاندەك، ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان روھمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان.

﴿وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِۖ قُلِ ٱلرُّوحُ مِنۡ أَمۡرِ رَبِّي وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِ إِلَّا قَلِيلٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، «روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمنىڭ ئىشىدۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن»﴾[1]. روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن روھ ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدە، ئەخلاقىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر مەنىۋى كۈچتۇر. ئۇ ياخشىلىق، تەقۋالىق ۋە ھىدايەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئىنساندىكى راستچىللىق، ئادالەتپەرۋەرلىك، ھەققانىيلىق، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن كېچىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلار روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ. مۇئمىن ئادەمنىڭ روھى جىمى پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. ﴿أَوَمَن كَانَ مَيۡتٗا فَأَحۡيَيۡنَٰهُ وَجَعَلۡنَا لَهُۥ نُورٗا يَمۡشِي بِهِۦ فِي ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ لَيۡسَ بِخَارِجٖ مِّنۡهَاۚ﴾ يەنى ﴿ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇ-لەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن

[1] ئىسرا سۈرىسى: 85-ئايەت.

قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟﴾ [1].

روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلەلەيمىز. روھنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ھاۋا دولقۇنلىرىنى كۆرەلمىسەكمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. ۋۇجۇدىمىزدىكى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە شۇ روھتۇر. ماددا ۋە روھتىن يارىتىلغان بۇ ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت ئىرادىسى بويىچە يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن ۋە ئۈستىگە شەرەپلىك ۋەزىپە يۈكلەنگەن ھۆرمەتلىك مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى بار. يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق بۇ ئىككى تۈرتكە بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنى تاللىماستىن، ئادەم ئەۋلادىنى تاللىغان. پەرىشتىلەر بۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلۡأَرۡضِ خَلِيفَةٗۖ﴾ يەنى ﴿مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن﴾ دېگەن سۆزىگە: ﴿أَتَجۡعَلُ فِيهَا مَن يُفۡسِدُ فِيهَا وَيَسۡفِكُ ٱلدِّمَآءَ﴾ يەنى ﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان بىرىنى ئورۇنباسار قىلامسەن؟﴾ دېگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٠﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن﴾ [2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ تائالا ماددا ۋە روھتىن تەركىب تاپقان بۇ ئىنساننى ھۆرمەتلەپ ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرىنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇغان. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان بولسىمۇ، ئىبلىس سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان. ئۇنى باش تارتقۇزغان نەرسە زادى نېمە؟ شەكسىزكى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقۇزغان نەرسە چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق ۋە بويۇنتاۋلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسۡجُدَ إِذۡ أَمَرۡتُكَۖ﴾ يەنى ﴿مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، سېنى سەجدە قىلىشتىن نېمە توسۇپ قالدى؟﴾ دېگەن سوئالىغا ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇرلۇق ۋە مۇتەكەببىرلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ: ﴿أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ مِن طِينٖ﴾

[1] ئەنئام سۈرىسى: 122-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 30-ئايەت.

يەنى ﴿مەن ئۇنىڭدىن ياخشى، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾[1] يەنى مەن قانداقلارچە سەن قارا لايدىن ياراتقان بىر ئىنسانغا سەجدە قىلغۇدەكمەن؟ ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭدىن ئەۋزەل تۇرسام، چۈنكى، مەن ئوتتىن يارىتىلدىم، ئۇ بولسا قارا لايدىن يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟ دېگەن. بۇ جاۋابتىن ئىبلىسنىڭ نەقەدەر ھاكاۋۇر، مۇتەكەببىر بىر مەخلۇق ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبلىسنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىغا جازا بېرىپ: ﴿قَالَ فَٱهۡبِطۡ مِنۡهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخۡرُجۡ إِنَّكَ مِنَ ٱلصَّٰغِرِينَ﴾ يەنى ﴿سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت! بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەرنىڭ بىرىسەن﴾[2] يەنى سەن ئەمدى مېنىڭ رەھمىتىمدىن قوغلاندىڭ. ساڭا تا قىيامەتكىچە لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ، دېگەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿فَٱهۡبِطۡ مِنۡهَا﴾ دېگەن ئايەت جەننەتتىن چۈشۈپ كەت دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندەك، ئاسماندىن چۈشۈپ كەت ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەت دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبلىس ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈنگە قەدەر ئۆزىنى ھايات قالدۇرۇشنى تىلىگەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تا قىيامەتكىچە ھايات قېلىشقا مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى ئوبدان جازا-لايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىبلىس يەنە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئى رەببىم! مېنى ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىڭ ۋە رەھمىتىڭدىن يىراق قىلىپ، مېنى تا قىيامەتكىچە لەنەتكەردى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىمەن، يەر يۈزىدە بارچە يامانلىقلارنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ھەر خىل يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتىمەن. ئاندىن سېنىڭ تاللانغان بەندىلىرىڭدىن باشقا ھەممىسىنى ئازدۇرۇپ كېتىمەن، دەيدۇ.

ئىبلىسنىڭ ﴿يەر يۈزىدە﴾ دېگەن سۆزى ئۇنىڭ روھقا ئىگە بولال-مايدىغانلىقىنى، پەقەت ئىنساننىڭ ماددىدىن تەركىب تاپقان نەپسىنىلا ئالداپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ روھى ئاللاھ

[1] ئەئراف سۈرىسى: 12-ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى: 13-ئايەت.

تائالادىن، ئۇنىڭ تېنى تۇپراقتىندۇر. شۇڭا شەيتان ئىنساننى يەر يۈزىدىكى ئۆتكۈنچى دۇنيا مەنپەئەتلىرى بىلەن ئالدايدۇ. دۇنيا مەنپەئەتلىرى بولسا نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىدىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا شەيتانلارنىڭ پېشۋاسى ئىبلىسمۇ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى: ﴿يَـٰٓـَٔادَمُ هَلۡ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلۡخُلۡدِ وَمُلۡكٖ لَّا يَبۡلَىٰ﴾ يەنى ﴿ئى ئادەم! مەن ساڭا (مېۋىسىنى يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان) ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە قولدىن كەتمەس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟﴾[1] دەپ ئالداش ئارقىلىق ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ئەمدى ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈز-مەسلىك ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش دوزاخ ئەھلىدىن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا. ئىبلىس ئۆز ۋاقتىدا ئىنسانلارنى ئازدۇرىدىغانلىقىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قەسەمياد قىلغان مەخلۇقتۇر. ﴿قَالَ فَبِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأَقۡعُدَنَّ لَهُمۡ صِرَٰطَكَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝١٦ ثُمَّ لَأٓتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ وَمِنۡ خَلۡفِهِمۡ وَعَنۡ أَيۡمَٰنِهِمۡ وَعَن شَمَآئِلِهِمۡۖ وَلَا تَجِدُ أَكۡثَرَهُمۡ شَٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «سەن مېنى ئازدۇرغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن»﴾[2]. ھەر قېتىم بىزنى شەيتان يامان ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتكەن چاغدا، بىز ئىبلىسنىڭ بۇ قەسىمىنى ئەسكە ئېلىپ، دەرھال ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئۆزىنىڭ ﴿تاللانغان﴾ بەندىلىرى قاتارىدىن قىلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىشىنى تىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۝٢٠٠﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن شەيتاندىن بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

---

[1] تاھا سۈرىسى: 120-ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 16-17-ئايەتلەر.

[3] ئەئراف سۈرىسى: 200-ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ ۋە باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىنتايىن ئىخچام قىلىپ: «حُبُّ الدُّنْيَا ، وَكَرَاهِيَةُ الْمَوْتِ» يەنى «دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش»[1] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، دۇنيانى ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگەن ئادەم ھالال-ھارام بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ھارامنى ھالالغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىدۇ، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئۆلۈمنى يامان كۆرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، ئەركىنلىكىنى، دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىشتىن باش تارتىدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ﴿بۇ ماڭا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ توغرا يولدۇر﴾ يەنى مەن بۇ يولغا كىرگەن مۆئمىن بەندىلىرىمنى ئەلۋەتتە قوغدايمەن. ئى ئىبلىس! ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە ماڭا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ تايانغان بەندىلىرىمنى سەن ھەرگىز ئازدۇرالمايسەن. سەن پەقەت ئىمانى ئاجىز، قەلبى ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېچىلمىغان، ھىدايەتنى تولۇق مەنىسى بىلەن تاپالمىغان ئادەملەرنى ئازدۇرالايسەن. سېنىڭ كۈچۈڭ شۇلارغىلا يېتىدۇ. ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾.

ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، ئۆز نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىگە ۋە يوللۇق-يولسىز بارلىق ئىستەكلىرىگە بويسۇنىدىغانلاردۇر. مانا بۇلار شەيتانغا ئەگەشكەنلەردۇر. يەنە بىرى، روھى پاك، ئىرادىلىك، نەپسى ھەۋىسىنى ئەقلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتالايدىغانلاردۇر. مانا بۇلار ھەقىقەت ئۈستىدە بولغانلار بولۇپ، بۇلارنى ئاللاھ تائالا ھىمايە قىلىدۇ، شەيتانلار ئازدۇرالمايدۇ.

بۇلار ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇپ، دوزاخ شەيتانغا ئەگەشكەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى كۈتۈۋالىدىغان جايدۇر. ئۇنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار بولۇپ، ھەربىر دەرۋازىدىن كىرىدىغانلار مۇئەييەن ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ سانى ۋە سۈپەتلىرى مەلۇمدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن

[1] «سنن أبي داود» 4-توم، 111-بەت، 4297 -ھەدىس.

يارىتىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلاشما ئىسپېرمىسىدىن يارىتىلىپ دۇنياغا تارقالغان. ئىنساننىڭ تۆرىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولغان ئىسپېرما قاندىن، قان يېمەكلىكتىن، يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن، ئۆسۈملۈكلەر تۇپراقتىن كەلگەنلىكى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تۇپراق دېيىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ئازغۇنلۇقنىڭ باشلىنىشىدۇر. چۈنكى، ئىبلىسنىڭ ئازغۇنلۇقى بۇنىڭدىن باشلانغان.

3. ئىچى تارلىق ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

4. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئىنسانىيەتكە ياراشمايدىغان رەزىل ئەخلاق بولۇپ، چوڭلۇق بابىدا ئاللاھ تائالا يالغۇزدۇر. ئەمما ئىنسانلار باراۋەردۇر. ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ئۇنىڭ مۇتەكەببىرلىكى ئىدى.

5. ئىبلىس ئۆز گۇناھىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ۋە يامانلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى تەۋبە قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان. ئىنسانلاردىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىمىغانلارنى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا كاپىرنىڭمۇ تىلەكلىرىنى بەزىدە قوبۇل قىلىپ ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ.

7. شەيتانلارنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى كىشىلەرگە يامان ئىشلارنى ياخشى، سەت قىلىقلارنى چىرايلىق، باتىلنى ھەق قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئالداشتۇر. چۈنكى، يامان ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ تولىسى شۇ ئىشلارنى ياخشى ۋە توغرا دەپ قىلىدۇ.

8. پەيغەمبەرلەر بارچە گۇناھ ۋە نۇقسانلاردىن پاك زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىنى ھەر خىل يامانلىقلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن ساقلايدۇ.

9. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئېلىپ بارىدىغان يول ئەڭ توغرا يول بولۇپ،

بۇ يولدا ئىزچىل يۈرگەنلەر مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

**10.** دوزاخنىڭ دەرىجىلىرى ۋە قەۋەتلىرى بولۇپ، گۇناھكارلار ئوخشاش بولمىغان ئازاب ئوقۇبەتلەر بىلەن ئازابلىنىدۇ.

## تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٤٥﴾ ٱدْخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ءَامِنِينَ ﴿٤٦﴾
وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٧﴾ لَا
يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ ﴿٤٨﴾ ۞ نَبِّئْ عِبَادِىٓ
أَنِّىٓ أَنَا ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّ عَذَابِى هُوَ ٱلْعَذَابُ ٱلْأَلِيمُ ﴿٥٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

45ـ تەقۋادارلار ئەلۋەتتە جەننەت باغچىلىرىدا ۋە بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

46ـ (ئۇلارغا) «جەننەتكە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئامان-ئېسەن كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ.

47ـ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئۆچ-ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.

48ـ جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن ئەسلا چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.

49ـ (ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن راستتىنلا بەك مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن.

50ـ مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابتۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندايدىغان، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادارلار نازۇنېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ياپيېشىللىق گۈزەل باغلاردا، ساپ ھەسەلدىن ئىچىملىكلەر ۋە لەززەتلىك سۈت ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاقلارنىڭ يېنىدا نېمەتلىنىدۇ. بۇ بۇلاقلار مەيلى

ھەربىر كىشىگە مەخسۇس تەقسىم قىلىنغان بولسۇن، ياكى ئومۇمغا ئاتالغان بولسۇن، ئۇلار ھەرگىز تالاشمايدۇ، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، قىزغىنىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىللەتلەرنى پاك-پاكىز ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ.

ئۇلارغا: جەننەتلەرگە ئامان-ئېسەن ۋە ھېچ نېمىدىن ئەندىشە قىلمىغان، تولۇق خاتىرجەم بولغان ھالدا مەرھەمەت قىلىڭلار، سىلەرگە بۇگۈندىن باشلاپ ھېچقانداق قورقۇنچ بولمايدۇ، دۇنيادا قويۇپ كەلگەن نەرسىلىرىڭلار ئۈچۈن قايغۇرۇش يوقتۇر، چۈنكى، جەننەتتە ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئېسىلى بار، دېيىلىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمانلارچە قېرىنداشلىقنىڭ تەقەززاسى بىر-بىرىگە قەتئىي ئۆچمەنلىك ياكى دۈشمەنلىك مەقسىتىدە بولماسلىق، بىرىگە كەلگەن ئامەتلەرگە ياكى نېمەتلەرگە قىزغانماسلىق، ھەمىشە بىر-بىرىگە ياخشىلىق تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلار بۇ دۇنيادا ئەنە شۇنداق ھەقىقىي مۇسۇلمانلارچە قېرىنداشلىقنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتىدە ياشىتىدۇ. ﴿ئۇلار جەننەتلەردە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غەيۋەت-شىكايەت، گەپ توشۇش دېگەندەك يامان ئىللەتلەرنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە ھارغىنلىق، جاپا-مۇشەققەت، بىئاراملىق دېگەنلەرنى قەتئىي ھېس قىلمايدۇ. ﴿خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يَبۡغُونَ عَنۡهَا حِوَلٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ يَعْلَمُ الْمُؤْمِنُ مَا عِنْدَ اللهِ مِنَ الْعُقُوبَةِ ، مَا طَمِعَ بِجَنَّتِهِ أَحَدٌ ، وَلَوْ يَعْلَمُ الْكَافِرُ مَا عِنْدَ اللهِ مِنَ الرَّحْمَةِ ، مَا قَنَطَ مِنْ جَنَّتِهِ أَحَدٌ» يەنى «مۇئمىن ئادەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلسە ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ جەننىتىنى تەمە قىلالمىغان بولاتتى. كاپىر ئادەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتنىڭ كەڭلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ جەننىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيتتى»[2].

ئى پەيغەمبەر! بەندىلىرىمگە شۇنى خەۋەر قىلغىنكى، مەن ئۇلارغا

[1] كەھف سۈرىسى: 108-ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2109-بەت، 2755-ھەدىس.

ناھايىتى كۆيۈمچان، ناھايىتى مېھرىبانمەن، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ماڭا ئىلتىجا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم مەغپىرەت قىلىپ، ئۇنى رەھمىتىمگە داخىل قىلىمەن، ئەمما كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلار ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرىگە تەۋبە قىلماي، گۇناھ يولىدا ئۆلگەن ئاسىيلار ئۈچۈن مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

2. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە ھېچقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىك ياكى جاپا ۋەياكى زېرىكىش دېگەنلەرنى كۆرمەيدۇ. بەلكى پەقەت خۇشاللىق ۋە ئازادىچىلىك ئىچىدە بولىدۇ.

3. ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

4. ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەندىن باشقا گۇناھلىرىنى ئاللاھ تائالا خالىسا كەچۈرۈۋېتىدۇ، خالىسا جازالايدۇ.

## ◄ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَنَبِّئۡهُمۡ عَن ضَيۡفِ إِبۡرَٰهِيمَ ٥١ إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗا
قَالَ إِنَّا مِنكُمۡ وَجِلُونَ ٥٢ قَالُواْ لَا تَوۡجَلۡ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ
٥٣ قَالَ أَبَشَّرۡتُمُونِي عَلَىٰٓ أَن مَّسَّنِيَ ٱلۡكِبَرُ فَبِمَ تُبَشِّرُونَ ٥٤ قَالُواْ
بَشَّرۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡقَٰنِطِينَ ٥٥ قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن
رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ ٥٦ قَالَ فَمَا خَطۡبُكُمۡ أَيُّهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ٥٧
قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمٖ مُّجۡرِمِينَ ٥٨ إِلَّآ ءَالَ لُوطٍ إِنَّا لَمُنَجُّوهُمۡ
أَجۡمَعِينَ ٥٩ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ قَدَّرۡنَآ إِنَّهَا لَمِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ٦٠ فَلَمَّا جَآءَ
ءَالَ لُوطٍ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ٦١ قَالَ إِنَّكُمۡ قَوۡمٞ مُّنكَرُونَ ٦٢ قَالُواْ بَلۡ

جِئْنَٰكَ بِمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَمْتَرُونَ ٦٣ وَأَتَيْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ
٦٤ فَأَسْرِ بِأَهْلِكَ بِقِطْعٍ مِّنَ ٱلَّيْلِ وَٱتَّبِعْ أَدْبَٰرَهُمْ وَلَا يَلْتَفِتْ
مِنكُمْ أَحَدٌ وَٱمْضُوا۟ حَيْثُ تُؤْمَرُونَ ٦٥ وَقَضَيْنَآ إِلَيْهِ ذَٰلِكَ
ٱلْأَمْرَ أَنَّ دَابِرَ هَٰٓؤُلَآءِ مَقْطُوعٌ مُّصْبِحِينَ ٦٦ وَجَآءَ أَهْلُ ٱلْمَدِينَةِ
يَسْتَبْشِرُونَ ٦٧ قَالَ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ ضَيْفِى فَلَا تَفْضَحُونِ ٦٨ وَٱتَّقُوا۟
ٱللَّهَ وَلَا تُخْزُونِ ٦٩ قَالُوٓا۟ أَوَلَمْ نَنْهَكَ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ ٧٠ قَالَ هَٰٓؤُلَآءِ
بَنَاتِىٓ إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ٧١ لَعَمْرُكَ إِنَّهُمْ لَفِى سَكْرَتِهِمْ يَعْمَهُونَ ٧٢
فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّيْحَةُ مُشْرِقِينَ ٧٣ فَجَعَلْنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا
عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ ٧٤ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّلْمُتَوَسِّمِينَ ٧٥
وَإِنَّهَا لَبِسَبِيلٍ مُّقِيمٍ ٧٦ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ ٧٧

## تەرجىمىسى

51ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن.

52ـئۇز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەرگەن ئىدى، ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز » دېدى.

53ـئۇلار: «قورقمىغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا ناھايىتى بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى.

54ـئىبراھىم: «ماڭا قېرىلىق يەتكەن تۇرۇقلۇق، خۇش خەۋەر بەرمەكچىمۇ سىلەر؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇش خەۋەر بېرىسىلەر؟» دېدى.

55ـئۇلار: «بىز ساڭا راست ئىش بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق، ئۈمىدسىزلەردىن بولمىغىن» دېدى.

56ـئىبراھىم: «رەببىنىڭ رەھمىتىدىن ئازغۇنلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى.

57ـئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! (يەنە باشقا) نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟» دېدى.

58ـ ئۇلار ئېيتتى: «بىز گۇناھكار قەۋمگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق.

59ـ پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىنىلا جازالىمايمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز.

60ـ پەقەت لۇتنىڭ خوتۇنىلا بۇنىڭ سىرتىدا. (چۈنكى) بىز ئۇنىڭ ئازابتا قالغۇچىلاردىن بولۇشىنى ئالدىن بېكىتتۇق».

61ـ ئەلچىلەر لۇتنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن چاغدا،

62ـ لۇت: «سىلەر ھەقىقەتەن ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى.

63ـ ئۇلار ئېيتتى: «ياق، بىز سېنىڭ ئالدىڭغا (سېنىڭ قەۋمىڭ شەكلىنىۋاتقان نەرسىنى (يەنى ئازابنى) ئېلىپ كەلدۇق.

64ـ بىز ساڭا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز.

65ـ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ يولغا چىققىن، ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن، سىلەردىن ھېچكىم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار».

66ـ (لۇتقا): «سەھەردە بۇلارنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ۋەھيى قىلدۇق.

67ـ شەھەر ئاھالىسى خۇشال بولغان ھالدا يېتىپ كېلىشتى.

68ـ (لۇت) ئېيتتى: «بۇلار ھەقىقەتەن مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ) مېنى رەسۋا قىلماڭلار.

69ـ ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنى خىجالەتتە قويماڭلار».

70ـ (ئۇلار): «بىز سېنى كىشىلەر(نى مېھمان قىلىش)دىن توسمىغانمىدۇق؟» دېدى.

71ـ (لۇت): «ئەگەر (ئويلىغىنىڭلارنى) قىلماقچى بولساڭلار، بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم، (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى.

72ـ (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار راستتىنلا ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.

73ـ كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى.

74ـ ئاندىن بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ

ئۈستىگە ساپال تاش ياغدۇردۇق.

75ـ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەت بار.

76ـ ئۇ (شەھەرنىڭ خارابىسى) ھېلىھەم يول ئۈستىدە تۇرماقتا.

77ـ بۇنىڭدا مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ مېهمانلىرى ھەققىدىكى قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. مېهمان سۈپىتىدە كەلگەن پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا سالام بېرىپ كىرىپ كېلىشىدى، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. مېهمانلار ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئىلىپ كەلگەن تاماققا قول ئۇزاتمىغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە قورقۇشقا ھاجەت يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى، بۇ ئوغۇلنىڭ ناھايىتى بىلىملىك كىشى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام بۇ بېشارەتكە ھەيران قالغانلىقتىن، مەن ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم تۇرسام، ماڭا ئەمدى پەرزەنت بىلەن بېشارەت بېرىۋاتامسىلەر؟ دېدى. پەرىشتىلەر: ئەي ئىبراھىم! بىز ساڭا ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان بىر چوڭ ھەقىقەتتىن بېشارەت بېرىۋاتىمىز، سەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردىن بولما، چۈنكى، كاپىر قەۋمدىن باشقىسى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيهىسسالامنى ئاتا-ئانىنىڭ ۋاستىسىز ھالدا ياراتقان يەردە، سەن ۋە ئايالىڭ ياشىنىپ قالغان بولساڭلارمۇ سىلەردىن پەرزەنت پەيدا قىلىشقا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە قادىردۇر، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ: ﴿رەببىمنىڭ رەھمىتىدىن ئازغۇنلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟﴾ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام بۇ مېهمانلارنىڭ ئىنسان ئەمەس، بەلكى پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ﴿ئى ئەلچىلەر! (يەنە باشقا) نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟﴾ دەپ سورايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

ئاياللارنى قويۇپ ئەرلەرگە چىقىلىدىغان، ئەخلاقسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار قەۋم – لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان زالىم قەۋمنى، شۇنداقلا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىمۇ – كاپىرلارغا تەرەپدار بولغانلىقى ئۈچۈن – بىرگە ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن سەدۇم دېگەن شەھەردە ياشايتتى. پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى قەۋمىنىڭ يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن قانداق ساقلاپ قېلىشنى ئويلاپ قايغۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەددىدىن ئاشقان زالىم قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ ۋەدىلىرىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنمىگەن، ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ كېلىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق ساناپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغان بۇ ئىنكارچى قەۋمنى جازالاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش سائىتى يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ شەھەردىن كېچىلەپ چىقىپ كېتىشىنى، ئارقىسىغا قارىماسلىقىنى، قېپقالغان كاپىر قەۋمنىڭ غېمىنى يېمەسلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن تەرەپكە تېزدىن ئىلگىرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ، گۇناھكار قەۋمنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ سۈرىدە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىغانلىقىنىڭ بايانى ئۇلارنىڭ شۇ ھالاكەتكە سەۋەب بولغان قىلمىشلىرىنىڭ بايانىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن. شۇڭا تۆۋەندە، ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ناچار قىلمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ شەھىرى بولغان سەدۇم شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەردىكى بەچچىۋاز قەۋم بۇ چىرايلىق مېھمانلاردىن ھۇزۇرلىنىش خىيالىغا كېلىپ، ئۇلارنى تەمە قىلىشىدۇ. بۇنى كۆرگەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ

مۇنداق دەيدۇ: «ئەي قەۋمىم! بۇلار مېنىڭ مېھمانلىرىمدۇر. سىلەر مېنىڭ مېھمانلىرىمغا چېقىلىپ قويۇپ، مېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماڭلار، ئۇياتقا قويماڭلار، ئۇلارغا چېقىلماڭلار، رەببىڭلار بولغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا سىلەرنى بۇ يامان قىلىقتىن توسىدىغان بىرەر ئەقىللىق ئادەم يوقمۇ؟!».

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا دەيدۇ: ﴿أَوَلَمۡ نَنۡهَكَ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى كىشىلەر(نى مېھمان قىلىش)دىن توسمىغانمىدۇق؟﴾ يەنى ئەي لۇت! بىز سېنى ھېچكىمنى مېھمان قىلمىغىن، ئۆيۈڭگە مېھمان كەلمىسۇن، چۈنكى، بىز نەپسىمىزگە ئىگە بولالماي ئۇلارغا چېقىلىپ قويىمىز، دېگەن ئەمەسمىدۇق؟

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَوَلَمۡ نَنۡهَكَ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى: بىز ئىلگىرى سېنى بىز چېقىلماقچى بولغان ئادەملەر ھەققىدە بىزگە سۆز قىلمىغىن، كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىن، دېگەن ئەمەسمىدۇق؟ دېگەن بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. دېمەك، ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ «مېھمانلىرىمغا تەگمەڭلار» دېگەن سۆزىگە قارشى چىققان.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەنە چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ، ئەرلەرگە چېقىلىشنىڭ رەزىللىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى شەھەرنىڭ قىزلىرى بىلەن يوللۇق ھالدا نىكاھلىنىش ئارقىلىق ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما ھاۋايى- ھەۋەسنىڭ مەستانىلىكىدە ئەقلىنى يوقاتقان بۇ قەۋم پەيغەمبىرىنىڭ چىرايلىق سۆزىنى قانداق ئاڭلىسۇن؟!

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ قىسسىنى بايان قىلىۋېتىپ دەيدۇكى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار راستتىنلا ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾ يەنى ئۇلار شۇ لەھزىلەردە ھارامغا بولغان مەستانىلىكتىن ئەقىللىرىنى يوقاتقان بولۇپ، ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداق بىر ئازابنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە قانداق ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. ئەي مەككىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىڭلار!

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئازاب ئۇلارنى قورشىدى. ۋاقىت تاڭ ۋاقتى ئىدى. تۇساتتىن ئاسماندىن خۇددى يامغۇردەك ساپال تاشلار يېغىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تۇرغان يەرلىرى ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، يەنى

شەھەر پۈتۈنلەي كۆمتۈرۈلدى. بۇنىڭدا ۋەقەلىكلەرگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قارايدىغان، پاراسەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كۆمتۈرۈلگەن شەھىرىنىڭ خارابىلىرىنى مەككىلىكلەر شام سەپىرىگە چىققان ۋاقىتلىرىدا كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئۈچۈن بۇ قىسسەدە يېتەرلىك ئىبرەتلەر بار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ئىبادەت، ئۈمىدسىزلىك گۇناھتۇر.

2. يامانلىق قىلغۇچىلار جازاسىنى تاپماي قالمايدۇ.

3. دىنىي قېرىنداشلىقتىن باشقا يېقىنلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قىممىتى يوقتۇر. چۈنكى، نەسەبتىكى، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقتىكى ۋە قۇدا-باجىلىقتىكى يېقىنلىقلارنىڭ ھېچبىرى دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىقتىن ھەرگىز كۈچلۈك ئەمەس. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بىلەن ئايالىغا شاپائەت قىلالمىغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

4. زالىملار رەھىم-شەپقەت قىلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ھالاكەتنى ئۆزلىرى تاللىغانلاردۇر.

5. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاكىتى پۈتۈن ئەخلاقسىزلار ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە ئۇنتۇلماس ئىبرەتتۇر.

6. بەچچىۋازلىقنىڭ گۇناھى زىنادىن ئېغىر بولۇپ، ئەڭ سەسكىنىشلىك رەزىللىكتۇر.

7. ئۆتمۈشلەردىكى ۋەقەلىكلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ خىسلىتىدۇر.

8. ئاللاھ تائالا بەزى زالىملارنى كىچىكتۈرمەستىن جازالاش ۋە خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر يۈزىدە ئىزى قالمىغان ۋە نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەڭ توغرا بايان قىلىنغان.

## ◄ ئەيكەلىكلەر ۋە ھجر ئەھلى

﴿وَإِن كَانَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ لَظَٰلِمِينَ ۝٧٨ فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ وَإِنَّهُمَا
لَبِإِمَامٖ مُّبِينٖ ۝٧٩ وَلَقَدۡ كَذَّبَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡحِجۡرِ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ۝٨٠
وَءَاتَيۡنَٰهُمۡ ءَايَٰتِنَا فَكَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ ۝٨١ وَكَانُواْ يَنۡحِتُونَ مِنَ
ٱلۡجِبَالِ بُيُوتًا ءَامِنِينَ ۝٨٢ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّيۡحَةُ مُصۡبِحِينَ ۝٨٣ فَمَآ
أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ۝٨٤ وَمَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَأٓتِيَةٞۖ فَٱصۡفَحِ ٱلصَّفۡحَ ٱلۡجَمِيلَ
۝٨٥ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلۡخَلَّٰقُ ٱلۡعَلِيمُ ۝٨٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

78ـ ئەيكەلىكلەرمۇ ھەقىقەتەن (ھەددىدىن ئاشقان) زالىملار ئىدى.

79ـ شۇڭا ئۇلارغىمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتتۇق، (لۇت قەۋمى بىلەن ئەيكەلىكلەرنىڭ شەھەرلىرى) ھەر ئىككىسى (نىڭ خارابىلىرى) ھېلىھەم ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر.

80ـ شەكسىزكى، ھجرلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى.

81ـ بىز ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدىن داۋاملىق يۈز ئۆرۈدى.

82ـ ئۇلار خاتىرجەم ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسايتتى.

83ـ لېكىن ئۇلارنى تاڭ سەھەردە قاتتىق بىر ئاۋاز ھالاك قىلدى.

84ـ ئۇلارنىڭ (ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن) قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.

85ـ بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، قىيامەت چوقۇم كېلىدۇر. شۇڭا سەن (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ تۇرغىن.

86ـ شەكسىزكى، رەببىڭ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇ-چىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئەيكەلىكلەر ـ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ، ئۇلار «أَصۡحَٰبُ

الْأَيْكَةِ» دەپ ئاتالغان. ئەيكە – بۈك-باراقسانلىق جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەيكەلىكلەر مۇشرىكلىقتا، يولسىزلىق قىلىشتا، بۇلاڭچىلىقتا ۋە تارازىدا كەم بېرىشتە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن زالىم قەۋم بولۇپ، ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ۋە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قەتئىي قۇلاق سالمىغان ۋە ئۇنى يالغانچى، يالغاندىن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەۋالغان بىرى دەپ ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ۋە مۇئمىنلەرگە تۈرلۈك جەۋر-زۇلۇملارنى سالغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئىبرەتلىك ھالدا تېتىتقان. ئۇلارنىڭ دىيارى قەبىھ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك كۆمتۈرۈلگەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ دىيارىغا يېقىن ئىدى. بۇ ئىككى قەۋمنىڭ دىيارلىرى ئادەتتە ئىنسانلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان، ھەممە ئېنىق بىلىدىغان ئاشكارا يول ئۈستىدە ئىدى. ھازىرمۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرىدىن قېپقالغان خارابىلارنى ۋە بەزى ئىزلارنى كۆرىدۇ. بۇ بايانلار ئەسلىدە قۇرەيش كاپىرلىرىغا قارىتىلغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ﴿وَإِنَّكُمۡ لَتَمُرُّونَ عَلَيۡهِم مُّصۡبِحِينَ ۝١٣٧ وَبِٱلَّيۡلِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مەككىلىكلەر!) سىلەر ئۇلارنىڭ خارابىلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟﴾[1].

﴿وَلَقَدۡ كَذَّبَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡحِجۡرِ ٱلۡمُرۡسَلِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ھىجرلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى﴾ بۇ ئايەتتە، سەمۇد قەۋمىنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ھىجرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ جىمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىغا تەڭ قىلىنغان. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمُرۡسَلِينَ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەرلەرنى﴾ دېگەن سۆز بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھىجرلىكلەرگە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك مۆجىزە ئاتا قىلغان ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان مۆجىزە چىشى تۆگە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى تاشنىڭ ئىچىدىن مۆ-جىزىلىك بىر شەكىلدە چىقارغان ئىدى. تاشنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىلغان

[1] سافقات سۈرىسى: 137-ئايەت.

بۇ چىشى تۆگە شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، تۆگىنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قۇدۇق سۈيىنى بىر كۈن بۇ تۆگە ئىچسە، يەنە بىر كۈن قەۋملەر ئىچەتتى. شۇڭا تۆگە قۇدۇققا كەلگەن كۈنى ھىجرلىكلەر كەلمەيتتى، ئۇلار كەلگەن كۈنى تۆگە كەلمەيتتى. تۆگە ئالاھىدە چوڭ بىر تۆگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۈتىمۇ قەبىلىنىڭ ھەممىسىگە يېتەتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە بۇ چىشى تۆگىگە چېقىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى. ھىجرلىكلەر تاغلاردا تاشلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسايدىغان خەلق بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۆيلەرنى ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايمىز دەپ ياسايتتى. ئۇلار پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئېشىپ ھېلىقى تۆگىگە چېقىلىپ قويىدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان ئەمگەكلىرى، تاغنى تېشىپ ياسىغان ئۆيلىرى ۋە توپلىغان مال-دۇنيالىرى ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالالمىدى.

بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق جازالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ياراتقان ئەمەس، ئەلۋەتتە ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن ياراتقان. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەش مەيدانى قىلىپ ياراتقان. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتلىرىغا ئېرىششى، يامان ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قانداق جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقى، ئۇلارغا ئۆز قەۋمىدىن قانداق چوڭ زىيانكەشلىكلەرنىڭ ۋە ئەزىيەتلەرنىڭ يەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن. شۇڭا سەنمۇ قەۋمىڭنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرچان بولغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، دىنىنى يەتكۈزۈشتە چىداملىق بولغىن، ئۇلارغا ھازىرچە چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇپ تۇرغىن. رەببىڭ ئۇلارغا قايسى ۋاقىتتا قانداق چارە-تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، رەببىڭ ھەممىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى باسقۇچتا

كاپىرلارغا قارىتا ئەپۇچان بولۇشقا، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى، مەدىنە دەۋرىدە ئۇنى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقى ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالا بىر مىللەتنى جازالىماقچى بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە پەن-تېخنىكىسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

**2.** ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس. ئىنساننىڭ ئەڭ ئالدىنقى بۇرچى ئۆزىنى ياراتقان رەببىگە ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاشتۇر.

**3.** كەچۈرۈمچانلىق ئەڭ ئېسىل ئەخلاقتۇر.

**4.** دۇنيادا «قۇرئان كەرىم» گە چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنىڭ تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ھاياتىدا دەستۇر قىلغان كىشىدىن ئارتۇق بەختلىك ئادەم يوق. چۈنكى، ھەقىقىي بەخت-سائادەت ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھۇزۇر-ھالاۋەت «قۇرئان كەرىم» بىلەن ياشاشتىدۇر.

### ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىلاھىي تەلىمات

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِي وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ ﴿٨٧﴾ لَا تَمُدَّنَّ
عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَٱخْفِضْ
جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٨﴾ وَقُلْ إِنِّيٓ أَنَا ٱلنَّذِيرُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٩﴾ كَمَآ أَنزَلْنَا
عَلَى ٱلْمُقْتَسِمِينَ ﴿٩٠﴾ ٱلَّذِينَ جَعَلُوا۟ ٱلْقُرْءَانَ عِضِينَ ﴿٩١﴾ فَوَرَبِّكَ
لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٢﴾ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٣﴾ فَٱصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ
وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٩٤﴾ إِنَّا كَفَيْنَٰكَ ٱلْمُسْتَهْزِءِينَ ﴿٩٥﴾ ٱلَّذِينَ
يَجْعَلُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۚ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَقَدْ نَعْلَمُ
أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ ﴿٩٧﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُن مِّنَ
ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٩٨﴾ وَٱعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأْتِيَكَ ٱلْيَقِينُ ﴿٩٩﴾﴾

### تەرجىمىسى

87ـ شەكسىزكى، بىز ساڭا (نامازدا) تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە (ئايەتلىك فاتىھە سۈرىسى)نى ۋە (ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.

88ـ بىز ئۇلاردىن (يەنى كاپىرلاردىن) بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلمىغىن، (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، مۆئمىنلەرگە مەرھەمەتلىك بولغىن.

89ـ «مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن.

90ـ (ئىلاھىي كىتابنى بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق) بۆلۈۋەتكۈچىلەرگە (تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى) نازىل قىلـغاندەك، (ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدۇق).

91ـ ئۇلار قۇرئاننىمۇ (بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىپ) بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتتى.

92ـ 93ـ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز.

94ـ ساڭا بۇيرۇلغان (ھەق دەۋەت)نى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغىن، مۇشرىكـلارغا پەرۋا قىلمىغىن.

95ـ سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز.

96ـ ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ.

97ـ بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز.

98ـ شۇڭا سەن رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن.

99ـ ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن.

### تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە سۈرىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:
«الحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ العَالَمِينَ. هِيَ السَّبْعُ المَثَانِي ، وَالقُرْآنُ العَظِيمُ الَّذِي أُوتِيتُهُ»

يەنى «فاتىھە سۈرىسى تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت ۋە ماڭا بېرىلگەن قۇرئاندۇر»[1]. فاتىھە سۈرىسى نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە ئوقۇلۇپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۈرىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِي وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِي﴾ دېگەن قىسمىنى فاتىھە سۈرىسى دەپ تەپسىر قىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ئايەتتىن بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام، ئەئراف، ئەنفال قاتارلىق يەتتە سۈرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارىغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ئايەتتىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ مەسىلىدە ﴿سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِي﴾ دېگەن ئايەتتىن فاتىھە سۈرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! راستتىنلا بىز ساڭا نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە ئوقۇلۇپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە – فاتىھە سۈرىسىنى ۋە بۇ سۈرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلدۇق. بۇ سەن ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ شەرەپ، كاتتا نېمەت، چوڭ بايلىق، چەكسىز ئىززەت-ئىكرامدۇر. بۇنىڭغا ئىگە بولغان بىرى باشقىلارغا، خۇسۇسەن كاپىرلارغا بېرىلگەن پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمەيدۇ ۋە دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دەك ئۇلۇغ شەرەپكە ۋە تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولغان ئادەم قانداقمۇ بۇ پانىي دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نەرسىلىرىنى تەمە قىلسۇن؟!

﴿بىز ئۇلاردىن (يەنى ئۇ كاپىرلاردىن) بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلمىغىن﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ جىمى مۇئمىنلەرگە بەرگەن ئومۇمىي تەلىماتىدۇر. بۇ تەلىمات مۇئمىنلەرنىڭ نەپسىنى پاكلىشى ۋە روھىنى يۈكسەلدۈرۈشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئىنساننىڭ بايلىق، مەنسەپ، شۆھرەت، باياشاتلىق تۇرمۇش قاتارلىق دۇنيالىق مەنپەئەتلەردە ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىغانلارغا قاراپ ئۆزىنى ئاددىي ۋە تۆۋەن چاغلىشىدىن چوڭ زىيان يوقتۇر. شۇ ئېنىقكى، دۇنيالىقتا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قارىغان ئادەم چوقۇم كۆڭلى راھەت، قانائەتچان بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا سىز ئېرىشكەنلەرگە ئېرىشەلمىگەن نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار بار. ماددىي جەھەتتە بايلاردىن بولالمىسىمۇ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەنىۋى

[1] «صحيح البخاري» 6- توم، 18- بەت، 4703 – ھەدىس.

كانىنىڭ خەزىنىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغانلار ئەڭ باي كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى شۈكۈر ۋە قانائەتكە تەشەببۇس قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى ھەرگىز «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان تەييار-تاپلىقا، سەلبىي شۈكۈرۋازلىققا ۋە ھورۇنلۇققا تەشەببۇس قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بىزنىڭ دىنىمىز دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشنىمۇ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىدىن سانايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ دىنىمىزدا باشقا دىنلاردىكىدەك تەركىدۇنيالىق تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، بەلكى بىزنىڭ دىنىمىز ئىشلەشكە تەشەببۇس قىلىدىغان ئەمەلىيەتچان بىر دىندۇر. ئايەتتە «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى دۇنيالىق ياخشىلىقلارغا ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى مەنپەئەتلەرگە ئىشارەت قىلىنغان، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ دۇنيالىقتا مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ۋە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىغا قىزىقماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان. چۈنكى، ھاياتتا قىزىقىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. مۇئمىن ئادەم-ئەگەر بىلسە-ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ باي ئادىمىدۇر. ئىمان بىلەن تولغان قەلب بۇ دۇنيادىمۇ جەننەتتە ياشايدىغان قەلبتۇر. ئەمما دۇنيا مەنپەئەتلىرى قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك قىزىقتۇرغۇچى كۆرۈنسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەر بولۇپ، تېزلا تۈگەپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە چوقۇنغان كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ يىغقان مال-دۇنياسى، ئېرىشكەن يۈز-ئابرۇيى ۋە شۆھرىتى ئاخىرەتتە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئەمما مۇئمىنىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئۇنى دوزاختىن يىراق قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنى ﴿(ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن﴾ يەنى مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بىئارام بولما، غەمكىن بولما. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنى «مۇشرىكلار پايدىلىنىۋاتقان دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قايغۇرما، ئاخىرەتتە ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسى بار، دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

سەن مۇئمىنلەرگە ھەمىشە شۇنداق كەمتەر، مېھرىبان ۋە سىلىق بولغىن! ﴿فَبِمَا رَحۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمۡۖ وَلَوۡ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلۡقَلۡبِ لَٱنفَضُّواْ مِنۡ حَوۡلِكَۖ فَٱعۡفُ عَنۡهُمۡ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!)

ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن﴾ [1].

بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىلاھىي تەلىماتلار بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ تەلىماتلار بىلەن ئىش كۆردى ۋە غەلىبە قىلدى. ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمان يېتەكچىلەر، يولباشچىلار ۋە ئۆلىمالار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن تولۇق ئەخلاقلانغان بولسا ئىدى، ئىشلار باشقىچە بولار ئىدى.

﴿«مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئۆزۈڭنىڭ مۇددىئاسىنى يەنە قايتىلاپ ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرنى رەببىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتقانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئىنكار قىلغانلارنى جازالايدىغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭ كاپىرلارغا تەييارلىغان ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىمەن. مەن سىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم سىلەرگە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. قالغان ئىشلار ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ ھىدايەتكە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ـ ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك ئازغۇن قىلىدۇ.

﴿كَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَى ٱلۡمُقۡتَسِمِينَ ۝٩٠ ٱلَّذِينَ جَعَلُواْ ٱلۡقُرۡءَانَ عِضِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئىلگىرى ساماۋى كىتابلارنى بۆلۈۋەتكەن كاپىرلارغا ئازابىمىزنى چۈشۈرگەندەك، ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ئايەتلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان ياكى ‹قۇرئان كەرىم›نى شېئىر ياكى سېھىر دېيىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى پارچە ـ پارچىغا بۆلۈۋەتكەن كاپىرلارغا ئازا- بىمىزنى چۈشۈرىمىز».

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا يەتتە ئايەتلىك فاتىھە سۈرىسىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ‹قۇرئان كەرىم›نى نازىل قىلغاندەك، يەھۇدىي ۋە

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 159 ـ ئايەت.

خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىپ بۆلۈۋەتكەندەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنىمۇ بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا مۇۋاپىق كەلگەن ئايەتلەرنى توغرا، مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرىنى خاتا دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلدى».

ئى پەيغەمبەر! ﴿ساڭا ئەمر قىلىنغان ئىشنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن﴾ يەنى ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ھېچكىمدىن قورقماستىن، ئوچۇق-ئاشكارا ۋە دادىل جاكارلىغىن، مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلمىغىن، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئۇلاردىن قورقۇپمۇ قالمىغىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سېنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن سېنى ئەلۋەتتە ساقلايدۇ. سېنى مەسخىرە قىلغان مۇشرىك ئەرەبلەر ئەقىلسىزلىكىدىن ئاللاھ تائالانى قويۇپ ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلار ساڭا قارشى قىلمىشلىرىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

راستتىنلا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. نەتىجىدە، قۇرەيشىنىڭ كاتتىباشلىرى بەدرى ۋە باشقا غازاتلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مەككە ئازاد قىلىندى، مۇسۇلمانلار غەلىبىگە ئېرىشتى ۋە چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشتۇردى.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ نالايىق سۆزلىرىدىن ۋە قىلمىشلىرىدىن سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى، بىئارام بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شىپاسى ۋە قەلبىنى ئارام تاپقۇزىدىغان، كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدىغان، ھەتتا بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى يېنىكلىتىدىغان ئەڭ ياخشى چارىسى رەببىڭنى كۆپ ياد ئېتىش، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تىلىڭ بىلەن سۆزلەپ، دىلىڭ بىلەن ئەسلەپ، ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش، سەجدە ۋە رۇكۇلارنى جايىدا قىلىپ كۆپ ناماز ئوقۇش ۋە ئىختىيارىي (نەپلە) ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن رەببىڭگە يېقىنلىق ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇلار نەپسنى

پاكلايدىغان، روھنى يۇكسەلدۈرىدىغان ئامىللاردۇر. روھ كۈچلەنگەن ۋاقىتتا نەپس ئاجىزلىشىدۇ، نەپس ئاجىزلاشقاندا تەقۋالىق كۈچلىنىدۇ.

كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا جان پىدا قىلىپ ئىشلەيدىغان ھەرقانداق دەۋەتچى ئۈچۈن يۇقىرىقىلار ئەڭ ئېسىل چارە-تەدبىرلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە ئۆزى يالغۇز يارغۇنچاقتا بۇغداي ئېزىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە بىرەر خىزمەتچى تۇتۇپ بېرىشىنى سوراپ كەلگەن سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خىزمەتچى تۇتۇپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەسبىھ ئېيتىشنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈكىنى مەنىۋى ئۇسۇل بىلەن يەڭگىللەتكەن.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن.

ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى، خاتالىقلىرى كەچۈرۈ- ۋېتىلگەن، قانداقلا بىر گۇناھتىن پاك بىر زاتقا قىلىنغان تەلىمات شۇنداق بولغان يەردە، بىزگە ئوخشىغان گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدىغان بەندىلەرنىڭ ئىبادەتنى قانداق قىلىشى لازىملىقىنى ئەقىل ئىگىسى بولغانلار چۈشىنىۋالسا بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك سۈرىدۇر.

2. ئاللاھنىڭ يولىدا يۈرگەنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئۇلارغا تەييارلانغان كاتتا مۇكاپاتلار ئالدىدا بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى، بايلىقلىرى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل نازۇنېمەتلەر ۋە كاتتا مۇكاپاتلار بار. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرنى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نەرسىلىرىگە تېگىشمەسلىك لازىم.

2. كەمتەرلىك ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان، خەلققە ئەڭ يېقىملىق بولغان بۈيۈك ئەخلاقتۇر.

3. دىندا بۆلۈنۈش زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بولۇپ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ بۇزۇلۇپ خۇراپاتلىققا ئايلىنىپ قېلىشى دىندا ۋە ئىلاھىي دەستۇردا بۆلۈنگەنلىكتىن ئىدى. ئەمما دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىش ئەيىبلىنىدىغان ياكى چەكلەنگەن ئىش ئەمەس.

4. ھەقىقەتنى دادىل سۆزلەش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5. ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىشنىڭ، خۇسۇسەن «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ» يەنى «ئاللاھنى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ بۈيۈكتۇر»نى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭدۇر. بىر ھەدىستە: «كىمكى 100 قېتىم «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ» دەيدىكەن، ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دەپ كەلگەن.

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2071-بەت، 2691-ھەدىس.

# نەھل سۈرىسى

نەھل سۈرىسى 128 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى مەدىنىدە، قالغان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: نېمەت بەرگۈچى زات ـ ئاللاھ تائالاغا دالالەت قىلىدىغان بەزى نېمەتلەرنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش-نىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ 68-، 69-ئايەتلىرى بولغان ﴿وَأَوۡحَىٰ
رَبُّكَ إِلَى ٱلنَّحۡلِ أَنِ ٱتَّخِذِي مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتٗا وَمِنَ ٱلشَّجَرِ وَمِمَّا يَعۡرِشُونَ ٦٨
ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ فَٱسۡلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلٗاۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (ئىنسانلار) ياسىغان ساندۇقلارغا ئۇۋا تۇزگىن. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەردىن يېگىن، رەببىڭ (ساڭا) ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللاردا يۈرگىن» دەپ ئىلھام قىلدى﴾ دېگەن ئايەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، ﴿ٱلنَّحۡلِ﴾ «ھەسەل ھەرىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿أَتَىٰٓ أَمۡرُ ٱللَّهِ فَلَا تَسۡتَعۡجِلُوهُۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ١
يُنَزِّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ بِٱلرُّوحِ مِنۡ أَمۡرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦٓ أَنۡ
أَنذِرُوٓاْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱتَّقُونِ ٢ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
بِٱلۡحَقِّۚ تَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٣ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٖ فَإِذَا هُوَ

خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٤﴾ وَٱلْأَنْعَٰمَ خَلَقَهَا ۗ لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَٰفِعُ وَمِنْهَا
تَأْكُلُونَ ﴿٥﴾ وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ
﴿٦﴾ وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَىٰ بَلَدٍ لَّمْ تَكُونُوا۟ بَٰلِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ ٱلْأَنفُسِ ۚ
إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٧﴾ وَٱلْخَيْلَ وَٱلْبِغَالَ وَٱلْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا
وَزِينَةً ۚ وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨﴾ وَعَلَى ٱللَّهِ قَصْدُ ٱلسَّبِيلِ وَمِنْهَا
جَآئِرٌ ۚ وَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاللاھنىڭ ئەمرى (قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر .

2ـ ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى: «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن ۋەھيى بىلەن چۈشۈرىدۇ.

3ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

4ـ ئۇ ئىنساننى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ (ئاللاھقا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولدى.

5ـ ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلاردا (يۇڭى ۋە تېرىسىگە ئوخشاش) سىلەرنى ئىسسىتىدىغان نەرسىلەر ۋە (نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغىغا ئوخشاش) نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى)دىن يەيسىلەر.

6ـ(بۇ چارۋا ماللارنى) كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقىتىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە گۈزەل مەنزىرە ئاتا قىلىدۇ.

7ـ ئۇلار يۈك-تاقىلىرىڭلارنى سىلەر جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، شەكسىزكى، رەببىڭلار سىلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

8ـ ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.

9ـ توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ، مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا باشلىغان بولاتتى.

## ◄ تەپسىرى

﴿أَتَىٰٓ أَمۡرُ ٱللَّهِ فَلَا تَسۡتَعۡجِلُوهُۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿أَمۡرُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرى﴾ توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، تەپسىرى تەبەرىي، ئەيسەرۇتتەفاسىر، تەپسىرۇل ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە ئايەتتىكى ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرى﴾دىن مۇشرىكلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارالغان. شۇڭا ئۇلار ئايەتكە: «ئاللاھنىڭ مۇشرىكلارنى جازالاش ھەققىدىكى پەرمانى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي ۋە ئەزۋائۇل بايان قاتارلىق تەپسىرلەردە: ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرى﴾دىن قىيامەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ مۇپەسسىرلەر ئايەتكە: «ئاللاھنىڭ ئەمرى بولغان قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى. ئى كاپىرلار! سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابقا ئالدىرىماڭلار، ئۇ ئازاب سىلەرنى چوقۇم قورشايدۇ. ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى جازالاش پەرمانى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ﴿أَتَىٰٓ﴾ يەنى ﴿كەلدى﴾ دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن كەلتۈرۈش ئۇنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوقلۇقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كېلەچەكتە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ خۇددى ئىشقا ئېشىپ بولغاندەكلا ئېنىق ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر ئازابنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپى ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ بولمىغۇر سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذۡ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ

ﭐئْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزگە قاتتىق ئازاب كەلتۈرگىن!» دېدى﴾ [1].

ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابى سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار. چۈنكى، ئازاب كەلگەن چاغدا سىلەر قاچقىلى يەر تاپالماي قالىسىلەر. ئاللاھ تائالا بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر، پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى ئېلىپ چۈشىدۇ. ئايەتتە «ۋەھيى» «روھ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خۇددى روھ تەنگە ھايات بېغىشلىغاندەك، ۋەھيىمۇ دىللارغا ھايات بېغىشلايدۇ، ئىمانسىز ئۆلۈك قەلبلەرنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، ئۇنى ياشارتىدۇ ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرى بىلەن پارلىتىدۇ. ﴿أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَـٰهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِى بِهِۦ فِى ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِى ٱلظُّلُمَـٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا﴾ يەنى ﴿ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇتىدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟﴾[2]. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ھەقىقىي مەنىدىكى ھاياتلىقتۇر، ئۇ نۇر ۋە ھىدايەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنى ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقى ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇلارنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس، ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ۋە ئۇلۇغۋار مەقسەت بىلەن ياراتقان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، يامانلىق قىلغانلارنى شۇ يامانلىقىغا ئاساسەن جازالاش ئۈچۈن ياراتقان. ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ كاپىرلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدەك ئەمەس، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 32-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 122-ئايەت.

ئى ئىنسان! سەن راستتىنلا ئاجىز بىر مەخلۇقسەن، سەن ئابىمەنىيدىن ئىبارەت شۇ ئەرزىمەس بىر تامچە سۇدىن يارىتىلدىڭ، سېنىڭ بۇ بەدىنىڭ ئاخىر تۇپراق ئاستىدا چىرىپ تۇگىشىدۇ. سەن شۇنداق بىر ئاجىز ئىنسان تۇرۇپ رەببىڭگە قارشى چىقىپ، پەيغەمبەر بىلەن جېدەل-لىشەمسەن؟ ﴿أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُۥ ۖ قَالَ مَن يُحْيِ ٱلْعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. مانا ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى﴾[1]. ئۆز ۋاقتىدا مەككىنىڭ مۇشرىكلىرىدىن ئۇبەي ئىبنى خەلەف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چىرىپ كەتكەن بىر سۆڭەكنى ئېلىپ بېرىپ «ئى مۇھەممەد! مۇشۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى سېنىڭ رەببىڭ تىرىلدۈرەلەمدۇ؟» دېگەن. ئىنسان نېمىدېگەن نادان ۋە نېمىدېگەن ئالدىراقسان ھە؟!

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئاتا-ئېھسانلارنىڭ بايانى ياندىشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن. ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان چارۋىلار، بۇ چار-ۋىلارنىڭ يۇڭى، تېرىلىرى، گۆشى، مايلىرى، سۈتى قاتارلىقلاردىن ئىنسان ئالىدىغان مەنپەئەتلەر، شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا قىلىدىغان خىزمەتلىرى، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى بىلەن يۇڭلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك كىيىملەرنى تىكىدىغانلىقى، ئۆي زىننەتلىرىنى ياسايدىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن كۆپ تەرەپتىن پايدىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، بەندىلىرىگە بولغان مېھرى-شەپقىتىگە ۋە ئۇنىڭ ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىغا يېتەرلىك دەلىللەردۇر.

ئايەتتە ئات، قېچىر ۋە ئېشەكنىڭ ئىنسانلارنى ۋە يۈكلەرنى توشۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئۆتمۈشلەردە بۇ ھايۋانلار ئاساسلىق قاتناش قوراللىرى ھېسابلىناتتى. گەرچە ھازىرقى تەرەققىي قىلغان ئەسىردە ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان، پاراخوت قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، بۇ ھايۋانلار مەلۇم

[1] ياسىن سۈرىسى: 77-79-ئايەت.

جايلاردا، خۇسۇسەن يېزىلاردا خۇددى ئۆتمۈشلەردىكىگە ئوخشاش ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئايەتتىكى ﴿ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ دېگەن جۈملە ھازىرقى زاماندا بارلىققا كەلگەن ۋە كېلەچەكتە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولغان زامانىۋىي قاتناش قوراللىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھىدايەتنى خالىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن بەندىلىرىگە نېسىپ قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، بارلىق ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇ چاغدىكى ھىدايەت ئىنساننىڭ ئىختىيارى بولماستىن ئەمەلگە ئاشقان ھىدايەت بولۇپ قالاتتى. ھالبۇكى، ئىنسان تاللاش ۋە ئىختىيار قىلىش ھەققىگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى سىرتىدا ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردىن جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا توغرا يولغا كىرىپ ھىدايەت تېپىش ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاش ئىختىيارىنى ئىنسانغا بەرگەن، ھەمدە ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل-ئىدراكنى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر، ئاللاھ تائالا كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلىۋەتكەن ئىش چوقۇم كېلىدۇ.

2. ھەربىر پەيغەمبەر كىشىلەرنى ﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دەپ دىنغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ھايۋانلارنى خىزمەتكە سېلىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن سانىلىدۇ.

4. ھىدايەت ئەڭ كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەر ئىككى دۇنيالىق ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئىگە بولغان بولىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى

﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۖ لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ

فِيهِ تُسِيمُونَ ﴿١٠﴾ يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرۡعَ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلنَّخِيلَ
وَٱلۡأَعۡنَٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١١﴾
وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ وَٱلنُّجُومُ مُسَخَّرَٰتُۢ
بِأَمۡرِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿١٢﴾ وَمَا ذَرَأَ لَكُمۡ فِي
ٱلۡأَرۡضِ مُخۡتَلِفًا أَلۡوَٰنُهُۥٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣﴾ وَهُوَ
ٱلَّذِي سَخَّرَ ٱلۡبَحۡرَ لِتَأۡكُلُواْ مِنۡهُ لَحۡمٗا طَرِيّٗا وَتَسۡتَخۡرِجُواْ مِنۡهُ
حِلۡيَةٗ تَلۡبَسُونَهَاۖ وَتَرَى ٱلۡفُلۡكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ
وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٤﴾ وَأَلۡقَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمۡ
وَأَنۡهَٰرٗا وَسُبُلٗا لَّعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٥﴾ وَعَلَٰمَٰتٖۚ وَبِٱلنَّجۡمِ هُمۡ
يَهۡتَدُونَ ﴿١٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

10ـ ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئۆسكەن دەل-دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر.

11ـ ئاللاھ سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە چوڭ بىر ئىبرەت بار.

12ـ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

13ـ ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى). ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

14ـ ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز (ھايۋانلىرى) نىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، (ئۈنچە-مارجان قاتارلىق) تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ،

سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سەن كېمىلەرنىڭ (تۇرلۇك تاۋارلارنى كۆتۈرۈپ) دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

15ـ16ـ زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى، (سۇ ئېھتىياجىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى ۋە بەلگىلەرنى بەرپا قىلدى. ئۇلار يۇلتۇزلار بىلەنمۇ يوللىرىنى تېپىۋالىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان چارۋا بايلىقلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يامغۇر ۋە زىرائەت قاتارلىق نېمەتلىرىنى، بۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ ئاسمان، يۇلتۇزلار ۋە دېڭىز قاتارلىقلارنى بايان قىلغان.

سىلەرنىڭ ئىچىشىڭلار، ھايۋانلىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار، ئۆسۈملۈك-لەرنى، دەل-دەرەخلەرنى سۇغىرىپ ئۆستۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن سىلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلىگەن زات ئاللاھ تائالادۇر!

ئاللاھ تائالا ئاشۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە زىرائەتلەرنى ئۇندۇرۇپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم، يەنە بۇلاردىن باشقا سىلەر بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەرخىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلالايدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەر بار. يامغۇرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن پارغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلىشى، ئاندىن ئۇ يەردە چوڭ بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىپ، شاماللارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن ئاللاھ تائالا خالىغان جايلارغا يامغۇر بولۇپ يېغىشى، ئۇنىڭدىن شەكلى، رەڭگى ھەر خىل بولغان زىرائەتلەرنىڭ ئۇنۇپ چىقىشى، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىر خىل سۇ ۋە بىر خىل زېمىندىن چىققان مېۋە، كۆكتات، ئاشلىق، گۈل-گىياھ ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەرخىل شەكىل ۋە ھەرخىل پۇراق ۋە ھەرخىل تەمدە يېتىشىپ چىقىشى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئىتىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسەتمەمدۇ؟! ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇلاردا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

كېچە بىلەن كۈندۈزنى نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغان قىلىپ، كېچىنى راھەتلىنىش، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قىلىپ بەرگەن، كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىنىڭ ئور-بىتىسىدا تەكشى ئايلىنىدىغان، كۈننى دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بېرىدىغان، ئاينى كېچىسى ئايدىڭلىق بېرىدىغان قىلغان، يۇلتۇزلارنى كېچىدە يول يۇرگۈچىلەر ئۈچۈن چىراغ قىلىپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر! ئەقلىنى ئىشلىتىپ كائىناتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، بۇلاردا كۆپلىگەن دەلىللەر بار.

يەر يۈزىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، يەنە ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنى ئىنسانلارغا ئىلھام قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر! تەپەككۇر قىلىدىغان، كائىنات ھەققىدە ئويلىنىپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ۋە دەرسلەرنى ئالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، بۇلاردا كۆپلىگەن ۋەز-نەسىھەتلەر بار.

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى ئىنسانلارنىڭ ماكانلىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەندەك، دېڭىزلارنى ۋە ھاۋا بوشلۇقىنىمۇ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. كۆرۈ-ۋاتىمىزكى، ئىنسانلار يەر يۈزىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدا باغۇ-بوستانلارنى، كۆركەم شەھەرلەرنى ۋە ئېگىز-ئېگىز بىنالارنى بارلىققا كەلتۈرەلىگىنىدەك، ئۇنىڭدا يەنە تىرىكچىلىك قىلىدۇ. دېڭىزلارغا يۈز مىڭ توننىلاپ يۈكلەرنى كۆتۈرگەن يوغان پاراخوتلارنى سېلىپ، بۇ پاراخوتلارنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ماڭدۇرالايدۇ، دېڭىزنىڭ بېلىق ۋە باشقا ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ ئۇلاردىن غىزالىنىدۇ. دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە-مارجان ۋە مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىدۇ. ھاۋا بوشلۇقىغا ئايروپىلان ۋە تېز ئۇچارلار بىلەن چىقىپ يىراق جايلارغا بارالايدۇ. يەنە سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بېرىپ، بۇلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، ئۇچۇرلارنى تارقىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

زېمىن ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىش جەريانىدا تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئېگىز ۋە مۇستەھكەم تاغلارنى بېكىتكەن، يەر يۈزىدە پايانسىز ئوكيانلارنى، دېڭىزلارنى ۋە نىل، دەجلە ۋە فۇرات قاتارلىق دەريالارنى ياراتقان، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

بىلەن ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى قىلىپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر!

ئىنسانلار دېڭىز-ئوكيانلاردا پاراخوتلارنى ھەم يولۇچى توشۇيدىغان ھەم يۈك توشۇيدىغان قاتناش قورالى قىلىپ ئىشلەتمەكتە. دۇنيادا ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ چوڭ يۈك توشۇيدىغان قاتناش قورالى پاراخوتتۇر. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ: ﴿وَٱلۡخَيۡلَ وَٱلۡبِغَالَ وَٱلۡحَمِيرَ لِتَرۡكَبُوهَا وَزِينَةٗۚ وَيَخۡلُقُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھ) ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىنىنەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ ياراتتى﴾[1] دېگەن خەۋىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى، ئۆزرىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى ئالامەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشى ئىبادەتتۇر.

2. رىزىق بىلەن شۈكۈر زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۈكۈر رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغان بەندىسىگە تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ.

3. دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھەر قانداقى ھالالدۇر.

4. ئاللاھ تائالا تاغلارنى، دېڭىز-دەريالارنى، ئاسمانلارنى، ئاسمانلاردىكى سەييارىلەرنى، يۇلتۇزلارنى ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلار بولسا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

### ◄ يېگانە ياراتقۇچى ئالدىدا شېرىكلەرگە ئورۇن بارمۇ؟

﴿أَفَمَن يَخۡلُقُ كَمَن لَّا يَخۡلُقُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ١٧ وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَةَ
ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٨ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُسِرُّونَ
وَمَا تُعۡلِنُونَ ١٩ وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا

[1] نەھل سۈرىسى: 8-ئايەت.

وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ ﴿٢٠﴾ أَمۡوَٰتٌ غَيۡرُ أَحۡيَآءٖۖ وَمَا يَشۡعُرُونَ أَيَّانَ يُبۡعَثُونَ
﴿٢١﴾ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ فَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ قُلُوبُهُم مُّنكِرَةٞ
وَهُم مُّسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٢٢﴾ لَا جَرَمَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ
إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡتَكۡبِرِينَ ﴿٢٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

17ـ ياراتقان ئاللاھ بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنى) ئويلاپ باقمامسىلەر؟

18ـ ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

19ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

20ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلار يارىتىلغان نەرسىلەردۇر.

21ـ ئۇ نەرسىلەر تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر. ئۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ (ياكى چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.

22ـ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر.

23ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۇتەكەببىرلىك قىلغۇچىلارنى ئەسلا ياخشى كۆرمەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ جىمى مەخلۇقاتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ياراتقۇچىنىڭ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان مەخلۇقاتتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدىمۇ قىلچە شەك يوق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقاتنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالا بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان شۇ بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلار بارۋەر بولامدۇ؟ بۇ ئىككىسى ئوخشاشمۇ؟ ھەرگىز

ئوخشاش ئەمەس! ﴿هَـٰذَا خَلْقُ ٱللَّهِ فَأَرُونِى مَاذَا خَلَقَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦ﴾ يەنى ﴿مانا بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدۇر. ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىنى ياراتتىپتۇ؟﴾[1] يەنى ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ساختا ئىلاھلىرىڭلار نېمىنى ياراتالىدى؟ ئەگەر ئۇلار بىرەر نەرسە ياراتقان بولسا، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ؟!

ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنىڭ پەقەتلا بىر قىسمى بولۇپ، بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە نىسبەتەن دېڭىزدىن بىر تامچىدۇر. ناۋادا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلىپ تۇرۇۋاتقان نېمەتلىرىنى ساناپ كۆرمەكچى بولساقمۇ، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايمىز. شۇنچىلىك ھېسابسىز نېمەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىغان ئىنسانلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلار شۇنداق ناشۈكۈر تۇرسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تولىمۇ كەچۈرۈمچاندۇر، ناھايىتى بەك مېھرىباندۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلىپ كەتسۇن، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئەمەل-ئىبادەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ.

بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان جىمى مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىناتتىكى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سانسىز نېمەتلەرنىڭ ئىگىسى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىغا ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن ھەممىنى بىلىدىغان زاتتۇر.

مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇت ۋە ھەيكەلدىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلىرى ھېچ نەرسىنى ياراتالمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار تىرىك ئەمەس، بەلكى جانسىز جىسىملاردۇر. جېنى يوق، كۈچى يوق، كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان ۋە ھېچبىر ئىش قىلالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇش ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئىشىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ ئىنسانلار بۇ ساختا ئىلاھلاردىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

مۇشرىكلار چوقۇنغان بۇتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن

[1] لۇقمان سۈرىسى: 11-ئايەت.

ھېچقايسىسىنى ئۇقمىغاندەك، چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ قاچان تىرىلدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. تاش، ياغاچ ۋە تۇپراق قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان بۇ بۇتلاردا ھايات بولمىغانلىقتىن، ئۇلاردا ئۆلۈش ۋە تىرىلىش دېگەنلەرمۇ بولمايدۇ. ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ (ياكى چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇتلار تىرىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى، بۇنداق جانسىز نەرسىلەردە ئۆلۈش ۋە تىرىلىش مەۋجۇت ئەمەس. مۇشرىكلار ئۇلارنى «بىزنىڭ شاپائەتچىلىرىمىزدۇر، ئۇلار بىزگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇ بۇتلارنى ئۇلارنىڭ گۇمانى بويىچە جانلىق مەخلۇقاتنىڭ ئورنىدا قويۇپ تۇرۇپ مۇشرىكلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئىنسانلار غەيبلەرنى بىلمەيدىغان تۇرسا، بۇتلاردىن ئىبارەت ئەقىل-ئىدراكتىن خالىي جانسىز نەرسىلەرنىڭ غەيبنى بىلىشى مۇمكىنمۇ؟!

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار مۇشرىكلار ئېتىقاد قىلغاندەك كۆپ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا، ئۇلۇغلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچبىر مەبۇد يوقتۇر. كائىناتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنى يوقلۇقتىن يارىتىپ، ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زاتنى قويۇپ، تاش، ھەيكەل، دەل-دەرەخ ۋە كالا قاتارلىق مەخلۇقاتقا چوقۇنۇش نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىك ھە!

قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۇ كۈندە بولىدىغان ھېساب ئېلىش، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش، كاپىرلارنى ۋە زالىملارنى دوزاخقا تاشلاش قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قەلبى ئىنكارچى قەلب بولغانلىقتىن، ئۇلارغا ھېچقانداق ۋەز-نەسىھەت ۋە چىرايلىق سۆز تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار كۇفرىلىقتا ھەددىدىن ئاشقان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئىنكارچىلىقنى ۋە كۇفرىلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ھاكاۋۇرلاردۇر. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ رەببىڭ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق قىلمىشلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاخىرەت كۈنىدە ئۇلارغا قىلمىشلىرىغا قاراپ يېتەرلىك جازاسىنى بېرىدۇ. شەكسىزكى، رەببىڭ مۇتەكەببىرلەرنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

كاپىرلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ دىللىرى قارا كېلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىقتۇر، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

دىلىنىڭ كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن بۇلغىنىپ، قارىيىپ، كىرلىشىپ، ھېچقانداق بىر نۇرنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە يېپىلىپ قالغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇلىقى بولغان بىلەن ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، كۆزى بولغان بىلەن ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدۇ، دىلى ۋە ئەقلى بولغان بىلەن ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، ساغلام تەپەككۇر قىلالمايدۇ، شۇڭا ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تەكەببۇرلۇق ۋە كۇفرىنىڭ كىرلىرى بىلەن پاسكىنىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىمۇ بۇلغىنىپ كەتكەن روھتۇر. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ﴿ءَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا ﴿٦١﴾﴾ يەنى ﴿سەن لايدىن ياراتقان ئادەمگە سەجدە قىلامدىمەن؟﴾[1]، ﴿قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇنىڭدىن ياخشى، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾[2]. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَٰنٍ أَتَىٰهُمْ إِن فِي صُدُورِهِمْ إِلَّا كِبْرٌ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، تالاش-تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساختا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ﴾[3].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چوقۇنغانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخمەقلىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئىھسانلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىش شۈكۈرنىڭ بېشىدۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان ئىلاھ يوق ئىكەنلىكى كەسكىنلەشكەن ھەقىقەتتۇر.

4. دۇنيادىكى يامانلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىمانسىزلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىشكە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ قولىدىن ھەممە يامانلىقنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 61-ئايەت.
[2] ساد سۈرىسى: 76-ئايەت.
[3] غافىر سۈرىسى: 56-ئايەت.

5. چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق بىر ئاللاھقىلا خاس بولۇپ، كىشىلەرگە چوڭلۇق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا چوقۇم خار قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇتەكەببىرلەرنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

## ◄ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرى

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُم مَّاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمْ قَالُوٓا۟ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾
لِيَحْمِلُوٓا۟ أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَمِنْ أَوْزَارِ ٱلَّذِينَ يُضِلُّونَهُم
بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٢٥﴾ قَدْ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَأَتَى
ٱللَّهُ بُنْيَٰنَهُم مِّنَ ٱلْقَوَاعِدِ فَخَرَّ عَلَيْهِمُ ٱلسَّقْفُ مِن فَوْقِهِمْ وَأَتَىٰهُمُ
ٱلْعَذَابُ مِنْ حَيْثُ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُخْزِيهِمْ وَيَقُولُ
أَيْنَ شُرَكَآءِىَ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تُشَٰٓقُّونَ فِيهِمْ ۚ قَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ إِنَّ
ٱلْخِزْىَ ٱلْيَوْمَ وَٱلسُّوٓءَ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٧﴾ ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ
ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ ۖ فَأَلْقَوُا۟ ٱلسَّلَمَ مَا كُنَّا نَعْمَلُ مِن سُوٓءٍۭ ۚ بَلَىٰٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلِيمٌۢ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٨﴾ فَٱدْخُلُوٓا۟ أَبْوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۖ
فَلَبِئْسَ مَثْوَى ٱلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٢٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

24ـ ئۇلارغا «رەببىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ.

25ـ ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشى ۋە نادانلىقتىن ئۆزلىرى ئازدۇرغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن (شۇنداق دەيدۇ). ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن (گۇناھ)لىرى نېمىدېگەن يامان!

26ـ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىۋەتتى، (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئازاب ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كەلدى.

27ـئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە (ئۇلارغا): «مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبىرىڭلار بىلەن) مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟» دەيدۇ. ئىلىم ئىگىلىرى بولسا: «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ئەلۋەتتە كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر» دەيدۇ.

28ـئۇلار (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلار: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئىدۇق» دېيىشىپ، بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

29ـسىلەر مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ تۇرارجايى نېمىدېگەن يامان!

### ◄ تەپسىرى

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ دىللىرى ئىنكارچى، ئۆزلىرى مۇتەكەببىردۇر. ئۇلارغا: ﴿رەببىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟﴾ دېيىلسە، ئۇلار مەسخىرە قىلىشقان ھالدا: ﴿قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى نازىل قىلدى﴾ دېيىشىدۇ. بۇنداق دېگەن كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولغانلىقى سىرتىدا، نادانلىقتىن ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ زىيان تارتقان ئاۋامنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ تولۇق ئۈستىگە ئېلىپ ھازىسىنى تارتىدۇ. چۈنكى، بىرەر يامانلىقنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئادەم شۇ يامانلىقنىڭ گۇناھىنى ۋە تا قىيامەتكىچە شۇ يامانلىقنى قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىپ جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇلار ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بۇ گۇناھ نېمىدېگەن يامان! ئۇلار ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بۇ جاۋابكارلىق نېمىدېگەن ئېغىر!

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىپ قولىدىن كەلگەنئىنىڭ ھەممىنى قىلغان، پەيغەمبەرلەرگە قارشى ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن، ئۇلارغا تۇزاقلارنى قۇرغان ۋە بارلىق رەزىل پىلانلارنى تۈزۈپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇشقا ئۇرۇنغان. ﴿يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئۇنىڭ دىنىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. (ھالبۇكى) كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ،

ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى تاماملىماي قالمايدۇ﴾[1].

﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ھىيلە-مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىۋىدى، (ئۇنىڭ) ئۆگزىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئازاب ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن كەلدى﴾. بۇ بىر ئوخشىتىش بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئىبرەتلىك ھالدا تۇيۇقسىز ھالاك قىلىۋەتكەنكى، ئۇلار خۇددى ھىيلە بىلەنلا تۇرغۇزۇلغان ئېگىز سارايلىرىدا خاتىرجەم ئولتۇرغان پەيتلىرىدە، سارايلىرىنىڭ ئۆگزىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈش ئارقىلىق ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولغان، يەنى خۇددى ئۇلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن سالغان بىنالىرى ئاستىدا ھالاك قىلىۋەتكەندەك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سادىر قىلغان گۇناھلىرى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقان. زالىملارنىڭ بۇ ھالاكىتى ئۇلارنىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىكى جازاسى بولۇپ، ئاخىرەتتىكى جازاسى رەسۋالىق، خارلىق ۋە قاتتىق ئازابتۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا ئېيتىدۇ: «قېنى مېنىڭ دۇنيادىكى شېرىكلىرىم؟ سىلەر ئۇ ساختا مەبۇدلارنى ماڭا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان ئىدىڭلارغۇ، قېنى ئۇلارنى ماڭا بىر كۆرسەتمەمسىلەر؟ سىلەر مېنى قويۇپ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۆئمىنلەر ۋە پەرىشتىلەردىن بولغان ئىلىم ئىگىلىرى: «بۈگۈنكى خارلىق، رەسۋالىق، ھەسرەت-نادامەت ۋە قاتتىق ئازاب پەقەتلا كاپىرلارغا بولىدۇ!» دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭدا كاپىرلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار.

كۇفرى-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار ئۆلىدىغان ۋاقتىدا، ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىنكار قىلىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن چېغىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىدۇ.

ئۇلار قىيامەت كۈنىدىكى سوراقتا بىر ئامالّلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش كويىغا چۈشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ: ﴿بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئىدۇق﴾ دېيىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە قايىل بولغانلىقىنى، ھەقىقەتكە بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. بۇ چاغدا،

[1] تەۋبە سۈرىسى: 32-ئايەت.

پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «ئۇنداق ئەمەس! بەلكى سىلەر ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چوڭ ۋە كەچۈرۈلمەس يامانلىقلارنى قىلدىڭلار، رەببىڭلار سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان بارچە قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن خار بولغان ھالدا كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!» دەيدۇ.

﴿إِنَّهُمْ كَانُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَهُمْ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ يَسْتَكْبِرُونَ﴾ يەنى ﴿چۈنكى، ئۇلارغا «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېيىلسە، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە چەك قويغۇچىلار ياكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرى ئاز قالمايدۇ، جازاسىمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرى بولغان مۆئمىنلەرگە قارشى ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكۈچىلەر ۋە ئۇلارغا سۇيىقەست پىلانلىغۇچىلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يامانلىقى ئۆزلىرىگە يانىدۇ.

3. بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنى خور كۆرگەن ۋە كۆزگە ئىلمىغان كاپىرلار ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرنىڭ ئەزىزلىكىنى كۆرۈپ قاتموقات ھەسرەت چېكىدۇ.

4. ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدىر-قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئالىملارنى ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدىن سانىغان.

5. كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ جازاسى ئۇلارغا ئۆلۈم كېلىشى بىلەنلا باشلىنىپ كېتىدۇ.

6. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر.

## ◄ تەقۋادارلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿۞ وَقِيلَ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ مَاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمْۚ قَالُواْ خَيْرًاۗ لِّلَّذِينَ

[1] ساففات سۈرىسى: 35-ئايەت.

أَحْسَنُوا۟ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةٌ ۚ وَلَدَارُ ٱلْءَاخِرَةِ خَيْرٌ ۚ وَلَنِعْمَ دَارُ
ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٠﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ لَهُمْ
فِيهَا مَا يَشَآءُونَ ۚ كَذَٰلِكَ يَجْزِى ٱللَّهُ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣١﴾ ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ
ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ طَيِّبِينَ ۙ يَقُولُونَ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمُ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿٣٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30ـتەقۋادارلارغا: «رەببىڭلار نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ. بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا (دۇنيادا نۇسرەت ۋە كەڭ رىزىق دېگەندەك) گۈزەل مۇكاپات بار، ئاخىرەت تۇرالغۇسى بولسا ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ تۇرالغۇسى (بولغان جەننەت) نېمىدېگەن گۈزەل!

31ـئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ۋە دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە ئۇلارغا خالىغىنى بار، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.

32ـپەرىشتىلەر ئۇلارنى پاكلىق ھالىتىدە ۋاپات قىلدۇرۇپ، (ئۇلارغا): «سالام سىلەرگە!» دەيدۇ. (ئاخىرەتتە ئۇلارغا) قىلغان ئەمەلىڭلار يۈزىسىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

### ◄ تەپسىرى

تەقۋادار مۇئمىنلەرگە: رەببىڭلار پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىلەرگە نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟ دېيىلسە، ئۇلار: رەببىمىز بىزگە سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى نازىل قىلدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ سوئالنى سورىغۇچىلار ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتلاردا چوڭ بازارلارغا كېلەتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق سورىشاتتى، بىرەر مۇشرىك ئادەمگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ سوئاللارنى سورىسا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «شائىر»، «قۇرئان كەرىم»نى بولسا «قەدىمـكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەمما ئۇلار بىرەر مۇسۇلمانغا ئۇچراپ قالغىنىدا، ئۇنىڭدىن ھەقىقەتنى ئاڭلايتتى ۋە يۇقىرىقى

ئايەتتىكى جاۋابنى ئاڭلايتتى.

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىمان ئېيتىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياردىمىگە سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە، ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، كۈچ-قۇۋۋەت، ھاكىمىيەت، بايلىق قاتارلىق ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرى بولسا بۇ دۇنيادىكىسىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تولۇقى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇسى جەننەتلەردە بولىدۇ ۋە ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. تەقۋادارلارنىڭ تۇرالغۇسى بولغان جەننەت نېمىدېگەن ياخشى جاي! ئۇلارغا جەننەتتە كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بار، ئۇلارغا غەمكىنلىك، بىئاراملىق ۋە قايغۇ-ھەسرەت دېگەنلەر قەتئىي بولمايدۇ، ئۇلار ھەمىشە خۇشاللىق ئىچىدە نېمەتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئېتىقادى ساغلام، ئەمەل ئىبادەتلىرى جايىدا، ئەخلاقى ئېسىل بولۇپ، گۇناھلاردىن، ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولغان ياخشىلار ۋاپات بولىدىغان ۋاقتىدا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا: سالام سىلەرگە! (يەنى سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن!) دەيدۇ. ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر ئۇلارغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن: قېنى جەننەتكە مەرھەمەت قىلىڭلار! بۇ سىلەرنىڭ دۇنيادىكى چېغىڭلاردا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار يۈزىسىدىن سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرۈڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بىلەن ئېرىشىلگەن ئۇتۇقتۇر، دېيىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت ئىمان ئېيتقان، ئاندىن شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپىگە يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە خاستۇر.

2. مۇئمىنلەرنىڭ جېنى ئىنتايىن ئاسان ۋە سىلىق ئېلىنىشتىن باشلاپ، قەبرىدىكى سوئال-سوراقنىڭ ئاسان بولۇشى، قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىشنىڭ ئاسان بولۇشى، سىرات كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىشى ۋە ھۆرمەت-ئىززەت بىلەن جەننەتكە كىرىشىگە قەدەر ھەممە

ئىشلىرى ئاسان بولىدۇ.

3. پەرىشتىلەر جەننەت ئەھلىنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَوْ يَأْتِىَ أَمْرُ رَبِّكَ ۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٣٣﴾ فَأَصَابَهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُوا۟ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

33ـ كاپىرلار پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (ئازابلاش) ئەمرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى.

34ـ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالدى.

## ◄ تەپسىرى

ئۇ كاپىرلار پەقەت جېنىنى قاتتىق قىيناپ، ئۇنى پىتىر خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن چۈشىدىغان جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنىلا ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى جازالاش توغرىسىدىكى ئەمرىنىڭ كېلىشىنىلا ۋەياكى ئۆزلىرى ئىشەنمىگەن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، «سەن بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب قېنى؟ گېپىڭ راست بولسا، ئۇنى بىر كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟» دېگەن ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئاندىن ئازاب ئۇلارنى تۇيۇقسىز قورشىۋالغان چاغدا قاچىدىغان يەر تاپالمىغان ۋە ھەممىسى ئەڭ ئىبرەتلىك بىر شەكىلدە ھالاك بولۇپ تۈگەشكەن ئىدى.

ئەسلىدە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۇۋال قىلغان ياكى زۇلۇم قىلغان

ئەمەس، چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قەتئىي ئۇۋال قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇش، پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملار ئىدى. شۇڭا ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى قىلغان يامانلىقلارنىڭ ۋە بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسى راستتىنلا قاتتىق بولدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى جازالايدىغانلىقىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەدىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى سورايتتى. ئۇلار كۇفرىدا ۋە مەسخىرە قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن ئازابنى تېتىدى. تېتىغاندىمۇ ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە تېتىدى ۋە ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى قورشاپ كەلگەن ئازاب ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ تۈگەشتۈردى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ۋە ھەرقانداق بىر گۇناھكارنىڭ يامانلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى ئۆزلىرىگە يېقىن كېلەچەكتە كېلىدىغان ئازابنىڭ بېشارىتىدۇر.

2. گۇناھلىرىغا بىر كۈن بولسىمۇ، بۇرۇنراق تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالايدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ باھانىلىرى

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا عَبَدۡنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖ
نَّحۡنُ وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ
ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ فَهَلۡ عَلَى ٱلرُّسُلِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ٣٥ وَلَقَدۡ
بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَۖ فَمِنۡهُم
مَّنۡ هَدَى ٱللَّهُ وَمِنۡهُم مَّنۡ حَقَّتۡ عَلَيۡهِ ٱلضَّلَٰلَةُۚ فَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٣٦ إِن تَحۡرِصۡ عَلَىٰ هُدَىٰهُمۡ
فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَن يُضِلُّۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٣٧ وَأَقۡسَمُواْ

بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَا يَبۡعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُۚ بَلَىٰ وَعۡدًا عَلَيۡهِ حَقّٗا
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٣٨ لِيُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِي يَخۡتَلِفُونَ
فِيهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ كَانُواْ كَٰذِبِينَ ٣٩ إِنَّمَا قَوۡلُنَا
لِشَيۡءٍ إِذَآ أَرَدۡنَٰهُ أَن نَّقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ٤٠

### تەرجىمىسى

35ـمۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىسىز ھېچ نەرسىنى ھارام دېمىگەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىننى ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر.

36ـبىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.

37ـسەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى ئازغۇن قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا (ئاللاھتىن باشقا) ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

38ـئۇلار: «ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ياق (ئۇلار ئەلۋەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

39ـئاللاھ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتنى ئۇلارغا ئوچۇق كۆرسىتىش ۋە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ).

40ـبىز بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلساق، ئۇنىڭغا: «بول!» دەيمىز-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ.

### تەپسىرى

مۇشرىكلارنىڭ يولى توسۇلۇپ، بارچە سەپسەتىلىرى ئىلاھىي پاكىتلار ئارقىلىق بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ۋە بارلىق قىلمىشلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ، «ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولار ئىدۇق، ئاللاھ هالال قىلغان نەرسىلەرنى ئۆزلىكىمىزدىن هارام دەۋالمىغان بولار ئىدۇق ۋە گۇناھ، هارام ئىشلارنى سادىر قىلمىغان بولار ئىدۇق» دېيىشكە باشلايدۇ. ئۇلار بۇ سۆزلىرىدىمۇ راستچىل ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا ئېيتاتتى. ئىمام شەۋكانى «فەتهۇل قەدىر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار دەيدۇكى: ‹ئەگەر ئاللاھنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇزى هارام قىلمىغان نەرسىلەرنى هارام دەۋېلىشتىن مەنئى قىلغانلىقى هەققىدە مۇهەممەدنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى راست بولىدىغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنمىغان بولاتتۇق، هالبۇكى، بىز بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىمىز ۋە ئاللاھ هارام قىلمىغان ئىشلارنى هارام دەۋاتىمىز. چۈنكى، بىز بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلدۇق، ئاللاھ خالىمىغان بىر ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئاللاھنىڭ خاهىشىغا ۋە ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ›. ئەمما بۇ سۆزلەرنى قىلغان مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى پەقەت مەسخىرە ئۈچۈنلا ئېيتىدۇ»[1].

مۇشرىكلارنىڭ بۇ قىلمىشى بىر يېڭىلىق ئەمەس، چۈنكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كاپىر قەۋملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى شۇنداق ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئوخشىغان بىمەنە سۆزلەرنى توقۇپ چىقارغان ۋە هەقىقەتكە قارشى چىقىپ پەيغەمبەرلىرى بىلەن جېدەللەشكەن ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۇلارغا تولۇق يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى باشقا نەرسىدۇر. بىز ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتان، بۇت، هەيكەل، دەل-دەرەخ ۋە كالا قاتارلىق ساختا مەبۇدلارنى، شۇنداقلا بارچە ئازغۇن يولباشچىلارنى تاشلاڭلار دەپ، هەربىر ئۇممەتكە بىرەردىن پەيغەمبەر

[1] «فتح القدير» 3- توم، 193- بەت.

ئەۋەتتۇق. ئۇلاردىن ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىرىمۇ، كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرغانلىرىمۇ بار. ﴿قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ۝٩ وَقَدۡ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇنى (گۇناھ-مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسۇش، يامان ئىشلاردىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنى ئاڭلىغان ئىنسانلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ توغرا يولغا ئەگەشكەن بولسىمۇ، يەنە بەزىسى كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان ھىدايەتنى خالىمىغان. نەتىجىدە، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر بەختلىكلەر قاتارىدىن بولدى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلەر بولسا بەختسىزلەر قاتارىدىن بولدى. مۇكاپات بىلەن جازا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىرى ساۋابقا ئېرىشىپ مۇكاپاتقا، ئاسىيلىق قىلغانلىرى گۇناھكار بولۇپ جازاغا لايىق بولدى. بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانىنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋە خاھىشىغا مۇۋاپىق كېلىشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئىمانغا چاقىرىدۇ، ھەممىنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما ھەممىسىگە ھىدايەت نېسىپ بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىگەن بەندىلىرىگە ئىمان ۋە ھىدايەتنى نېسىپ قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى بۇرۇن كاپىرلىقى ۋە زالىملىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغانلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىدا قېپقالغان ئىزلاردىن بىلىشكە چاقىرىدۇ. شۇنداقلا، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاخىرىدا، سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ، ئۇ ئۆز

[1] شەمس سۈرىسى: 9-10-ئايەت.

قەۋمنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن قانچىلىك ھېرىسمەن بولۇپ تىرىشسىمۇ، بەرىبىر ئاللاھ تائالا خالىمىسا، ئۇنىڭ ھېچكىمنى ھىدايەت قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قەلبى پېچەتلىنىپ كەتكەن ئازغۇنلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم يولغا كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇچۇقلايدۇ.

كاپىرلار ئېنىق بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ: ﴿ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ﴾ دەپ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمىگەنلىكتىن بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى كۆرسىتىش ۋە تىرىلدۈرۈشنىڭ راستلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ ﴿ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە راستتىنلا يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ.

ئەي كاپىرلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيسىلەر؟ سىلەر تېخى چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى كۆرسىتىپ، «بۇنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ» دەيسىلەر؟ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر شەيئىنى ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «بول!» دېگەن بىرلا سۆزى بىلەنلا ئۇ شەيئىنىڭ شۇ ھامان بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ﴿إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَىْءٍ إِذَآ أَرَدْنَٰهُ أَن نَّقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ﴾ يەنى ﴿بىز بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلساق، ئۇنىڭغا: «بول!» دەيمىز-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن كۆرگۈچىلەر ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئەقىل ۋە تاللاش ئىقتىدارى بەرگەن بولۇپ، ھەركىم قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى بىرەر ئىشقا زورلىمايدۇ. شۇڭا گۇناھ قىلغانلارمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلارمۇ ئۆز

[1] نەھل سۈرىسى: 40-ئايەت.

ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھىدايەتكە ئىنتىلگەن، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆز دىنىغا ھىدايەت قىلىدۇ.

3. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار ئۇ كۈن كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بىلگەننىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ.

### ◄ مۆئمىنلەرگە بېشارەت، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا ظُلِمُواْ لَنُبَوِّئَنَّهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا
حَسَنَةٗۖ وَلَأَجۡرُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٤١﴾ ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ
وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٤٢﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ
إِلَيۡهِمۡۖ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٤٣﴾ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِۗ
وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ
﴿٤٤﴾ أَفَأَمِنَ ٱلَّذِينَ مَكَرُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن يَخۡسِفَ ٱللَّهُ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ
يَأۡتِيَهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٤٥﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ فِي تَقَلُّبِهِمۡ
فَمَا هُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٤٦﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ عَلَىٰ تَخَوُّفٖ فَإِنَّ رَبَّكُمۡ لَرَءُوفٞ
رَّحِيمٌ ﴿٤٧﴾ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَىٰ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٖ يَتَفَيَّؤُاْ ظِلَٰلُهُۥ عَنِ
ٱلۡيَمِينِ وَٱلشَّمَآئِلِ سُجَّدٗا لِّلَّهِ وَهُمۡ دَٰخِرُونَ ﴿٤٨﴾ وَلِلَّهِ يَسۡجُدُ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن دَآبَّةٖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ
﴿٤٩﴾ يَخَافُونَ رَبَّهُم مِّن فَوۡقِهِمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ۩ ﴿٥٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

41-زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ چوڭدۇر.

(ھىجرەتتىن قىلىپ قالغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (ھەرگىز قىلىپ قالمايتتى).

42-ئۇلار (يەنى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلار ھەر قانداق ئەھۋالدا) چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلەر، (ھەر ئىشتا) رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

43-(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى قىلىپ، ئۇلارنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. (ئى مۇشرىكلار! بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.

44-(ئۇ پەيغەمبەرلەرنى) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق). بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

45-46- ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ يامانلىق قىلغانلار ئاللاھنىڭ ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن ۋەياكى ئۇلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا تۇتۇلۇشىدىن خاتىرجەم بولۇپ كەتتىمۇ؟ (ئۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

47-ياكى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ جازالاپ (پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ كەتتىمۇ؟) شەكسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەلۋەتتە كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى رەھىم- شەپقەتلىكتۇر.

48-ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئوڭ-سولغا مايىل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟

49-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە جانلىقلار، پەرىشتىلەر چوڭچىلىق قىلماستىن، ئاللاھقا بويسۇنىدۇ.

50-ئۇلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى رەببىدىن قورقىدۇ، ئۇلارغا بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تۈ-پەيلىدىن ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، بالىچاقىلىرىنى، مال-مۈلۈكىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ، دۇنيادا ئۇلارنى ئەزىز قىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن چوقۇم باي

قىلىدۇ، ئۇلارغا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھاكىمىيەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپات دۇنيادىكىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەت مۇكاپات ۋە مەڭگۈلۈك ئىبسىل ھاياتنىڭ ماكانىدۇر. ھىجرەتتىن قېلىپ قالغانلار ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھىجرەت قىلغۇچىلارغا تەييارلىغان مۇكاپاتلىرىنىڭ ئىبسىل-لىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ھەرگىز ھىجرەتتىن قېلىپ قالمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش يولىدا ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتلەرگە، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان، نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن، گۇناھ-سادىر قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتىدىغان، بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكلەرگە سەۋر قىلىدىغان ۋە ھەربىر ئىشىدا ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ باغلاپ تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغان بەندىسىنى ھەرگىز نائۇمىد قويمايدۇ.

قۇرەيش كاپىرلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر-لەرنى چىقارغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ﴿أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰ رَجُلٍ مِّنْهُمْ أَنْ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنَّ لَهُمْ قَدَمَ صِدْقٍ عِندَ رَبِّهِمْ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىن چىققان بىر كىشىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): «ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن، ئىمان ئېيتقانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋە بارلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ قاپتىمۇ؟﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ «ئىنساندىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» دەيدىغان سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، پەرىشتىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ﴿قُلْ سُبْحَانَ رَبِّى هَلْ كُنتُ إِلَّا بَشَرًا رَّسُولًا﴾ يەنى ﴿رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن﴾[2] دېيىشكە بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت ئىنسانلار ئارىسىدىن

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 2-ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 93-ئايەت.

چىققانلىقىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن مۇشرىكلارنى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇپ : ﴿فَسْـَٔلُوٓاْ أَهْلَ ٱلذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار! بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾ دېگەن، يەنى ئى مۇشرىكلار! بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ دىلىڭلاردىكى شەكنى يوق قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى، بۇرۇنقى پەيغەمبەر-لەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان كىشىلەر ئىكەن-لىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەھلى كىتابنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سوراڭلار[1].

ئەللامە ئىبنى ئەتىيەنىڭ[2] تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت گەرچە يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئالىملىرىدىن سوراپ بىلىش ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، بارلىق ئىلىم ئەھلى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئايەتتىكى ﴿ئىلىم ئەھلىلىرى﴾ دېگەن سۆز قانداقلا بىر پەندە بولسۇن، بىر نەرسە بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە بارلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن دېيىمىزكى، بۇ ئايەت بىلمىگەنلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەردىن سوراپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەممىلا ئادەم «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىقىرىشنى بىلمىگەنلىكتىن، ئاۋام خەلقنىڭ، ھەتتا ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئالىمنىڭمۇ بىرەر مەزھەپ پېشۋاسىغا ئەگىشىشى ياخشىدۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئاۋام خەلقنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي قاتارلىق مەزھەپلەردىن بىرەر مەزھەپكە ئەگىشىشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلەرگە نازىل قىلىنغان دىنىي تەلىماتلارنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلارمۇ تەپەككۇر قىلىپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنسۇن دەپ نازىل قىلدۇق. ئەلۋەتتە سەن بۇلارنى ياخشى بىلىسەن، شۇڭا سەن ئىنسانلارغا ھەق دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇق ئۆگەتكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ياخشى چۈشىنىپ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، سەن ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى ئوچۇق ۋە

---

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 3- توم، 120- بەت.

[2] تولۇق ئىسمى ئابدۇلھەق ئەل مۇھارىبى ئىبنى ئەتىيە (1088-1146م) ئەندۇلۇستا تۇغۇلغان كاتتا مۇپەسسىر، مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد ئالىم، «المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگىن.

بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان جازالارنى بىلمەمدۇ؟ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن شۇنچىلىك خاتىرجەم بولامدۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قارۇننى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتكەندەك يەرگە يۇتقۇزۇپ جازالىشىدىن ياكى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز جازالىنىپ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ ھالاك قىلىنىشتىن قورقمامدۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن (ياكى مال-مۈلۈكىدىن، بالىلىرىدىن، زىرائەتلىرىدىن زىيان تارتقۇزۇش بىلەن جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟

سىلەرنىڭ رەببىڭلار بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان، تولىمۇ شەپقەتلىك، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زات بولۇپ، گۇناھكارلارنىڭ تەۋبە قىلىۋېلىشى، كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى، زالىملارنىڭ پۇشايمان قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن كەڭ پۇرسەت بېرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى تېز جازالىمايدۇ. ئەمما بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەقىقەتكە قايتمىغانلارنى بولسا ئىبرەتلىك ھالدا قاتتىق جازالايدۇ.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ياراتقان جانلىق -جانسىز جىمى مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا بويسۇنىدۇ. جانسىز جىسىملارمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى تەسبىھ، تەھلىللەر بىلەن ئۇلۇغلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ. شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ رەتلىك ھالدا نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشى، زېمىننىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ۋە قوياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرۇشى، شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىپ تۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردۇر.

كائىناتتىكى ھەربىر نەرسە ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن سىستېما بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن قەتئىي چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ئاسىيلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئىنسانلاردىن مۇئمىن بولغانلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغانلار ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەتكە مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: كېسەل بولۇش، زىيان -زەخمەتلەرگە ئۇچراش، سۆيگەنلىرىدىن

ئايرىلىپ قېلىش ۋە ئۆلۈم دېگەنلەردىن قاچالمايدۇ. يەر يۈزىدىكى ھايۋان، ھاشارەت، ئۇچارقانات قاتارلىق جىمى جانلىقلار، ھەتتا جانسىز مەۋجۇداتلارمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە تەقدىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. دېمەك، بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولمىغان، دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن، ئازادە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان دۆلەتتىن ئېتىقادتا ئەركىن، ئىبادەتلەرنى ئازادە قىلغىلى بولىدىغان، ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ جېنىنى ۋە مال ـ مۈلۈكىنى قوغداشقا كاپالەت بېرەلەيدىغان ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىش مەسىلىسى شارائىتقا قاراپ بەزىدە پەرز، بەزىدە مۇستەھەب بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى كۈندە ھېچبىر ئىسلام دۆلىتى مۇسۇلمان مۇھاجىرلارغا قۇچاق ئاچمايدۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ گراژدانلىق بەرمەيدۇ. ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا گراژدانلىق بېرىدۇ. بىراق ئۇلار سىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئېتىقادىنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرۇپ، سىزنى دىنىڭىزدىن ۋە مىللىي قىممەتلىرىڭىزدىن يىراق قىلىپ قويىدۇ.

2. دىنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى خالىغان ئادەمدىن ئەمەس، بەلكى دىنىي ئىلىملەردە يېتىلگەن تەقۋادار ئالىملاردىن سوراپ ئۆگىنىش لازىم. بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ ئۆگىنىش ئەيىب ئەمەس، ئەمما سوراشتىن خىجىل بولۇپ ئىشلارنى ئۆز يولىدا قىلماسلىق، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئورۇندىماسلىق گۇناھتۇر.

3. ھەدىسمۇ ۋەھيىدۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» لەۋزى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىدۇر، ئەمما ھەدىس لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مەنىسى ئاللاھ تائالاغا ئائىت بولغان ۋەھيىدۇر. ھەدىس «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تەرجىمانى ۋە تەتبىقىدۇر. شۇڭا ھەدىستىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدۇ. ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىرى، ئېيتقانلىرى، توسقانلىرى ۋە ئەمر قىلغانلىرى بولۇپ، بۇ سۈننەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

4. ئەقىللىق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىش ياكى ئازابىغا يولۇقۇپ قېلىش خەۋپى بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىنى، ياردىمىنى ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا يول تۇتىدۇ.

5. كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭغا ئېگىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.

6. مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئېتىقادى

﴿ وَقَالَ ٱللَّهُ لَا تَتَّخِذُوٓاْ إِلَٰهَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِۖ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَإِيَّٰيَ
فَٱرۡهَبُونِ ﴿٥١﴾ وَلَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلدِّينُ وَاصِبًاۚ أَفَغَيۡرَ
ٱللَّهِ تَتَّقُونَ ﴿٥٢﴾ وَمَا بِكُم مِّن نِّعۡمَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ
فَإِلَيۡهِ تَجۡـَٔرُونَ ﴿٥٣﴾ ثُمَّ إِذَا كَشَفَ ٱلضُّرَّ عَنكُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنكُم
بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٥٤﴾ لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ
﴿٥٥﴾ وَيَجۡعَلُونَ لِمَا لَا يَعۡلَمُونَ نَصِيبٗا مِّمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡۗ تَٱللَّهِ لَتُسۡـَٔلُنَّ
عَمَّا كُنتُمۡ تَفۡتَرُونَ ﴿٥٦﴾ وَيَجۡعَلُونَ لِلَّهِ ٱلۡبَنَٰتِ سُبۡحَٰنَهُۥ وَلَهُم مَّا
يَشۡتَهُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِٱلۡأُنثَىٰ ظَلَّ وَجۡهُهُۥ مُسۡوَدّٗا وَهُوَ كَظِيمٞ
﴿٥٨﴾ يَتَوَٰرَىٰ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ مِن سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِۦٓۚ أَيُمۡسِكُهُۥ عَلَىٰ هُونٍ أَمۡ
يَدُسُّهُۥ فِي ٱلتُّرَابِۗ أَلَا سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿٥٩﴾ لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ
مَثَلُ ٱلسَّوۡءِۖ وَلِلَّهِ ٱلۡمَثَلُ ٱلۡأَعۡلَىٰۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٦٠﴾ وَلَوۡ يُؤَاخِذُ
ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِظُلۡمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيۡهَا مِن دَآبَّةٖ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمۡ إِلَىٰٓ
أَجَلٖ مُّسَمّٗىۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ لَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ
﴿٦١﴾ وَيَجۡعَلُونَ لِلَّهِ مَا يَكۡرَهُونَۚ وَتَصِفُ أَلۡسِنَتُهُمُ ٱلۡكَذِبَ أَنَّ لَهُمُ
ٱلۡحُسۡنَىٰۚ لَا جَرَمَ أَنَّ لَهُمُ ٱلنَّارَ وَأَنَّهُم مُّفۡرَطُونَ ﴿٦٢﴾ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

51_ئاللاھ (ئىنسانلارغا): «ئىككى ئىلاھقا ئېتىقاد قىلماڭلار، ئۇ ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر. شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى.

52-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر، تائەت- ئىبادەت ھەمىشە ئاللاھقا خاستۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقامسىلەر؟

53-سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھەرقانداق نېمەت ئاللاھتىندۇر. ئاندىن سىلەرگە بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ئۇنىڭغىلا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر.

54-ئاندىن ئاللاھ سىلەردىن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم شۇ هامان رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

55-ئۇلار بىزنىڭ بەرگەن نېمىتىمىزگە ناشۇكۇرلۇك قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). سىلەر (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

56-ئۇلار بىز بەرگەن رىزىقتىن ئۆزلىرى (ماھىيىتىنى) بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) نېسىۋە بەلگىلەيدۇ، (ئى مۇشرىكلار!) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلاردىن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر.

57-ئۇلار قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۆزلىرىگە بولسا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان (ئوغۇللارنى) نى تەۋە قىلىدۇ.

58-ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە قىز بالىسى بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، قاتتىق غەزەپلىنىپ چىرايى قارىداپ كېتىدۇ.

59-يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۇ قىزنى نومۇسقا چىداپ ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپىغا (تىرىك) كۆمۈۋېتەمدۇ؟ (بۇنى ئويلاپ)، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. قاراڭلار! ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم نېمىدېگەن قەبىھ!

60-ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار يامان سۈپەتكە ئىگىدۇر، ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

61-ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (دەرھال) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچقانداق جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى (جازالاشنى) مۇئەييەن ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (جازالىنىش) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار ئۇنى قىلچە ئىلگىرى - كېيىن قىلالمايدۇ.

62ـ ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تىللىرى ‹ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت بىزگە مەنسۇپتۇر› دەپ يالغان سۆزلەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلارغا ئەلۋەتتە دوزاخ بار، ئۇلار (دوزاختا) تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئاللاھ تائالاغا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ناچار ئادەتلىرىنى ۋە بۇزۇق ئېتىقادىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! ئىككى ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشتەك خۇراپىي ئەقىدەڭلاردىن يېنىڭلار ۋە يالغۇز ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىڭلار، چۈنكى، ھەقىقىي ئىلاھ پەقەت بىر بولۇپ، ئۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار. چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ يېگانە ئىلاھىڭلارمەن.

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرسا، ھەممە ئۇنىڭ ئىتائىتىدە تۇرسا، تائەت-ئىبادەتنى، ئىمان ۋە ئىخلاسنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش زۆرۈر تۇرسا، ئېتىقاد ۋە ئىبادەت ئۇنىڭغا قىلىنماي زادى كىمگە قىلىنسۇن؟! شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش پەرزلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەر قورقۇشقا ۋە ياردەم تىلەشكە ھەقلىق بولغان زات ئاللاھ تائالانى قايرىپ قويۇپ، مەخلۇقاتتىن قورقامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرگە بېرىلگەن قانداقلا بىر نېمەت بولسۇن، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن رىزىقتۇر. ئەقلى بار كىشىلەر ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن قورقمايدۇ. لېكىن ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى بىلەن كەڭتاشا نېمەتلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشقا تىرىشمايدۇ ۋە گۇناھ – مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن بۇ نېمەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، سىلەرگە پەرزەنتلىرىڭلاردا

ياكى مال-مۈلۈكلىرىڭلاردا ۋەياكى تەن ساقلىقىڭلاردا بىرەر زىيان يەتسە، شۇ ھامان ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيسىلەر، بۇ زىيان-زەخمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىسىلەر. چۈنكى، زىيان-زەخمەتنى ئاللاھ تائالادىن باشقا كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوق. ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ، سىلەردىن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن ھامان، سىلەردىن بەزىلەر ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ساختا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئۇلار شۈكۈرنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ساختا ئىلاھلىرىنى شېرىك كەلتۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن يەنە بىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەردىن ھەقىقەتنى ۋە ماھىيىتىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان بۇتلىرىغا نېسىۋە ئايرىيدىغان باتىل ئەقىدىسىنى پاش قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ياردەم تىلىشى، ئاندىن دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ھاجەتلىرى راۋا بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ ساختا ئىلاھلىرىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋېلىشى، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان رىزىقتىن ھەقىقەتنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان بۇ بۇتلارغا نېسىۋە ئايرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟!

ئۇلار يەنە ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىپ، قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلاتتى، ھەتتا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن خۇزائە ۋە كىنانە قەبىلىلىرى «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن، ئەلۋەتتە پاكتۇر! ﴿أَلَكُمُ ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلْأُنثَىٰ ﴿٢١﴾ تِلْكَ إِذًا قِسْمَةٌ ضِيزَىٰٓ ﴿٢٢﴾﴾ يەنى ﴿ئوغۇل سىلەرگە، قىز ئاللاھقا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[1]، ﴿أَمْ خَلَقْنَا ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ إِنَٰثًا وَهُمْ شَٰهِدُونَ ﴿١٥٠﴾ أَلَآ إِنَّهُم مِّنْ إِفْكِهِمْ لَيَقُولُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَدَ ٱللَّهُ وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٥٢﴾﴾ يەنى ﴿ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپتىكەنمۇ؟ بىلىڭلاركى، ئۇلار ئويىئوچۇق يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلار-

[1] نەجم سۈرىسى: 21-22-ئايەتلەر.

دۇر﴾[1]. ئۇلار قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈپ ياقتۇرمىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلاتتى، ئوغۇللارنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئوغۇللار بىلەن پەخىرلىنىپ، قىزلاردىن نومۇس قىلاتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرەرسى ئايالىنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىدا قاتتىق غەم-قايغۇغا پاتاتتى، غەزەپتىن چىرايى قارىيىپ كېتەتتى، چوڭ بىر مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندەك بولۇپ كېتەتتى. نومۇستىن كىشىلەرگە كۆرۈنمەيتتى، ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقماي يوشۇرۇنۇۋالاتتى ۋە بۇ قەدىرسىز قىز بوۋاقنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئويلىناتتى، خارلىققا ۋە نومۇسقا چىداپ ئۇنى باقامدۇ ياكى تۇپراققا تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋېتىپ نومۇستىن قۇتۇلامدۇ؟ ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاش ھەققىدە باش قاتۇراتتى. چۈنكى، جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرى شۇنداق ناچار ۋە سەسكىنىشلىك ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىپ، قىزلارنى تەۋە قىلىشتىن نومۇس قىلىشى نېمىدېگەن ئادالەتسىز تەقسىمات؟ ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان بۇ كاپىرلار ھەمىشە يامان ۋە ناچار سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتىغا تولىمۇ مېھرىبان، رەھىم-شەپقەتلىك، سېخىي، كەچۈرۈمچان زاتتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى جازالاشنى تېزلەتتىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن يەر يۈزىدە ھېچكىم قالمىغان ۋە ھەممىسى ھالاك قىلىنغان بولاتتى. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تۇزكورلۇقى، كۇفرىلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرى شۇنداق جازانى تەقەززا قىلاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگۈچىلىك ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. بۇ ئۇلارغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش ياكى ئەگەر تەۋبە قىلمىسا گۇناھقا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقۇزۇپ تۈيۈقسىزلا ھالاك قىلىۋېتىش ئۈچۈندۇر.

ئاندىن «قۇرئان كەرىم» يەنە ئۇلارنىڭ ناچار جاھىلىيەت قىلىقلىرىنى سۆكۈپ دەيدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىپ قوشۇپ، ئۇلارنىمۇ ئىلاھ دەۋالىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىك يېرى، ئۇلار شۇنچىلىك ناچار ۋە قەبىھ قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ تۇرۇپ، ياخشى

[1] سافات سۈرىسى: 151-152-ئايەتلەر.

ئاقىۋەتىنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ قىلمىش-لىرىنىڭ ياخشىلىق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇلار راستىنلا يالغانچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ياخشىلىق ئەمەس، توغرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك دوزاخ ئوتىغا لايىق بولغۇچى ۋە دوزاختا مەڭگۈگە تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ، چۈنكى، ئىبادەت قىلىنىش بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش قەتئىي جائىز ئەمەس.

2. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، قانداقلا بىر نېمەت بولسۇن ئۇنىڭ ئىگىسى چوقۇم ئاللاھ تائالادۇر، ئىنسانلارنىڭ قوللىرىدىكىسى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئىنئامىدۇر.

3. كاپىرلارنىڭ يامانلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەمما تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ.

4. ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىۋېلىش ھەققى يوق. ھارامنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقۇچىلاردۇر.

5. قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ خۇراپاتلىرىدىن بولۇپ، ئىسلام دىنى بۇنى قەتئىي چەكلەيدۇ ۋە ئوغۇل-قىزلارنى ئوخشاش ھۆرمەتلەيدۇ، قىز-ئوغۇللارغا ئايرىم مۇئامىلە قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

6. زالىملارنىڭ جازاسىنىڭ كېچىكىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

7. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەننىڭ گۇناھىنى تەۋبىسىز كەچۈرمەيدۇ. ئەمما باشقا گۇناھلارنى خالىسا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرى

﴿تَٱللَّهِ لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٖ مِّن قَبۡلِكَ فَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ

أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُوَ وَلِيُّهُمُ ٱلۡيَوۡمَ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٦٣﴾ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِي ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّقَوۡمٖ
يُؤۡمِنُونَ ﴿٦٤﴾ وَٱللَّهُ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ
مَوۡتِهَآۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ﴿٦٥﴾ وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ
لَعِبۡرَةٗۖ نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِۦ مِنۢ بَيۡنِ فَرۡثٖ وَدَمٖ لَّبَنًا خَالِصٗا
سَآئِغٗا لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٦٦﴾ وَمِن ثَمَرَٰتِ ٱلنَّخِيلِ وَٱلۡأَعۡنَٰبِ تَتَّخِذُونَ
مِنۡهُ سَكَرٗا وَرِزۡقًا حَسَنًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾
وَأَوۡحَىٰ رَبُّكَ إِلَى ٱلنَّحۡلِ أَنِ ٱتَّخِذِي مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتٗا وَمِنَ ٱلشَّجَرِ
وَمِمَّا يَعۡرِشُونَ ﴿٦٨﴾ ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ فَٱسۡلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ
ذُلُلٗاۚ يَخۡرُجُ مِنۢ بُطُونِهَا شَرَابٞ مُّخۡتَلِفٌ أَلۡوَٰنُهُۥ فِيهِ شِفَآءٞ لِّلنَّاسِۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٦٩﴾

## تەرجىمىسى

63ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ ئەلچىلەر (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئەمما شەيتان ئۇ ئۈممەتلەرنىڭ (يامان) ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ دوستىدۇر. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) دەردلىك ئازاب باردۇر.

64ـ بىز ساڭا قۇرئاننى پەقەت كىشىلەرگە ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ھەم رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.

65ـ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىنغا (سۇسىزلىقتىن ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتلىق بەردى، شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ھەق سۆزنى ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) ئەلۋەتتە دەلىل بار.

66ـ شەكسىزكى، چارۋىلاردىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ قارنىدىكى ژىن ۋە قان ئارىسىدىن (ئايرىلىپ چىققان) ۋە ئىچكۈچىلەرگە سىڭىشلىك ساپ سۈت بىلەن سۇغىرىۋاتىمىز.

67-سىلەر خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاك يېمەكلىكلەرنى يا-سايسىلەر، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

68-رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەر) يا-سىغان ساندۇقلارغا ئۇۋا تۇزگىن.

69-ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەردىن يېگىن، رەببىڭ (ساڭا) ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللاردا يۈرگىن» دەپ ئىلھام قىلدى. ئۇنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك ئىچىملىك (ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدىمۇ تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلۇغ رەببىڭ ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇ ئۈممەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە خۇددى ئەرەبلەر ساڭا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغان، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇلار دەۋەت قىلغان دىنىنى يالغانغا چىقارغان، ئۇلارغا كۆپ ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن ئىدى. شەيتان ئۇ ئۈممەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشلىرىنى پەردازلاپ شۇنداق چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەيتانغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتنى رەت قىلغان ۋە ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. چۈنكى، شەيتان دۇنيادا ئۇلارنىڭ دوستى ئىدى، ئۇلارغا گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتا ياردەمچى ئىدى.

﴿فَهُوَ وَلِيُّهُمُ ٱلْيَوْمَ﴾ يەنى ﴿شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ دوستىدۇر﴾ دېگەن ئايەتتىكى«بۈگۈن»نى بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ دۇنيا دەپ تەپسىر قىلغان، يەنە بەزىسى ئۇنى ئاخىرەت دەپ تەپسىر قىلغان. ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىرى بويىچە، شەيتان پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادا دوستىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئايەت شەيتان بىلەن بۇ ئازغۇن كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ بۇ دۇنياغا خاس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇلار بۇ دۇنيادا بىر-بىرىگە دوستتۇر، ئەمما ئاخىرەتتە بولسا، بىر-بىرىگە دۈشمەندۇر. چۈنكى، ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادىكى ئازغۇن دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ.

كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە، شەيتان ئاخىرەتتە ئازابلىنىشتىمۇ

ئاشۇ ئازغۇن ئۇممەتلەرنىڭ ھەمراھىدۇر، چۈنكى، ھەممىسى بىرگە دوزاخقا تاشلىنىپ ئازابلىنىدۇ. قېنى شەيتاننىڭ قولىدىن كەلسە بۇ ئازغۇنلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ باقسۇن! بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شەيتان ئۆزىمۇ قاتتىق ئازابقا مەھكۇم بولۇپ، ئۇنىڭ يا ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئۇممەتنىڭ ھالاكىتى ۋە جازاسى پەقەت ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بىز «قۇرئان كەرىم»نى ساڭا ئىنسانلارنىڭ دىندا ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ ئىمان ئېيتىدىغان قەۋملەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن، دەپ نازىل قىلدۇق. ئىنسانلار ئىككى چاقىرىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان بولۇپ، بىرى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى، يەنە بىرى، شەيتاندىن كېلىدىغان ئازغۇنلۇقنىڭ چاقىرىقىدۇر. پەيغەمبەرلەر ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىنسانلارغا ئۇنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

بۇ بايانلاردىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ماددىي نېمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ دەيدۇكى، ئاللاھ تائالا بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى چىقىرىدۇ. يەرگە كۆمۈلگەن ئۇرۇق ھۆل تۇپراق ئاستىدا سىپسىپ، چىرىپ كەتمەستىن كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان شەكىلدە شۇنچە چىرايلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ چىقىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ھەق سۆزنى ئاڭلايدىغان، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل بار.

سىلەرگە چارۋىلاردا چوڭ ئىبرەت بار، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى، بىرلىكىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر بار. ئەللامە ئەبۇ بەكرى ئەلۋەرراق[1] مۇنداق دېگەن: «چارۋىلاردىكى ئىبرەت بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ ھايۋانلارنى خالىغانچە باشقۇرالايدىغانلىقىدۇر»[2].

---

[1] ئەبۇ بەكرى ئەلۋەرراق- ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىردە ئۆتكەن كاتتا ئالىم، تىرمىزدا تۇغۇلۇپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ رايونىدا ياشىغان، تەسەۋۋۇپ، مۇئامىلە ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى ھەققىدە مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان، ھىجرىيەنىڭ 140 - يىلى ۋاپات بولغان.

[2] «تفسير القرطبي» 10-توم، 123-بەت.

ئەي ئادەم باللىرى! چارۋىلاردا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار، چۈنكى، سىلەرنى بۇ چارۋىلاردىن چىقىدىغان لەززەتلىك، پاكىز ۋە ساپ سۈت بىلەن سۇغىرىمىز. سۈتتە تولۇق ئوزۇقلۇق بولۇپ، سۈت ھەممىدىن بەك باللارنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سۈتنىڭ پايدىسىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى زامان تېبابىتى بۇنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

بۇ سۈت چارۋىلارنىڭ قارنىدىكى سىڭدۈرۈلگەن يەم بىلەن قاندىن ھاسىل بولىدۇ. سۈت سۈت ئەمىدىغان ھايۋانلارنىڭ غىزاسى بولۇپ، بۇ سۈت يەنە ھايۋاننىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەۋھىرى قانغا، قالغانلىرى تېزەككە ئايلىنىدۇ.

﴿سىلەر خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاك يېمەكلىكلەرنى يا- سايسىلەر﴾ يەنى ئىنسانلار خورمىدىن، ئۈزۈمدىن لەززەتلىك ۋە پاك يېمەكلىكلەرنى ياسىغاندەك، بۇ ئىككىسىدىن ھاراقمۇ ياسايدۇ. بۇ ئىككىسىدىن يەنە كۆپ پايدىلىنىدۇ. مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿پاك يېمەكلىكلەر﴾نى ھالال يېمەكلىكلەر دەپ تەپسىر قىلغان.

بۇ ئايەت ھاراقنى ھارام قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان تۇنجى ئايەتتۇر دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەرەبلەردە ئومۇملىشىپ كەتكەن ھاراقنى ھارام قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە باسقۇچلۇق تەدبىرنى قوللانغان. چۈنكى، جاھىلىيەت ئەرەبلىرىدە ھاراقسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇ ئايەتتە خورما بىلەن ئۈزۈمدىن ياسىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى ﴿پاك يېمەكلىكلەر﴾ دەپ سۈپەتلىگەن بولسىمۇ، ھاراقنى ھېچبىر سۈپەت بىلەن سۈپەتلىمەستىن ئۆتۈپ كەتكەن. چۈنكى، ھاراق دېگەن پاك رىزىق قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئاندىن تەدرىجىي ھالدا باشقا ئايەتلەردە ھاراقنىڭ زىيىنى ۋە يامان ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان، ئاخىردا بولسا ئۇنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى كەسكىن جاكارلانغان. ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇ ئايەتلەردە ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.

رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە ئىنسانلار مەخسۇس ياسىغان ساندۇقلارغا ئۇۋا ياساشنى، ھەممە ئۇسۇملۇكلەردىن، چېچەكلەر- دىن يېيىشنى ئىلھام قىلدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تەبىئىتىگە شۇنداق قىلىشنى سىڭدۇرۇۋەتتى.

سۇبھاناللاھ! بۇ نېمىدېگەن سىستېمىلىق ئىش! كائىناتتىكى ھېچقاند-

داق ئىش تاسادىپىيلىق بىلەن بولۇپ قالغان ئەمەس. بەلكى كائىنات تەدبىرلىك، چەكسىز ئىلىم-ھېكمەتلىك بىر ياراتقۇچىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھەسەل ھەرىسىنىڭ پاك ۋە پاكىز چېچەكلەرنى يەپ كېلىپ، كىشىلەرگە شىپالىق بولغان ھەسەلنى قائىدە بويىچە چىقىرىپ بېرىشى تەبىئەتنىڭ قانۇنىمۇ ياكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئەقلىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ھەر ئىككىسى ئەمەس. چۈنكى، كائىنات ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، چوقۇم ئۇنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بار. ھەسەل ھەرىسى ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئىلاھىي پەرمانغا ئىختىيارسىز ھالدا بويسۇنىدىغان بىر جانلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دۇنيادا ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ مۇئەييەن ۋەزىپىسى بار. ئۇ جانلىق بۇنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، بەربىر شۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ قارنىدىن رەڭگى ھەرخىل، تەمى شېرىن ھەسەل چىقىدۇ. بۇ ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەقىلسىز قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ساپ سۈت بېرىدۇ، قولسىز پىلە قۇرتى رەخت توقۇيدۇ. يەنە تېخى ئۇجمە غازىڭىنى پىلە قۇرتى يېسە، ئۇنىڭدىن يىپەك چىقىدۇ، ئۇنى كېيىك يېسە، ئۇنىڭدىن ئىپار چىقىدۇ، ئۇنى ھەسەل ھەرىسى يېسە، ئۇنىڭدىن ھەسەل چىقىدۇ، ئۇنى ئۆي ھايۋانلىرى يېسە، ئۇلاردىن سۈت چىقىدۇ.

ھەسەل ئىنسانلار ئۈچۈن شىپادۇر. ئىنسانلار ھەسەلنىڭ شىپالىق رولىنى قەدىمدىن تارتىپ بىلگەن. ھازىرقى زامان تېببىي مۇتەخەسسىسلىرى ھەسەلنىڭ پايدىسى ۋە نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرگە شىپا ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىدە تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ گاھىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن، گاھىدا مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل تەبىرلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ھەربىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ھېچبىر قەۋمنىڭ پەيغەمبەرسىز قالمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەن ھىدايەت مەشئىلىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ سۆسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن قاقاس زېمىننى يامغۇر بىلەن يېشىللىقتا ئايلاندۇرۇشى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قاقاس زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلگەنلەرنىمۇ تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. شۈكۈر نېمەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

6. تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى، تەپەككۇر قىلىش ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىرى ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى

﴿وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ ثُمَّ يَتَوَفَّىٰكُمْۚ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرْذَلِ ٱلْعُمُرِ
لِكَىْ لَا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٧٠﴾ وَٱللَّهُ فَضَّلَ
بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلرِّزْقِۚ فَمَا ٱلَّذِينَ فُضِّلُوا۟ بِرَآدِّى رِزْقِهِمْ عَلَىٰ
مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَهُمْ فِيهِ سَوَآءٌۚ أَفَبِنِعْمَةِ ٱللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴿٧١﴾ وَٱللَّهُ
جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَٰجِكُم
بَنِينَ وَحَفَدَةً وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ أَفَبِٱلْبَٰطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَتِ
ٱللَّهِ هُمْ يَكْفُرُونَ ﴿٧٢﴾ وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَهُمْ
رِزْقًا مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٧٣﴾ فَلَا تَضْرِبُوا۟
لِلَّهِ ٱلْأَمْثَالَۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٧٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

70 ـ سىلەرنى ئاللاھ ياراتتى، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا بۇرۇن بىلگەنلىرىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

71ـئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى رىزىقتا تەڭ بولايلى دەپ ھەرگىز قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ، شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تانامدۇ؟

72ـئاللاھ سىلەر ئۈچۈن جورلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن جورۇڭلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟

73ـئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق تېپىپ بېرەلمەيدىغان، (ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز) قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇ؟

74ـسىلەر ئاللاھقا ھېچنەرسىنى ئوخشاتماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، يامغۇر، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات قاتارلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساندىكى مۆجىزىسىنىڭ، گۈزەل سەنئىتىنىڭ، چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ۋە ئىلاھىي ھېكمىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرنى ئاللاھ تائالا يوقتىن ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ. ئاراڭلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇكى، ئۇلار قېرىلىقنىڭ ئەڭ ناچار باسقۇچلىرىغا قەدەر ئۇلاشقانلىقتىن، ئىلگىرى بىلگەنلىرىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعۡفٖ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ ضَعۡفٖ قُوَّةٗ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٖ ضَعۡفٗا وَشَيۡبَةٗۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡقَدِيرُ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ

ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[1]. يېشى چوڭىيىپ ئۆمرىنىڭ ئەڭ يامان چاغلىرىغا يېتىپ قالغان ئادەم جىسمانىي قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەقلىي قۇۋۋىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿ئاراڭلاردا ئىلگىرى بىلگەنلىرىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار﴾ دېگەن ئايەتتە ئۆمرى بەك ئۇزۇن بولۇپ، قېرىلىقنىڭ ئەڭ يامان چاغلىرىغا يېتىپ قالغان ئادەمنىڭ ئىلگىرى بىلگەنلىرىدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان، يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدىغان ھەتتا ئىلگىرى بىلگەنلىرىنىمۇ بىلمەيدىغان، ھەتتا ئۇنتۇپ قالىدىغان ھالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۆمۈرنىڭ يامان چاغلىرى قانچە ياشتا بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇنى ھەركىمنىڭ شارائىتى، تەن ساقلىق ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئومۇمىي ئەھۋال. ئەمما قىسمەن ئىنسانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، بىر كۈنى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يا رەسۇلۇللاھ! ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «مَنْ طَالَ عُمُرُهُ ، وَحَسُنَ عَمَلُهُ» يەنى«ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمەلى ياخشى بولغىنىدۇر» دېگەن، ئاندىن ئۇلار «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلارغا: «مَنْ طَالَ عُمُرُهُ وَسَاءَ عَمَلُهُ» «ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەلى يامان بولغىنىدۇر»[2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا سىلەرنى رىزىقتا بىر-بىرىڭلاردىن پەرقلىق قىلىپ، بىرىڭلارنى باي، يەنە بىرىڭلارنى يوقسۇل قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر-بىرىڭلارنى خىزمىتىڭلارغا سېلىشىڭلار ئۈچۈن بەزىلىرىڭلارنى بەزىلىرىڭلاردىن ئۈستۈن قىلدى، ئاندىن باينى ئۆز بايلىقىنى خالىغانچە سەرپ قىلىشقا تاشلاپ قويماي، ئۇنىڭ مال-مۈلۈكىدە پېقىرلارنىڭ نېسىۋىسىنى بەلگىلىدى. شۇنداقتىمۇ رىزقى كەڭ قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇ رىزىقلاردىن بېرىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار رىزىقتا ئۆزلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلار بىلەن باراۋەر بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئەسلىدە بەرگۈچىلەر بىلەن ئالغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئۇلار بەرسە ۋە ئالسا ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتتىن بېرىدۇ ۋە ئالىدۇ. دېمەك، پۇل-مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر، بەندىلەرنىڭ

[1] رۇم سۈرىسى: 54-ئايەت.

[2] «سنن الترمذي» 4-توم، 144-بەت، 2330 – ھەدىس.

قوللىرىدىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىدۇر. قوللىرىغا چۈشكەن ئامانەتنى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن بويىچە سەرپ قىلغان ئادەم نىجات تاپىدۇ، ئەكسىچە ئىش قىلغانلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلدى، بەزىسىنى بەزىسىدىن بايلىقتا، مەنسەپتە ۋە ئىگىدارچىلىقتا ئۈستۈن ۋە ئارتۇق قىلدى. بايلارنىڭ پۇل-مېلىدا پېقىرلارغا بېرىشكە تېگىشلىك نېسىۋە بەلگىلىدى. لېكىن بايلارنىڭ تولىسى پېقىرلارغا ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن ھەققىنى تولۇق بەرمەيدۇ. پەقەت ئاز بىر نەرسىلەر بىلەنلا ئۇلارنى خۇش قىلىدۇ. قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلىرى بولغانلارنىڭ تولىسى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەڭ بولۇپ قېلىشىنىمۇ خالىمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا بۇ مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق شۇنى ئىزاھلاشنى ئىرادە قىلغان: ئى ئىنسانلار! سىلەر قول ئاستىڭلاردىكى خىزمەتچىلىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان تۇرۇپ، قانداقمۇ مېنىڭ مەخلۇقاتىمنى ماڭا تەڭ قىلىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇلارنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار ئىنسانلىقتا ئوخشاش پەقەتلا مال-دۇنيادا ياكى مەنسەپتە سىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى باراۋەر قىلىشنى ياقتۇرمىغان يەردە، قانداقمۇ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا تەڭ قىلىۋالىسىلەر؟ سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن جۈپلىرىڭلارنى ئۆز تېپىڭلاردىن يارىتىپ بەردى ۋە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مېھرى-مۇھەببەتنى ئاتا قىلدى، سىلەردىن بالىلارنى، نەۋرىلەرنى، ھەتتا چەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرنى ئەڭ پاك نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. سىلەر بۇنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟

بۇ مۇشرىكلار باتىلغا، ساختا ئىلاھلارغا ئىشىنىدۇ-يۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارغا ئاسماندىن ياكى زېمىندىن ھېچقانداق رىزىق بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىلاھ دەپ چوقۇنىدۇ-يۇ، ھەممىنى بەرگەن ۋە ساناپ بولغۇسىز نېمەتلەرنى، كەڭ رىزىقلارنى ئاتا قىلغان رەببىگە ئىبادەت قىلمايدۇ. شەكسىزكى، بۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلگەن بولساڭلار، يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا

ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى ئوخشاتماڭلار! چۈنكى، ئۇ ھېچبىر مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئۇ شۇنداق تەڭداشسىز ئىلاھتۇر.

مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىكى سەپسەتىسى مۇنداق ئىدى: «چوڭلار پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىدۇ، قۇللار چوڭلارغا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ بۇتلىرىمىزمۇ بىزنى ئاللاھقا يەتكۈزىدۇ. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىمىز». بۇ ئويۇئچۇق باتىل ئېتىقاد، خاتا چۈشەنچە ۋە قاملاشمىغان ئوخشىتىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتقا قىياس قىلغىلى ياكى ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى ياكى ياردەمچىلىرى يوق، ئۇ دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېگانە پادىشاھتۇر. ئۇ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىندۇر، شۇڭا بەندىلەر ئاللاھ تائالاغا مۇناجاتلىرىنى ۋە دەردلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋاستىگە ياكى ۋاستىچىلەرگە موھتاج ئەمەس. ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ ۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ ۖ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن﴾[1] يەنى مېنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىمغا ئىشەنسۇن ۋە ماڭا ئىشەنچ قىلسۇن!

ئاللاھ تائالا بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئەجىلىڭلار توشقىچە سىلەرنى ياشىتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ياكى ئىلىم-سەۋىيەسىگە، قولىدىكى دىپلومىغا ۋەياكى تەقۋالىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدىغان مەلۇم ھېكمەت بويىچە تەقسىم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى باي، خالىغان بەندىسىنى يوقسۇل قىلىدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى: 186-ئايەت.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش تۈزكورلۇقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانى قويۇپ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقىلسىزلىرىدۇر.

### ◄ بۇتلارنىڭ مىسالى

﴿ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا عَبْدًا مَّمْلُوكًا لَّا يَقْدِرُ عَلَىٰ شَيْءٍ وَمَن رَّزَقْنَٰهُ
مِنَّا رِزْقًا حَسَنًا فَهُوَ يُنفِقُ مِنْهُ سِرًّا وَجَهْرًا ۖ هَلْ يَسْتَوُۥنَ ۚ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ
بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا رَّجُلَيْنِ أَحَدُهُمَآ
أَبْكَمُ لَا يَقْدِرُ عَلَىٰ شَيْءٍ وَهُوَ كَلٌّ عَلَىٰ مَوْلَىٰهُ أَيْنَمَا يُوَجِّههُّ لَا
يَأْتِ بِخَيْرٍ هَلْ يَسْتَوِى هُوَ وَمَن يَأْمُرُ بِٱلْعَدْلِ وَهُوَ عَلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسْتَقِيمٍ ﴿٧٦﴾ وَلِلَّهِ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَمَآ أَمْرُ ٱلسَّاعَةِ إِلَّا
كَلَمْحِ ٱلْبَصَرِ أَوْ هُوَ أَقْرَبُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿٧٧﴾ وَٱللَّهُ
أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ
ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۙ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾ أَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى
ٱلطَّيْرِ مُسَخَّرَٰتٍ فِى جَوِّ ٱلسَّمَآءِ مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا ٱللَّهُ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٧٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

75۔ئاللاھ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، باشقىسىنىڭ مۈلۈكى بولغان بىر قۇل بىلەن بىز تەرەپتىن ئوبدان رىزىققا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

76۔ئاللاھ يەنە مۇنداق ئىككى كىشىنى مىسال كەلتۈرىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان بىر گاچا بولۇپ، ئىگىسى ئۇنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق بىر پايدا ئېلىپ

كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاش بولامدۇ؟

77ـئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

78ـئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتىڭلاردا چىقاردى، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.

79ـئۇلار ھاۋا بوشلۇقىدا (ئۇچۇش ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇلغان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋا بوشلۇقىدا) پەقەت ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارنىڭ كائىناتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى، ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ تائالاغا قىلچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بىر بىچارە قۇل بىلەن قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىقتىن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا خالىغانچە ساخاۋەت قىلىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ يەنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىرى بىلەن ھەممىنى قىلالايدىغان بىرى ئوخشامدۇ؟

بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئۈستىگە قونغان چىۋىننى ئۈركۈتۈۋېتىشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان بۇتلارنى كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلغىلى بولامدۇ؟! قانداقمۇ بۇ ئىككىسىنى باراۋەر دەپ ئېتىقاد قىلغىلى بولسۇن؟!

بارچە گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ھەممىگە ھېسابسىز رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى شەپقەتلىك رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇ ھەققىي مەدھىيەگە ۋە ئەڭ گۈزەل ماختاشلارغا لايىق يېگانە زاتتۇر. ئۇ بەرگەننى توسۇۋالغۇچى يوق، ئۇ

توسۇپ قويغاننى بىرەلىگۈچى يوق. ئۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھتۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، ئۆزلىرىگە رىزىق بېرىۋاتقان زاتنى تونۇمايدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى گاس -گاچا بولغانلىقتىن، گەپ چۈشەنمەيدىغان، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىنىمۇ قىلالمايدىغان، خوجايىنىغا يۈك بولۇۋالغان ئادەم، يەنە بىرى، كىشىلەرنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدىغان، ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان، توغرا ئىش قىلىدىغان، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، سۆزنى چۈشىنىدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئىككىسى باراۋەرمۇ؟ ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى مىساللارنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ، ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ. كاپىرلار ئىنكار قىلىۋاتقان ۋە مۇسۇلمانلار ئىشىنىپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقان قىيامەت ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە ۋە ئۇنىڭ قانداقلا ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى خالىسا، ئۇنى ئىنتايىن تېزلىكتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىرەر ئىشنى قىلماقچى ياكى بىرەر نەرسىنى ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەپ ئەمر قىلىدۇ-دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئانائلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتتىڭلار بىلەن چىقاردى، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە دىل قاتارلىق ئىلىم-مەرىپەت ھاسىل قىلىشىڭ قورالىرىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئەزالارنى سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ياشاۋاتقان مۇھىتنى چۈشىنىشىڭلار، ئۇنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى بىلىشىڭلار ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ھەر بىرىنى توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشقا ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈن ئاتا قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاتا قىلىندى، يەنى ھەربىر ئەزانى جايىدا، توغرا يولغا ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا يوسۇندا پايدىلىنىش ئارقىلىق

بۇلارنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاتا قىلدى.

ئۇلار ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇش ئۈچۈن ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە بويسۇندۇرۇلغان قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن پەقەت ئاللاھ تائالا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قۇشلار ھاۋا بوشلۇقىدا قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا پەرۋاز قىلالايدۇ ۋە تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمەي تۇرالايدۇ. قۇشلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا كىم بۇنداق تۇرغۇزالايدۇ؟ كىم ئۇنىڭغا ئۇچۇشنى ئۆگەتتى؟ كىم ئۇنىڭغا ئۇنى ئىلھام بەردى؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادۇر! شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىنات دەلىللىرىدىن بولۇپ، كائىنات دەلىللىرى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەر-لىكىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غەيبلەرنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

2. ھېچكىم ئاللاھ تائالاغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا تەڭداشسىز زاتتۇر.

3. ئىنساننىڭ قۇلاق، كۆز ۋە قەلب قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە بۇ ئەزالارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تەپسىلىي ھېساب ئالىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى

﴿وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ بُيُوتِكُمۡ سَكَنٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ
ٱلۡأَنۡعَٰمِ بُيُوتٗا تَسۡتَخِفُّونَهَا يَوۡمَ ظَعۡنِكُمۡ وَيَوۡمَ إِقَامَتِكُمۡ وَمِنۡ
أَصۡوَافِهَا وَأَوۡبَارِهَا وَأَشۡعَارِهَآ أَثَٰثٗا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٖ ٨٠ وَٱللَّهُ
جَعَلَ لَكُم مِّمَّا خَلَقَ ظِلَٰلٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلۡجِبَالِ أَكۡنَٰنٗا
وَجَعَلَ لَكُمۡ سَرَٰبِيلَ تَقِيكُمُ ٱلۡحَرَّ وَسَرَٰبِيلَ تَقِيكُم بَأۡسَكُمۡۚ

كَذَٰلِكَ يُتِمُّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْلِمُونَ ﴿٨١﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟
فَإِنَّمَا عَلَيْكَ ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٢﴾ يَعْرِفُونَ نِعْمَتَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُنكِرُونَهَا
وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨٣﴾

## تەرجىمىسى

80ـئاللاھ سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى ئارام ئالىدىغان جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە يەنە چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئوڭايلا توشۇپ كېتەلەيدىغان ئۆيلەرنى (چېدىرلارنى) قىلىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تىۋىتلىرىدىن، ۋە چۇپۇرلىرىدىن ئۆي سەرەمجانلىرىنى ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى.

81ـئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەردىن سايىلەرنى قىلىپ بەردى. تاغلاردىن سىلەرگە تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى ھازىرلاپ بەردى. سىلەرنى ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلايدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان ساۋۇتلارنى تەييارلاپ بەردى. ئاللاھ سىلەرنى بويسۇنسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلەرنى بېرىدۇ.

82ـ(ئى پەيغەمبەر! شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلار (سەندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇنىڭغا غەمكىن بولمىغىن)، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىننى ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتۇر.

83ـئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىرلاردۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈڭلارنى ئارام ئېلىپ راھەتلىنىدىغان تۇرالغۇ قىلىپ بەردى. سىلەر ئۇنىڭدا يېتىپ-قوپىسىلەر، دەم ئالىسىلەر، ئۇخلاپ راھەتلىنىسىلەر. ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن سىلەر سەپەرگە چىققان كۈنلىرىڭلاردىمۇ، باشقا كۈنلىرىڭلاردىمۇ ئوڭايلا توشۇغىلى بولىدىغان، يېنىك چېدىرلارنى ياساش قابىلىيىتىنى ۋە ئىمكانىيىتىنى بەردى. سىلەر يەنە بۇ ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆيلىرىڭلارنى بېزەيدىغان ماتېرىياللارنى ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ياسايسىلەر، يەنە ئۇلاردىن سىلەرگە كەڭتاشا پايدىلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەرنى قىلىپ بەردى.

بىزنىڭ ھازىرقى ئۆي سەرەمجانلىرىمىزنىڭ ۋە كىيىملىرىمىزنىڭ يۇڭدىن بولمىغانلىقى بۇ ئايەتكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۆتمۈشلەردە كىشىلەر ئومۇمەن چارۋا ماللىرىنىڭ يۇڭلىرىدىن پايدىلىناتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى بىر يەردە مۇقىملاشماي، قەيەردە يايلاق ۋە سۇ بولسا شۇ يەرگە يۆتكىلىپ ياشايتتى. بۇنداق شارائىتتا ئۇلار گىلەم، كىگىز، شىرداق، پالاس، خۇرجۇن، كىيىم- كېچەك، يۇك ۋە چېدىر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرى ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ئۇ ئەتىۋارلىق تەبىئىي بۇيۇملار قاتارىدا ئىشلىتىلمەكتە.

ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرگە تاغلار، ئۆيلەر ۋە باشقا مەۋجۇداتلاردىن سايىلەرنى قىلىپ بەردى. سىلەر ئۇلارنىڭ سايىسىدا كۈننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدىن ساقلىنىسىلەر. يەنە سىلەرگە تاغلاردىن ئۆڭكۈرلەرنى قىلىپ بەردى. سوغۇقتىن ساقلىنىش، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ياكى قاتتىق ئىسسىقتىن سەگدەش ئۈچۈن سىلەر بۇ ئۆڭكۈرلەردىن پايدىلىنىسىلەر. سىلەرگە ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن تېنىڭلارنى قوغداپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇرۇشلاردا دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ساۋۇتلارنى ياساشنى ئىلھام قىلدى ۋە ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ، خۇراپاتتىن يۈز ئۆرۈشۈڭلار ۋە نېمەت بەرگۈچىنى تونۇپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە نېمەت قىلىپ ئاتا قىلدى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئەگەر ئۇ كاپىرلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ساڭا ئىمان كەلتۈرۈشتىن يەنە يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭ ساڭا ھېچبىر زىيىنى يوق. چۈنكى، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش بىزگە خاس ئىشتۇر. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن، قايغۇرمىغىن.

مۇپەسسىرلەر ﴿يَعۡرِفُونَ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُنكِرُونَهَا وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿نِعۡمَتَ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نېمىتى﴾دىن قايسى نېمەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي سۇددىينىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىن ئىبارەت نېمەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى، مۇجاھىدنىڭ مۇشۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان نېمەتلەر كۆزدە

تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكنى بايان قىلغان. سۇددىينىڭ تەپسىرىگە ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى بىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەللامە تەبەرىي بۇنى كۈچلەندۈرگەن. تەپسىرى مۇيەسسەردىمۇ شۇنداق ئېلىنغان[1]. مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئەمما ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ بۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلاردۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىن ئادەم دىلى پاك، ئەقلى ساغلام، مەنىۋىيىتى كۈچلۈك، ھوشيار بولغانلىقتىن، كائىناتتىكى ئالامەتلەردىن ۋە گۈزەل سەنئەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ رەببىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇيدۇ. ئەمما كاپىر ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى ماددىدىلا قارىتىلغانلىقتىن، ئۇلار مەنىۋىياتلەرنى كۆرمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرىدا ۋە بىز مەنپەئەتلىنىپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلمىنى، گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان سانسىزلىغان دەلىللەر بار.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، بۇ نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلمىغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان تۇزكورلاردۇر.

## ◄ قىيامەتتىن بىر كۆرۈنۈش

﴿وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ مِن كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدٗا ثُمَّ لَا يُؤۡذَنُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ
وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ٨٤ وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلۡعَذَابَ فَلَا يُخَفَّفُ
عَنۡهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ٨٥ وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ شُرَكَآءَهُمۡ قَالُواْ

[1] «التفسير الميسر» 276- بەت.

رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ شُرَكَآؤُنَا ٱلَّذِينَ كُنَّا نَدۡعُواْ مِن دُونِكَۖ فَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡهِمُ
ٱلۡقَوۡلَ إِنَّكُمۡ لَكَٰذِبُونَ ٨٦ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَى ٱللَّهِ يَوۡمَئِذٍ ٱلسَّلَمَۖ وَضَلَّ
عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٨٧ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ
زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ ٨٨ وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ فِي
كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدًا عَلَيۡهِم مِّنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَجِئۡنَا بِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ
وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ تِبۡيَٰنٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ وَبُشۡرَىٰ
لِلۡمُسۡلِمِينَ ٨٩

### تەرجىمىسى

84ـبىز ھەر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچى چىقىرىدىغان(قىيامەت) كۈندە كاپىرلارغا (ئۆزرە ئېيتىشقا) رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلاردىن (رەببىنى رازى قىلىشنى) تەلەپ قىلىنمايدۇ.

85ـزالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (ئازاب) ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

86ـمۇشرىكلار ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى رەببىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلار ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «شەكسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ.

87ـشۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرغان نەرسىلىرى يوققا چىقىدۇ.

88ـ(ھەق دىننى) ئىنكار قىلغانلارنى ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ جازالايمىز.

89ـ(ئى پەيغەمبەر!) شۇنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە بىز ھەربىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىگە قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت كەلتۈرىمىز. سېنىمۇ بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز. بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ھەربىر ئۈممەتتىن ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر گۇۋاھچىنى چىقىرىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئۇلارغا ئەسلەتكىن، ئۇ كۈندە ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتى ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىغا، ئىنكار قىلغانلارنىڭ كاپىرلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰؤُلَاءِ شَهِيدًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۆز ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟﴾[1]. ئاندىن بۇ كاپىرلارنىڭ دۇنيادا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىشىغا ۋە ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا ھېچقانداق دەلىلى ياكى ئۆزرىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەقىل-ئىدراكى جايىدا بولغان بىر ئىنساننىڭ ئىمانسىز ياشىشىنى ھېچقانداق بىر ئۆزرە بىلەن ئاقلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرەت ئالىمى ئىمان ئېيتىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئالىمى ئەمەس، بەلكى پەقەت مۇكاپات ياكى جازا ئالىمىدۇر.

مۇشرىكلارمۇ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىپ چوقۇنغان نەرسىلەرنى كۆرگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئاگاھلاندۇ-رغانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا، ئۆز قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! بۇلار بىز دۇنيادا سېنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىمىز ئىدى، ۋاي ئىستت! بىز رەببىمىزنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئەيىبكار بولدۇق. مۇشۇ ساختا مەبۇدلار بىزنى دۇنيادا ئالداپ كەتكەن ئىكەن.

ساختا مەبۇدلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن زۇۋانغا كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىدۇ: ئەي ئەخمەقلەر! سىلەر راستىنلا يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، سىلەر بۇ سۆزۈڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ئاقلىيالمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىزگە چوقۇنغان ۋە ئۆزۈڭلار بىزنى رەببىمىزگە شېرىك قىلىۋالغان ئىدىڭلار.

قىيامەت كۈندە مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە مەجبۇرىي باش ئېگىدۇ، قاتتىق ئازابقا ھەيدەپ مېڭىلىدۇ. ئۇلارنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى: 41-ئايەت.

دۇنيادا: «بۇلار ئاللاھنىڭ شېرىكلىرىدۇر ۋە بىزنىڭ شاپائەتچىلىرىمىزدۇر» دەپ ئويدۇرۇپ چىققان ساختا مەبۇدلىرى يوققا چىقىدۇ ۋە ئۇلار ئۇچۇن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەددىدىن ئېشىپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ داغدام يولىدىن توسقانلارنىڭ ئازابىنى قاتمۇقات زىيادە قىلىمىز، ئۇلارنى ئەڭ دەردلىك ئازابلار بىلەن جازالايمىز. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق ئازابقا تېگىشلىك بولغانلاردۇر. قىيامەت كۈنى يەنە ھەربىر ئۈممەتكە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرىمىز-دە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا، كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش گۇناھكارلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى قىيامەت كۈندە ئۆز ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرىمىز، سەن ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىغا، كاپىر بولغانلارنىڭ كۇفرىغا، تەقۋالىق قىلغانلارنىڭ تەقۋالىقىغا، گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىسەن. بىز ساڭا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك كىتابنى ھەممە نەرسىنى تولۇق ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» دىنىنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ ئاساسلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، قالغانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىي ھاياتتا تەتبىق قىلغان. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ھاياتتا تەتبىق قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە بولغان ئېھتىياج زوردۇر. بۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ﴾ يەنى ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[1]،

﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ۝٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگىنى پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان

---

[1] نىسا سۈرىسى: 80-ئايەت.

ۋەھىيدۇر﴾[1]، ﴿وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىرى) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمانلارنى ساھابىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان. چۈنكى، ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسكە چىڭ ئېسىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدە بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى بۇ ئىككىسىدىكى خاراكتېر جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلىش ۋە ئىجتىھاد قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتتا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ ئىسلام پىقھىسى بارلىققا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولۇپ، ھەدىس، ئىجما، قىياس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»گە تايىنىدۇ.

قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياستىن ئىبارەت ئىسلام مەنبەلىرى ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى رەتكە سالغان مۇكەممەل ئىسلام قانۇنى بارلىققا كەلدى. ئىسلام قانۇنى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئەڭ مۇناسىپ يول بىلەن ھەل قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنى ھەربىر ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ئۆز ئۇممىتى ئىچىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا، ئىنكار قىلغانلارنىڭ كاپىرلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

2. كاپىرلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئۇلار ئۇدۇل دوزاخقا ھەيدىلىدۇ.

3. مۇشرىكلارنىڭ بۇ دۇنيادا چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ ۋە ئۇلارغا قىلچە

---

[1] نەجم سۈرىسى: 3-4-ئايەتلەر.

[2] نىسا سۈرىسى: 115-ئايەت.

ئەسقاتمايدۇ.

4. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى قاتمۇقات ئېغىر بولىدۇ ۋە قەتئىي يەڭگىللىتىلمەيدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەشئىلى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## ◄ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى ئەڭ ئىخچام ئايەتلەر

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ
عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ٩٠
وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ إِذَا عَٰهَدتُّمۡ وَلَا تَنقُضُواْ ٱلۡأَيۡمَٰنَ بَعۡدَ تَوۡكِيدِهَا
وَقَدۡ جَعَلۡتُمُ ٱللَّهَ عَلَيۡكُمۡ كَفِيلًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا تَفۡعَلُونَ ٩١
وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّتِي نَقَضَتۡ غَزۡلَهَا مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٍ أَنكَٰثٗا تَتَّخِذُونَ
أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرۡبَىٰ مِنۡ أُمَّةٍۚ إِنَّمَا
يَبۡلُوكُمُ ٱللَّهُ بِهِۦۚ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا كُنتُمۡ فِيهِ
تَخۡتَلِفُونَ ٩٢ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن يُضِلُّ
مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَلَتُسۡـَٔلُنَّ عَمَّا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٩٣ وَلَا
تَتَّخِذُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ فَتَزِلَّ قَدَمُۢ بَعۡدَ ثُبُوتِهَا وَتَذُوقُواْ
ٱلسُّوٓءَ بِمَا صَدَدتُّمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَكُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٩٤ وَلَا
تَشۡتَرُواْ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلًاۚ إِنَّمَا عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن
كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٩٥ مَا عِندَكُمۡ يَنفَدُ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ بَاقٖۗ وَلَنَجۡزِيَنَّ
ٱلَّذِينَ صَبَرُوٓاْ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٩٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

90-شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قىلىش-

قىنىپ قىلىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.

91-سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەندە، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار ۋە قەسەمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار. (ئۇنتۇماڭلاركى) سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

92-سىلەر بىر جامائەنىڭ (سان ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەسەمىڭلارنى ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋېلىپ، (مۇستەھكەم ئەھدىنى بۇزۇپ) پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار [1]. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى بۇنىڭ بىلەن سىنايدۇ، سىلەر تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

93-ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، سىلەر ھەربىر قىلمىشىڭلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىسىلەر.

94-قەسەمىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالماڭلار، بولمىسا قەدىمىڭلار (ئىسلامدا) مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كېتىدۇ، (يامان ئۆرنەك بولۇپ، كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) جازاسىنى تېتىيسىلەر، (ئاخىرەتتە بولسا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر.

95-سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار! ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات) سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

96-سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. (ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا) چىداملىق بولغۇچىلارغا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپات بېرىمىز.

---

[1] بۇ قەسەم ئىچىپ ۋەدە قىلىشقاندىن كېيىن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئادەم ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانلارنى ئادالەتلىك بولۇشقا، دىن ۋە دۇنيالىق ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇكەممەل قىلىشقا، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، خۇسۇسەن، يېقىن تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قولىنى ئۇزۇتۇشقا، ئۇلارغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلارنى ئايىماي قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئايەتتىكى ﴿بِٱلۡعَدۡلِ﴾ يەنى ﴿ئادالەتلىك بولۇش﴾ ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا قارىتا ئادالەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزنى ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدە ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇپ، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ھەققىدە ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇپ، ھەرقانداق ھەق-ھوقۇقلارنى تولۇق ئادا قىلىشقا، ھۆكۈم قىلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا توغرا ۋە دۇرۇس بولۇشقا، بارلىق مۇئامىلىلەردە ئىنساپ ۋە ئادالەتنى مىزان قىلىشقا، ھەركىمنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى تولۇق بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

﴿ٱلۡإِحۡسَانِ﴾ يەنى ﴿ئېھسان﴾ دېگەن سۆز دىن ۋە دۇنيالىق ھەربىر ئىشنى جان دىل بىلەن قېتىرقىنىپ مۇكەممەل قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندەك، ياخشىلىق قىلىش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. سەجدە سۈرىسىدىكى﴿ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥۖ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئەللامە ئىبنى كەسىر، ئەللامە تەبەرىي ۋە ئەللامە قۇرتۇبىي قاتارلىق مەشھۇر مۇپەسسىرلەر﴿ئۇ ھەممە نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، «حسن»، «إحسان» ۋە «أحسن» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، مۇكەممەللىكنى، ياخشىلىقنى ۋە گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئېھسان ئاللاھ تائالاغا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى خۇددى ئۇنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئورۇنداش دېگەنلىكتۇر.

﴿وَإِيتَآيِٕ ذِى ٱلۡقُرۡبَىٰ﴾ يەنى ﴿يېقىن تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىش﴾

---

[1] سەجدە سۈرىسى7-ئايەت.

ئۇرۇق-تۇغقانلارغا قارىتا تۇغقاندارچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرقانداق ھاجىتىنى راۋا قىلىش دىنىمىز بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن سانىلىدۇ. مۇنداق قىلىش ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. ھەسەتخورلۇق، ئۆچ-ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى يوق قىلىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بارچە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا خۇددى بىر بىناغا ئوخشاش مۇستەھكەم بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى يۇقىرىقى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يامان سۆز، يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن، دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن ئۆتۈپ كېتىشتىن، ساغلام ئەقىل ۋە ساپ تەبىئەت قوبۇل قىلمايدىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ يامان يولدىن يېنىپ توغرا يول تېپىشىڭلار، ئازغۇنلۇقتىن قايتىپ ھىدايەتكە قەدەم ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ نەسىھەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئەھدىگە چوقۇم ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش پەرزدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا ياكى يامانلىقنى تاشلاشقا بەل باغلاپ ۋەدە قىلغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىڭلار. ﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدە﴾ دېگەن كەڭ مەنىلىك بىر ئۇقۇم بولۇپ، سىز بىلەن رەببىڭىز ئوتتۇرىسىدا ياكى ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز ئوتتۇرىسىدا ۋەياكى سىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا بېرىلگەن ئەھدە سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەھدىلەر توغرۇلۇق چوقۇم سوراق-سوئال قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە قەسەملەرنى بۇزماسلىققا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، قەسەم دېگەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى گۇۋاھ قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇنداق چوڭ بىر ئىشنى كەلسە-كەلمەس سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇش ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق سانىلىدۇ.

سىلەر قەسەمنى قانداقمۇ بۇزىسىلەر؟ ھالبۇكى سىلەر قەسەمىڭلارغا ئاللاھ تائالانى كېپىل، گۇۋاھچى ۋە كۆزەتچى قىلغان تۇرساڭلار؟ بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى بۇزۇشنىڭ رەزىللىكىنى قايتا تەكىتلەپ دەيدۇكى، سىلەر ھەرگىز ۋاقتىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ بىر ئوبدان پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇنغا ئوخشاش مەھكەم باغلىغان قەسىمىڭلارنى بۇزۇپ تاشلىماڭلار، قەسىمىڭلارنى نامەردلىك ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، پۇل-مال ياكى سەلتەنەت جەھەتتە يۇقىرى بولغان كىشىلەرگە قىزىقىپ، باشقىلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىلىرىڭلارنى ۋە كېلىشىمىڭلارنى بۇزماڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى بىلەن سىنايدۇ، ئەھدىگە ۋاپا قىلامسىلەر ياكى ئۇنى بۇزامسىلەر، بۇ ھەقتە سىلەرنى ئىمتىھان قىلىدۇ. قىيامەت كۈنىدە بولسا سىلەرگە سىلەر ھازىر تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق تولۇق خەۋەر بېرىدۇ، ئاندىن تېگىشلىك مۇكاپاتىڭلارنى ياكى جازايىڭلارنى بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى بىرلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، بىرلا ئۇممەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدىغان ھېكمەتكە ئاساسەن خالىغان ئادەمنى – ئۇنىڭ تاللىشىغا ئاساسەن – ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى – ئۇنىڭ ھىدايەتكە ئىنتىلىشى يۈزىسىدىن – ھىدايەت قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى ياكى ئازغۇن قىلىشى ئىنسانلاردىكى مايىللىق ۋە تاللاشقا ئاساسەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئالدىن بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىغا ۋە قىزىقىشىغا قويۇپ بەرگەن. شۇڭا ھىدايەت تاپقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەتكە مايىللىقى بولغانلىقى سەۋەبتىن ھىدايەت تاپقان، ئازغۇن بولغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇققا مايىللىقى سەۋەبتىن شۇنداق بولغان.

ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر. ئەمما سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن ھېساب ئالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا قەسەمنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشتىن توسىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىپ باشقىلارنى قايىل قىلغاندىن كېيىن، قەسەمنى بۇزۇش چوڭ ئالدامچىلىق قىلغانلىقتۇر. مۇنداق قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن ئېزىپ

كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئادەم مۇستەھكەم تۇرغاندىن كېيىن پۇتى تېيىلىپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشىتىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشنى قىلغان ئادەم توغرا يولدىن ئادىشىپ كېتىدۇ. تېيىلغان ئادەمنىڭ ھالى خەتەر، ئۇنىڭ يىقىلىشى تۇرغانلا گەپ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «قەسەمنى بۇزۇش» دېگەن سۆزدىن ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿قەدىمىڭلار (ئىسلامدا) مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا چىن ئەھدە بېرىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىپ بۇرۇنقى كاپىرلىقىغا قايتىپ كېتىشى بۇ دىنغا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ يولىنى توسۇپ قوياتتى ۋە ئىسلامغا كىرمەكچى بولغانلارغا قارىتا بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايتتى. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداقلارنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقى بۇ سەۋەبتىندۇر.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿قەسەمىڭلارنى ئۆزئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداقتۇر: سىلەر ئەھدىلىرىڭلارنى ۋە ۋەدىلىرىڭلارنى خالىساڭلار ئەمەل قىلىدىغان، خالىساڭلار بۇزىدىغان قىلىۋېلىپ، ئەھدىلىرىڭلارنى، ۋەدىلىرىڭلارنى نەپسى خاھىشىڭلارغا بويسۇندۇرۇۋالماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار توغرا يولدىن تېيىپ كېتىدۇ ۋە ئېزىپ كېتىسىلەر. ئاندىن ئۆزۈڭلار ئېزىپ كېتىش ئارقىلىق باشقىلارغا يامان ئۆرنەك بولغىنىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىش يولىنى توسۇپ قويغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەر قاتمۇقات ئازاب-ئوقۇبەتكە قالىسىلەر.

ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىنى ئەرزىمەس مال-دۇنياغا تېگىشمەڭلار. چۈنكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە سىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپاتى سىلەرنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ ئېرىشىدىغان دۇنيالىقىڭلاردىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە كاتتىدۇر. چۈنكى، سىلەرنىڭ تاپقانلىرىڭلار تۈگەپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر بولسا تۈگەپ قالمايدۇ. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈلۈكتۇر، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ۋاقىتلىقتۇر. ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مۇستەھ-كەم تۇرۇش، ئۇنىڭ يولىدا كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداملىق بولۇش، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتچانلىقتا ئىزچىل بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە تولۇق بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ﴾ دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم»دىكى لەۋزى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر ئايەتلەردىن بىرىدۇر.

2. ھەر ئىشتا ۋە ھەركىمگە ئادالەتلىك بولۇش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەڭ ئالدىنقى خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

3. ھەر ئىشنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

4. زىنا-پاھىشە جەمئىيەتنى نابۇت قىلىدىغان يامان خاراكتېرلىك مىكروب بولۇپ، زىنا ئەۋج ئالغان جەمئىيەت ئاسانلا غۇلاپ چۈشىدۇ.

5. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس. ئىبادەتنىڭ كۆپ قىلىنىشى زۇلۇمنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

6. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ نىشانىسىدۇر.

7. كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن قەسەم قىلىدىغانلار ئەڭ رەزىل مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئەرزىمەس پۇلغا سېتىپ خەجلەيدىغانلاردۇر.

8. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئېرىشكەن مال-دۇنيا، شان-شۆھرەت ۋە ھەرقانداق بىر مەنپەئەتنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

9. ياخشى ئىشنى ئاز قىلسىمۇ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش كۆپ قىلىپ ئۈزۈپ قويغاندىن ياخشىدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتلىرىدىن

﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ

حَيَوٰةً طَيِّبَةًۖ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٩٧﴾
فَإِذَا قَرَأۡتَ ٱلۡقُرۡءَانَ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٩٨﴾ إِنَّهُۥ
لَيۡسَ لَهُۥ سُلۡطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٩٩﴾ إِنَّمَا
سُلۡطَٰنُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَوَلَّوۡنَهُۥ وَٱلَّذِينَ هُم بِهِۦ مُشۡرِكُونَ ﴿١٠٠﴾ وَإِذَا
بَدَّلۡنَآ ءَايَةً مَّكَانَ ءَايَةٖ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُنَزِّلُ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مُفۡتَرِۭۚ
بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٠١﴾ قُلۡ نَزَّلَهُۥ رُوحُ ٱلۡقُدُسِ مِن رَّبِّكَ
بِٱلۡحَقِّ لِيُثَبِّتَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُسۡلِمِينَ ﴿١٠٢﴾ وَلَقَدۡ
نَعۡلَمُ أَنَّهُمۡ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُۥ بَشَرٞۗ لِّسَانُ ٱلَّذِي يُلۡحِدُونَ إِلَيۡهِ
أَعۡجَمِيّٞ وَهَٰذَا لِسَانٌ عَرَبِيّٞ مُّبِينٌ ﴿١٠٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ
ٱللَّهِ لَا يَهۡدِيهِمُ ٱللَّهُ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾ إِنَّمَا يَفۡتَرِي ٱلۡكَذِبَ
ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٠٥﴾

### تەرجىمىسى

97-ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۆئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز.

98-سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان (نىڭ ئازدۇرۇشى) دىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

99-شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ۋە رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

100-شەيتان پەقەت ئۇنى دوست تۇتقانلارنىڭ ۋە (ئۇنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن) مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

101-بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا، - ئاللاھ ئۆزى نازىل قىلغان ئايەتنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ - ئۇلار: «سەن يالغاننى توقۇۋاتىسەن» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنداق قىلىشىمىز-دىكى ھېكمەتنى) ئۇقمايدۇ.

102-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇنى جىبرىل ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىش، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى.

103-بىز ئۇلارنىڭ: «قۇرئاننى ئۇنىڭغا بىر ئىنسان ئۆگىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار (مۇھەممەدكە ئۆگىتىپ تۇرىدۇ) دەۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس[1]، ھالبۇكى بۇ (قۇرئان) بولسا ئېنىق ئەرەب تىلىدىدۇر.

104-شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

105-پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا (ئاللاھ نامىدىن) يالغاننى توقۇيدۇ. ئەنە شۇلار يالغانچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان چىن ئىمانى بىلەن تۇرۇپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە بىز ئۇنى ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز.

ئەللامە قۇرتۇبىي ﴿ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ياخشى ھايات»نىڭ مەنىسى توغرۇلۇق بەش خىل قاراشنى بايان قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتائ، زەھھاك قاتارلىقلار «ھالال رىزىق» دەپ مەنە ئېيتقان. ھەسەن بەسرىي «قانائەت» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئاللاھنىڭ تائەت -ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلىشىدۇر، چۈنكى، ئۇ جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر» دەپ مەنە ئېيتقان. مۇجاھىد ۋە قەتادە «ئۇ جەننەتتۇر، چۈنكى، جەننەتكە كىرگەندىلا ھەقىقىي ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىغىلى بولىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە

[1] مۇجاھىد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەككىدە بەلئام ئىسىملىك بىر خىرىستىيان تۆمۈرچى بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتەتتى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ چىققانلىقىنى كۆرگەندە، ‹قۇرئاننى مۇھەممەدكە بەلئام ئۆگىتىدۇ› دەپ بىلجىرلايتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان». («تفسير الطبري» مۇشۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن).

بەزىلەر «تائەت-ئىبادەتتىن ھۇزۇر ئېلىش» دەپ مەنە ئېيتقان[1]. يەنە بەزى ئۆلىمالار «ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلاردىن بىھاجەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەزل-مەرھەمىتىگە كۆپايە قىلدۇرۇپ، قانائەت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىتىشى» دەپ مەنە ئېيتقان. خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ھالال رىزىق، بەخت-سائادەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت، قانائەت، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل بايلىقى، ھىدايەت ۋە تائەت-ئىبادەت ئىچىدە ياشىتىدۇ. مەلۇمكى، بەخت-سائادەت پۇل-مالنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ياكى يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىش بىلەن ۋەياكى كۆپ پەرزەنتلىرى بولۇش بىلەن بولمايدۇ. بەلكى ئۇ قانائەت، كۆڭۈلنىڭ ئارامى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت بىلەن بولىدۇ. مۇئمىنلەرنى ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىش ئۇلارغا بۇ دۇنيادا بېرىلگەن مۇكاپات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرى بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە چوڭ، ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ ﴿ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن بېرىمىز﴾ دېگەن ئايەتتە ئىپادىسىنى تاپقان.

قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن ﴿أَعُوذُ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ﴾ يەنى «ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ ئاللاھ تائالاغا سېغىنىش مۇستەھەب ئەمەللەردىن بولۇپ، قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق قەلبىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەلبىنى پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالاغا بېغىشلاش دېگەنلىكتۇر.

شەيتاننىڭ مۇئمىنلەرنى باشقۇرۇپ كەتكۈدەك قۇدرىتى يوق، خۇسۇسەن ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي مەنىدە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن تايانغان مۇئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ھەرگىز كۈچى يەتمەيدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرالمايدۇ. شەيتان پەقەت ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرنى، دۇنيا مەنپەئەتىنى ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرگەنلەرنى، ئەقلىنى ئىشلەتمەي ئۆزىنىڭ نەپسى ھەۋەسىگە ئەگەشكەنلەرنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ ۝٤٢﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم

[1] «التفسير القرطبي» 278- بەت.

ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1].

مۇشرىكلارنىڭ ئورۇنسىز شەك-شۈبھىلىرىگە مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىلگەن: ﴿بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇر-غىنىمىزدا، ــ ئاللاھ ئۆزى نازىل قىلغان ئايەتنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ ــ ئۇلار: «سەن يالغاننى توقۇۋاتىسەن» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنداق قىلىشىمىزدىكى ھېكمەتنى) ئۇقمايدۇ﴾ يەنى بىز بىرەر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرسەك، مۇشرىكلار بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بىلمىگەنلىكتىن، بىز-نىڭ راستچىل ئەلچىمىز ۋە ھەق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام-نى ئورۇنسىز قارىلاپ: «بۇ ئايەتلەرنى سەن ئۆزۈڭ توقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولدى دەۋاتىسەن» دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ ۋە بۇنداق قىلىشىمىزدىكى ھېكمەتنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ[2].

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، بۇ ئايەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھ-كەم قىلىش، ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى.

مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرى «قۇرئاننى ئۆزى توقۇپ چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ تۆھمەتنى ئاقتۇرالمىغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەرەبلەرنىڭ كاتتا ئەدىبلىرىگە ۋە تالانتلىق شائىرلىرىغا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلغان بۇنداق پاساھەتلىك، مۆجىزىلىك ۋە ھېكمەتلىك بىر كىتابنى ئۆزىنىڭ يېزىپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئارتىدىغان باشقا تۆھمەت تاپالماي، «بۇ قۇرئاننى مۇھەممەدكە بەلئام ئىسىملىك بىرى ئۆگىتىۋاتىدۇ» دېگەن يېڭى بىر تۆھمەتنى ئويدۇرۇپ چىققان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار (مۇھەممەدكە ئۆگىتىپ تۇرىدۇ) دەۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، ھالبۇكى بۇ (قۇرئان) بولسا ئېنىق ئەرەب تىلىدىدۇر﴾

---

[1] ھەجەر سۈرىسى: 42-ئايەت.

[2] بۇ ماۋزۇدا بەقەرە سۈرىسىنىڭ 106-ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە مۇراجىئەت قىلىنغاي.

دېگەن. يەنى سىلەرنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىڭلارغا ۋايىكى، سىلەر مۇھەممەدكە قۇرئاننى ئۆگىتىۋاتىدۇ دەپ تۆھمەت قىلغان شەخس ئەرەب ئەمەس، ئۇنىڭ تىلىمۇ ئەرەب تىلى ئەمەس. بۇ قۇرئان بولسا ئەڭ پاساھەتلىك، روشەن ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ بۇنداق ئورۇنسىز سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىلەر؟

كاپىرلارنىڭ بۇنداق تۆھمەت قىلىشى يېڭى بىر ئىش ئەمەس ياكى ئەجەبلىنىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن يامانلىقنى ۋە ئەقلىگە كەلگەن ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ ھەممىنى قىلىپ باققان. ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى مەغلۇپ بولغان.

رەببىنى تونۇمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ تائالا ياخشىلىق يولىغا ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئازابنى ئوبدان تېتىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇ راستچىللىقىغا ۋە ئىشەنچىسىگە كاپىرلارمۇ گۇۋاھ بولغان زاتتۇر. ھەقىقىي يالغانچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دېگەنلەر ۋە كۇفرى-زالالەتكە چۆكۈپ كەتكەنلەردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا ۋە قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئىشىدا ئەر بىلەن ئايال باراۋەردۇر. ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇش جائىز ئەمەس، ئەمما يادىسىغا ئوقۇش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، تاھارەتسىز بولسىمۇ، ئۆگىنىش ياكى يادلاش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇش ۋە ئايەتلىرىنى يېزىش مالىكىي مەزھىپىدىن باشقا مەزھەپلەردە جائىزدۇر. بىراق جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەم، ھەيز (ئايلىق ئادەت) ۋە نىفاس (تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولالمىغان ھالەت) ئىچىدىكى ئايالنىڭ غۇسلى قىلمىغۇچە «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇشى ۋە يادىسىغا بولسىمۇ ئوقۇشى ھەممە مەزھەپتە ھارامدۇر. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى تاھارەتسىز ئوقۇش جائىزدۇر، ئەمما جۇنۇب كىشى ياكى ھەيز ۋەياكى نىفاسلىق ئايال ئۈچۈن غۇسلى قىلمىغۇچە ئۇنى ئوقۇش جائىز ئەمەس.

3. چىن ئىمانى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تايانغان مۇئمىنلەرنى شەيتان

ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ۋە بوزەك قىلالمايدۇ.

4. شەيتانلار ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشقان ۋە ئۆزىنىڭ ئىزىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىختىيارىنى ئۆز قولىغا ئالغان كىشىلەرگىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىزىنى ئېغىز ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلارنىلا ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ئىچىدە كېيىنكىسى ئىلگىرىكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئايەتلەرمۇ بار. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشتۇر.

6. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن پەيغەمبەرلىرىنى قوغدىغان ۋە ئۇلارنى يۆلىگەن.

7. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» گە ئىشەنمىگەنلەر ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ھىدايەتنىڭ بېشى ئىماندۇر.

### ◄ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلار

﴿مَن كَفَرَ بِٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِهِۦٓ إِلَّا مَنۡ أُكۡرِهَ وَقَلۡبُهُۥ مُطۡمَئِنُّۢ
بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَٰكِن مَّن شَرَحَ بِٱلۡكُفۡرِ صَدۡرٗا فَعَلَيۡهِمۡ غَضَبٞ مِّنَ
ٱللَّهِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١٠٦ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا
عَلَى ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٠٧ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَسَمۡعِهِمۡ وَأَبۡصَٰرِهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡغَٰفِلُونَ
١٠٨ لَا جَرَمَ أَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ١٠٩ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ
هَاجَرُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا فُتِنُواْ ثُمَّ جَٰهَدُواْ وَصَبَرُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا
لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ١١٠ ۞ يَوۡمَ تَأۡتِي كُلُّ نَفۡسٖ تُجَٰدِلُ عَن نَّفۡسِهَا وَتُوَفَّىٰ
كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ١١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

106- كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ). قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، لېكىن، كىمكى كۆڭلىنى كۇفرىغا ئاچىدىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ.

107ـ بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

108ـ ئەنە شۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن دىللىرى، قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر.

109ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

110ـ ئاندىن (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، رەببىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن جىھاد قىلغان ۋە چىداملىق بولغانلارغا (مەدەتكاردۇر). رەببىڭ شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەلۋەتتە كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.

111ـ (ئى پەيغەمبەر! شۇ قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەر ئادەم (ئۆزىنى ئاقلاش كويىدىلا بولۇپ) ئۆزى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنماستىن، تولۇق بېرىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە لەنىتى ياغىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بار. پەقەت كۇفرىغا زورلانغانلىقتىن، قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم بولۇپ تۇرۇپ، يالغاندىن ئاغزاكى كۇفرى سۆزنى سۆزلەپ قويغانلار[1] ياكى ئىماندىن يانغانلىقىنى ئاغزاكى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىيىن شارائىتتا قالغانلارنى كەچۈرىدۇ. ئەمما كۆڭلىنى كۇفرىغا ئېچىپ، كۇفرى سۆزنى چىن كۆڭلىدىن سۆزلىگەنلەر ۋە كۇفرىلىق بىلەن كۆڭلى ئارام تاپقانلار مۇستەسنا ئەمەس. بۇنداقلارغا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ياغدىغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق.

ئاخىرەتتە مۇرتەدلەر ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئەۋزەل كۆرگەن، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن

[1] ساھابىلەردىن ئەممار ئىبنى ياسىر مەجبۇرلانغانلىقتىن، «رەببىم ئاللاھ» دېيىشىنىڭ ئورنىغا تىلىنىڭ ئۇچىدا «ھۇبەل» دەپ بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كاپىر بولدۇڭ دېمىگەن.

ياكى دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغان ئەقىلسىزلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق كاپىر قەۋمنى ھەرگىز ھىدايەت قىلمايدۇ، خۇسۇسەن بۇنداق مۇرتەدلەرنى ھەرگىزمۇ توغرا يولغا سالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغاندىن كېيىن كۇفرىنىڭ نىجىسلىقىغا قايتىپ شۇنىڭغا رازى بولغان، ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە زالالەتنى قوبۇل قىلغان ئازغۇنلار بولۇپ، ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەنلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆزلىرىنى ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك پېچەتلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلار توغرا يولغا ھىدايەت تاپالمايدۇ، ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ھەقىقەتنىڭ جىلۋىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ھىدايەتنىڭ نۇرىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى بىلمەيدىغان ۋە نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى شۇ ئازغۇنلۇقىدا تەرك ئېتىدۇ. مۇنداقلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ تارتىدىغان زىيانلىرى ھەرگىز ئاز ئەمەس.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككە مۇشرىكلىرى ئەممار، ئۇنىڭ ئاتىسى ياسىر، ئانىسى سۇمەييە، بىلال، سۇھەيب ۋە سالىم قاتارلىق ساھابىلەرنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئازابلاشقا باشلايدۇ. ئۇلارنى كۇفرى سۆزنى دېيىشكە ۋە مۇشرىكلارنىڭ بۇتى ھۇبەلنى تىلغا ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەمما ئۇلار «ئاللاھ!، ئاللاھ!» دېگەن سۆزدىن باشقىسىنى دېگىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەھىمسىز كاپىرلار ئەممارنىڭ ئانىسى سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئىككى تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باغلاپ سۆرەپ قىينايدۇ، ئاخىردا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ياسىرنىمۇ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ سۇمەييە بىلەن ياسىر ئىككىسى ئىسلام تارىخىدا تۇنجى شېھىتلەر بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەممار ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن كاپىرلارنىڭ سورىغان كۇفرى سۆزنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەمەلي ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كۇفرى سۆزنى مەجبۇري ئېيتىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «دىلىڭنى قايسى ھالەتتە كۆرۈۋاتىسەن؟» دەپ سورايدۇ، ئەممار «دىلىمنى ئىمان بىلەن ئارام تاپقان ھالدا كۆرۈۋاتىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئەگەر ئۇلار سېنى يەنە شۇنداق سۆزنى

ئېيتىشقا زورلىسا، سەن شۇ سۆزنى ئېيتىپ بېرىپ قۇتۇلغىن»[1] دەيدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنىپ ئىماندىن يېنىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىلى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، پەقەت ئېغىزىنىڭ ئۈچىدىلا ئىماندىن يانسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ، مۇرتەد بولمايدۇ، نەتىجىدە، ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن تالاق بولمايدۇ، دېگەنگە ئىتتىپاقلاشقان»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللَّهَ تَعَالَى تَجَاوَزَ عَنْ أُمَّتِي الْخَطَأَ وَالنِّسْيَانَ وَمَا اسْتُكْرِهُوا عَلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى خاتالاشقانلىقتىن ۋەياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلغان گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن»[3] دېگەن. بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خالىغانلار فىقھى كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

﴿ئاندىن (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، رەببىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن جىھاد قىلغان ۋە چىداملىق بولغانلارغا (مەدەتكاردۇر). رەببىڭ شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەلۋەتتە كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى ئىماندىن يېنىشقا مەجبۇرلىنىپ، قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنغانلىقتىن، ئازابقا چىدىيالماي قەلبىدە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان ھالدا، پەقەت قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا كۇفرى سۆزنى سۆزلىگەن، يالغاندىن ئىماندىن يانغان، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى ۋە ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان، جىھاد قىلغان، دىن يولىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارغا، جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەرگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تولىمۇ كەچۈرۈمچاندۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، ئىماندىن يېنىشقا مەجبۇرلىنىپ، چارىسىز-لىكتىن كۇفرى سۆزنى ئاغزاكى ئېيتىپ قويۇپ قۇتۇلغان ئادەم بىلەن ئىماندىن يانماسلىقتا چىڭ تۇرغان ۋە كۇفرى سۆزنى يالغاندىن بولسىمۇ

[1] «تفسير القرطبي» 10-توم، 180-بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 10-توم، 182-بەت.
[3] «الروض الداني (المعجم الصغير) للطبراني» 2-توم، 52-بەت، 765 -ھەدىس.

قەتئىي سۆزلىمىگەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. بۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كېيىنكىسىنىڭ ئەجرى ئەلۋەتتە كۆپ ۋە كاتتا بولىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، دىنىمىز كەڭچىلىكنى، ئاسانلىقنى تەرغىب قىلىدىغان دىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا تەرغىب قىلمايدۇ.

قىيامەت كۈنىدىكى مەھشەرگاھ (يەنى ھېساب مەيدانى) ھەقىقەتەن دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش كويىدىلا بولىدۇ، ئۆزى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىيالمايدۇ. شۇ جايدا ۋە شۇ كۈندە ھەممە ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ، ھېچبىر ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. مانا بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئەڭ ئېنىق تەرىپىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرى سۆزنى سۆزلەش رۇخسەتلىك ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنغاندا، دىلى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان ھالەتكە خاستۇر. بۇ ۋاقىتتا مەجبۇرىي سۆزلەنگەن كۇفرى سۆزنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ.

2. دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇۋېلىش ئىمانسىزلارنىڭ تاللىشى بولۇپ، مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ھەممە ئىشتا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەۋسىيەسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، جىھاد گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇشىغا ۋە ساۋابنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلار ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغلۇق مۇھاجىرلاردۇر.

5. ئاخىرەتنى ئەسلەش ۋە باشقىلارغىمۇ ئەسلىتىپ تۇرۇش ساۋابلىق ئەمەللەر قاتارىغا كىرىدۇ.

## ◄ نېمەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا قَرۡيَةً كَانَتۡ ءَامِنَةً مُّطۡمَئِنَّةً يَأۡتِيهَا رِزۡقُهَا
رَغَدًا مِّن كُلِّ مَكَانٍ فَكَفَرَتۡ بِأَنۡعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ
ٱلۡجُوعِ وَٱلۡخَوۡفِ بِمَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ ﴿١١٢﴾ وَلَقَدۡ جَآءَهُمۡ رَسُولٌ
مِّنۡهُمۡ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١١٣﴾ فَكُلُواْ مِمَّا
رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَٱشۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ
تَعۡبُدُونَ ﴿١١٤﴾ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحۡمَ ٱلۡخِنزِيرِ
وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦۖ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ
غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١١٥﴾ وَلَا تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلۡسِنَتُكُمُ ٱلۡكَذِبَ
هَٰذَا حَلَٰلٞ وَهَٰذَا حَرَامٞ لِّتَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا يُفۡلِحُونَ ﴿١١٦﴾ مَتَٰعٞ قَلِيلٞ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١١٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

112ـئاللاھ مۇنداق بىر شەھەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى: بۇ شەھەر تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئازابىنى تېتىتتى.

113ـئۇلارغا ھەقىقەتەن ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىپ ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار (ھەق دىنغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ئىبارەت) زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالدى.

114ـئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر (راستىنلا) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار.

115ـئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى،

**ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى ھارام قىلدى. كىمكى (ئۇلارنىڭ گۆشىدىن) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىلاجسىز-لىقتىن، ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە گۇناھكار بولمايدۇ)، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.**

**116-سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى، (مۇنداق دېسەڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، شەكسىزكى، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.**

**117-(ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسىسى) ئازغىنە مەنپەئەتتۇر. (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا مۇنداق بىر شەھەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ: بۇ تىنچ-خاتىرجەم بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ رىزقى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇلار نېمەت بەرگۈچى ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراپ، ئۇلاردىكى نېمەت جازاغا، خۇشاللىق غەمكىنلىككە، باياشاتلىق تۇرمۇش نامراتلىققا، توقلۇق ئاچلىققا، خاتىرجەملىك ئامانسىزلىققا ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ مىسالنى مەككە ئەھلى ئۈچۈن كەلتۈرگەن بولۇپ، مەككە ئەھلى ئەسىرلەردىن بېرى خاتىرجەملىك، تىنچلىق ۋە باياشاتلىق ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ رىزقى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇراتتى. مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر قاراقچىلارنىڭ، بۇلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرغان پەيتلەردە، مەككىلىكلەر تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايتتى. چۈنكى، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ھە-رەمنىڭ يۇرتىدىن مەككىلىكلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارغا چېقىلمايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزلىرى نەسەبىنى، كېلىپ چىقىشىنى، ئەخلاقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدى، ئۇلار ئۇنى قوللاش ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدى، ئۇنىڭ دەۋىتىگە

توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۇفرىلىقنى، زۇلۇمنى ۋە ھەق دىنغا قارشى دۈشمەنلىكنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى قورشىدى. نەتىجىدە، ئۇلارغا قەھەتچىلىك يۈزلەندى، ئاھالىلار ئارىسىدا ئاچارچىلىق، نامراتلىق باش كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردىكى نېمەت ئازابقا، خاتىرجەملىك قورقۇنچقا ئۆزگىرىپ قالدى.

ئاللاھ تائالا بۇ شەھەرنى تەرىپلەشتە ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە تىنچلىقىنى شەھەر خەلقىنىڭ كەڭ رىزىق بىلەن نېمەتلەندۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئالدىدا كەلتۈرگەن. چۈنكى، خاتىرجەملىك بىلەن تىنچلىق ئەڭ چوڭ نېمەت بولۇپ، بۇ ئىككىسى بولمىسا بەخت-سائادەتنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولمايدۇ، خۇشاللىق دېگەنلەر ئەسلا بولمايدۇ. نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئى مەككە ئەھلى! بۇ مىسال سىلەرگە كەلتۈرۈلدى. چۈنكى، سىلەرگە ئۆز مىللىتىڭلار ۋە ئۆز قەۋمىڭلار ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر كېلىپ، سىلەرنى سىلەرگە ئەڭ پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارغا چاقىردى. لېكىن سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى سىلەرنى قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىسىلەر. ئى مەككە ئەھلى! سىلەر مۇنداق قىلماڭلار، كېلىڭلار جاھىلىيەتنىڭ بارلىق يامان ئادەتلىرىنى تاشلاڭلار، بۇتلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، راستتىنلا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئاللاھ تائالا بەرگەن ھالال رىزىقلاردىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي يەڭلار ۋە ئىچىڭلار. سىلەرگە ئاتا قىلىنغان بارچە نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن رىزىقلاردىن يەڭلار، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى يېمەڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى. ئەمما سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ھارام قىلىۋالغان بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە قاتارلىقلار ھەققىدە شەرىئەتتىن دەلىلىڭلار يوق[1].

يەيدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقتىن چارىسىز قالغان ئادەم ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسە بولىدۇ. بۇ

[1] بۇ ھەقتە مائىدە سۈرىسىنىڭ 104-ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن.

سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىبان بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بۇ ھاتتە ئەپۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بىلەن خالىغان نەرسىنى ھالال ۋە خالىغانلىرىنى ھارام دەپ بەلگىلىۋېلىشىنى چەكلىگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدە ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقى يوق. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ، «بۇ ھالال»، «بۇ ھارام» دەپ بەلگىلىۋالماڭلار. مەسىلەن: بۇ ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكىسى بىزنىڭ ئاياللىرىمىزغا ھارام، ئەمما ئەرلىرىمىزگە ھالالدۇر، دېگەنگە ئوخشاش شەرىئەتتىن ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشۈڭلار قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدىغان ئويدۇرمىچىلىقتۇر ۋە ئوپئوچۇق يالغانچىلىقتۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقانلار ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

كاپىرلارنىڭ دۇنيادا ھۇزۇرلىنىۋاتقان نەرسىلىرى داۋامى كەلمەيدىغان ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەر بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش نېمەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

2. دىنغا ئەمەل قىلماسلىق ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولۇپ سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

3. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتتۇر. ئەمما ئاغزاكى شۈكۈرنىڭ ئۆزىلا نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىققا ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىنى توغرا يولغا ئىشلىتىش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلار نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىققا ياتىدۇ.

4. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى كېسەل مالنىڭ گۆشىنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر.

5. ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ ھارام نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇچىلىك مىقداردا ئىستېمال قىلىشى جائىزدۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەن ئادەم ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۇزكورلۇق ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادى توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن مۇنازىرە

﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا مَا قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُۖ وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ١١٨ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ رَّحِيمٌ ١١٩ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ كَانَ أُمَّةٗ قَانِتٗا لِّلَّهِ حَنِيفٗا وَلَمۡ يَكُ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٢٠ شَاكِرٗا لِّأَنۡعُمِهِۚ ٱجۡتَبَىٰهُ وَهَدَىٰهُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ١٢١ وَءَاتَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ١٢٢ ثُمَّ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ أَنِ ٱتَّبِعۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٢٣ إِنَّمَا جُعِلَ ٱلسَّبۡتُ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ١٢٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

118-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلغان ئىدۇق[1]، بىز (بۇلارنى ھارام قىلىش بىلەن) ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

119-شەكسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن

[1] «بىز ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى» دېگەن ئايەتتىن ئەنئام سۈرىسىنىڭ 146-ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىر جەلالەيىن شەرھى 4-توم، 277-بەت).

تەۋبە قىلىپ، (ئۆزىنى ۋە قىلمىشىنى) تۈزەتكەنلەرگە شۇنىڭدىن كېيىن، رەببىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر.

120-شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا ئىتائەتمەن، ھەق دىنغا يۈزلەنگەن بىر پېشۋا ئىدى، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.

121-ئۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى.

122-ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۇەتتە ياخشىلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ.

123-(ئى پەيغەمبەر!) ئاندىن ساڭا: «ھەق دىنغا يۈزلەنگەن ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

124-شەنبە كۈنى (نى ئۇلۇغلاش) پەقەت ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان (يەھۇدىي)لار ئۈچۈنلا بەلگىلەندى. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ئىلگىرى يەھۇدىيلارغا بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلغۇچتەكەن ئىدۇق. ئۇ نەرسىلەرنى بىز ساڭا تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردۇق[1]. مەزكۇر نەرسىلەرنى ئۇلارغا ھارام قىلىشىمىز ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە يولسىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. ئەسلىدە بىز ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلمىدۇق، پەقەت ئۇلار بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى.

ئەي ئىنسانلار! سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەر ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا مۇراجىئەت قىلماي، نېمىنىڭ ھالال ۋە نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، قانداقلارچە يېمەكلىكلەرنى ئۆز خاھىشىڭلار بويىچە ماۋۇ ھالال، ماۋۇ ھارام دەپ بەلگىلىۋالىسىلەر؟ سىلەر يەھۇدىيلارنى دوراۋاتامسىلەر؟

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ھەرگىز

[1] ئەنئام سۈرىسى: 146-ئايەتكە قاراڭ.

ئۈمىدسىز بولماڭلار، ئەگەر سىلەر قىلمىشلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئوڭشاپ، ئەمەللىڭلارنى تۈزىسەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى چوقۇم كەچۈرىدۇ ۋە سىلەرگە كۆپ ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا گۇناھىغا تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىباندۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئاقىۋىتىنى بىلمەي يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانلارغا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، توغرا يولدا يۈرگۈچىلەرگە رەببىڭ راستىنلا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم-شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

ئەي ئەرەبلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دېگەن سۆزۈڭلاردا يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر ئۈممەتتە بولۇشقا تېگىشلىك بارچە ياخشى خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇ ئۆزى يالغۇزلا بىر ئۈممەتكە باراۋەر ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەن، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق ۋە ھەق دىنغا پۈتۈنلەي يۈزلەنگەن بىر پېشۋا زات ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىغا ھەمىشە شۈكۈر قىلاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگەن ئىدى.

ئاندىن ئى پەيغەمبەر! ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش ھەققىدە ۋەھيى قىلدۇق. سەن ئېلىپ كەلگەن دىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ھەرگىز پەرقلىق ئەمەس، بەلكى ئىككىڭلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت تەۋھىد دەۋىتىدە، گۈزەل ئەخلاقتا، يەنە نۇرغۇنلىغان خىسلەتلەردە بىر - بىرىڭلارغا ئوخشايسىلەر. ئەمما شاخچە مەسىلىلەردە ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان مۇھىتى، خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەربىرىڭلار ئۈچۈن ئايرىم شەرىئەت بەلگىلىدۇق.

شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش، بۇ كۈننى ئىبادەتكە خاس قىلىۋېلىش ۋە بۇ كۈندە ئىشلىمەسلىك دېگەنلەرنىڭ ھېچبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا يوق ئىدى. يەھۇدىيلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىش ۋە تۈرلۈك خۇراپاتلارغا چۆمۈپ كېتىش نەتىجىسىدە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىن ئۈستىدە قاتتىق ئىختىلاپقا چۈشكەن. شۇ جەرياندا ئۇلاردىن بەزىسى شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش، بۇ

كۈندە ئىشلىمەسلىك تەرەپدارى بولغان بولسا، يەنە بەزىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرگەن. ئەسلىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى جۈمە كۈننى ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ تەلىماتقا قارشى چىقىپ، دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا شەنبە كۈننى ئۇلۇغلاش بەلگىلەنگەن. مەلۇمكى، جۈمە كۈنى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ كۈن بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىگە نېسىپ قىلغان.

تەپسىرى ئىبنى كەسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن توپلىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان بىر كۈننى تەيىنلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىگە جۈمە كۈننى تەيىنلەپ بەرگەن. چۈنكى، جۈمە كۈنى ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىپ تاماملىغان بىر كۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇلارنى ئالتە كۈندە ياراتقان. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا جۈمە كۈننى بۇيرۇغان. ئەمما ئۇلار جۈمە كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىپ تاماملىغان كۈنى، شەنبە كۈنى بولسا ھېچ نەرسىنى ياراتمىغان بىر كۈندۇر، شۇڭا بىز شەنبە كۈننى تاللىشىمىز كېرەك دەپ شەنبىنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرى تاللىغان شۇ كۈننى ئۇلۇغلاش ھەققىدە تەۋسىيەلەرنى قىلىپ، ئۇنى «تەۋرات»تا قارارلاشتۇرغان. ئۇلاردىن يەنە شەنبە كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئاخىر زاماندا كېلىدىغان پەيغەمبەرگە ئەگىشىش توغرۇلۇق ۋەدىلەرنى ئالغان»[1].

ئى پەيغەمبەر! قىلچە شەك يوقكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىختىلاپلاشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ياخشىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانغا يامانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر. تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى گۇناھ-مەئسىيەتتىن دەرھال قول ئۈزۈش، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش ۋە قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە ھەقىقي

---

[1] «تفسير ابن كثير» 4- توم، 612-بەت.

مۇئمىنلىكىنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

3. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋېلىشى ئويئوچۇق يالغانچىلىقتۇر.

## ◄ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى

﴿ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِۖ وَجَٰدِلۡهُم
بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ
أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ١٢٥ وَإِنۡ عَاقَبۡتُمۡ فَعَاقِبُواْ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبۡتُم بِهِۦۖ
وَلَئِن صَبَرۡتُمۡ لَهُوَ خَيۡرٞ لِّلصَّٰبِرِينَ ١٢٦ وَٱصۡبِرۡ وَمَا صَبۡرُكَ إِلَّا بِٱللَّهِۚ
وَلَا تَحۡزَنۡ عَلَيۡهِمۡ وَلَا تَكُ فِي ضَيۡقٖ مِّمَّا يَمۡكُرُونَ ١٢٧ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ
ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ ١٢٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

125-(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا گۈزەل ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنا-زىرىلەشكىن. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

126-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

127-(ئى پەيغەمبەر! ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن. سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ پەقەت ئاللاھ (نىڭ ياردىمى) بىلەنلا بولىدۇ. (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.

128-شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئەقىدىنىڭ دەۋەت قىلغۇچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بولغىنىدەك، ھەق دىنىنىڭمۇ دەۋەتچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بار. ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىدۇ، غايىسىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، دۇنيانىڭ بوران-چاپقۇنلىرى، شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرى، ئىنساننىڭ نەپسى-ئىستەكلىرى ئالدىدا ھەقىقەت پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ دەۋەت ۋە ۋەز-نەسىھەت پروگراممىسى جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا، ھەج مەزگىلىدە، ھەرقانداق بىر دىنىي سورۇندا ئادەتتىكىدىن بەكرەك پائالىيەتكە ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئادەم توپلانغان ھەرقانداق بىر سورۇن جامائەتكە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت سانىلىدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋەتچىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىش-ئىزلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋەت ئىشلىرىغا ئەمەلىي رەۋىشتە ۋارىسلىق قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ ئۇستازى ۋە بىردىنبىر يېتەكچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ دەۋەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى، دەۋەتنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئېلىپ باراتتى، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنداق يېتىشتۈرگەن.

**﴿رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾**. كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كەم-زىيادە قىلماي، ساق-سالامەت يەتكۈزۈشكە مەسئۇل ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە دەۋەتچىلەر كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ناھايىتى ھېكمەتلىك ئۇسلۇب ۋە ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

ھېكمەتلىك ئۇسلۇب دېگىنىمىز: دىنغا دەۋەت قىلىنماقچى بولغان خەلقنىڭ مۇھىتىنى، شارائىتىنى، بىلىم سەۋىيەسىنى ۋە مىجەز-خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىپ، ئېيتماقچى بولغان سۆزنى ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسلۇبتا ئېيتىپ چۈشەندۈرۈش، يۇمشاق، سىلىق بولۇپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلىش، ئاڭلىغۇچىنىڭ سەۋىيەسىگە چۈشۈپ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى دانالىق بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ

قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش بىلەن بولىدۇ.

ياخشى ۋەز-نەسىھەت قىلىش دېگىنىمىز: ساپ تەبىئەتلىك ۋە ساغلام پىكىرلىك ئىنسانلار ياقتۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە بىلىم سەۋىيەسىگە مۇناسىپ ئۇسۇلدا ۋەز-نەسىھەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئى دەۋەتچى! ناۋادا دەۋەت يولۇڭدا قارشىلىقلارغا ۋە ھەر خىل توسـ-ـقۇنلۇقلارغا ئۇچرىساڭ، ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبتا مۇنازىرىلەشكىن، مۇشرىكلارنىڭ ۋە ھەرقانداق باتىل دىندىكىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئىلاھلىرىنى سۆكمىگىنكى، ئۇلار نادانلىقتىن ۋە دۈشمەنلىكتىن ئاللاھ تائالانى سۆكمىسۇن. مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئۆزۈڭنىڭ سەمىمىيلىكىنى ئىسپاتلاپ، مۇددىئايىڭنى ئوچۇقلاپ، ئۇلارنى سۆزۈڭنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇنازىرىلەشمىگىن. ئەگەر بۇ تەلىماتنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلساڭ، سەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۆلگۈنچى ۋە بىرلىكنى بۇزغۇچى بولۇپ قالىسەن.

ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى، بەزىلەرنىڭ دىلى ھەر قانچە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەنمۇ قەتئىي يۇمشىمايدۇ، خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك دەۋەت قىلغانسېرى دىلى تېخىمۇ قېتىپ كېتىدۇ ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ئەقلىنىڭ تەلپىگە لايىق ئىش كۆرمەيدىغان، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدىغان بەختسىزلەردۇر. مۇنداقلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كۆزلىرى پەردىلەنگەن، قەلبى پېچەتلەنگەن ئادەملەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن. ئى پەيغەمبەر! سەن مۇنداق تۈردىكى ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭ ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغىن، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈش ۋە ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا ۋەز-نەسىھەت قىلىشتۇر. ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىنى - ئۇنىڭ ھىدايەتكە مايىللىقى يۈزىسىدىن - ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنى - ئۇنىڭ ئازغۇنلۇققا مايىللىقى سەۋەبلىك - ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويىدۇ. شۇڭا سەن ئۇلارنى ھىدايەت تاپمىدى دەپ بىئارام بولمىغىن، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، بۇنىڭغا يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەۋەتنى قانداق ئۇسلۇبتا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە تەلىم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئەمەلىي باسقۇچ ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ دەيدۇكى،

ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا يامانلىق قىلغانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى جازالىماقچى بولساڭلار، ئۇلار سىلەرگە قانچىلىك زىيانكەشلىك قىلغان بولسا شۇنچىلىك جازالاپ ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئىنتىقامنى ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چۈنكى، ئۇ چاغدا سىلەر زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر. ئەگەر سەۋرچان بولۇپ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتسەڭلار، شەكسىزكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوبدان مۇكاپات بېرىدۇ.

ئەللامە بەغەۋي ﴿وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّٰبِرِينَ﴾ دېگەن ئايەتكە «ئەگەر سىلەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭلار، بۇ ئەپۇ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش چىدامچانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن ئوڭاي ئەمەس.

ئەللامە تەبەري ﴿وَٱصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِى ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. سېنىڭ سەۋرىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەنلا بولىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقى، نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبلىك غەمكىن بولمىغىن. كاپىرلارنىڭ نادانلىقتىن سېنى سېھىرگەر، مەجنۇن دېگەن تۆھمەتلىرى سەۋەبلىك كۆڭلۈڭ سىقىلمىسۇن، چىداملىق بولغىن»[2].

شەكسىزكى، سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق ۋە ئىزچىللىق غەلبىنىڭ كېپىلى، مۆئمىن ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان قورالىدۇر. ھاياتتا ھەربىر ئىشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشنى خالىغان ئادەم چوقۇم چىدامچانلىقنى قورال قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىقى زۆرۈر. تەجرىبىلەر چىدامچانلىقنىڭ، سەۋرچانلىقنىڭ ۋە ئىزچىللىقنىڭ غەلىبە قازىنىشتا ئىنتايىن چوڭ رولى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

كۆپلىگەن كىشىلەر سەۋر سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇنى باشقىلار بوزەك قىلسا جىم تۇرۇپ بېرىش دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ. بۇ ئۇنداق ئەمەس. سەۋر دېگەن قىيىنچىلىقلارغا، زورلۇقلارغا، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ

[1] «تفسير البغوي» 5- توم، 53-بەت.

[2] «تفسيرالطبري» 17- توم، 325-بەت.

نىشانغا قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەش، غەلىبىگە ئېرىشىش يولىدا ئۇچرىغان ئەزىيەتلەرگە، توسقۇنلۇقلارغا ۋە دۈشمەنلىكلەرگە پىسەنت قىلماي، چىشنى چىشلەپ تۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇش، چىداملىق بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتمىغانلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. چۈنكى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى تەقدىر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىشىغا رەببىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەگەر رەببىڭ خالىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر دىندا بولغان بولاتتى. كاپىرلارنىڭ ساڭا قارشى ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە قۇرغان تۇزاقلىرى سەۋەبلىك يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن، ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرگىن. رەببىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن ھەمىشە سەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ سېنى قوغدايدۇ. چۈنكى، ئۇ تەقۋادارلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى قېتىرقىنىپ، ۋاقىتىدا پۇختا قىلىدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەر بىلەن ۋە مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن بولساڭ تەقۋادارلارنىڭ ئۈلگىسى، قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنىڭ يېتەكچىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسىسەن، شۇڭا سەن ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئەڭ ھەقلىق بولغان زاتسەن.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشىلىققا ۋە توغرىلىققا يېتەكلىگەي، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەۋزى كەۋسەرلىرىدىن شەربەتلەر ئىچىپ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىمىزنى ۋە ئەھۋالىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىزنى بىزگە نېسىپ قىلغاي، ئامىن!!!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دىنىنى قوغداش، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش بۇرچى بار. بۇ «ئەمرۇ-مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ چوڭ ۋە ئېغىردۇر.

2. كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش چىرايلىق سۆز ۋە ئەڭ توغرا ئۇسۇل بىلەن بولىدۇ. كىشىلەرنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلغىلى بولمىغاندەك، ئۇلارغا زورلاپ دەۋەتنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

3. زۇلۇم قىلغانلاردىن ھەققىنى تەلەپ قىلىش ياكى ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش ھەركىمنىڭ ھەققىدۇر.

4. ئاللاھ تائالا ئاللاھ تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش قىلغۇچىلار ۋە بۇيرۇلغان ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلار بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر، ئۇلارنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

# ئىسرا سۈرىسى

ئىسرا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 111 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ 26 ـ، 32 ـ، 33ـ، 57ـ، 73ـ، 80ـ ئايەتلىرى مەدىنىدە، قالغانلىرى مەككىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ بار. قازى ناسىرۇددىن بەيزاۋىي ئۆزىنىڭ «تەپسىرى بەيزاۋىي» ناملىق ئەسىرىدە، ئىسرا سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن[1].

«إسراء» (ئىسرا) كېچىدە يۈرۈش دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا-مىراج مۆجىزىسىنىڭ مەككىدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرە «ئىسرا سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ كامالغا يەتكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسرا سۈرىسى ئىسلام ئەقىدىسىنى پۈتۈن يوللىرى بىلەن ئۇچۇقلىغان بىر سۈرە بولۇپ، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ دىنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان مەۋقەسى ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاندىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلگىلىك ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى بايان قىلغان. ئاخىردا ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار سۈپەتلىگەن نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

بۇ سۈرىدە يەنە ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدىكى قىسسىلەر، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان.

---

[1] «تفسير البيضاوي» 3ـتوم، 247ـبەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلىشى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ إِنَّهُۥ هُوَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ١ وَءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلۡنَٰهُ هُدٗى لِّبَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ أَلَّا تَتَّخِذُواْ مِن دُونِي وَكِيلٗا ٢ ذُرِّيَّةَ مَنۡ حَمَلۡنَا مَعَ نُوحٍۚ
إِنَّهُۥ كَانَ عَبۡدٗا شَكُورٗا ٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

2ـ بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات)نى ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق. (ئۇلارغا) «مەندىن باشقىنى مەبۇد قىلىۋالماڭلار!» (دېدۇق).

3ـ ئى بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ (يەنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغانلارنىڭ) ئەۋلادلىرى! (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار). چۈنكى، نۇھ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىسى ۋە يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بەزى دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى ئۆزى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن زاتتۇر. ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن

مۇكەممەل، بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكتىن ئەلۋەتتە پاك، ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە، چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە ئىلىم-ھېكمەتلىك زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر كېچىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى قۇددۇس شەھىرىگە مۆجىزىلىك بىر شەكىلدە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايدىكى مەسجىدى ئەقسادا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام قىلىپ ناماز ئوقۇتۇش، ئاندىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ يۇقىرى ئۇپۇقلاردىكى ئاجايىپ ئالامەتلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرگەن. بۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرىگە نېسىپ بولمىغان كاتتا شەرەپ ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئەرەبلەر «بائىدە ئەرەبلىرى»، «ئارىبە ئەرەبلىرى» ۋە «مۇستەئرەبە ئەرەبلىرى» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بائىدە ئەرەبلىرى - ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى بولۇپ، ئۇلار ئىسلامدىن ئىلگىرى مۇنقەرز بولۇپ تۈگىگەن. ئارىبە ئەرەبلىرى- قەھتان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەسەبى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامغا تۇتىشىدۇ. مۇستەئرەبە ئەرەبلىرى-ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلار «ئەدنانىيلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىسرائىل ئەۋلادى بارلىققا كەلگەن. ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر كەلگەن مىللەت ئىسرائىل ئەۋلادى ئىدى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىدىنلا كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كېلىشىنى كۈتەتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب مىللىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنى «بىز ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى» دەپ ئاتاپ باشقا مىللەتلەرگە چوڭلۇق قىلاتتى، ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرەتتى، ئەرەبلەرنى بولسا مىللەت قاتارىدا كۆرمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئىسرا-مىراجغا ئوخشىغان مۆجىزىلەر بىلەن شەرەپلەندۈرگەن.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ھۆرمەتلىك بەندىمىز ۋە ئىشەنچلىك پەيغەمە-
-بىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسرا-مىراج بىلەن شەرەپلەندۈر-

گىنىمىزدەك، پەيغەمبىرىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ «تەۋرات» بىلەن شەرەپلەندۇردۇق. چۈنكى، بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»تىن ئىبارەت ساماۋى كىتابنى ئاتا قىلدۇق، ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتنى مەبۇد ۋە مەدەتكار قىلىۋالماسلىقنى تاپىلاپ ئۇلارغا: ﴿مەندىن باشقىنى مەبۇد قىلىۋالماڭلار﴾ دېدۇق ۋە «تەۋرات»نى ئۇلارغا يېتەكچى قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن«تەۋرات» ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دىنىي دەستۇرىغا ئايلاندى.

ئى بىز نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى! بىز سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ تۈگىشىشتىن ساقلاپ قالدۇق، ئاندىن سىلەرنى ھەقىقەتنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلدۇق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشتا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئالدىنقىلاردىن بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇنتۇماڭلاركى، ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان، مۇئمىن بەندە ۋە ئىرادىلىك پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ھەممىڭلار ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىڭلار.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «پەيغەمبەر» ياكى «مۇھەممەد» دېگەنگە ئوخشاش تەبىرلەرنى كەلتۈرمەستىن، «بەندىسى» دېگەن تەبىرنى كەلتۈرگەنلىكى ئىسرا-مىراج مۆجىزىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىقتىدارى سىرتىدا، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشقان ئادەتتىن تاشقىرى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالغاندەك ئىلاھلاشتۇرۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «بەندە» دەپ ئاتىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ «ئاللاھنىڭ بەندىسى» دەپ ئاتالغانلىقى چوڭ شەرەپ ۋە كاتتا مەرتىۋىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ بەندىسى» دېگەن سۆزدىن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ بەندىسى» دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجقا ئويغاق ھالىتىدە چىققانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

يەنە ئايەتتىكى«كېچىدە» دېگەن سۆز مۇپەسسىرلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان سۆزلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، «ئىسرا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى كېچىدە يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، يەنە «كېچىدە» دېگەن سۆز ئارتۇقلۇق قىلمامدۇ؟ بۇنى مۇنداق ئارتۇق زىكىر قىلىشنىڭ پايدىسى نېمە؟ مۇپەسسىرلەر بۇ ھەيرانلىقنىڭ جاۋابىنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ، ئىسرا-مىراج مۆجىزىسىنىڭ بىر كېچىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىدىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئەگەر «كېچىدە» دېگەن سۆزنى كەلتۈرمەستىن، «ئىسرا» دېگەن سۆز بىلەن كۇپايە قىلىنغان بولسا، بۇ جۈملىدىن ئىسرانىڭ تولۇق بىر كېچە بولغانلىقى (يەنى شام ۋاقتىدىن باشلاپ بامدات ۋاقتىغىچە دا-ۋاملاشقانلىقى) چۈشىنىلىپ قالاتتى.

ئەللامە مۇستافا سادىق ئەل رافىئىي «قەلەمنىڭ ئىلھامى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئايەتتە ‹كېچىدە› دېگەن سۆزنى كەلتۈرۈش ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىقتىن چىقىپ ئاسمان نۇرىغا ئايلانغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر»[1].

### ◄ ئىسرا-مىراج قىسسىسى

ئىسرا-مىراج قىسسىسىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالام مەككىدىكى ۋاقتىدا بىر كېچىسى مەسجىدى ھەرەمدە ئىدى، پەرىشتە جىبرىل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى مەسجىدى ھەرەمدىن سىرتقا ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنى بۇراققا[2] مىندۈرۈپ مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ئەقساغا كىرىپ پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان. ئاندىن ئاسمانغا ئۆرلەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كاتتا ئالامەتلەرنى كۆرگەن. يۇقىرى ئۇپۇققا ئۆرلەپ ئاخىر «سىدرەتۇل مۇنتەھا»دا توختىغان. شۇ جايدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەزى ۋەھيىلەرنى قىلغان ۋە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغان. شۇڭا بەش ۋاخ ناماز مۇسۇلمانىنىڭ مىراجى دەپ ئاتالغان. ناماز پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان يېگانە ئىبادەتتۇر.

---

[1] «وحي القلم للرافعي» 2-توم، 26-بەت.

[2] بۇراق – ئاتتىن كىچىك، ئېشەكتىن چوڭ ھايۋان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراج كېچىسى مىنگەن.

مانا بۇ ئىسرا-مىراجنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىمالى بولغان كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئويغاق ھالىتىدە چىققانمۇ ياكى چۈشىدىمۇ، تېنى بىلەن چىققانمۇ ياكى روھى بىلەنمۇ؟ دېگەنگە ئوخشىغان تالاش-تارتىشلار بولغان. بىز بۇلار ئۈستىدە توختالمايمىز. چۈنكى، ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا-مىراج كېچىسى ئاسمانغا بەدىنى بىلەن ئويغاق ھالىتىدە چىققانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن.

بۇ قىسسىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كېچىسى مەسجىدى ئەقسادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام-نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈستۈنكى ئالەمگە ئېلىپ چىقىپ ئىلاھىي قۇدرەتلىرىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر-لىرىگىمۇ ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە ئۈممەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بارچە پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ۋە بارلىق ياخشىلىقلارنى تولۇقلاپ ۋايىغا يەتكۈزگەن بىر دىن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ماددىزمچىلىقى بىلەن خرىستىيانلارنىڭ تەركىدۇنيالىقىدىن يىراق، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل دىندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ناتىقلى-قىنى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقىنى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىنى ۋە ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان مۇكەممەل زاتتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئىسرا-مىراج ۋەقەسى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىس-سالامنىڭ مەشھۇر مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشتۇر.

2. مەسجىدى ھەرەم، مەسجىدى نەبەۋى ۋە مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسجىد دۇنيادىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەسجىدلەردۇر.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراج مۆجىزىسى سايىسىدا ئىلگىرى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان بەزى غەيبلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مەسىلەن: جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن.

4. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى ئەزىز قىلغاندەك ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ بىر زامانلاردا جاھان ئەھلى ئىچىدە ئەزىز قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئىنئامغا تۇزكورلۇق قىلغان بولسا، ئىسلام ئۈممىتى بۇ ئىنئامغا شۈكۈر قىلغان.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى مەقسىتى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ۋە ئۇلارنى بەخت-سائادەت يولىغا باشلاش ئۈچۈندۇر.

## ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسقىچە تارىخى

﴿وَقَضَيْنَآ إِلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ فِى ٱلْكِتَٰبِ لَتُفْسِدُنَّ فِى ٱلْأَرْضِ
مَرَّتَيْنِ وَلَتَعْلُنَّ عُلُوًّا كَبِيرًا ﴿٤﴾ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ أُولَىٰهُمَا بَعَثْنَا
عَلَيْكُمْ عِبَادًا لَّنَآ أُو۟لِى بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا۟ خِلَٰلَ ٱلدِّيَارِ ۚ وَكَانَ
وَعْدًا مَّفْعُولًا ﴿٥﴾ ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ ٱلْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَٰكُم
بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَٰكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا ﴿٦﴾ إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ
لِأَنفُسِكُمْ ۖ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا ۚ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ ٱلْءَاخِرَةِ لِيَسُۥٓـُٔوا۟
وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا۟ ٱلْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا۟
مَا عَلَوْا۟ تَتْبِيرًا ﴿٧﴾ عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يَرْحَمَكُمْ ۚ وَإِنْ عُدتُّمْ عُدْنَا ۘ
وَجَعَلْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَٰفِرِينَ حَصِيرًا ﴿٨﴾ إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَهْدِى
لِلَّتِى هِىَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ
لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا ﴿٩﴾ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ أَعْتَدْنَا

لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٠﴾ وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِ ۖ وَكَانَ
ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا ﴿١١﴾

## تەرجىمىسى

4ـئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا: «سىلەر يەر يۈزىدە چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە چوڭچىلىق قىلىپ بەكمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدۇق.

5ـئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭ (جازالاش) ۋاقتى كەلگەن چاغدا، سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، ئۇلار (سىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (چۈنكى) بۇ ئىشقا ئاشىدىغان بىر ۋەدە ئىدى.

6ـئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، سىلەرگە نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە ئوغۇللارنى ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپەيتتۇق.

7ـ(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىسىلەر، يامان ئىش قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يامان ئىش قىلغان بولىسىلەر. ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭ (جازالاشىڭ) ۋاقتى كەلگەن چاغدا، (دۈشمىنىڭلارنىڭ خارلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىشى ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب قىلدۇق).

8ـ(ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشىدا ئۈمىد بار. ئەگەر سىلەر (يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا) قايتساڭلار، بىزمۇ (سىلەرنى جازالاشقا) قايتىمىز. جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق.

9ـشەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ،

10ـئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىغانلىقىمىز بىلەن (ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ).

**11ـ ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالىچاقىلىرىغا) ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەددۇئا قىلىدۇ. ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ.**

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز «تەۋرات»تا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ شام زېمىنىدە، قۇددۇس شەھىرىدە ۋە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق بىر جايدا چوقۇم ئىككى قېتىم چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن ئىدۇق.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئىسرائىل ئەۋلادى سادىر قىلغان بۇ ئىككى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈشى، ئىككىنچىسى، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنى (يەنە بىر قاراشتا يەھيا ئەلەيھىسسالامنى) ئۆلتۈرۈشى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشى ئىدى. ئۇلارغا يەنە «تەۋرات»تا ئۇلارنىڭ شەرىئەتنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىدىغانلىقى، ھەددىدىن ئېشىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىغانلىقىمۇ بىلدۈرۈلگەن ئىدى.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنىڭ بىرىنچى بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا تۇنجى قېتىم بېرىشىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن بولغان ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك، ئۇرۇش تەجرىبىسى يۇقىرى بىر قەۋمنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەپ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى. بىز ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە زالىملارنى ئەۋەتىپ ئەنە شۇنداق جازالايمىز. بۇ ئالدىن بېكىتىلگەن ھۆكۈم، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ۋە ھەق ۋەدىسىدۇر.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى جازالىغانلار ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بەزىسى بۇختۇنەسسەر دېسە، بەزىسى جالۇت دەپ قارايدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاساسلىق غايىلىرىدىن بىرى ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا ئۆتمۈشلەردىكى ئىبرەتلىك ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش بولغانلىقتىن، ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋاقتىنى ۋە ماكانلىرىنى بايان قىلمىغان. چۈنكى، مۇھىم بولغىنى ۋەقەنىڭ ئۆزىدۇر، ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى مۇھىم ئەمەس.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بۇ قاتتىق جازانى تارتقاندىن كېيىن، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئەمەللىرىنى تۈزىتىپ، توغرا يولغا قايتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان «تەۋرات»قا چىڭ ئېسىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاللاھ تائالا دېگەندەك مۇنداق بولغان: ﴿ئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، سىلەرگە نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە ئوغۇللار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپەيتتۇق﴾.

ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلنى قېتىرقىنىپ ياخشى قىلساڭلار، ئۇنى پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلغان بولىسىلەر. چۈنكى، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە ساۋابى سىلەرگە بولىدۇ. ئەگەر يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتەك يامانلىقلارنى قىلساڭلارمۇ بۇ يامانلىقلارنى پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلغان بولىسىلەر. چۈنكى، بۇ يامانلىقلارنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر. ھەربىر ئادەم ئۆز قىلمىشىدىن ئۆزى جاۋابكاردۇر. ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾ يەنى ﴿ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[1].

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇز-غۇنچىلىقىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، سىلەرگە ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن، يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگىنىدەك بېسىپ كىرىپ، ئۇنى خاراب قىلىشى ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىپ بۇزۇپ تاشلىشى ئۈچۈن، «تەۋرات»نى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، مۇقەددەس جايلىرىڭلارنى دەپسەندە قىلىپ، سىلەرنى خار-زەبۇن قىلىشى ئۈچۈن، كۈچلۈك دۈشمەنلىرىڭلارنى يەنە بىر قېتىم سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا سالدۇق.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە ئاۋۋال جالۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىنچە داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. كېيىن ئۇلار زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق كەچۈرۈلمەس جىنايەتنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بۇختۇنەسسەرنى ئەۋەتكەن. بۇختۇنە-

[1] ئىسرا سۈرىسى: 15-ئايەت.

سىسەر ئۇلارنى تاقەت قىلغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن جازالىغان، ئۆلىمالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالىرىنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن، مۇقەددەس كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بەزى تەپسىرلەردە ئىككىنچى قېتىم ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈمران بولغانلارنىڭ بۇختۇنەسسەر ئەمەسلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئاللاھ تائالادىن كەلگەن بۇ ئىبرەتلىك جازا ئىسرائىل ئەۋلادىنى يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر ئەدەپلەش ئىدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر سىلەر يامانلىققا يەنە قايتىدىغان بولساڭلار، بىزمۇ سىلەرنى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق جازادىن قاتتىقراق جازا بىلەن جازالاشقا قايتىمىز، دېگەن ئىدى.

ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم يەنە يامانلىققا قايتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى «تەۋرات»تىكى بېشارەتلەر ئارقىلىق بىلىپ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇپ، ئۇنى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك ياخشى تونۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانالغان ئەرەبلەردىن چىققانلىقى سەۋەبىنىلا ئۇنى ئىنكار قىلىپ، «تەۋرات»نىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بولسا ئاسىيلىق قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈش، بەنى نەزىر قەبىلىسىنى مەدىنىدىن پالاش ۋە قالغانلىرىنى جىزيە (سېلىق) تۆلەشكە مەجبۇر قىلىش بىلەن جازالىدى. ھەمدە ئۇلارنى ئەسىرلەرچە ۋەتەنسىزلىك، خارلىق-زەبۇنلۇق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق بىلەن جازالىدى. يەھۇدىيلار 1948-يىلى پەلەستىندە دۆلەت قۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۆلىتى ئامانلىق ۋە تىنچلىق دۆلىتى بولماستىن، پەقەت قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك دۆلىتى بولۇپ قالغان. ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىيلار بىر پۈتۈن ئامانسىزلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ھايات كەچۈرمەكتە. شۇڭا ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى بۇ دۆلەتكە كېلىشكە قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار كېلىشنى خالىمايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا دوزاخنى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھى قىلىپ بەلگىلىۋەتتى. ئۇلار دوزاخ ئازابىدىن قەتئىي قۇتۇلالمايدۇ.

ئەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش بولغان يەھۇدىيلار!

سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىسىلەر؟ «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى ياخشىلىققا باشلىمامدۇ؟ ئەدلى-ئادالەتكە دەۋەت قىلمامدۇ؟ ھەر تۈرلۈك يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشقا، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، تارازىنى دۇرۇس تۇتۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرمامدۇ؟ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن، زىنا-ھارام ئىشلاردىن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن، گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشتىن توسىمامدۇ؟ دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى جىمى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇپ، بارلىق يامانلىقلاردىن توسىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەڭ توغرا يولنىڭ يېتەكچىسىدۇر. ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، بولمىسا (ئۇ ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾ [1].

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى ئەڭ توغرا يولغا باشلايدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا چاقىرىدۇ، ياخشى ئىش قىلغان مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپات بىلەن، ئېسىل جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلارنى ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتتە بولىدىغان دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

﴿وَيَدۡعُ ٱلۡإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلۡخَيۡرِۖ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ عَجُولٗا ١١﴾ يەنى ﴿ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالىچاقىلىرىغا) ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەددۇئا قىلىدۇ. ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىشقا ئالدىرىغاندەك، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بىسىۋالالماي ئۆزىگە، بالىلىرىغا ۋە پۇل-مېلىغا زىيانلىق تىلەپ بەددۇئا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ بەددۇئاسىنى ئىجابەت قىلسا، ئۇ چوقۇم زىيان تارتىدۇ، دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئۆزىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ۋە پۇل-مېلىنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 153-ئايەت.

زىيىنىغا دۇئا قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَا تَدْعُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ ، وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَوْلَادِكُمْ ، وَلَا تَدْعُوا عَلَى خَدَمِكُمْ ، وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَمْوَالِكُمْ ، لَا تُوَافِقُوا مِنَ اللَّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى سَاعَةَ نَيْلٍ فِيهَا عَطَاءٌ ، فَيَسْتَجِيبَ لَكُمْ» يەنى «ئۆزۈڭلارنىڭ، بالىلىرىڭلارنىڭ، قول ئاستىڭلار-دىكىلەرنىڭ ۋە مال – مۈلۈكۈڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن سورىسىلا بېرىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ سىلەرگە ئىجابەت بولۇپ قالمىسۇن»[1].

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى تاھىر ئاشۇر «التحرير والتنوير» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەرنىڭ بۇ ئايەتكە قىلغان تەپسىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى جايىغا چۈشمىگەندەك قىلىدۇ. ئايەتنىڭ تەپسىرىنى مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ ئايەتتىن ئالدىنقى ئايەتلەردە مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بايان قىلىنغان. كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇ-رۇلغان ئازابنى يىراق ساناپ: ﴿وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار (جاۋاب بېرىڭلارچۇ)﴾[2] دېيىتتى. بۇ ئايەتتىكى «ئىنسان»دىن كاپىر ئىنسان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە «ئىنسان» دېگەن سۆز كۆپىرەك ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارغا ئىشلىتىلگەن. ﴿وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِ ۖ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: كاپىر ئىنسان يامانلىققا خۇددى ياخشىلىققا ئالدىرىغاندەك ئالدىرايدۇ، ئۆزىگە كېلىدىغان ئازابنى يىراق سانايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: كاپىر ئىنسان دۇنيالىق مەنپەئەتكە ئالدىراپ ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ»[3].

دوكتور مەھمۇد ھىجازى «التفسير الواضح» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «﴿وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِ ۖ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ بۇ ئورۇنغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپە-

---

[1] «سنن أبي داود» 2-توم، 88-بەت، 1532 -ھەدىس.

[2] يۇنۇس سۈرىسى: 48-ئايەت.

[3] «التحرير والتنوير» 15- توم، 41-42-بەت.

ئەتلىرىنى دەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتىگە چوقۇنماستىن، ئالدىرىماستىن ياخشى ئويلىنىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، ھەق-ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن بولسا ئىدى، ئۇلار نەق پايدىنى ئالغان ۋە دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىكتىن قىلچە زىيان تارتمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلماستىن، ئىنكار يولىنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە يامانلىقنى تىلىگەن بولىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكى ۋە دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە تېگىشكەنلىكى ئۈچۈندۇر»[1]. بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۆزىگە يامانلىق تىلەپ دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان.

دېمەك، بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراقسانلىقى تۈپەيلىدىن نەق ھالاكەتنى ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان نېسى سائادەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى دۇنيالىقى ئۈچۈن سېتىۋېتىدۇ.

يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتسا دۇنيالىقتىن نېمىنى زىيان تارتاتتى؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، ئۇلار ئىمان ئېيتىپ ئىسلام شەرىئىتىگە ئەگەشسە، جازانە قىلىشتىن، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى ھارام يوللار بىلەن يەۋېلىشتىن، كىشىلەرگە يولسىزلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زىيانلىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۈچۈن نەق پايدا ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى بىلمىگەن ئىدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ: ئىنسان گاھىدا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ بىر نەرسىلەرنى سورايدۇ، ھالبۇكى ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۆزىگە يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئىشنى ياخشىلىق دەپ ئويلاپ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەسىلەن: بەزى ئىنسانلار ئاللاھ تائالادىن كۆپ مال-دۇنيا تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۇلار باي بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بايلىقى بەزى ھاللاردا ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ، ئىسراپخورلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى ھازىرلايدۇ.

[1] «التفسير الواضح» 2ـتوم، 357ـبەت.

بەزىسى ئائىلىسىنى پارچىلايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر كۆپ بايلىقى بولغانلىقى سەۋەبلىك قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ بىر رىئاللىقتۇر. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئەگەر مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىز ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا بىزگە بىز تىلىگەن مال-دۇنيانى بېرىدۇ، ئەگەر بىزگە زىيانلىق بولىدىغان بولسا، بىزنى ئۇز پەزلىدىن رازى قىلىپ قانائەت قىلدۇرىدۇ. چۈنكى، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىز بىلمەيمىز، ئۇنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبلىك نەچچە مىڭ يىللار سەرسانلىقتا، ۋەتەنسىزلىكتە ۋە خورلۇقتا ھايات كەچۈرگەن.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانى ئىشقا ئاشقۇچىدۇر. بۇنىڭغا ئىشىنىش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر.

3. قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلارنى قېتىرقىنىپ ياخشى قىلغۇ-چىلار بۇنى پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە پايدىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتىدۇ. يامانلىق قىلغۇچىلارمۇ يامانلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ. چۈنكى، يامانلىقنىڭ ۋابالى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەش ئىبادەتتۇر، ئۆزىنىڭ ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىش چەكلىنىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا كاپىرلاردىن بەزىسىنىڭ جازاسىنى ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بېرىدۇ.

6. «قۇرئان كەرىم» ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بەخت-سائادەت دەستۇرىدۇر.

7. مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلار ھەققىدە خۇش بېشارەت بېرىش، كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر.

8. ئىنسان تەربىيە ئارقىلىقلا ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتىشتۈ-رەلەيدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى

﴿وَجَعَلْنَا ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ءَايَتَيْنِ ۖ فَمَحَوْنَآ ءَايَةَ ٱلَّيْلِ وَجَعَلْنَآ
ءَايَةَ ٱلنَّهَارِ مُبْصِرَةً لِّتَبْتَغُوا۟ فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ
ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ ۚ وَكُلَّ شَىْءٍ فَصَّلْنَٰهُ تَفْصِيلًا ﴿١٢﴾ وَكُلَّ إِنسَٰنٍ
أَلْزَمْنَٰهُ طَٰٓئِرَهُۥ فِى عُنُقِهِۦ ۖ وَنُخْرِجُ لَهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ كِتَٰبًا يَلْقَىٰهُ
مَنشُورًا ﴿١٣﴾ ٱقْرَأْ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفْسِكَ ٱلْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا ﴿١٤﴾
مَّنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۚ
وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۗ وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا
﴿١٥﴾ وَإِذَآ أَرَدْنَآ أَن نُّهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا۟ فِيهَا فَحَقَّ
عَلَيْهَا ٱلْقَوْلُ فَدَمَّرْنَٰهَا تَدْمِيرًا ﴿١٦﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِنَ ٱلْقُرُونِ مِنۢ
بَعْدِ نُوحٍ ۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا ﴿١٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

12ـ كېچە بىلەن كۈندۈزنى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، رەببىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كېچىنىڭ ئالامىتى (بولغان ئاينىڭ نۇرىنى) ئۆچۈرۈپ (كېچىنى قاراڭغۇلۇق قىلدۇق)، كۈندۈزنىڭ ئالامىتى (بولغان قۇياش)نى يورۇتقۇچى قىلدۇق. (بىز) ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

13ـ بىز ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ بويىنىغا تاڭىمىز، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئوچۇق بىر كىتاب چىقىرىپ بېرىمىز.

14ـ (ئۇنىڭغا) «نامە-ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىشقا ئۆزۈڭ يېتەرلىك» (دەيمىز).

15ـ كىمكى ھىدايەت تاپسا، پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى) ئازابلىغىنىمىز يوق.

16ـ بىز بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى

هاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ-دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھا-لىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز.

17-نۇھتىن كېيىن، نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن) ھالاك قىلدۇق، رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىمىزگە، گۈزەل سەنئەتلىرىمىزگە ۋە كائىناتتا بېكىتكەن مۇكەممەل ئىنتىزامغا دالالەت قىلىدىغان ئىككى كاتتا ئالامەت قىلىپ ياراتتۇق. بۇ ئىككىسىدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر-بىرىنى قوغلاپ يۈرۈشى راستتىنلا مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ھېكمەت بىلەن بېكىتىلگەن ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر. كېچىنىڭ تىنچلىقى، ئاينىڭ نۇرى، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى، ھەر نەرسىنىڭ جىمجىتلىقى، كۈندۈزدىكى ھەرىكەت، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، يوللاردىكى قىستاڭچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿فَمَحَوۡنَآ ءَايَةَ ٱلَّيۡلِ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلارمۇ بار: بىز سۈكۈنات، قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىقتىن ئىبارەت كېچىگە خاس ئالامەتنى يوق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەتراپىدىكىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ يورۇقىدا تىرىكچىلىك قىلغىلى بولىدىغان يورۇقلۇقنى كەلتۈردۇق، بۇ يورۇقلۇق بىلەن سىلەر ھەرىكەتكە ئۆتىسىلەر، ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەشكە چىقىسىلەر، رەببىڭلارنىڭ رىزقىنى ئەنە شۇنداق ئىشلەش، تىرىشىش ۋە ئىزدەش بىلەن قولغا كەلتۈرىسىلەر. چۈنكى، رىزىق تىرىكچىلىك قىلىپ ئىشلەش بىلەن قولغا كېلىدۇ. يەنە سىلەر كۈندۈزنىڭ ئالامىتى بولغان يورۇقلۇق بىلەن يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىسىلەر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلِتَعۡلَمُواْ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلۡحِسَابَۚ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: بىز كېچە بىلەن كۈندۈزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتۇقكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سىلەر يىللارنىڭ سانىنى

ۋە ھېسابىنى بىلىسىلەر. ئەگەر كىچىك بىلەن كۈندۈزدە ھەرىكەت-سۈكۈنات، يورۇقلۇق-قاراڭغۇلۇق، ئۇزۇنلۇق-قىسقىلىق، سوغۇق-ئىسسىق دېگەندەك بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەر بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ۋە كۈنلەرنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئاسانغا توختىمايتتى. دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەر ھاجەت بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق. بۇ كېيىن ھېساب بېرىدىغان ۋاقىتىڭلاردا: «بىز بىلمىگەنتۇق، بىزگە ئېيتىلمىغان ئىدى» دەپ تۇرۇۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَكُلَّ إِنسَـٰنٍ أَلۡزَمۡنَـٰهُ طَـٰٓئِرَهُۥ فِي عُنُقِهِۦ﴾ دېگەن ئايەتكە ھەر خىل مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئەللامە ۋاھىدى «ھەربىر ئىنسانغا قىلىدىغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى يېزىپ قويدۇق»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە بەغەۋى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ھەربىر ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئەمەلى ۋە ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان ئىشلار ئۇ نەدىلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، ھېچ ئايرىلمايدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ھەربىر ئىنساننىڭ تەقدىرى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرى ئۇنىڭ بوينىغا تېڭىپ قويۇلغان ئىكەن، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى چوقۇم شۇ تەقدىر بويىچە بولىدۇ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزى قايسى ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىش ۋە ئۇنىڭ يوللىرى ئوڭايلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئىنساندا تاللاش ئىختىيارى يوق دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى ئىنسان قايسى ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىن بولۇپ، ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ تەقدىردە يېزىلغاننى بىلمەيدۇ.

بىز قىيامەت كۈنىدە ئىنسانغا ئۇنىڭ نامە-ئەمەلىنى چىقىرىپ بېرىمىز، ئۇ ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىنى ئېچىلغان ھالدا ئۇچۇق كۆرىدۇ ۋە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن قىلمىشلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ، يامانلىقلىرىدىن تېنىۋالالمايدۇ. نامە-ئەمەلدە ئۇنىڭ بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىلغان بولىدۇ.

نامە-ئەمەلى ئالدىغا قويۇلغان ھەربىر ئىنسانغا: نامە-ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن، كۆرگىن ۋە بىلگىن! بۈگۈن ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ھېساب ئېلىشقا ۋە

---

[1] «الوجيز في تفسير كتاب العزيز».
[2] «تفسير البغوي».

بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىڭگە گۇۋاھ بولۇشقا ئۆزۈڭ يېتەرلىكسەن، دېيىلىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈنلا ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. چۈنكى، قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى ئازغۇنلۇقنى تاللاپ زالالەت يولىدا ماڭىدىكەن، ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. چۈنكى، قىلمىشلىرىنىڭ گۇناھىنى ئۆزى يالغۇز تارتىدۇ.

ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە جاۋابكاردۇر، ياخشى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتقا، يامان قىلغانلىرى ئۈچۈن جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ ۋە جازاسىنى ئۆزى يالغۇز تارتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئاتا-بوۋىلىرىدىن كۆرۈپ، بۇ ئازغۇنلۇقنىڭ گۇناھىنى ئۇلارغا ئارتىدىغانلار بار ئىدى. ﴿ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە شۇنداق دەيدىغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىلگەن.

﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى ئازابلىغىنىمىز يوق﴾ يەنى ئاللاھ تائالا شۇنداق جاكارلايدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ياخشى-يامانني بىلدۈرۈپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلماي تۇرۇپ ھېچكىمنى جازالىمايمىز.

يۇقىرىقى ئايەتلەر بىزنى ياخشى ئىشلارنى ئالدىراپ قىلىشقا، يامانلىقلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلتىر-قىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىشقا چاقىرىدۇ.

﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ-دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھالىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ناھەق جازالىمايدۇ ۋە ھېچبىر شەھەرنى بىكارغا ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زالىم ئەمەس! ئاللاھ تائالا بىرەر شەھەر ئاھالىسىنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالىماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بايلىقى ۋە

كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشى سەۋەبلىك ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان دۆلەتمەن كىشىلەرنى گۇناھلىرىدىن يېنىپ، ھەقىقەتكە باش ئېگىپ، توغرا يولغا كىرىشكە ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتسا ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولىدۇ ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە ھەددىدىن ئېشىپ، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماي بۇزغۇنچىلىق تېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن مۆھلەت تۈگىگەن بولىدۇ-دە، ئۇلار تۇيۇقسىز ھالاك قىلىنىدۇ، ھالاك قىلىنغاندىمۇ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﴿أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا﴾ دېگەن ئايەتكە «ئاشۇ شەھەرگە ناچار ئادەملەرنى مۇسەللەت قىلىمىز، ئۇلار بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىمىز» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى، يەنە ئۇنىڭ «ئاشۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئاسىيلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىمىز» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1]. ھەقىقەتكە باش ئەگمەيدىغانلارنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلىقنى باشلامچى بولۇپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەر تەبىقىسى بولغاچقا، ئايەتتە ﴿ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەر﴾ دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ زالىملارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَبَرَزُواْ لِلَّهِ جَمِيعٗا فَقَالَ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمۡ تَبَعٗا فَهَلۡ أَنتُم مُّغۡنُونَ عَنَّا مِنۡ عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۚ﴾ يەنى ﴿(قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، ئەمدى سىلەر بىزدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراقىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ﴾[2].

ئىمام زەمەخشەرى «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە ﴿وَإِذَآ أَرَدۡنَآ أَن نُّهۡلِكَ قَرۡيَةً أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيۡهَا ٱلۡقَوۡلُ فَدَمَّرۡنَٰهَا تَدۡمِيرٗا﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا﴾ دېگەن سۆز بىز ئۇلارنى گۇناھ – مەئسىيەت سادىر قىلىشقا بۇيرۇيمىز،

---

[1] «تفسير الطبري» 17- 404- بەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 21-ئايەت.

دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر ئۇلارنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، بۇ يەردىكى ﴿أَمَرْنَا﴾ يەنى ﴿بۇيرۇيمىز﴾ دېگەن سۆز بۇيرۇقنى ئەمەس، بەلكى مەجازى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بىز بىرەر شەھەر ئاھالىسىنى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى نېمەتكە كۆمۈۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بۇ نېمەت ئۇلارنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتنى كۆپرەك سادىر قىلىشىغا ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇزغۇنچىلىقتا تازا ھەددىدىن ئاشىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ يۇرت- ماكانلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىمىز، دېگەنلىكتۇر»[1]. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا نېمەتنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بېرىۋەتسە، بۇ نېمەت ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ۋە نەپسى خاھىشلىرىنى ھارام يوللار بىلەن قاندۇرۇشىغا، شۇنداقلا ئىسراپخورلۇق قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. گويا نېمەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپلۈكى يامانلىقلارغا سەۋەبلىك بولىدۇ. نېمەت ئەسلىدە تۈزكورلۇق قىلسۇن دەپ ئەمەس، شۈكۈر قىلسۇن دەپ بېرىلىدۇ. ئۇلار نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۈزكورلۇق قىلىپ، يامان قىلمىشلارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ھەقلىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنىدۇ.

﴿نۇھتىن كېيىن، نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (كۇفرىلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلدۇق، رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر﴾ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ۋە ئۇنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغان گۇناھكار قەۋم توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ يوق قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇنلىغان قەۋملەرنى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە كۇفرىلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتتۇق. شەكسىزكى، رەببىڭ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن بەندىلىرىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىپ تۇرۇشتا ۋە ھەممىنى روشەن كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر.

بۇ ئايەتتە، ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقلارنى تېرىپ ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر زامان جازالاپ كەلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى، گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ.

---

[1] «الكشاف عن حقائق غوامض التنزيل» 2-توم، 654-بەت.

بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق جىمى ئىشلىرىدا ئۇلار ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. ھەربىر ئىنساننىڭ بۇ ھاياتلىقتا قىلىدىغان ئىشلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ۋە قىلغان ياخشى- يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغانلىرى يېزىلغان نامە-ئەمەل دەپتىرىنى كۆرىدۇ، ئۇنى ئوقۇيدۇ ۋە ھەممىنى بىلىدۇ. ئاندىن قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى ياكى مۇكاپاتىنى ئالىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ياخشى-يامانني بىلدۈرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز جازالىمايدۇ. قانداقلا بىر جامائە ياكى شەخس ياخشىلىقتا بۇيرۇلۇپ تۇرۇپ، شۇ ياخشىلىقنى تەرك ئېتىپ گۇناھ قىلسا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتسە، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئۇلارغا تېگىشلىك بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ئىگىسى بولغانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ۋە يامانلىقلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان تولىمۇ گۈزەل ۋەز-نەسىھەتلەردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە چەكسىز ئىلمىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات دەلىللىرىدىن سانىلىدۇ.

2. ماتېماتىكا ئوقۇش پەرز كۇپايە ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ياخشى نىيەت بىلەن ئوقۇغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

4. قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ۋە بەدەن بىلەن بولىدۇ.

5. قىيامەت كۈنىدە ھېچكىمگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ئەمەللەر تارازىدا تارتىلىدۇ ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا بىرەر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ھالاك قىلمايدۇ، ئاۋۋال ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنى كۆزگە ئىلمىغان ۋە ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.

7. ئىسراپچىلىق ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلماسلىق ھالاكەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

## ◄ پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالدىرىغۇچىلار بىلەن باقىي ئالەمگە ئىنتىلگۈچىلەر

﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعَاجِلَةَ عَجَّلۡنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ
جَعَلۡنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصۡلَىٰهَا مَذۡمُومٗا مَّدۡحُورٗا ﴿١٨﴾ وَمَنۡ أَرَادَ ٱلۡأٓخِرَةَ
وَسَعَىٰ لَهَا سَعۡيَهَا وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ كَانَ سَعۡيُهُم مَّشۡكُورٗا ﴿١٩﴾
كُلّٗا نُّمِدُّ هَٰٓؤُلَآءِ وَهَٰٓؤُلَآءِ مِنۡ عَطَآءِ رَبِّكَۚ وَمَا كَانَ عَطَآءُ رَبِّكَ
مَحۡظُورًا ﴿٢٠﴾ ٱنظُرۡ كَيۡفَ فَضَّلۡنَا بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۚ وَلَلۡأٓخِرَةُ أَكۡبَرُ
دَرَجَٰتٖ وَأَكۡبَرُ تَفۡضِيلٗا ﴿٢١﴾ لَّا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَقۡعُدَ
مَذۡمُومٗا مَّخۡذُولٗا ﴿٢٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

18ـ كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى)نى كۆزلەيدىكەن، بىز دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.

19ـ كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەت ئۈچۈن لايىقىدا ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئەمەلىگە (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مۇكاپات بېرىلىدۇ.

20ـ مۇشۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەربىرىگە رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانلىرىدىن بېرىمىز. رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانى (دۇنيادا ھېچكىمگە) چەكلەنگەن ئەمەس.

21ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن. ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر تېخىمۇ چوڭ ۋە (ئۇنىڭدىكى)

ئۈستۈنلۈك تېخمۇ كاتتىدۇر.

22_ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ، ئەيىبلەنگەن ۋە خارلانغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىسەن.

### ◄ تەپسىرى

كىمكى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىراپ، پۈتۈن ھىممىتىنى ۋە بارلىق ئارزۇ_ئارمانلىرىنى بۇ دۇنيالىقلا بېغىشلايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەرمەيدۇ، بەلكى ئۆزى خالىغان ئادەمگە ئۆزى خالىغىنىنى بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە شۇنى جاكارلايدۇكى، ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ تىلىگەنلىرىنى مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدا بېرىدۇ: بىرى، بەندە مەيلى قانچىلىك كۆپ نەرسىنى تىلىسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزى ئىرادە قىلغانىنى بېرىدۇ، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا بېرىدىغىنىنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، تىلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بەرمەيدۇ، بەرگەنلەرگىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بەرمەيدۇ.

مەلۇمكى، ۋاقىتلىق نەق مەنپەئەتلەرگە ئالدىرايدىغان ۋە بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيالىقنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان، بارلىقىنى شۇنىڭغا ئاتايدىغان ئادەملەر ماتېرىيالىزم ئېقىمىدىكى ئادەملەردۇر. چۈنكى، ماتېرىيالىزمچىلار بۇ دۇنيالىقتىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ، ئۇلار بارلىق بەخت_سائادەتنى ماددىدىنلا كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىياتلاردىن ھېچبىر نېسىۋىسى يوقتۇر. ئەمما ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى قانچىلىك كۆپ تىلىسىمۇ، قانچىلىك بەك ئارزۇ قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزى خالىغىنىنىلا بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئۇلارنىڭ تىلىگەنلىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاچكۆزلۈك بىلەن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەستىن، ماددىي ۋە مەنىۋى يوقسۇللۇقتا ئۆتىدۇ.

دۇنيالىقنىلا سۆيىدىغان ۋە بارلىق قىممەت قارىشىنى ماددا بىلەنلا ئۆلچەيدىغانلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئاچكۆزلۈك، ناشۈكۈرلۈك ۋە تويماسلىقنىڭ ئوتىدا پۇچۇلۇنۇپ، بەختسىزلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرگەنلىكى سىرتىدا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئەمما پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ كەتمەيدىغان، پۈتۈن ھىممىتىنى دۇنيالىققا بېغىشلىمايدىغان، ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن ئاخىرەتلىكىنى كۆزلەيدىغان، دۇنيالىقنىمۇ قولدىن بەر-مەيدىغان، ئاخىرەتلىككىمۇ سەل قارىمايدىغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا، ھەر ئىككى ئالەملىك قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئورۇندايدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگىدۇر، ئۇلارغا قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ.

قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشىدا ئاخىرەتلىكنى ئويلايدىغان، دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويمايدىغان، دۇنيالىقتىن ئېرىشكەنلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان، دۇنيالىقتىن مەھرۇم قالسا ياكى تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمىسە، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان قىسمەتكە رازى بولۇپ، سەۋر قىلىدىغان مۆئمىنلەر راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولغۇچىلاردۇر.

تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ:

1. ئاخىرەتلىكنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئالدى بىلەن ئاخىرەتلىكنى كۆزلەش، دۇنيالىققا كۆڭۈلدىن بېرىلىپ كەتمەسلىك.

2. رىيادىن، ماختىنىشتىن، سەممىيەتسىزلىكتىن ۋە پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن خالىي بولغان ھالدا، مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش.

3. ھەر ئىشتا ئىخلاسنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش، مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ئىش بولسۇن، قانداقلا بىر ئىشنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانى رازى ۋە مەمنۇن قىلىش نىيىتى بىلەن قىلىش.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، بىز دۇنيالىقنى تىلەيدىغانلار بىلەن ئاخىرەتلىكنى تىلەيدىغانلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ نىيىتىگە ۋە تىرىشچانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىمىز، ئۇلارنى كەڭ رىزقىمىز بىلەن تەمىنلەيمىز. رەببىڭنىڭ ئاتا-ئېھسانلىرى ھېچكىمگە توسۇقلۇق ئەمەس، رەببىڭ خالىسا، ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئېھسانلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ ئىنسانلارنى رىزىق ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدە بىر خىل قىلمىغانلىقىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئارتۇق قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن. ئاخىرەتتە بولسا رەببىڭ تەرىپىدىن ياخشىلارغا ئاتا قىلىنىدىغان ئىسىل جەننەتلەرنىڭ ۋە ھەر خىل مۇكاپاتلارنىڭ دەرىجىلىرى بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تولىمۇ كاتتا بولىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتلەردىكى دەرىجىلىرى شۇنچىلىك پەرقلىق بولۇپ، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەر بىلەن ئاسماندەكتۇر. بىر ھەدىستە: «إِنَّ أَهْلَ الْجَنَّةِ يَتَرَاءَوْنَ أَهْلَ الْغُرَفِ مِنْ فَوْقِهِمْ ، كَمَا يَتَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ الدُّرِّيَّ الْغَابِرَ فِي الْأُفُقِ» يەنى «جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرگە ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرگە كىرگەن كىشىلەر خۇددى ئۈپۈقتا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇز كۆرۈنگەندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ»[1] دەپ كەلگەن. بۇ جەننەت دەرىجىلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن قانچىلىك پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن ھەدىستۇر.

بىر كۈنى ئەبۇ سۇفيان قاتارلىق ئابرۇيلۇق كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا يوقسۇل مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئۆيىگە كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا، ئۆمەرنىڭ بىلال، سۇھەيب قاتارلىق يوقسۇل ساھابىلەرنىڭ ئاۋۋال كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇ سۇفيان قاتارلىق ئەرەب كاتتىباشلىرىغا بۇ ئىش ئېغىر كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن سۇھەيل ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇلار ئۆمەرنىڭ ئالدىغا بىزدىن بۇرۇن كىردى، ھەممىمىز ئىسلامغا دەۋەت قىلىنغان چېغىمىزدىمۇ، ئۇلار ئىسلامنى بىزدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغان ۋە بىز ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغان ئىدۇق. ئۆمەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەرق بۇنچىلىك بولغان يەردە، ئاخىرەتتىكى پەرقىمىز قانداق بولار؟ ئەگەر سىلەر ھازىر ئۆمەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بۇ كەمبەغەللەر بىزدىن ئىلگىرى كىلىۋاتىدۇ، دەپ قىزغانساڭلار ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپاتلىرى ئۈچۈن قانچىلىك قىزغىنىپ كېتەرسىلەر؟ جەننەتتىكى مۇكاپاتلار ناھايىتى كۆپ ئەمەسمۇ؟!»[2].

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 119-بەت، 3256-ھەدىس.

[2] «تفسير التحرير والتنوير» 20-توم، 217-بەت، «التفسير الواضح» 2-توم، 363-بەت.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتلىك ياكى بەختسىز بولۇش ئىمان ۋە ئەمەلگە باغلىقتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتتۇۋەتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

2. دۇنيا تىرىكچىلىكى تىجارەت، دېھقانچىلىق، ھۈنەر-كەسىپ قاتار-لىقلار بىلەن بولغىنىدەك، ئاخىرەتنىڭ تىرىكچىلىكى ئىمان، تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئېھسانى مەلۇم كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان ۋە ئاسىيلىق قىلغان بارلىق مەخلۇقاتنى رىزىقلاندۇرىدۇ، كاپىرنىمۇ، مۇئمىننىمۇ بۇ دۇنيادا رىزىقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى ئىنئاملار ۋە مۇكاپاتلار پەقەت مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر.

4. ئاللاھ تائالا بەرگەننى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، ئاللاھ تائالا بەرمىگەننى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ.

5. ئاللاھ تائالاغا ئېتىقادتا ياكى ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ جايى دوزاختۇر.

### ◄ ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرى

﴿ وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنًاۚ إِمَّا
يَبۡلُغَنَّ عِندَكَ ٱلۡكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوۡ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفّٖ وَلَا
تَنۡهَرۡهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوۡلٗا كَرِيمٗا ﴿٢٣﴾ وَٱخۡفِضۡ لَهُمَا جَنَاحَ ٱلذُّلِّ مِنَ
ٱلرَّحۡمَةِ وَقُل رَّبِّ ٱرۡحَمۡهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرٗا ﴿٢٤﴾ رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَا
فِي نُفُوسِكُمۡۚ إِن تَكُونُواْ صَٰلِحِينَ فَإِنَّهُۥ كَانَ لِلۡأَوَّٰبِينَ غَفُورٗا ﴿٢٥﴾
وَءَاتِ ذَا ٱلۡقُرۡبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلۡمِسۡكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرۡ تَبۡذِيرًا
﴿٢٦﴾ إِنَّ ٱلۡمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخۡوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِۖ وَكَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لِرَبِّهِۦ
كَفُورٗا ﴿٢٧﴾ وَإِمَّا تُعۡرِضَنَّ عَنۡهُمُ ٱبۡتِغَآءَ رَحۡمَةٖ مِّن رَّبِّكَ تَرۡجُوهَا
فَقُل لَّهُمۡ قَوۡلٗا مَّيۡسُورٗا ﴿٢٨﴾ وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا

تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ فَتَقۡعُدَ مَلُومٗا مَّحۡسُورًا ﴿٢٩﴾ إِنَّ رَبَّكَ يَبۡسُطُ
ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿٣٠﴾ وَلَا
تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ خَشۡيَةَ إِمۡلَٰقٖۖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُهُمۡ وَإِيَّاكُمۡۚ إِنَّ قَتۡلَهُمۡ
كَانَ خِطۡـٔٗا كَبِيرٗا ﴿٣١﴾ وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلزِّنَىٰٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَسَآءَ
سَبِيلٗا ﴿٣٢﴾ وَلَا تَقۡتُلُواْ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّۗ وَمَن قُتِلَ
مَظۡلُومٗا فَقَدۡ جَعَلۡنَا لِوَلِيِّهِۦ سُلۡطَٰنٗا فَلَا يُسۡرِف فِّي ٱلۡقَتۡلِۖ إِنَّهُۥ
كَانَ مَنصُورٗا ﴿٣٣﴾ وَلَا تَقۡرَبُواْ مَالَ ٱلۡيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ
حَتَّىٰ يَبۡلُغَ أَشُدَّهُۥۚ وَأَوۡفُواْ بِٱلۡعَهۡدِۖ إِنَّ ٱلۡعَهۡدَ كَانَ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٤﴾
وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ إِذَا كِلۡتُمۡ وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ ٱلۡمُسۡتَقِيمِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ
وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلٗا ﴿٣٥﴾ وَلَا تَقۡفُ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۚ إِنَّ ٱلسَّمۡعَ
وَٱلۡبَصَرَ وَٱلۡفُؤَادَ كُلُّ أُوْلَٰٓئِكَ كَانَ عَنۡهُ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٦﴾ وَلَا تَمۡشِ فِي
ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًاۖ إِنَّكَ لَن تَخۡرِقَ ٱلۡأَرۡضَ وَلَن تَبۡلُغَ ٱلۡجِبَالَ طُولٗا ﴿٣٧﴾
كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ مَكۡرُوهٗا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ مِمَّآ أَوۡحَىٰٓ
إِلَيۡكَ رَبُّكَ مِنَ ٱلۡحِكۡمَةِۗ وَلَا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتُلۡقَىٰ فِي
جَهَنَّمَ مَلُومٗا مَّدۡحُورًا ﴿٣٩﴾ أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ
ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمٗا ﴿٤٠﴾ وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي
هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِيَذَّكَّرُواْ وَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا نُفُورٗا ﴿٤١﴾

### تەرجىمىسى

23-رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىق ۋە خىزمەتلەرنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئەگەر سېنىڭ يېنىڭدا ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى قېرىلىق يەتكەن بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك كەپىنمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.

24ـ ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر، مۇلايىم بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەندەك، سەن ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن.

25ـ رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ داۋاملىق تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى مەغ-ـپىرەت قىلغۇچىدۇر.

26ـ تۇغقانغا، مىسكىنگە، (ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرغا (خەير ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى كېرەكسىز يەرگە) بۇ-زۇپ ـ چاچمىغىن.

27ـ چۈنكى، بۇزۇپ ـ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان رەببىگە قارىتا تولىمۇ تۇزكوردۇر.

28ـ ئەگەر (سەن بىر نەرسە بېرىدىغان شارائىتتا بولمىغانلىقتىن، ئۇ موھتاجلارنى) قۇرۇق قول قايتۇرماقچى بولساڭ، رەببىڭدىن كۈتۈۋاتقان رەھمەت (رىزىق)نى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن.

29ـ (بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (چېكىدىن ئا-شۇرۇۋېتىپ) قولۇڭنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتمىگىن، (بولمىسا) مالامەتكە، پۇشاي-ـمانغا قالىسەن.

30ـ شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. چۈنكى، رەببىڭ بەندىلىرىنى (ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

31ـ كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار[1]. ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. شەكسىزكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر.

32ـ زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.

33ـ ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار، (قىساس ئېلىشقا ئوخشاش) ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنىغا تولۇق ھوقۇق بەردۇق. ئۇ قىساس ئېلىشتا چەكتىن ئاشمىسۇن. ئۇ (قىساس ئېلىشتا ئاللاھ تەرەپتىن)

---

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەرەبلەر نامراتلىقتىن ياكى قىزلىرىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆزلىرىنى نومۇسقا قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، قىزلىرىنى كىچىك چېغىدىلا تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋېتەتتى.

ھەقىقەتەن ياردەمگە ئېرىشكۈچىدۇر.

34ـ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە يېقىنلاشماڭلار، بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن) ئەڭ ئۈيغۇن ئۇسۇلدا يېقىنلىشىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، (قىيامەتتە) ئەھدىنىڭ سورىقى بار.

35ـ سىلەر (كىشىلەرگە) ئۆلچەپ بەرگەن ۋاقتىڭلاردا تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىڭلار. بۇنداق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

36ـ ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمىگىن. چۈنكى، قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ.

37ـ سەن زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى، سەن (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە غادايساڭمۇ) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن.

38ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ ئىشلاردۇر.

39ـ بۇلار رەببىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن.

40ـ ئەجەبا، رەببىڭلار سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟[1] شەكسىزكى، سىلەر ئېغىر بىر سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر.

41ـ شەكسىزكى، ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا (ھەر خىل مەزمۇنلارنى) تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق، بىراق بۇ ئۇلارغا (ھەقىقەتتىن) تېخىمۇ يىراقلىشىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايۋاتىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسۇش بىلەن باشلىنىپ، ئاتا ـ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ۋە ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇغان.

[1] بۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى دېگۈچىلەرگە قارىتىلغان.

بۇ ئايەتلەر ئىككى چوڭ ھەقنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقنى ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئادا قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقنى ئۇلارغا قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل خىزمەت قىلىش بىلەن ئادا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى ھەق ئىنسانىنىڭ ئۇستىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ چوڭ ھەقلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ياراتقان زات، ئاتا-ئانا بولسا بىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاخىردا، بۇ بايانلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ سۈپەتلىشىنىڭ يامانلىقى، «قۇرئان كەرىم»گە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشنىڭ ئەدەپسىزلىكى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

بۇ ئايەتلەر پەرزەنتلەرنىڭ قانداقلا شارائىتتا بولسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي بولسۇن، ياكى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، ياكى غەم - قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا - ئانىلىرىغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا «قۇرئان كەرىم» بەزى ۋاقىتلاردا پەرزەنتلەرنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئاددىي سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئاتا - ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارغا قوللىرىدىن كەلگەن پۈتۈن خىزمەتلەرنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئاتا-ئانىسىغا بولغان سەممىي ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

﴿إِحۡسَـٰنًاۚ﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش»، «مۇكەممەل قىلىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ﴿ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر﴾

[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿إِحْسَٰنًا﴾ دېگەن سۆز «ئاتا-ئانىغا ۋايىغا يەتكۈزۈپ خىزمەت قىلىش»،ۋە «ئاتا-ئانىنى رازى قىلىش يولىدا جان-دىل بىلەن ئىشلەش» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئالدىمىزغا ھېچقايسىمىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ كىيىمى ئاپئاق، چېچى قاپقارا ئىدى، ئۇ ئۇزۇن يولدىن كەلگەندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چاپلاپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، ‹ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىسلام – ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى سوراپ يەنە ئۆزىنىڭ تەستىقلىغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن ‹ئىمان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىمان– ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق – يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. ئاندىن ‹ئېھسان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئېھسان – ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹قىيامەت قاچان بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بەك مەلۇماتلىق ئەمەس› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالىڭاياق پادىچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولۇشىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] سەجدە سۈرىسى7-ئايەت.

بىرئاز ئۇلتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ‹ئى ئۆمەر! مەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى› دېدى»[1].

دېمەك، مۇكەممەل ئورۇنداش، قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن ۋە دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسى بولغان «ئېھسان»نى «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش پەرزدۇر. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَـٰنًا ۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە ياردەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددىي مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

مەسىلەن: سىز بىرسىگە بەدەلسىز ھالدا بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما سىز ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىزمىتىنىڭ ياكى ياخشىلىقىنىڭ يۈزىسىدىن بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىز، بەلكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىز. ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. بۇ خالىسانە ياردەم ياكى خەير-ئېھسان تەرىقىسىدىكى بىر ياخشىلىق ئەمەس.

بۇ ئايەتلەر«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن

---

[1] «صحيح مسلم» 1- توم، 39- بەت، 9- ھەدىس.

كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ھەر تەرەپتىن جاھىلىيەت قاپلاپ كەتكەن، بىھۇدە قان تۆكۈش، زىنا-پاھىشە قىلىش، ھاراق ئىچىش، جازانە قىلىش قاتارلىق پۈتۈن قەبىھ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى قىلىنىغانىنىڭ سىرتىدا، بىگۇناھ نارەسىدە قىز باللارنى نومۇستىن ۋە پېقىرلىقتىن قورقۇپ يەرگە تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك جىنايەتلەر سادىر بولۇپ تۇرىدىغان، ئەڭ قالاق، ئىلىم-مەرىپەتتىن يىراق بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاندىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەردۇر.

مۇشۇنداق بىر قالاق جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئوقۇش ۋە يېزىش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، بىرەر مۇئەللىمدە ئوقۇپ بىلىم ئالمىغان بىر شەخس ئۆزلۈكىدىن بۇنداق ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، دىللارنى يۇمشى،-،تىدىغان، قەلبلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ھەرقانداق بىر يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ھېكمەتلىك ۋە مۆجىزىلىك بىر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ھازىرقى ئىلىم-پەن ۋە ئۈچۈر دەۋرىدە دۇنيانىڭ پەيلاسوپلىرى ۋە ئالىملىرى بىرلىشىپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەسىس قىلغان ئۈلگىلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن بىرەرسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئەلۋەتتە ئاجىزدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىلىم-مەرىپەتتىن تامامەن يىراق بىر جەمئىيەتتە ياشىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدىن مۇنداق بىر ئېسىل جەمئىيەتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟!

بۇ ئايەتلەر ئالدى بىلەن كىشىلەرنى تەۋھىد ئېتىقادىغا چاقىرىش بىلەن باشلانغان. تەۋھىد - ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## ◄ تەۋھىد

﴿لَّا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَقۡعُدَ مَذۡمُومٗا مَّخۡذُولٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئەيىبلەنگەن ۋە خارلانغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىسەن﴾[1].

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 22- ئايەت.

بۇ خىتاب كۆرۈنۈشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلغان بىلەن، ماھىيەتتە ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان ئومۇمىي خىتابتۇر. مەنىسى: سېنى ياراتقان ۋە ساڭا رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ رەببىڭگە مەيلى ئېتىقادتا، مەيلى ئىبادەتتە، مەيلى دۇئادا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ بىرلا ئىلاھتۇر! ئۇ يالغۇز ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر! ئەگەر سەن ساختا ئىلاھلاردىن بىرەرسىنى رەببىڭگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنساڭ ياكى ئۇنىمۇ رەببىڭ قىلغان ئىشلارنى قىلالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلساڭ، ئۇ چاغدا سەن رەببىڭنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ لەنىتىگە ھەم نەپرىتىگە ئۇچرىغان، رەببىڭنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان ۋە خورلانغان ھالدا دوزاخقا تاشلىنىپ، شۇ جايدا مەڭگۈ قالىسەن. ئۇ چاغدا ساڭا سەن چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىڭ ھەرگىز ياردەم قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ساختا ئىلاھلارنىڭ ھېچقايسىسى كىشىلەرگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. رەببىڭ ئىبادەتنى پەقەت ئۆزىگىلا قىلىشىڭلارنى پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمە قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالمايدۇ.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىققا ئىگە يېگانە پادىشاھتۇر، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، مەخلۇقاتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش

﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ ٱلْكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ يەنى ﴿رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئەگەر سېنىڭ يېنىڭدا ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسىگە قېرىلىق يەتكەن بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾.

ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتا-ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن كۆيۈنۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى

پەرز قىلدى. بۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن قالسا ئەڭ مۇھىم ئەمەلدۇر. چۈنكى، ئاتا-ئانا ئىككىسىدە بارچە مۇھەببەتنىڭ ۋە مېھرى-بانلىقنىڭ سەۋەبلىرى تېپىلىدۇ. نورمالدا ئىنسانلارنى بىر-بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، يېقىنلىق، سېخىيلىق، مەردلىك، پىداكارلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىدا تېپىلىدۇ. سىزگە سىزدىن ھېچبىر بەدەل ياكى مەنپەئەت كۈتمەستىنلا چىن سۆيگۈسىنى بېغىشلايدىغان، سىزنى دەپ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىدىغان، سىز ياردەمگە ۋە مېھىر-شەپقەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىڭىزدا سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولۇپ، سىزگە مۇھەببىتىنى ۋە ياردىمىنى ئاتايدىغان كىشىلەر سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزدۇر. دۇنيادا سىزنى ئاتا-ئانىڭىزدەك سۆيىدىغان ھېچبىر ئىنسان يوق! ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىنمۇ بەك تېگىشلىك كىشىلەر بارمۇ دۇنيادا؟ يوق!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىشىدىكى ھېكمەت مانا بۇ يەردە. يەنە بىر ئايەتتە ﴿أَنِ ٱشۡكُرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيۡكَ﴾ يەنى ﴿ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾[1] دەپ كەلگەن. مەلۇمكى، سىزنىڭ جىسمىڭىز ئاتا-ئانىڭىزدىن، روھىڭىز ئاللاھ تائالادىندۇر. چۈنكى، جىسمىڭىز ئاتىڭىز بىلەن ئانىڭىزدىن كەلگەن ئىسپېرمىدىن تۆرىلىپ چوڭايغان بولسا، روھىڭىز، جېنىڭىز ئاللاھ تائالادىن بېرىلگەن سوۋغاتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بارلىق پەرزلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي جىھادقا چىقمەن دەپ كەلگەن بىر يىگىتنى قايتۇرۇۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا «فَفِيهِمَا فَجَاهِدْ» يەنى «سەن بېرىپ ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئارقىلىق جىھادنىڭ ساۋابىنى تاپقىن»[2] دېگەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاتا-ئانىڭىزغا كۆيۈنۈپ، قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش سىزنىڭ باش تارتالمايدىغان بۇرچىڭىزدۇر. بۇ پۈتۈن ئەھۋاللاردا شۇنداق. ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىشنىڭ ئىبادەت بىلەن بىر ئورۇندا بايان قىلىنغانلىقى بۇ ئىشنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتا-ئانىغا ھەر ۋاقىت

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 14-ئايەت.

[2] «السنن الصغرى للنسائي» 6-توم، 10-بەت، 3103 -ھەدىس.

چىرايلىق، سىلىق، مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك سۆز قىلىش، ۋايىغا يەتكەن مېھرىبانلىق ۋە ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش پەرزدۇر. ئۇلارنى دۇشكەلەش، سىلكىۋېتىش، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىش، زېرىككەنلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ئۇلارنى رەنجىتىش ۋە ئەدەپسىزلىك قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. بولۇپمۇ ئۇلار ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇلارغا تېخىمۇ سىلىق، تېخىمۇ مۇلايىم ۋە تېخىمۇ مېھرىبان بولۇش زۆرۈردۇر. چۈنكى، قېرىلىقنىڭ ھەمراھى ئاجىزلىقتۇر. ئادەم ياشانغانسېرى تەن جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ بارىدۇ، كۆڭلى نازۇك ۋە گەپ كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كېيىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر﴾[1].

﴿ئەگەر سېنىڭ يېنىڭدا ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسىگە قېرىلىق يەتكەن بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى مەنئى ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىغىلا خاس ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھاللاردا ئۇلارغا قوپاللىق قىلىش، ئەدەپسىزلىك قىلىش ۋە زېرىككەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان «ئوف!» دېگەن سۆزگە چاغلىق سۆزنى قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى قاقشاتقانلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

﴿ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر، مۇلايىم بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيەلىگەندەك، سەن ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن﴾ يەنى ئۇلارغا ۋايىغا يەتكەن ئەدەپ-ئەخلاق، ۋايىغا يەتكەن ھۆرمەت-ئىھتىرام بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا ئەڭ كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە خۇددى ئۇلار كىچىك ۋاقتىڭدا ساڭا كۆيۈنۈپ قىلمىغىنى قالمىغاندەك، سەنمۇ بارلىق مۇكەممەل خىزمەتلەرنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغىنىڭ سىرتىدا، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلىگىن،

[1] رۇم سۈرىسى: 54-ئايەت.

ئۇلارغا رەببىڭدىن رەھمەت تىلىگىن. قىسقىسى، ئاتا-ئاناڭ سېنى كىچىك ۋاقتىڭدا كۆيۈنۈپ باغرىغا باسقاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى باغرىڭغا باسقىن. بۇ يەردە ئاتا-ئانا ھەققىدە دۇئا قىلىشقا بۇيرۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئىنسان ئاتا-ئانىسىغا قانچىلىك كۆپ خىزمەت قىلسىمۇ، ئۇلارنى قانچىلىك ئوبدان باقسىمۇ، قانچىلىك كۆپ خۇشال قىلسىمۇ، بەربىر ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى تۆلىنىپ بولالمايدىغان مۇقەددەس ھەقتۇر. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق، مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلىسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزى رازى قىلىدۇ ۋە بىزدىنمۇ رازى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى بۇ تەۋسىيەلەر ھەقىقەتەن تەننى تىترىتىدىغان، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان، دىلنى يۇمشىتىدىغان ئەڭ ئېسىل ئۇسلۇبتا ئەڭ تەسىرلىك بايان قىلىغان.

﴿رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ داۋاملىق تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەت بىزگە شۇنى تەلىم بېرىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەر ئىشتا ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ نىيىتىگە قارايدۇ. كۆڭلىدە ئاتا-ئانىسىغا ئاسىيلىق ياكى تۈزكورلۇق بولماستىن، پەقەت ئىختىيارسىز ياكى ئۆزى ھېس قىلمىغان ھالدا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويغانلارنىڭ قەلبىدىكىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئەگەر مۇنداق كىشىلەر قىلغان-ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلسا، شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### ◄ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە مۇساپىرلارنىڭ ھەققى

﴿وَءَاتِ ذَا ٱلْقُرْبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلْمِسْكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ﴾ يەنى ﴿تۇغقانغا، مىسكىنگە، (ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرغا (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن﴾.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان بولسىمۇ، بۇ خىتابتىكى ئەمر-پەرمانلار پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان. ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش مەسىلىسى«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە تەكىتلەنگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان. «قۇرئان

كەرىم»دېگەن بۇ بۇيرۇق پەرزنى ئىپادىلەمدۇ ياكى مۇستەھەبنىمۇ؟ ئايەتتىكى «ئۇرۇق-تۇغقان» دېگەن ئىبارە قېرىنداشلارنىلا ئىپادىلەمدۇ ياكى تاغىلارنى ۋە تاغىلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئىپادىلەمدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلار بار.

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى بۇيرۇقتىن پەرز ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېقىشى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى پەرزدۇر. ئەگەر قول-ئىلكىدە بولسا ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ تۇرۇشى پەرزدۇر. ئىمام شافىئىي بولسا ئايەتتىكى بۇيرۇق رايىدىن مۇستەھەپ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بالىلىرىدىن باشقىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرز ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەر ئىككى ئىمام ئاتا-ئانىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئايەتتىن مەلۇمكى، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش پەرزدۇر. ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەن ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش بىلەنلا بولماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىن مەنپەئەت يەتكۈزۈش بىلەنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ۋە غەمكىنلىكىگە ھەمنەپەس بولۇش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش قاتارلىقلاردۇر. ئەمما جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارغا، باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىش مۇستەھەپ ئەمەللەردىن سانالسىمۇ، ساۋابى چوڭ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قىممىتى يۇقىرى ئەمەلدۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يوقسۇللارغا، يېتىملەرگە ۋە ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا خەير-ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسراپخورلۇقتىن، بۇزۇپ-چېچىشتىن توسقان ۋە بۇ ئىككىسىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

### ◄ ئىسراپخورلۇق

﴿وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ۝٢٦ إِنَّ ٱلْمُبَذِّرِينَ كَانُوٓا۟ إِخْوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِ ۖ وَكَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ لِرَبِّهِۦ كَفُورًا﴾ يەنى ﴿(پۇل-مېلىڭنى كېرەكسىز يەرگە) بۇزۇپ- چاچمىغىن. بۇزۇپ-چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان رەببىگە تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلغان ئىدى﴾.

ئىسلام دىن ۋە دۆلەت، ئەقىدە ۋە ئەمەل، پىكىر ۋە نىزام، گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دىنىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسراپچىلىقتىن توسۇپ، ئىقتىسادچانلىقىقا بۇيرۇشىدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار. يەنە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسراپخورلارنى ۋە پۇل -مالنى بۇزۇپ - چاچقۇچىلارنى «شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئىسراپچىلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قانچىلىك يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئايەت ئىسراپخور ئادەمنىڭ خۇددى شەيتانغا ئوخشاش گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، شەيتان ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ كاپىر بولغانغا ئوخشاش، ئىسراپخور ئادەممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان گۇناھكار ئادەمدۇر.

مۇسۇلمان ئادەم قولىنىڭ قىسقىلىقى سەۋەبلىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، يوقسۇللارغا ۋە ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلالمىسىمۇ، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش، تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشى كېرەك. بۇنى قىلاي دېگەن ئادەم ئەلۋەتتە قىلالايدۇ. بۇنى قىلالماسلىقتا ئۆزرە يوق.

### ◄ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش

﴿وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ فَتَقۡعُدَ مَلُومٗا مَّحۡسُورًا﴾ يەنى ﴿(بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ) قولۇڭنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتمىگىن، (بولمىسا) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴾.

بۇ پۇل-مالنى سەرپ قىلىشتا ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چاچماي، بېخىللىق قىلىپ چىڭ تۇتۇۋالماي، نورمال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەت بولۇپ، چىقىم قىلماي تۇرۇۋالغان ئادەم خۇددى قولى باغلىنىپ قالغانلىقتىن ھېچ ئىش قىلالمىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان، ئىسراپخور ئادەم پۇل-مېلىنى ئوڭ-سول ھەر تەرەپكە بۇزۇپ چاچقانلىقتىن خۇددى قولىنى ھەر تەرەپكە قويۇۋەتكەنلىكتىن قولىدا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان.

ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر. ئىسراپخورلۇق بىلەن بېخىللىق سۆكۈلىدىغان يامان ئادەت بولۇپ، بۇ

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىش كۆرۈش دىن ۋە ئەقىل تەرەپتىن ماختىلىدىغان ئەخلاقتۇر. بېخىل ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قىممىتى يوق ئادەم بولغىنىدەك، ئىسراپخور ئادەممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەيىبلىنىدىغان ئادەملەردۇر.

ھازىرقى غەرب دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنى باي قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىقتىسادچانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسلامنىڭ ئىقتىساد تۈزۈمى بىز مۇسۇلمانلارنى باياشاتلىق تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

رەببىڭ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى - ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى، قابىلىيىتى، بىلىم سەۋىيەسى ۋە تەجرىبىسىدىن قەتئىينەزەر-كەڭ قىلىدۇ. خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَلَوْ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزْقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوْاْ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ بِقَدَرٍ مَّا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرُۢ بَصِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىقنى كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە (يەر يۈزىدە) ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. لېكىن، (ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى) ئۆزى خالىغان مىقداردا چۈشۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)دىن تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## ◄ قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ھاراملىقى

﴿وَلَا تَقْتُلُوٓاْ أَوْلَٰدَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَٰقٍۖ نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْۚ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْـًٔا كَبِيرًا﴾ يەنى ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، شەكسىزكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر﴾.

ئىسلام دىنى ئۈرۈش ئېلان قىلغان جاھىلىيەت ئادەتلىرىدىن بىرى بەزى ئەرەبلەرنىڭ پېقىرلىقتىن ياكى نومۇستىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نارەسىدە قىز باللىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمۈۋېتىشى ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرنى بۇ يامان ئادەتتىن توسۇشتا ﴿ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رىزقىنى بىز بېرىمىز﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەقلىنى ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلغان ۋە رىزىق ماۋزۇسىدا ئاللاھ تائالاغا شەكسىز

[1] شۇرا سۈرىسى: 27-ئايەت.

ئىشىنىشى لازىملىقىنى جاكارلىغان. چۈنكى، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. يەنە بىر ئايەتتە ﴿وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُم مِّنۡ إِمۡلَٰقٖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُكُمۡ وَإِيَّاهُمۡۖ﴾ يەنى ﴿نامراتلىق تۈپەيلىدىن بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىمىز﴾[1] دېگەن. ئالدىنقى ئايەتتىكى خىتاب كەمبەغەللىكتىن قورققۇچىلارغا قارىتىلغانلىقتىن، ﴿ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ﴾ دەپ بالىلارغا رىزىق بېرىشنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كەمبەغەللىكنىڭ قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلغان. كېيىنكى ئايەتتىكى خىتاب كەمبەغەللەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقتىن، ﴿سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ﴾ دەپ ئۇلارغا رىزىق بېرىشنى بالىلارنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاچ-يالىڭاچ قېلىشنىڭ قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلغان. شەكسىزكى، بالىلارنى پېقىرلىق ياكى نومۇس قورقۇنچىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قانداقلا بىر سەۋەب بىلەن ئۆلتۈ-رۈشنىڭ ئۆزى چوڭ جىنايەت ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

تۆرەلمىگە جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلغانلىقتۇر. تۆرەلمىگەن قاچان جان كىرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرگە ۋە ھازىرقى زامان مۇسۇلمان مەدەنىيەتشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىغا تايىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسپېرما بالىياتقۇغا كىرىپ، 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان كىرىدۇ. بىراق مەزكۇر 40 كۈن ئۆتۈپ قانچە كۈندىن كېيىن جان كىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق كېسىپ ئېيتالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاندىن ئۇنى بېجىرىم (ئىنسان) قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى (ياراتقان) روھتىن پۈۋلىدى (يەنى جان كىرگۈزدى)﴾[2] دېگەن ئايەتتىن، تۆرەلمە ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىلىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە ئىنفىتار سۈرىسىدىكى ﴿ٱلَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ﴾ يەنى ﴿سېنى يارىتىپ، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلغان...﴾ [3] دېگەن ئايەتكە ئاساسلانغاندا، تۆرەلمىگە سەككىز ھەپتە بولغاندا جان كىرىپ بولىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشنى كۈچ-

[1] ئەنئام سۈرىسى151-ئايەت.

[2] سەجدە سۈرىسى9-ئايەت

[3] ئىنفىتار سۈرىسى7-ئايەت

ـلەندۇرگەن»[1].

## ◄ زىنانىڭ ھاراملىقى

﴿وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلزِّنَىٰٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَسَآءَ سَبِيلٗا﴾ يەنى ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾.

ئايەتتە، زىنا قىلىش قەبىھ ئىش ۋە يامان يول دەپ تەرىپلەنگەن. چۈنكى، زىنا دىنىي قانۇنلارغىلا ئەمەس، ئىنسانىي ئەخلاقىمۇ قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قەبىھ قىلمىشتۇر. شۇڭا ئۇنى ھەرقانداق دىن ۋە ھەرقانداق پەلسەپە ۋە ھەرقانداق قانۇن چەكلەپ كەلگەن. زىنا ئائىلىلەرنىڭ ئاياق-ئاستى قىلىنىشىغا، نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە، ئىپپەت-نومۇسنىڭ يوقۇلۇشىغا، ھايا پەردىسىنىڭ يىرتىلىشىغا، ئىناق ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا، بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشىغا، مۇھەببەتنىڭ نەپرەتكە، جەننەت مىسالى ئائىلىلەرنىڭ دوزاخقا ئايلىنىپ كېتىشىگە، جەمئىيەتنىڭ بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان يامان يولدۇر.

ئۆلىمالار دەيدۇكى، ھارام، زىنا ئىشلار ئومۇملىشىشقا باشلىغان مىللەتكە ئاللاھ تائالا شىپاسى تېپىلمايدىغان يامان كېسەللىكلەرنى ئەۋەتىدۇ-دە، ئۇلارنى شۇنىڭ بىلەن جازالايدۇ. زامانىمىزدىكى «ئەيدىز» كېسىلىنى بۇنىڭ مىسالى دېيىشكە بولىدۇ.

زىنا قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقىنى يوقاتقانلار بولۇپ، مۇنداقلار پاك مۇئمىن ئەر ۋە پاك مۇئمىن ئاياللارغا قەتئىي لايىق ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ٱلزَّانِي لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوۡ مُشۡرِكَةٗ وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوۡ مُشۡرِكٞۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ يەنى ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾[2] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى

﴿وَلَا تَقۡتُلُواْ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّۗ وَمَن قُتِلَ مَظۡلُومٗا فَقَدۡ

[1] دوكتور ئابدۇلجەۋۋاد ساۋىي، مەككە مۇكەررەمەدىكى «قۇرئان ۋە سۈننەت مۆجىزىلىرىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارالىق كومىتېتى»نىڭ تور بېتىدىن.

[2] نۇر سۈرىسى: 3-ئايەت.

جَعَلۡنَا لِوَلِيِّهِۦ سُلۡطَٰنٗا فَلَا يُسۡرِف فِّي ٱلۡقَتۡلِۖ إِنَّهُۥ كَانَ مَنصُورٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار، (قىساس ئېلىشقا ئوخشاش) ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنىغا تولۇق ھوقۇق بەردۇق. ئۇ قىساس ئېلىشتا چەكتىن ئاشمىسۇن. ئۇ (قىساس ئېلىشتا ئاللاھ تەرەپتىن) ھەقىقەتەن ياردەمگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾.

ئادەم ئۆلتۈرۈش ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا قارىتا ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغانلىق ۋە ئىلاھىي قانۇنغا قارشى چىققانلىقتۇر. چۈنكى، جاننى بەرگەن زات ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، جاننى ئېلىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىش بىلەن ئۇنى بىنا قىلغان بولسا، قاتىل ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن بۇ ئىنسانلىق بىناسىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ جېنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىنساننىڭ جېنىغا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىگە ئەمەس، ھەتتا ئىنسان ئۆز جېنىغا ئۆزىمۇ ئىگە ئەمەس. شۇڭا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئۆز جېنىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى قەتئىي چەكلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل بۇ يەردە. ئىنسان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بولمىغان يەردە، ئۇ قانداقمۇ باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بولسۇن؟! ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئۆزىنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىپ تۇرىدۇ. باشقىلارنى قەستەن ئۆلتۈرگەن ئادەممۇ قاتتىق گۇناھكار ۋە ئېغىر جىنايەتكار بولىدۇ. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ جازاسى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ ئازابلىنىدۇ.

ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئۆلتۈرگۈچىدىن ئۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ۋەياكى دىيەت ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلتۈرگۈچىنى جازالاشتا ھەددىدىن ئاشماسلىقى، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە زۇلۇم قىلماسلىقى ياكى جاھىلىيەتتىكىلەرگە ئوخشاش بىر مەقتۇل (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچى)نىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماسلىقى بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

## ◄ يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى

﴿وَلَا تَقْرَبُوا۟ مَالَ ٱلْيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُۥ﴾ يەنى ﴿يېتىمنىڭ مال-مۈلۈكىگە يېقىنلاشماڭلار، بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن) ئەڭ ئۈيغۇن ئۇسۇلدا يېقىنلىشىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾.

ئىسلام دىنى بىزنى ئىسلامىي تەلىم-تەربىيە ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئالىي ھىممەتلىك قىلىپ چىقىشقا كېپىلدۇر. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ پۇل-مېلىنى ئورۇنسىز يەۋېلىش ھارام بولسىمۇ، يېتىملەرنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ناھايىتى چوڭدۇر. چۈنكى، يېتىملەر ئادەتتە يار-يۆلەكسىز ۋە چارىسىز كېلىدۇ. مۇنداق چارىسىزلەرنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئورۇنسىز خەجلىۋېلىش تولىمۇ نامەردلىكتۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ گۇناھى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى چوڭ، جازاسى تولىمۇ ئېغىردۇر.

يېتىملەرگە ھامىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان ياكى بىراۋلار تەرىپىدىن ئاتىۋېتىلگەن مال-مۈلۈكىنى ساقلاشقا ئىگە بولغانلارنىڭ خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يېۋېلىشى خۇددى ئوتنى يېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئوت ئۇنى قىيامەت كۈنى كۆيدۈرۈپ قىيناشقا يېتەرلىك ئوتتۇر. ئەمما يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى يوللۇق شەكىلدە قائىدە بويىچە ئۆستۈرۈپ بېرىش ساۋابلىق ئىشتۇر.

## ◄ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿وَأَوْفُوا۟ بِٱلْعَهْدِ ۖ إِنَّ ٱلْعَهْدَ كَانَ مَسْـُٔولًا﴾ يەنى ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، بېرىلگەن ۋەدىنىڭ سورىقى بار﴾.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەڭ يامان رەزىللىكلەردىن بىرى ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، راست سۆزلەش ۋە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەندەك گۈزەل ئەخلاق ئۆرنەكلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىزدە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ۋە نورمال بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، بىزنىڭ دىنىمىز ئىماندىن كېيىنلا ئەخلاققا بۇيرۇيدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راست سۆزلەش

ۋە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش ئىمانىنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئايەتتىكى ﴿بېرىلگەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار﴾ دېگەن ئەمر ئومۇمىي ئەھدىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، مەيلى ئۇ سىز بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بولسۇن، مەيلى سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بەرگەن ئەھدىڭىز بولسۇن، مەيلى سىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بولسۇن، ھەممە ئەھدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ◄ تارازىنى، ئۆلچەمنى توغرا تۇتۇش

﴿وَأَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ إِذَا كِلْتُمْ وَزِنُوا۟ بِٱلْقِسْطَاسِ ٱلْمُسْتَقِيمِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ يەنى ﴿سىلەر (كىشىلەرگە) ئۆلچەپ بەرگەن ۋاقتىڭلاردا تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىڭلار. بۇنداق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ گۈزەلدۇر﴾.

بىزنىڭ دىنىمىز ماددىغا چوقۇنۇشنى ۋە شەخسىيەتچىلىكنى يامان كۆرىدىغان، ھەر ئىشتا ئادالەتلىك، قائىدە-يوسۇنلۇق، ھەققانىي ۋە توغرا بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان ئىلغار دىندۇر. بىر نەرسە ساتقاندا ياكى سېتىپ ئالغاندا تارازىنى، كەمچەكنى، ئۆلچەمنى توغرا تۇتۇش، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، كەم تارتىپ بەرمەسلىك ياكى زىيادە تارتىپ ئېلىۋالماسلىق، ھەققانىي بولۇش قاتارلىقلار ئىمانى كامىل، گۈزەل ئەخلاقلىق مۆئمىن ئادەمنىڭ ئەڭ ئۆبرازلىق سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ھاياتلىقتىكى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تارازىنى دۇرۇس تۇتمايدىغان ساتقۇچى بەرىكەت تاپالمايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن تېزلا چۈشۈپ قېلىپ زىيان تارتىدۇ. ئەمما راستچىل، ئىشەنچلىك ساتقۇچى تارازىنى دۇرۇس تۇتقانلىقى ۋە يالغان سۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈن بەرىكەت تاپىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەم ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قەدىر-قىممەتلىك بولىدۇ، ئاخىرقى ھېساباتتا تۆگىمەس پايدىنى ئالىدۇ، ئىشىدا راۋاج تاپىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ مەسىلىدە بىز مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىمىز. ئۇلاردا ئالدامچىلىق ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئەمما بىزدە بۇ لەنىتى ئالدامچىلىق ھەممە ساھەلىرىمىزدە تولۇق بار. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» بىزنىڭ دەستۇرىمىزدۇر، ئۇ بىزنى بارلىق گۈزەل ئەخلاققا ۋە دۇرۇسلۇققا چاقىرىدۇ.

## ◄ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىچىشنىڭ هاراملىقى

﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌۚ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُوْلَٰٓئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْـُٔولًا﴾ يەنى ﴿ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە. چۈنكى، قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ﴾.

ئىسلام دىنىمىز بىزنى كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىققا، كىشىلەر توغرۇلۇق يامان ئويدا بولماسلىققا، بىلمىگەن ۋە كۆرمىگەن نەرسىنى «بىلىمەن» ۋە «كۆردۇم» دېگەن مەنىدە سۆزلىمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. بىرەر كىشى ھەققىدە بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلگەنگە ئوخشاش سۆزلەش ياكى ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈش تولىمۇ پەسكەش-لىكتۇر ۋە ئۇچىغا چىققان رەزىللىكتۇر.

بىراۋ ھەققىدە يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق ئادەمگە سۆز قىلمايلا ئۇنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ تىلى، كۆزى، پۇت-قولى ۋە بارلىق ئەزالىرى زۇۋانغا كېلىپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ، ئىگىسىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى «بىلىمەن» دېيىش ۋە كۆرمىگەننى «كۆردۇم» دېيىش ھەم يالغانچىلىق ھەم رەزىللىكتۇر.

## ◄ تەكەببۇرلۇقنىڭ يامانلىقى

﴿وَلَا تَمْشِ فِى ٱلْأَرْضِ مَرَحًاۖ إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ ٱلْأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ ٱلْجِبَالَ طُولًا ۝٣٧ كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ مَكْرُوهًا﴾ يەنى ﴿سەن زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى، سەن (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە غادايساڭمۇ) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلە-شەلمەيسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ ئىشلاردۇر﴾.

كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەت روھىي ھالەت بەزى ئادەملەر مۇپتىلا بولىدىغان يامان ئىللەتتۇر. ئەقىللىق ۋە دىيانەتلىك ئادەملەر ھەرگىز كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە يۇقىرى كۆرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلۇقتىن توسۇشتا ئىنساننىڭ چوڭچىلىق قىلىپ، قاتتىق دەسسەپ يەرنى تېشىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ياكى ئېگىزلىك تالىشىپ تاغلارغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. دېمەك، ئىنسان ئۆزىنى

ھەرقانچە چوڭ بىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە چوڭ بولۇپ كېتەلمەيدۇ.

قىسقىسى، بۇيۈكلۈك بىر ئاللاھقىلا خاس بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى تالىشىشقا ئۇرۇنغۇچىلار ئەڭ ئىبرەتلىك ھالدا جازالىنىدۇ ۋە خارلىنىدۇ. بۇ تارىخنىڭ يەكۈنىدۇر. ئۆزىنى مىسىر خەلقىنىڭ ئىلاھى دەۋالغان پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق قىلىنىپ، جەسىتى مۇتەكەببىرلەرگە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن، خۇددى سەجدە قىلغان ئادەمنىڭ شەكلىدە ئېگىلگىنىچە قېتىپ قالغانلىقى ۋە لوندوندىكى تەبىئەت مۇزېيىدا شۇ پېتى ساقلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. پىرئەۋننىڭ بۇنداق قېتىپ قالغانلىقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلمىغان بەدەننى ئاللاھ تائالانىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر مەنزىرىدۇر.

﴿كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ مَكۡرُوهٗا﴾ يەنى ﴿بۇلارنىڭ ھەممىسى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ ئىشلاردۇر﴾.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ۋە دىن بىردەك رەت قىلىدىغان قەبىھ قىلمىشلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ، ساپ تەبىئەتلىك ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە بىردەك يامان كۆرۈلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا توسقان يامان قىلىقلاردۇر.

﴿ذَٰلِكَ مِمَّآ أَوۡحَىٰٓ إِلَيۡكَ رَبُّكَ مِنَ ٱلۡحِكۡمَةِۗ وَلَا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتُلۡقَىٰ فِي جَهَنَّمَ مَلُومٗا مَّدۡحُورًا﴾ يەنى ﴿بۇلار رەببىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن﴾.

ئى پەيغەمبەر! يۇقىرىقى بايانلار رەببىڭ ساڭا ۋەھيى يولى بىلەن بىلدۈرگەن ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. مۇشۇنداق قانۇن-تۈزۈم ۋە مۇستەھكەم ئىنتىزام بىلەن ياشايدىغان جەمئىيەت راستىنلا پەيلاسوپلار ئارمان قىلغان، ئىسلاھاتچىلار خەرىتىسىنى سىزغان، ھازىرقى ئىنسانلار جەمئىيىتى موھتاج بولۇۋاتقان، ئۈلگىلىك ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئەمەسمۇ؟! ئىسلامىي جەمئىيەت ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇشۇنداق بىر ئېسىل جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسان! سەن يېگانە ياراتقۇچى ئىگەڭ

ئاللاھ تائالاغا ساختا مەبۇدلاردىن ھېچبىرىنى شېرىك قىلىۋالمىغىن، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، سەن چوقۇم پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان ھالدا دوزاختا تاشلىنىسەن ۋە دوزاختا خورلىنىپ، ھەمىشە ئۇ يەردە قالىسەن.

ئاللاھ تائالاغا ساختا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىۋېلىشتىن مەنئى قىلىشنىڭ تەكرارلىنىشى تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەۋ-ھىدسىز قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىنمىغان ھېچ قانداق ئەمەل-ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ.

﴿أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمٗا﴾ يەنى ﴿ئەجەبا، ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ شەكسىزكى، سىلەر ئېغىر بىر سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر﴾.

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، شېرىكتىن توسقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەيدىغانلارغا رەددىيە بەرگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوقلۇقىنى قايتا تەكىتلىگەن. مۇشرىك ئەرەبلەر ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىپ، قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلاتتى ۋە «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيتتى. «قۇرئان كەرىم» بۇنداق باتىل سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ۋە ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بۇ يەردە قايتا ئەسكەرتكەن. رەببىڭلار سىلەرگە ئوغۇللارنى بېرىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى سۈپىتىدە ئېلىپ قالدىمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن يامان بوھتان؟ سىلەر ئوغۇللارنى ياخشى كۆرۈپ، قىزلارنى يامان كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن شۇنداق تەقسىماتنى ئويدۇرۇپ چىقتىڭلارمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ناھەق تەقسىمات؟

﴿وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِيَذَّكَّرُواْ وَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا نُفُورٗا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا (ھەر خىل مەزمۇنلارنى) تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق، بىراق بۇ ئۇلارغا (ھەقىقەتتىن) تېخىمۇ يىراقلىشىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايۋاتىدۇ﴾.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ دېدۇكى، بىز ئىنسانلارنى

ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا بۇ «قۇرئان كەرىم»دە تۈرلۈك مەزمۇنلارنى ھەرخىل شەكىل ۋە تۈرلۈك ئۇسلۇبلاردا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. لېكىن بۇ قىلغانلىرىمىز كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقەتتىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىشىگە، تېخىمۇ تەرسالىق قىلىشىغا ۋە يەر يۈزىدە تېخىمۇ چوڭلۇق قىلىشىغا سەۋەب بولۇشتىن باشقىسىغا يارىمايۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ جازاسى قىزىتىلغان ئوتتىن ئىبارەت بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىشتۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئۆزىنى ياراتقان ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ياراتقۇچىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئاندىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتۇر.

2. ئاللاھ تائالادىن ئاتا-ئانىسىغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەش ھەربىر پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

3. ھەر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىش ۋە كۆڭۈلدە ھېچبىر مۇسۇلمانغا قارىتا يامانلىق ساقلىماسلىق مۇئمىنلىكنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

4. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ياكى ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغۇچە ئوچۇقتۇر. سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ تەۋبىسى ۋە ئېيتقان ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

5. ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ، يوقسۇل-لارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارغا ماددىي ياردەمدە بولۇش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

6. ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش مۇسۇلماننىڭ شوئارىدۇر. پۇل-مالنى ھارام يوللارغا خەجلەش ئىسراپخورلۇقنىڭ ئەڭ يامان تۈرىدۇ.

7. ھاجەتمەنلەرگە بېرىش ئۈچۈن ھېچنەرسە تاپالمىغان ئادەمنىڭ ئۇلارغا چىرايلىق سۆز بىلەن تەسەللى بېرىشى سەدىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَلْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ» يەنى«چىرايلىق

سۆزدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

8. ھەددىدىن زىيادە بېخىللىق قىلىش چەكلەنگەندەك، ئىسراپچىلىق قىلىشمۇ ھارامدۇر.

9. پېقىرلىقتىن قورقۇپ قورساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈش ھارامدۇر. ئەمما يېتەرلىك سەۋەب بىلەن ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ.

10. نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش، زورۇرىيەتسىز سۆز قىلىش قاتارلىق زىناغا ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددىمىلەرنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر.

11. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. بىرەر مۆئمىن ئادەمنىڭ قېنىنى ناھەق ئېقىتقان ۋە ئېقىتىشقا سەۋەب بولغان ئادەمنىڭ ئورنى جەھەننەم بولىدۇ.

12. يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئەڭ چوڭ ھاراملاردىن بولۇپ، يېتىم بالىلارنىڭ پۇل-مېلىنى بۇزۇپ چېچىش، ياخشى مۇھاپىزەت قىلماسلىق، شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش ئۇنى يەۋالغانغا ئوخشاشتۇر.

13. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، بەرگەن سۆزنى تۇتۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەكسىچە قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

14.تارازىدا تارتىپ ساتقاندا كەم بېرىش ياكى ئالغاندا زىيادە ئېلىۋېلىش ئەڭ چوڭ ھارام ئىشلاردىن سانىلىدۇ.

15. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغان يامان قىلىقتۇر.

16. ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ باتىل دەۋاسىغا رەددىيە

﴿قُل لَّوۡ كَانَ مَعَهُۥٓ ءَالِهَةٞ كَمَا يَقُولُونَ إِذٗا لَّٱبۡتَغَوۡاْ إِلَىٰ ذِي
ٱلۡعَرۡشِ سَبِيلٗا ﴿٤٢﴾ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوّٗا كَبِيرٗا
﴿٤٣﴾ تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن

---

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 11-بەت.

شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْۚ إِنَّهُۥ كَانَ
حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

42ـئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا (قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن) يول ئىزدىگەن بولاتتى.

43ـئاللاھ ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

44ـيەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر. شەك-سىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ﴿ئەجىبا، ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتتە ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە كۆپ ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇپ چىققان باتىللىقىنى ۋە بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىنى بايان قىلغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئېيتقاندەك ئاللاھ تائالا بىلەن بىرلىكتە باشقا ئىلاھلار ۋە شېرىكلەر بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەقىقىي ئىلاھ بولغان ئاللاھ تائالاغا غالىب كېلىش ئۈچۈن يول ئىزدىگەن ۋە ئىلاھلىقنى ئەنە شۇنداق تالاشقان بولاتتى. ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر (ئاسمان ۋە زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ

ئىككىسى (نىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾[1].
ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ۋە كەلسە-كەلمەس سۈ-
پەتلەشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىرلىكى، سەلتەنىتى
ۋە يېگانە پادىشاھلىقىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىپ
دەيدۇكى، يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇدات
ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، بارچە
ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كاتتا
مەرتىۋىسىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى
بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، لېكىن سىلەر ئى ئىنسانلار!
ئۇلارنىڭ تەسبىھلىرىنى چۈشەنمەيسىلەر. چۈنكى، كائىناتتىكى
ھەرقانداق بىر مەۋجۇدات: ئىنسان، ھايۋان، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ھەتتا
قاتتىق جىسىم قاتارلىق جانلىق-جانسىز ھەر نەرسە ئۆزىگە خاس تىلى
بىلەن ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە
گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

وفى كل شىء له آية — تدل على أنه الواحد

ھەر نەرسىدە بار ئۇنىڭغا بىر ئالامەت
بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

لېكىن كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلەرنى، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ناما-
يەندىلىرىنى كۆرمەيدىغانلار، مەۋجۇداتنىڭ دالالەتلىرىنى چۈشەنمەيدىغانلار
ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا
بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولغانلىقتىن، گۇناھكارلارنى جازالاشقا
ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇلارغا تەۋبە قىلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ، تەۋبە
قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت
قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۈزكورلۇقىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن
يَنتَهُواْ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ
تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كاپىرلىقتىن، پەيغەمبەرگە
دۈشمەنلىك قىلىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 22-ئايەت.

قىلىنىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھېچ-قانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقلۇقى ناھايىتى ئېنىق ھەقىقەتتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىشنىڭ ساۋابى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ» نى 100 قېتىم ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستىكى گۇناھتىن كىچىك گۇناھلار كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، زۇلۇم قىلىش، جازانە قىلىش دېگەندەك چوڭ گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

3. كائىناتتىكى ھەربىر مەخلۇقات ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى سۆزلەيدۇ.

4. گۇناھكارلارنى جازالاشنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ ئىزناسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇرسەتتۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ تەرسالىقىنىڭ سەۋەبى

﴿وَإِذَا قَرَأْتَ ٱلْقُرْءَانَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ حِجَابًا مَّسْتُورًا ﴿٤٥﴾ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِذَا ذَكَرْتَ رَبَّكَ فِى ٱلْقُرْءَانِ وَحْدَهُۥ وَلَّوْا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَـٰرِهِمْ نُفُورًا ﴿٤٦﴾ نَّحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَسْتَمِعُونَ بِهِۦٓ إِذْ يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَ وَإِذْ هُمْ نَجْوَىٰٓ إِذْ يَقُولُ ٱلظَّـٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلًا مَّسْحُورًا ﴿٤٧﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ ضَرَبُوا۟ لَكَ ٱلْأَمْثَالَ فَضَلُّوا۟ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ سَبِيلًا ﴿٤٨﴾﴾

---

[1] ئەنفال سۈرىسى: 38-ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2071-بەت، 2691-ھەدىس.

## تەرجىمىسى

45ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغان چېغىڭدا ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن بىر پەردە پەيدا قىلىمىز.

46ـقۇرئاننى چۈشەنمەيلا كەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، (ئۇنى ئاڭلىيالمىسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، سەن قۇرئان (ئوقۇغان)دا رەببىڭنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ ئارقىغا قېچىپ كېتىدۇ.

47ـئۇلارنىڭ سېنىڭ تىلاۋىتىڭگە قۇلاق سالغاندا نېمە ئۈچۈن قۇلاق سالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ زالىملارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا: «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېگەنلىكىنىمۇ بىز ئوبدان بىلىمىز.

48ـئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق قانداق ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىغىن. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئېزىپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار (توغرا) يول تاپالمايدۇ.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ھەر زامان «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلغان چېغىڭدا، سەن بىلەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن بىر پەردە پەيدا قىلىمىز. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ، ھىدايىتىنى ھېس قىلالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيلا كەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىۋەتتۇق، ئۇنىڭ دىللارنى لەرزىگە سالىدىغان ساداسىنى ئاڭلىمايلا كەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلىپ قويدۇق.

بۇ ئايەتلەر كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان مەۋقەسىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن جاھالەت مۇھىتى، بىر-بىرى بىلەن چوڭقۇر تالىشىشى، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىقى قاتارلىق ئىللەتلەر ئۇلارنى ھەقىقەتنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن توسۇۋالغان قېلىن پەردىگە ئوخشىتىلغان.

ئىنسانىنىڭ كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل ۋە قولغا ئوخشىغان تاشقى سەزگۈ

ئەزالىرى بولغىنىدەك، مەنىۋىيەتلەرنى بىلىدىغان، كۆرىدىغان ۋە ھېس قىلىدىغان ئىچكى سەزگۈ ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇنى «قەلب» دەيمىز. ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾ [1].

«قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلاردىكى ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ھېسلىرىنى يوق ساناشتا ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى كۆزدە تۇتقان. ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆلگەنلىكتىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەۋىتى ئۇلارغا تەسىر قىلمىغان، ئۇنىڭ مۆئتىۋەر ساداسى ئۇلارنىڭ قېتىپ كەتكەن دىللىرىنى يۇمشىتالمىغان. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن قاچىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىلى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئەمەس، قەلب كۆزى كور، ئەقلى كەمدۇر.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئۇ كاپىرلارنىڭ سېنىڭ تىلاۋىتىڭگە قۇلاق سالغاندا نېمە مەقسەت بىلەن قۇلاق سالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پەقەت سېنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا قۇلاق سالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ دىللاردا يوشۇرۇنغانلارنى ئېنىق بىلگۈچى زاتتۇر. رەببىڭ يەنە ئۇ زالىملارنىڭ ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا، بىر-بىرىگە: «سىلەر سېھىرلەنگەنلىكتىن ئەقلى يوقالغان بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر، سىلەر بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىسىلەر؟» دېيىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان مەسخىرىلىرىگە ۋە ئىنكارچىلىقىغا قارىتا يېتەرلىك جازاسىنى بېرىشكە رەببىڭ ئەلۋەتتە كۇپايىدۇر. بۇ زالىملار ھەربىر يامانلىقىدا شەيتانلار بىلەن ئورتاقتۇر.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ سەن توغرۇلۇق قانداق ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىغىن، ئۇلار سېنى گاھ سېھىرگەر دېسە، گاھ كاھىن دەيدۇ، گاھ شائىر دېسە، گاھ مەجنۇن (يەنى ئەقلى جايىدا ئەمەس)دەيدۇ. ئۇلار بۇ ئوخشىتىشلار بىلەن سېنى مەسخىرە قىلىپ يۈرمەكتە. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئېزىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەتكە يول تاپالمايدۇ. ئۇلار ھەق يولدىن شۇنچىلىك بەك يىراقلىشىپ كەتكەنكى، ئۇلار ئەمدى ئۇنىڭغا قايتىش ئۈچۈنمۇ قەتئىي يول تاپالمايدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىدىن، ئىسلامنىڭ شارائىتىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

2. ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا چاپلايدىغان تۆھمەتلىرى كۆپ بولىدۇ. مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر، مەجنۇن دەپ تۆھمەت قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

### كاپىرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە شەك قىلىشى

﴿وَقَالُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمٗا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ خَلۡقٗا جَدِيدٗا ﴿٤٩﴾
قُلۡ كُونُواْ حِجَارَةً أَوۡ حَدِيدًا ﴿٥٠﴾ أَوۡ خَلۡقٗا مِّمَّا يَكۡبُرُ فِي صُدُورِكُمۡۚ
فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَاۖ قُلِ ٱلَّذِي فَطَرَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖۚ فَسَيُنۡغِضُونَ
إِلَيۡكَ رُءُوسَهُمۡ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هُوَۖ قُلۡ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَرِيبٗا ﴿٥١﴾
يَوۡمَ يَدۡعُوكُمۡ فَتَسۡتَجِيبُونَ بِحَمۡدِهِۦ وَتَظُنُّونَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا
﴿٥٢﴾ وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُواْ ٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ يَنزَغُ بَيۡنَهُمۡۚ
إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ كَانَ لِلۡإِنسَٰنِ عَدُوّٗا مُّبِينٗا ﴿٥٣﴾ رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِكُمۡۖ إِن
يَشَأۡ يَرۡحَمۡكُمۡ أَوۡ إِن يَشَأۡ يُعَذِّبۡكُمۡۚ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا
﴿٥٤﴾ وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِمَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ فَضَّلۡنَا بَعۡضَ
ٱلنَّبِيِّـۧنَ عَلَىٰ بَعۡضٖۖ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورٗا ﴿٥٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

49-ئۇلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەككە ۋە چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىپ تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟» دېيىشىدۇ.

50-51-(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش سىلەرگە قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ)». ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ،

«سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار (مەسخىرە بىلەن) ساڭا باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، سەن «بەلكىم ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن.

52-ئاللاھ سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن) چاقىرىدىغان كۈندە، سىلەر ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇپ ئاۋاز قوشىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە تۇرغاندەك ئويلاپ قالىسىلەر.

53-بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار (گەپ قىلغاندا ۋە مۇنازىرىلەشكەندە) ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شەكسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بولىدۇ، چۈنكى، شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

54-رەببىڭلار سىلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، خالىسا سىلەرنى ئازابلايدۇ. بىز سېنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق.

55-رەببىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.

### تەپسىرى

مۇشرىكلار ئاخىرەتتىكى تىرىلىش، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى نادانلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، «ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ تېنى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، سۆڭەكلىرى ئۇۋۇلۇپ چىرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى قالمايدۇ، دېڭىزدىكى لەھەڭلەر بەزىدە ئادەملەرنى يۇتۇپلا يەۋېتىدۇ، ئادەم ئۇنىڭ ئىچىدە يېمەككە ئايلىنىدۇ، بەزىدە ئادەملەر ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق بولغان ئىنسانلارنىڭ تېنىنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بىزمۇ ئۆلۈپ سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسە، بىز قانداق قايتىدىن ئادەم بولىمىز؟» دېيىشەتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئۇلارنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا ناھايىتى ئاسان ۋە تولىمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىنساننىڭ تېنى تۇپراققا ئەمەس، ئەگەر تاش، تۆمۈرگە ئوخشاش باشقا ماددىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ياكى چوڭقىيىپ تاغقا ئوخشاش

ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ تەننى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ كېلەچەكتە «بىزنى كىم ئەسلىمىزگە قايتۇرىدۇ؟» دەپ سوئال قويىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا: «سىلەرنى دەسلەپ ياراتقان زات تىرىلدۈرۈپ ئەسلىڭلارغا قايتۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىدۇ. مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تىرىلىشكە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەجەبلىنىپ، مەسخىرە ئارىلاش باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، «ئۇنداقتا، ئۇ تىرىلىش قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ، ﴿بەلكىم ئۇ يېقىندا بولىدۇ﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. ﴿إِنَّهُمْ يَرَوْنَهُۥ بَعِيدًا ۝٦ وَنَرَىٰهُ قَرِيبًا﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ئۇ ئازابنى يىراق (يەنى كەلمەيدۇ) دەپ قارايدۇ. بىز بولساق ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز﴾[1].

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سىلەرنى قەبرەڭلاردىن چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ» يەنى «ئاللاھنى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىمەن» دەپ ھەمدۇسانا ئوقۇغان ۋە ئەمرىگە بويسۇنغان ھالدا، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىسىلەر. ھېساب مەيداندا (مەھشەرگاھتا) تۇرۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ۋە قىيىنلىقىدىن سىلەر بۇ دۇنيادا پەقەت ئازغىنە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالىسىلەر. شۇڭا سىلەر شۇ قىيىن كۈن بېشىڭلارغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ تەييارلىق قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ كۈندە سىلەرگە ئەسقاتىدىغان ۋە سىلەرنى ئازابتىن ساقلاپ قالىدىغان نەرسە پەقەت ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ھەرقانداق گەپ قىلغاندا، مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ئۇلارغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسۇن. ﴿وَلَا تُجَٰدِلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتىلا مۇنازىرىلىشىڭلار﴾[2]. چۈنكى، قوپال سۆزلىگەن

[1] مەئارىج سۈرىسى: 6ـ7ـ ئايەتلەر.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى46ـ ئايەت.

ئادەم كىشىلەرنى ئۆزىدىن قاچۇرۇپ قويىدۇ، خۇسۇسەن قەلبىدە شەك قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەر بولغانلارغا تېخىمۇ سىلىق، تېخىمۇ چىرايلىق رەۋىشتە سۆز قىلىش لازىم. شەيتان ئۇلارغا ھەمىشە ھەمراھ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغاشقا تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. چۈنكى، شەيتان ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ۋە ئوپئوچۇق دۈشمىنىدۇر.

ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، خالىسا سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، سىلەرنى ياخشىلىققا، ئىسلامغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، خالىسا سىلەرنى گۇناھىڭلار سەۋەبلىك جازالايدۇ ۋە ئازغۇنلۇقۇڭلاردا قويىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئۇلارغا ھامىي ياكى ئىمانغا زورلىغۇچى ۋەياكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سەن پەقەتلا ھەق دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزگۈچى، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىپ، كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرسەن. رەببىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جىمى مەۋجۇداتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ﴿أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

﴿وَلَقَدۡ فَضَّلۡنَا بَعۡضَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ عَلَىٰ بَعۡضٖۖ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾. چۈنكى، بىز مەخلۇقاتىمىزنى ئوبدان بىلىمىز. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆز قىلدۇق، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىمىزدىن كەلگەن بىر روھ دەپ ئاتىدۇق، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى قىلدۇق، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا مەڭگۈلۈك مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىسرا ـ مىراجدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق. ئى ئىنسانلار! بىزنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت دائىملىق مۆجىزىنى نازىل قىلغانلىقىمىزدىن ئەجەبلەنمەڭلار، بىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرى داۋۇد ئەلەيـ ـھىسسالامغىمۇ «زەبۇر»نى ئاتا قىلغان ئىدۇق ھەمدە ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلدۈرگەن ئىدۇق. ﴿وَلَقَدۡ كَتَبۡنَا فِي ٱلزَّبُورِ مِنۢ بَعۡدِ ٱلذِّكۡرِ أَنَّ ٱلۡأَرۡضَ يَرِثُهَا

---

[1] مۇلك سۈرىسى: 14ـ ئايەت.

عِبَادِيَ ٱلصَّٰلِحُونَ﴾ يەنى ﴿لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا) «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق﴾[1].

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

2. مۇخالىپەتچىلەرگە ئەڭ ياخشى ئۇسلۇب بىلەن رەددىيە بېرىش «قۇرئان كەرىم» ئۆگەتكەن ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر.

3. مۇنازىرىلىشىشنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-پرىنسىپلىرى بولۇپ، قائىدە-پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش مۇنازىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

4. كىشىلەرگە سىلىق ۋە چىرايلىق سۆز قىلىش مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.

5. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ھەربىر بەندىسىگە ئۆزى خالىغاننى بېرىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن پەيغەمبەرلەرنى كامالەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغان.

### مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقى

﴿قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِهِۦ فَلَا يَمۡلِكُونَ كَشۡفَ ٱلضُّرِّ
عَنكُمۡ وَلَا تَحۡوِيلًا ٥٦ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ يَبۡتَغُونَ إِلَىٰ رَبِّهِمُ
ٱلۡوَسِيلَةَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ وَيَرۡجُونَ رَحۡمَتَهُۥ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُۥٓۚ إِنَّ عَذَابَ
رَبِّكَ كَانَ مَحۡذُورٗا ٥٧ وَإِن مِّن قَرۡيَةٍ إِلَّا نَحۡنُ مُهۡلِكُوهَا قَبۡلَ يَوۡمِ
ٱلۡقِيَٰمَةِ أَوۡ مُعَذِّبُوهَا عَذَابٗا شَدِيدٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا
٥٨ وَمَا مَنَعَنَآ أَن نُّرۡسِلَ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّآ أَن كَذَّبَ بِهَا ٱلۡأَوَّلُونَۚ وَءَاتَيۡنَا
ثَمُودَ ٱلنَّاقَةَ مُبۡصِرَةٗ فَظَلَمُواْ بِهَاۚ وَمَا نُرۡسِلُ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّا تَخۡوِيفٗا

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 105-ئايەت.

﴿٥٩﴾ وَإِذۡ قُلۡنَا لَكَ إِنَّ رَبَّكَ أَحَاطَ بِٱلنَّاسِۚ وَمَا جَعَلۡنَا ٱلرُّءۡيَا ٱلَّتِيٓ
أَرَيۡنَٰكَ إِلَّا فِتۡنَةٗ لِّلنَّاسِ وَٱلشَّجَرَةَ ٱلۡمَلۡعُونَةَ فِي ٱلۡقُرۡءَانِۚ وَنُخَوِّفُهُمۡ
فَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا طُغۡيَٰنٗا كَبِيرٗا ﴿٦٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

56ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىڭلارغا يالۋۇرۇپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلار سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈ-ۋېتىشكىمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشقىمۇ قادىر ئەمەس.

57ـئۇلارنىڭ (ئىلاھ دەپ) چوقۇنۇۋاتقان ئۇ كىشىلىرى (ئىيسا، ئۇزەير ۋە پە-رىشتىلەر) قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ. رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

58ـ(كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) قانداقلا بىر شەھەر ئاھالىسى بولسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز. بۇ كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم)دۇر.

59ـ(مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. بىز سەمۇد قەۋمىگە ئوپئوچۇق بىر مۆجىزە سۈپىتىدە چىشى تۆگىنى بەردۇق، ئۇلار بولسا ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)، بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز.

60ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا «رەببىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدۇق. بىز ساڭا (مىراج كېچىسى) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ (زەققۇم دەرىخى)نى پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق قىلدۇق. بىز ئۇلارنى قورقۇتىمىز. بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارغا چوڭ بىر يولسىزلىقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە نادانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقىقىي ئىلاھ ـ ئاللاھ تائالانى

قويۇپ، ئىيسا، ئۇزەير، پەرىشتە ۋە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنى «ئىلاھلىرىمىز ۋە شاپائەتچىلىرىمىز» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارغا چوقۇنۇۋاتقان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، قېنى سىلەر چوقۇنۇۋاتقان شۇ كىشىلىرىڭلارغا قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلارچۇ، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلالامدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلالمايدۇ، ئۇلار سىلەردىن ھېچقانداق بالانى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئۇ بالانى باشقا بىر جايغا ياكى باشقا بىر كىشىگە يۆتكەيمۇ قويالمايدۇ، بەلكى ئۇ زاتلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنى ئىزدەيدىغان، تائەت-ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان، قانداق قىلساق ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىدىن بولارمىز دەپ، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىغان، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان زاتلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى راستتىنلا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئازابتۇر. پەيغەمبەرلەرمۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلىگەن يەردە، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمەيسىلەر؟

ئاندىن ئاللاھ تائالا دۇنيا ھاياتىنى ۋە دۇنيادىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغان قانداقلا بىر شەھەر ئاھالىسى بولسۇن، بىز ئۇنى يا ئەجىلىنىڭ تۈگىشى بىلەن ياكى قاتتىق ئازاب ياغدۇرۇش بىلەن چوقۇم ھالاك قىلىمىز. بۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر.

مەككە ئەھلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سافا تېغىنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشىنى ۋە مەككە تاغلىرىنى ئۇلاردىن يىراق قىلىپ بېرىشىنى سورىغاندا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، «خالىساڭ قەۋمىڭ تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئورۇنداپ بېرەيلى، ئەمما ئۇنى ئورۇنداپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنى دەرھال ھالاك قىلىمىز، خالىساڭ سەۋر قىلىپ كۈتكىن» دەيدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿وَمَا مَنَعَنَآ أَن نُّرۡسِلَ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّآ أَن كَذَّبَ بِهَا ٱلۡأَوَّلُونَۚ﴾ يەنى ﴿(مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى سەۋە-

بىلدىنىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان[2]. يەنى مۇشرىكلار سورىغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكىمىز ئىلگىرىكى كاپىر قەۋملەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى كەلتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتمىسا دەرھال ھالاك قىلىنىدۇ. بۇ ئەزەلدىنكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر. كاپىرلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى دەرھال كەلتۈرۈپ بېرىشكە ئالدىرىماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى مۇشۇدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان كاپىرلارنى بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي ھالاك قىلماسلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈشنى ئىرادە قىلغان. شۇڭا دۇنيادا بۇ كاپىرلارنىڭ بېشىغا ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلىش جازاسى كەلمەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى «ئۈممەتۇ دەئۋە» (أمة دعوة)، يەنە بىرى «ئۈممەتۇ ئىجابە» (أمة إجابة) دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۈممەتۇ دەئۋە» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى قارىتىلغان بارلىق ئىنسانىيەتتۇر، چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر. ئەمدى «ئۈممەتۇ ئىجابە» دېگىنىمىز: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن مۇسۇلمانلاردۇر. بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئۈممىتىدۇر.

سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاللاھ تائالادىن مۆجىزە تەلەپ قىلىپ، تەلەپ قىلغان ئۇ مۆجىزە بېرىلگەندىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتمىغان قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھالاك قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى سەمۇد قەۋمىدۇركى، سەمۇد قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزىلىك بىر چىشى تۆگە سورىغان ئىدى، ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارغا مۆجىزە سۈپىتىدە تاشنىڭ ئىچىدىن بىر چىشى تۆگىنى چىقىرىپ بەرگەن. ئەمما ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمىغان ۋە تۆگىنى بوغۇزلاپ تاشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن

[1] ئىسرا سۈرىسى: 59-ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 5-توم، 90-بەت.

ئۆزلىرىنىڭ تەلىپى ئورۇندالغاندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توسقىنىغا قارىماي مەزكۇر تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن.

ئۆتمۈشلەردە، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان قەۋملەر ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، پىرئەۋن قەۋمى، ئاد قەۋمى ۋە باشقىلار. بۇ يەردە سەمۇد قەۋمىنىلا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىكى سەۋەب ئۇلار ياشىغان شەھەرنىڭ ئەرەبلەر ياشىغان شەھەرلەرگە ئەڭ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى ئەرەب زېمىنىدا ھازىرمۇ بار[1]، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى ئەرەبلەر ئوبدان بىلىدۇ.

بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز. گويا مۆجىزىلەر ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدا كېلىدۇ. ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! ئىشەنگىنكى، غەلىبە چوقۇم ساڭا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ تائالا ھەمىشە سەن بىلەن بىللە، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. بىز ئۆز ۋاقتىدا ساڭا دېگەن مۇنۇ سۆزنى ئەسكە ئالغىن: ﴿رەببىڭ ئىنسانلارنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرىدۇ﴾ يەنى رەببىڭ ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدۇ، رەببىڭنىڭ قۇدرىتى ھەر زامان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىدۇر، ھەممە ئىش رەببىڭنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلار رەببىڭدىن قېچىپ نەگە كېتەلەيتتى؟ شۇڭا سەن دەۋەت ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن، ھېچكىمدىن قورقمىغىن. چۈنكى، ساڭا ئۇلار ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن ئىدۇق.

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئىسرا-مىراج كېچىسى ئاسمان-زېمىندىكى ئاجايىباتلاردىن كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، «قۇرئان كەرىم»دە لەنەت قىلىنغان دەرەخ-زەققۇم دەرىخىنى پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق.

كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلرُّءْيَا﴾ دېگەن سۆزنى «ئىسرا-مىراج» كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر دەپ تەپسىر قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «بۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ

[1] سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «مەدائىن سالىھ» دېگەن رايون كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بارغان ‹ئىسرا ـ مىراج› كېچىسى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەردۇر» دېگەن[1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن بىر كېچىدە مۆجىزىلىك ھالدا مەسجىدى ھەرەمدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋە ئۇ يەردىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاستە ۋەھيىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ ۋەقەلىك «ئىسرا ـ مىراج مۆجىزىسى» دەپ ئاتالغان.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى ﴿ٱلرُّءْيَا﴾ دېگەن سۆزگە ھەقىقىي چۈش دەپ مەنە ئېيتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن قۇرەيشلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە كاپىرلار مەغلۇپ بولۇپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆرگەن راست چۈشى دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ كۆز قاراش ئەمەس.

بىز بۇ مۇشرىكلارنى بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھالاك قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىپ ئازابلىنىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىمىز، ئەمما بىزنىڭ بۇ قورقۇتۇشىمىز پەقەت ئۇلارغا يولسىزلىقتىن ۋە ئېغىمۇ ھەددىدىن ئېشىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايۋاتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاتالمىش ئىلاھلار ئىنسانلارنىڭ تىلەكلىرىنى بىرەلمەيدۇ. ئۇ ساختا ئىلاھلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

2. ئۆلۈكلەرنى ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلىش شېرىكنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار ۋەسىلە قىلغۇچىلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇئاغا موھتاج ئاجىزلاردۇر. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە ئىزدەيتتى. ۋەسىلىگە موھتاج بولغان بىرىنىڭ باشقىلارغا ۋەسىلە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

3. كائىناتتىكى ھەر ئىش ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىشى ۋە تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

4. مۆجىزە كىشىلەرنىڭ تەلەپ قىلغىنىغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بويىچە كېلىدۇ.

[1] «تفسير القرطبي» 10ـ توم، 282ـ بەت.

5. «قۇرئان كەرىم»دىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ دوزاخنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى «زەققۇم» دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمى ئىنتايىن ئاچچىقتۇر.

## ◄ ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقى

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ قَالَ ءَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا ﴿٦١﴾ قَالَ أَرَءَيْتَكَ هَٰذَا ٱلَّذِى كَرَّمْتَ عَلَىَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٦٢﴾ قَالَ ٱذْهَبْ فَمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمْ جَزَآءً مَّوْفُورًا ﴿٦٣﴾ وَٱسْتَفْزِزْ مَنِ ٱسْتَطَعْتَ مِنْهُم بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِم بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِى ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَوْلَٰدِ وَعِدْهُمْ ۚ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿٦٤﴾ إِنَّ عِبَادِى لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌ ۚ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ وَكِيلًا ﴿٦٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

61ـ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېگەن ئىدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقان ئادەمگە سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى.

62ـ ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان (ئادەم) مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمىنى (ئازدۇرۇپ) ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرىدىغان قىلىۋېتىمەن» دېدى.

63ـ ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «يوقال! ئۇلاردىن كىمكى ساڭا ئەگەشىدىكەن، جەھەننەم ھەقىقەتەن سىلەرگە بېرىلىدىغان يېتەرلىك جازادۇر.

64ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۈشكۈرتەلەيدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن كۈشكۈرتكىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىغا ۋە باللىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋە-دىلەرنى بەرگىن-شەيتاننىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ۋەدىسى پەقەتلا ئالدامچىلىقتۇر.

65ـ شەكسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن مۆئمىن) بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ

ھېچبىر ھۆكۈمرانلىقىڭ يوقتۇر. (ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە) ھامىي بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر».

## ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ باتىل ئەقىدىسىنى كەسكىن دەلىل-پاكىتلار بىلەن بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىنى توغرا ئەقىدىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، مۇشرىكلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشقا ۋە ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ مۇشرىك بولۇشىنىڭ باش سەۋەبچىسى شۇ لەنىتى ئىبلىس بولۇپ، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئازدۇرۇشقا قەسەمياد قىلغان مەخلۇقتۇر. بۇ قىسسە «قۇرئان كەرىم»دە ھەر خىل ئۇسلۇب بىلەن يەتتە ئورۇندا بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندە بۇ ۋەقەلىكنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدۇق. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالەيھىسسالامغا سەجدە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتى، پەقەت ئىبلىس چوڭچىلىق قىلىپ بىزنىڭ ئەمرىمىزنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتتى ۋە «مەن ئوتتىن يارىتىلغان تۇرسام، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان تۇرسا، مەن ئۇنىڭغا قانداق سەجدە قىلىمەن؟ سەن مېنى ئوتتىن ياراتقانلىقىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلمەن. مەن قانداقلارچە ئۆزۈمدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەمگە سەجدە قىلغۇدەكمەن؟ ئى رەببىم! ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، شۇ ئادەم دېگەننى نېمە ئۈچۈن مەندىن ئارتۇق قىلدىڭ؟ مەن ئوتتىن، ئۇ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇ مەندىن تۆۋەن بولۇشى لازىم ئەمەسمىدى؟ ئى رەببىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرىنى تا قىيامەتكىچە ئازدۇرۇشتىن ۋاز كەچمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىخلاسمەن مۇئمىن بەندىلىرىڭدىن باشقا ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرۇپ كېتىمەن» دېدى.

ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا رەددىيە بېرىپ: يوقال! قولۇڭدىن كەلگەننى قىل، سېنىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ جازاسى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ،

چۈنكى، جەھەننەم ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە تولۇق ۋە يېتەرلىك جازا بولۇشقا ئەلۋەتتە كۇپايىدۇر. قولۇڭدىن كەلگەن بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىڭنى قوللىنىپ، ئاۋازىڭنى چىقىرىپ ۋارقىراپ باق، ئۇلارنى قورقۇتۇپ باق، ئالداپ باق، ئادەملىرىڭنى ۋە پۈتۈن قوشۇنلىرىڭنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سېلىپ باق، نېمە قىلساڭ قىلىپ ئۇلارنى ئازدۇرغىنىڭچە ئازدۇرۇپ باق. ئاخىرقى ھېسابتا سەن ھەرگىز مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، چۈنكى، سەن پەقەت ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئەمەس ئادەملەرنىلا ئازدۇرۇپ كېتەلەيسەن. ئەمما مېنىڭ مۇئمىن ۋە مۇخلىس بەندىلىرىمنى ھەرگىز ئازدۇرالمايسەن!

بۇ ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشقا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىسىز ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بىر بایاندۇر.

ئى لەنىتى ئىبلىس! سەن ئادەم ئەۋلادىنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىپ، ئۆز سېپىڭگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن گاھ ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ھارامدىن پۇل تاپقۇزۇش بىلەن، گاھ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئارىلىشىپ ھارامدىن بالا تاپقۇزۇش بىلەن، گاھ ئۇلارنىڭ سودا، مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئۇلارنى ئۆلچەمدە، تارازىدا ۋە كەمچىدە ئالدامچىلىق قىلدۇرۇش ۋە يالغان ئېيتقۇزۇش بىلەن، گاھ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ جېدەل-ماجىرالارنى تۇغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش ۋە باللىرىنى يېتىم قىلىش بىلەن، گاھ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە ئارىلىشىپ ئۇلارنى رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدىغان يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتۈش بىلەن قولۇڭدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقساڭمۇ، سەن ھەرگىز مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، چۈنكى، رەببىڭ ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان ۋە ئۆزى ساقلىغان بەندىلىرىنى سەن قەتئىي ئازدۇرالمايسەن، ئۇلارنى سېپىڭگە قوشالمايسەن.

شۇ ئېنىقكى، شەيتاننىڭ ۋەدىسى پەقەت قۇرۇق ئۈمىد بېرىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ يالغاننى راست، يامانى ياخشى، سەتنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن ئىنسانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ.

ئى لەنىتى شەيتان! مېنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچبىر ھۆكۈمرانلىقىڭ ياكى ھاكىمىيىتىڭ يوقتۇر، خۇسۇسەن مېنىڭ يولۇمدا ئىزچىل يۈرىدىغان، ئىخلاسمەن، مۇئمىن بەندىلىرىمگە سەن ھەرگىز ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن، ساڭا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەگەشكەنلەردىن باشقىلىرىغا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى شەيتانلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋە ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلاشقا ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، تەقۋادار مۆئمىنلەردۇر. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى كېلىپ قالغاندا، دەرھال ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەيدۇ. مانا بۇلار شەيتانلار ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدىغان بەندىلەردۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى تۈرى، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنى شەيتانلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان، گۇناھكار، ئاسىي كىشىلەردۇر. شەيتانلار مۇنداقلارنى گاھ پۇل-مال تەرەپتىن، گاھ جىنسىي ھەۋەس تەرەپتىن، گاھ نەپسى ئاچكۆزلۈك تەرەپتىن تېزلا ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت ۋە ئاچچىق ساۋاق بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

2. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئىنسان ئەۋلادىدا بولىدىغان ئەڭ قەبىھ سۈپەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

3. ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەۋلادىغا بولغان دۈشمەنلىكى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك دۈشمەنلىكتۇر. ئىنسان بالىسى بۇنى بىلىشى ۋە شەيتانلارنى ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇشى كېرەك.

4. ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىدا مۇستەھكەم بولۇپ، دىنىغا مەھكەم بولغانلارنى شەيتان ئاسانلىقچە ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

5. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە سېغىنغانلارنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ.

### ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

﴿رَّبُّكُمُ ٱلَّذِي يُزۡجِي لَكُمُ ٱلۡفُلۡكَ فِي ٱلۡبَحۡرِ لِتَبۡتَغُواْ مِن
فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِكُمۡ رَحِيمٗا ٦٦ وَإِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فِي ٱلۡبَحۡرِ

ضَلَّ مَن تَدۡعُونَ إِلَّآ إِيَّاهُۖ فَلَمَّا نَجَّىٰكُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ أَعۡرَضۡتُمۡۚ وَكَانَ
ٱلۡإِنسَٰنُ كَفُورًا ﴿٦٧﴾ أَفَأَمِنتُمۡ أَن يَخۡسِفَ بِكُمۡ جَانِبَ ٱلۡبَرِّ أَوۡ
يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗا ثُمَّ لَا تَجِدُواْ لَكُمۡ وَكِيلًا ﴿٦٨﴾ أَمۡ أَمِنتُمۡ
أَن يُعِيدَكُمۡ فِيهِ تَارَةً أُخۡرَىٰ فَيُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ قَاصِفٗا مِّنَ
ٱلرِّيحِ فَيُغۡرِقَكُم بِمَا كَفَرۡتُمۡ ثُمَّ لَا تَجِدُواْ لَكُمۡ عَلَيۡنَا بِهِۦ
تَبِيعٗا ﴿٦٩﴾ ۞ وَلَقَدۡ كَرَّمۡنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ
وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ كَثِيرٖ مِّمَّنۡ خَلَقۡنَا
تَفۡضِيلٗا ﴿٧٠﴾

### تەرجىمىسى

66-رەببىڭلار سىلەرنى ئۆز پەزلىدىن (رىزىق) ئىزدىسۇن دەپ، كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

67-سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئىبىسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھلا كېلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا (سىلەر ئۇنىڭدىن) يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ئىنتايىن تۇزكوردۇر.

68-سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى قۇرۇقلۇقنىڭ بىر تەرىپىدە يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇشىدىن، ئاندىن ئۆزۈڭلارغا ھېچبىر ھامىي تاپالماي قېلىشىڭلاردىن خاتىرجەم بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟

69-ياكى سىلەرنىڭ كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ، ئۈستۈڭلارغا قارا بوراننى ئەۋەتىپ غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەر ئۈچۈن بىزدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغان ھېچكىمنى تاپالماي قېلىشىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟

70-شەكسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۆرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىغا)، دېڭىزدا (كېمە ۋە پاراخوتلارغا) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، يەنە ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق.

### تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى ۋە سانسىز نېمەتلىرىدىن بەزىسىنى بايان قىلغان ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە ياخشى تەپەككۇر قىلىش بىزنى كامىل ئىمان ۋە مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان رەببىڭلار سىلەر ئۈچۈن دېڭىزلاردا كېمىلەرنى ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر. كېمىلەر يولۇچىلارنى ۋە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ، دۆلەتلەرنى، ھەتتا قىتئەلەرنى ئاتلاپ ئۇزۇن سەپەرلەرگە ماڭىدۇ. بۇمۇ رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى، رەببىڭلار سىلەرگە ناھايىتى مېھرىبان ۋە تولىمۇ كۆيۈمچان بولغانلىقتىن ھەر ئىشتا سىلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، ھالال رىزىق تېپىشىڭ يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەي كاپىرلار! سىلەرنىڭ ئىشىڭلار راستىنلا ئەجەبلىنەرلىك بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، سىلەر كېمىدە مېيىن شامالنىڭ قوزغىشى بىلەن سىلىق ۋە خاتىرجەم كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، دولقۇنلار ئۆرلەپ كېمە دۇم بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان، سىلەر بولساڭلار قورقۇنچتىن يۈرىكىڭلار ئېغىزىڭلارغا كېلىپ قالغان، قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنسانىي چارىلەر ۋە دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى تۈگەپ پەقەت ياراتقان زاتنىڭ ياردىمىنى تىلەشتىن باشقا چارەڭلار قالمىغان بىر ۋاقىتتا، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارغا ئاشۇ ياراتقۇچى زات ـ ئاللاھ تائالادىن باشقىسى كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىسىلەر، ئۇنىڭغا يالۋۇرىسىلەر، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايسىلەر. ئاندىن سىلەرنىڭ قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئەسلىدىكى كۇفرىلىقىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر. يەنى قاتتىقچىلىقتا ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىسىلەر، باياشات ۋاقتىڭلاردا ساختا ئىلاھلىرىڭلارغا چوقۇنىسىلەر، بۇ نېمىدېگەن تۇزكورلۇق؟! ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئازدۇر.

ئەي ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇڭۇشلۇققا، خەتەردىن كېيىن ئامانلىققا ئېرىشكەن ۋە ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلغان ئىنسانلار! قۇتۇلۇش ھەر قېتىم سىلەرگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، تەلەي بىزگە ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن باقىدۇ، دەپ

ئويلامسىلەر؟ ياكى ھەمىشە شۇنداق قۇتۇلۇپ قېلىشقا كاپالەتلىكلار بارمۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا ماڭدۇرۇپ، تۇزكورلۇقۇڭلار سەۋەبلىك ئۈستۈڭلارغا قارا بورانىنى ئەۋەتىپ، سىلەرنى دولقۇنلار ئىچىدە غەرق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟ سىلەر دېڭىزدا غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، قۇرۇقلۇقتا سىلەرنى خۇددى ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلىۋەتكەندەك قاتتىق بوران بىلەنلا ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ سىلەر نەدە بولساڭلار، سىلەرنىڭ جېنىڭلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئاللاھ تائالا خالىغان ۋاقىتتا، سىلەرگە ئاسماندىن ياكى يەردىن بىر بالايىئاپەتنى ئەۋەتىش بىلەنلا يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ﴿قُلْ هُوَ ٱلْقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ (ئۇرۇشتۇرۇپ)، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئادەم باللىرىنى ئەقىل-ئىدراك ۋە پىكىر-تەپەككۇر ئاتا قىلىش بىلەن شەرەپلەندۈردۇق، ئۇلارنى ئەزىز قىلدۇق ۋە ھۆرمەتلىك قىلدۇق. كائىناتتىكى بارچە شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىش، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئۈچۈن يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى گۈزەل، كېلىشكەن، يارىشىملىق قىلىپ يارىتىش، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ توغرا-خاتانى، ياخشى-ياماننى بىلدۈرۈش، نىجاتلىق يولىغا باشلاش قاتارلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلدۇق ۋە ئۇلارنى باشقا مەخلۇقاتتىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق.

ئىنسانلارنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئات-ئۇلاغ، ئاپتوموبىل، پويىز، ھاۋادا ئايروپىلان ۋە تىك ئۇچار، دېڭىزدا بولسا پاراخوت ۋە كېمە قاتارلىق قاتناش قوراللىرىغا چىقىپ سەپەر قىلالىشى، تۈرلۈك شېرىن مېۋىلەر بىلەن رىزىقلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 65-ئايەت.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇر.

2. بېشىغا قاتتىق كۈن كەلگەندە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان، راھەت-پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ياكى مال-دۇنياغا، شۇنداقلا دۇنيالىق لەززەتلەرگە چوقۇنىدىغانلار قەدىمقى مۇشرىكلارنى دورىغانلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى تۈرلۈك بالايىئاپەتلەر بىلەن ھالاك قىلىشقا قادىردۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئالدىراپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆزى بېكىتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پەزل-كەرەملىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما شۈكۈر قىلىدىغانلاردىن تۈزكورلۇق قىلىدىغانلار كۆپتۇر.

5. ئىنسان جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

### ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى

﴿يَوۡمَ نَدۡعُواْ كُلَّ أُنَاسِۭ بِإِمَٰمِهِمۡۖ فَمَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَقۡرَءُونَ كِتَٰبَهُمۡ وَلَا يُظۡلَمُونَ فَتِيلٗا ٧١ وَمَن كَانَ فِي
هَٰذِهِۦٓ أَعۡمَىٰ فَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ أَعۡمَىٰ وَأَضَلُّ سَبِيلٗا ٧٢ وَإِن كَادُواْ
لَيَفۡتِنُونَكَ عَنِ ٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ لِتَفۡتَرِيَ عَلَيۡنَا غَيۡرَهُۥۖ وَإِذٗا
لَّٱتَّخَذُوكَ خَلِيلٗا ٧٣ وَلَوۡلَآ أَن ثَبَّتۡنَٰكَ لَقَدۡ كِدتَّ تَرۡكَنُ إِلَيۡهِمۡ
شَيۡـٔٗا قَلِيلًا ٧٤ إِذٗا لَّأَذَقۡنَٰكَ ضِعۡفَ ٱلۡحَيَوٰةِ وَضِعۡفَ ٱلۡمَمَاتِ
ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ عَلَيۡنَا نَصِيرٗا ٧٥ وَإِن كَادُواْ لَيَسۡتَفِزُّونَكَ مِنَ
ٱلۡأَرۡضِ لِيُخۡرِجُوكَ مِنۡهَاۖ وَإِذٗا لَّا يَلۡبَثُونَ خِلَٰفَكَ إِلَّا قَلِيلٗا
٧٦ سُنَّةَ مَن قَدۡ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِن رُّسُلِنَاۖ وَلَا تَجِدُ لِسُنَّتِنَا
تَحۡوِيلًا ٧٧﴾

## تەرجىمىسى

71-(ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ يولباشچىسى بىلەن چاقىرىمىز، كىمنىڭ نامە-ئەمەلى ئۇڭ قولىغا بېرىلسە، ئەنە شۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامە-ئەمەلىنى (خۇشاللىق ئىچىدە) ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

72-بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ يولدىن ئازغان بولىدۇ.

73-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ھەقىقەتەن سېنى بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈتۈپ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىزنىڭ نامىمىزدىن ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى يېقىن دوست قىلىۋالاتتى.

74-بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدىڭ.

75-ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيانىڭ قاتمۇقات ئازابىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتمۇقات ئازابىنى تېتىتقان بولاتتۇق. ئاندىن سەن ئۆزۈڭگە بىزگە قارشى ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى تاپالمايتتىڭ.

76-(ئۇ كاپىرلار) ھەقىقەتەن سېنى (مەككە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى (خاتىرجەم) تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەقەت ئازغىنە ۋاقىتلا تۇرالايتتى.

77-(بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز ھەققىدىكى قانۇنىيەتتۇر، بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

## تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ﴿يَوْمَ نَدْعُواْ كُلَّ أُنَاسٍ بِإِمَٰمِهِمْ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بەزىسى بۇ ئايەتنىڭ ﴿بِإِمَٰمِهِمْ﴾ دېگەن قىسمىدىكى«إمام» دېگەن سۆزگە «نامە-ئەمەل» دەپ مەنە بېرىتقان. چۈنكى، بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە «نامە-ئەمەل»، «لەۋھۇلمەھفۇز» ۋە «يولباشچى» دېگەندەك مەنىلەردە كەلگەن. مەسىلەن: ﴿وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَٰهُ فِيٓ إِمَامٍ مُّبِينٍ﴾ يەنى ﴿بىز ھەممە نەرسىنى روشەن

كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇز)دا تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى «إمام» دېگەن سۆز «لەۋھۇلمەھفۇز» مەنىسىدە كەلگەن. ئىبنى ئابباس، زەھھاك، قەتادە قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىكى «إمام» دېگەن سۆزدىن ھەربىر شەخسنىڭ نامە-ئەمەلى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلى بىلەن چاقىرىپ ھۇزۇرىمىزغا چىقىرىمىز، كىمنىڭ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلسە، ئۇ جەننەت ئەھلى بولغان بولىدۇ، ئۇ شۇ كۈندىكى ئەڭ بەختلىك ۋە سائادەتمەن كىشى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قاتتىق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئوقۇپ چىقىدۇ، چۈنكى، قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەم خەت ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى جەننەتكە قاراپ يول ئالىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى يامان ئەمەللىرىنى كۆپەيتىۋېتىش دېگەندەك ئىش ئەسلا يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىدۇ، يامان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى «إمام» دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولٌ فَإِذَا جَآءَ رَسُولُهُمْ قُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْقِسْطِ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئۆتكەن) ھەربىر ئۇممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. مۇجاھىد «إمام» دېگەن سۆزگە «پەيغەمبىرى» دەپ مەنە ئېيتقان. تەبەرىي، ئىبنى كەسىر، قۇرتۇبىي، بەغەۋى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «نامە-ئەمەل» ۋە «پەيغەمبەر»دىن ئىبارەت ئىككى مەنىنى ئەينەن بايان قىلغان، ھېچبىرىنى كۈچلەندۈرمىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: قىيامەت كۈندە ھەربىر ئۇممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن چاقىرىلىدۇ، ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئۇممىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇ كۈندە ھەربىر ئۇممەت «ئەي مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى!»، «ئەي ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى!»، «ئەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى!» دەپ چاقىرىلىدۇ، بەزى كاپىرلار «ئەي پىرئەۋن جامائەسى!»، «ئەي نەمرۇد

[1] ياسىن سۈرىسى: 12-ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى47-ئايەت.

جامائەسى!» دېگەنگە ئوخشاش چاقىرىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، قىيامەت كۈنىدە ھەربىر ئۇممەت «ئى تەۋرات ئەھلى! ئى ئىنجىل ئەھلى! ئى قۇرئان ئەھلى! كىتابىڭلارغا قانچىلىك ئەمەل قىلدىڭلار؟ دەپ چاقىرىلىدۇ.

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار چاقىرىلغاندا، ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن زور خۇشاللىق بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا، يېقىنلىرىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ ۋە ئۇلارغا كۆرسىتىپ «بۇ بىزنىڭ نامە ـ ئەمەلىمىزدۇر، بۇنى ئوقۇپ بېقىڭلار» دەيدۇ. ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن زەررىچىلىكمۇ كېمەيتىلمەيدۇ.

ئەمما نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر قورقۇنچتىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالىدۇ ۋە قاتتىق بىئاراملىق ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە قالىدۇ. ئەنە شۇلار مۇنۇ ئايەتتە ﴿بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ يولدىن ئازغان بولىدۇ﴾ يەنى دۇنيادا قەلب كۆزى كور بولغانلىقتىن، ھىدايەت يولىنى تاپالمىغان ۋە ئىمان نۇرىغا ئېرىشەلمىگەن ئادەم ئاخىرەتتىمۇ نىجاتلىق يولىنى تاپالمايدۇ، بەلكى مۇنداقلار ئاخىرەتتە گاڭگىراپ يولىنى تاپالماي قالىدۇ، دەپ سۈپەتلەنگەن ئىنسانلاردۇر.

ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تائىف رايونىدا ياشايدىغان سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «سەن بىزگە بارچە ئەرەبلەرگە پەخىر قىلغۇدەك ئىمتىياز بەرمىگۈچە، بىز سېنىڭ دىنىڭغا كىرمەيمىز، بىز ئۈچۈن زاكاتنى، نامازنى، جىھادنى ئەمەلدىن قالدۇرىسەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى قەرزلەر ئەمەلدىن قالىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ بىزگە ئۆتەيدىغان جازانىلىرى داۋاملىشىدۇ. ئەرەبلەر نېمىشقا شۇنداق بولدى دەپ سورىسا، ئۇلارغا ‹ئاللاھ شۇنداق بۇيرىدى› دەيسەن» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلار) سېنى بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان)غا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزنىڭ نامىمىزدىن باشقا نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، (ئەگەر سەن شۇنداق قىلغان بولساڭ) ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى يېقىن دوست قىلىۋالاتتى﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدۇ[1]، يەنى ئى پەيغەمبەر!

[1] «التفسير الواضح» 2ـتوم، 389ـبەت.

مۇشرىكلار سېنى ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»گە خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىز ۋەھيى قىلمىغان سۆزلەرنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى دەپ ئويدۇرغۇزۇش ئارقىلىق سېنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋالماقچى بولدى. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى ئورۇنداپ بەرسەڭ، ئۇلارنىڭ دوستىغا ئايلىناتتىڭ، ئەمما سەن ئۇ چاغدا رەببىڭنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بولاتتىڭ. ئەگەر بىز سېنى ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرغۇزمىغان ۋە قوغدىمىغان بولساق، ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالاتتىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، ساڭا دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن قاتمۇقات، ئاخىرەتنىڭ ئازابلىرىدىنمۇ قاتمۇقات تېتىتقان بولاتتۇق. ئاندىن سەن ئۆزۈڭگە بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچكىمنى تاپالمايتتىڭ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دىن ئىشلىرى بىلەن ئوينىشىش، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئاددىي ساناش تولىمۇ خەتەرلىك ئىشتۇر. دىنىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى سۇيىئىستېمال قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خورلۇققا ۋە قاتمۇقات ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان قىلمىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كەلسە-كەلمەس يەرلەرگە قوللىنىدىغانلارنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە ئىبرەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكچى بولغانلارنى قاتتىق جازالاپ كەلگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِن كَادُواْ لَيَسْتَفِزُّونَكَ مِنَ ٱلْأَرْضِ لِيُخْرِجُوكَ مِنْهَاۖ وَإِذَا لَّا يَلْبَثُونَ خِلَٰفَكَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئايەتتىكى ﴿ٱلْأَرْضِ﴾ دېگەن سۆزنى مەككە زېمىنى دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، بەزىسى مەدىنە زېمىنى دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿ٱلْأَرْضِ﴾ دېگەن سۆزدىن مەككە زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلارنىڭ مەككىلىك مۇشرىكلار ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزدىن مەدىنە زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلارنىڭ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدىنقى مەنىنى تاللىغاندا ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلار ساڭا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن سېنى ئۆز يۇرتۇڭ بولغان مەككىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، مەككىدە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار

سېنى مەككىدىن چىقىرىۋەتكەن تەقدىردە، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار مەككىدە كۆپ تۇرالمايدۇ ۋە هامان مەغلۇپ بولۇپ هالاك بولىدۇ.

ئايەتنى كېيىنكى مەنىدە تەپسىر قىلغاندا ئۇنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! بۇ يەھۇدىيلار ساڭا بولغان ھەسەتخورلۇقى ۋە دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن سېنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى. يەھۇدىيلار ئەگەر شۇنداق قىلغان تەقدىردە، ئۆزلىرىمۇ مەدىنىدە تۇرالمايدۇ، بەربىر ئۆزلىرى پالىنىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ساڭا «ئى مۇھەممەد! پەيغەمبەر-لەرنىڭ كۆپ سانلىقى شامدىن چىقاتتى. ئەگەر سەن شامغا كەتسەڭ، شۇ چاغدا بىز ساڭا ئىمان ئېيتىپ ئەگىشەتتۇق» دەپ سېنى مەدىنىدىن قوغلىماقچى بولغىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى پالىنىپ شام زېمىنىغا ئۆزلىرى كېتىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى قانچىلىك كۆپ ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە ئاخىردا ئۆزلىرى مەدىنىدە تۇرالماستىن شام تەرەپكە پالانغانلىقى ئايەتنىڭ مەدىنىلىك يەھۇدىيلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى كۈچلەندۈر-سىمۇ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئالدىنقى مەنىنى تاللىغان.

قانداقلا بىر قەۋم ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولىدىكەن، ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەقەززاسى ئۇنداق قەۋمنى ھالاك قىلىپ يوق قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بېكىتىۋەتكەن ئىلاھىي قانۇنىيەتتە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇ بىر خىل داۋاملىشىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىپ كېتىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئۈلگىلىك كىشىلەرگە ئەگىشىش، گۇناھكارلاردىن، بۇزغۇنچىلاردىن يىراق تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا قويۇلغان ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر.

2. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىشتا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەلىنى قولىغا بېرىپ، ئوقۇتۇپ، ئۆزلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ

ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

3. بۇ دۇنيادا ھەقىقەتلەرنى بىلمەستىن مەنىۋى جەھەتتە كور ھالەتتە ياشىغانلار ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر.

4. كاپىرلارنى ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان زالىملارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن ۋاز كېچىش ياكى ئۇنى ئورۇنداشتا سۇسلۇق قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بەلگىلىۋەتكەن قانۇنىيەتلىرى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

## ◄ ۋەز-نەسھەت ۋە تەلمات

﴿أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِدُلُوكِ ٱلشَّمۡسِ إِلَىٰ غَسَقِ ٱلَّيۡلِ وَقُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِۖ
إِنَّ قُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِ كَانَ مَشۡهُودٗا ﴿٧٨﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَتَهَجَّدۡ بِهِۦ نَافِلَةٗ
لَّكَ عَسَىٰٓ أَن يَبۡعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامٗا مَّحۡمُودٗا ﴿٧٩﴾ وَقُل رَّبِّ أَدۡخِلۡنِي
مُدۡخَلَ صِدۡقٖ وَأَخۡرِجۡنِي مُخۡرَجَ صِدۡقٖ وَٱجۡعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلۡطَٰنٗا
نَّصِيرٗا ﴿٨٠﴾ وَقُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَزَهَقَ ٱلۡبَٰطِلُۚ إِنَّ ٱلۡبَٰطِلَ كَانَ زَهُوقٗا
﴿٨١﴾ وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٞ وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ
ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٨٢﴾ وَإِذَآ أَنۡعَمۡنَا عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ أَعۡرَضَ وَنَـَٔا
بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ كَانَ يَـُٔوسٗا ﴿٨٣﴾ قُلۡ كُلّٞ يَعۡمَلُ عَلَىٰ شَاكِلَتِهِۦ
فَرَبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَنۡ هُوَ أَهۡدَىٰ سَبِيلٗا ﴿٨٤﴾ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِۖ
قُلِ ٱلرُّوحُ مِنۡ أَمۡرِ رَبِّي وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٨٥﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

78-(ئى پەيغەمبەر!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا) ناماز ئوقۇغىن[1]. بامدات نامىزىنى ئوقۇغىن، شەكسىزكى، بامدات نامىزىغا (كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى) ھازىر بولىدۇ.

[1] بۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

79- ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويـ-غىنىپ، ناماز ئوقۇغىن، رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا كۆتۈ-رىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

80- سەن «ئى رەببىم! مېنى كىرىدىغان يېرىمگە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يېرىمدىن ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، دەرگاھىڭدىن ماڭا ياردەم بېرىـ-دىغان كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن.

81- «ھەق (دىن) كەلدى، باتىل يوقالدى. چۈنكى، باتىل ئەزەلدىن تېز يو-قالغۇچىدۇر» دېگىن.

82- بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز. بۇ ئايەتلەر زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ.

83- ئىنسانغا نېمەت بەرگەن چېغىمىزدا، (ئۇ بىزدىن) يۈز ئۆرۈپ يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

84- (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى «ھەر ئادەم ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، رەببىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ».

85- ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، «روھ (نىڭ ما-ھىيىتىنى بىلىش) رەببىمگە خاس ئىشتۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن».

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! نامازنى بارلىق شەرتلىرى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغىن. چۈنكى، ناماز-ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ئىبادەتتۇر. بۇ ئايەتلەردىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بۇيرۇلغان ئەمرلەردە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

﴿كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا) ناماز ئوقۇغىن﴾ يەنى قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدىن كۈنپېتىش تەرەپكە ئېگىلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئادا قىلغىن. چۈنكى، قۇياش كۈنپېتىش تەرەپكە ئېگىلگەندە پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ، ئاندىن قۇياش كۈنپېتىش تەرەپكە

رەسمىي يۆرۈپ كەتكەندە (يەنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئىككى ھەسسە ئۇزىرىغان چاغدا) ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ، ئاندىن كۈننىڭ پېتىشى بىلەن شام نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ، ئاندىن ئالەمنى رەسمىي قاراڭغۇلۇق باسقاندىن كېيىن خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ.

﴿بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، چۈنكى، بامدات نامىزى (كېچە ۋە كۈندۈز پەرىشتىلىرى) ھازىر بولىدىغان (ناماز)دۇر﴾ يەنى بامدات نامىزىنىمۇ پۈتۈن قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، تولۇق ئادا قىلغىن. بامدات نامىزى مۇھىم نامازدۇر. چۈنكى، كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىدا ھازىر بولۇپ بۇ نامازغا گۇۋاھ بولىدۇ.

﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ، ناماز ئوقۇغىن، رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا كۆتۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر﴾ يەنى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلىماي «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىش، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، رەببىڭگە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن بولغىن، رەببىڭنىڭ سېنى بۈيۈك شاپائەت ئورنى بولغان «مەقامۇ مەھمۇد» يەنى (مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇن)غا كۆتۈرىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. مەلۇمكى، قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت ئورنى بارچە پەيغەمبەرلەر يېقىن كېلەلمەيدىغان ئالىي ئورۇن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاستۇر. قىيامەت كۈنىدە بارچە پەيغەمبەرلەر ئۆزىدىن شاپائەت سوراپ كەلگەنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزرە ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملا ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ، قىيامەت مەيدانىدىكى قاتتىق ئىسسىق دەردىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ تەلمۈرگەن جىمى خەلققە شاپائەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى، قىيامەتتىكى ھېساب مەيدانىدا تۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن، قاتتىق ئىسسىق دەردىدىن ھەربىر ئادەم ئىشنىڭ تېزرەك بىر تەرەپ قىلىنىشىنى قاتتىق تىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ، ئۇنىڭغا ﴿ئى رەببىم! مېنى كىرىدىغان يېرىمگە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يېرىمدىن ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، دەرگاھىڭدىن ماڭا ياردەم بېرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن﴾ دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ تائالا

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ﴿ھەقىقەت كەلدى، باتىل يوقالدى. چۈنكى، باتىل ئەزەلدىن يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر﴾ دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى مەككە ئازاد بولغان كۈنى كەئبىدىكى بۇتلارنى چېقىۋېتىپمۇ ئوقۇغان. ئايەتتىكى «ھەق» ئىسلام دىنىنى، «باتىل» شېرىك ئەقىدىسىنى ياكى ھەق دىنغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. باتىل ئەزەلدىنلا يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر، ئەمما ھەقىقەت كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ ۋە ھەقىقەت ئەھلى بولغان مۇئمىنلەر چوقۇم قەد كۆتۈرىدۇ.

﴿بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى چۈشۈرىمىز﴾ يەنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى دىللارغا ھىدايەت ۋە شىپادۇر، مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە ياخشىلىقتۇر. ئۇ بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاسىتە ۋە ھەرقانداق ئاغرىقلارغا ۋە ئىللەتلەرگە شىپادۇر. ئايەتتىكى «شىپا» ھەرقانداق جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەل-لىكلەرگە بولىدىغان شىپانى كۆرسىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە شەخسلەرنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولىدىغان، مۇئمىنلەرگە رەھمەت بولىدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئۆتمۈشلەردىكى قالاق ئەرەبلەرنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ھۆرمەتلىك بىر مىللەت قىلىپ، شەنىنى كۆتۈرگەن، ئۇلارغا سەلتەنەت ۋە ھاكىمىيەت ئاتا قىلغان، رىم ۋە ئىراندىن ئىبارەت ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى تىترىتىدىغان ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنى يىقىتىپ تاشلىغان كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم»دۇر. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق شان-شەرىپىنىڭ، ئىززەت- ھۆرمىتىنىڭ ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسىدۇر.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز دىلى پاك، يامان نىيەتتىن ۋە يامان غەرەزلەردىن يىراق بولغان، ئەقلىنى نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىدىن ئۈستۈن تۇتقان مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما دىلى قارا، كۆڭلى قاتتىق، نەپسىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلىۋالغانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ شىپاسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقى، مۇتەكەببىرلىكى ۋە ھاكاۋۇرلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىنسانىنى شۇنچىلىك كۆپ نېمەتلەندۈرۈپ تۇرساقمۇ، ئۇ يەنىلا چوڭلۇق قىلىپ ياراتقان ئىگىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەر زاماندىكى كاپىرلارنىڭ ئورتاق ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا يوقسۇللۇق، ئاغرىق-سىلاق، قورقۇنچ، خاتىرجەمسىزلىك، مول ھوسۇلدىن زىيان تارتىش قاتارلىق

كۈلپەتلەر كەلگەندە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن پەقەتلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۇفرىلىق قىلىدۇ. ﴿إِنَّهُۥ لَا يَاْيْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھەركىم ھىدايەت ياكى ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۆزى تاللىۋالغان يولى بويىچە ۋە ئۆزى بىلگەن تەرىقىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، رەببىڭلار سىز بىلەن سىلەردىن كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئاندىن ھەركىمنىڭ قىلغان ئەمەلى ۋە ئىخلاسىغا قاراپ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روھ ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە كۆپرەك سوئال سورايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ ياخشى بولىدىغان ئىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى بايان قىلىدىغان ياكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان كىتاب بولماستىن، بەلكى ھىدايەت كىتابى، ھاياتلىق دەستۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمنىڭ ئىشىدۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان.

«روھ» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 23 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، جان، پەرىشتە، قۇرئان، جىبرىل، نۇسرەت، رەھمەت، ئىلاھىي قۇدرەت دېگەندەك مەنىلەردە كەلگەن. روھ يۇقىرىقى ئايەتتە جان، ھاياتلىق دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿يَوْمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ صَفًّا﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ تۇرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتتە جىبرىل دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿وَكَذَٰلِكَ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىز-

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 87-ئايەت.
[2] نەبەئ سۈرىسى: 38- ئايەت.

دەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بىلەن قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق﴿[1] دېگەن ئايەتتە ۋەھيى ۋە قۇرئان دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ﴾ يەنى ﴿ئۆز دەرگاھىدىن بولغان ياردەم بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى﴿[2] دېگەن ئايەتتە ياردەم ۋە نۇسرەت دېگەن مەنىدە كەلگەن.

﴿فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَٰجِدِينَ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا (مەن ياراتقان) روھىمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴿[3] دېگەن ئايەتتە ئىلاھىي قۇدرەت مەنىسىدە كەلگەن.

روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىنسانلار روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىدۇ. روھنى ئۆزىنى كۆرگىلى ياكى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھاۋا دولقۇنلىرىغا، ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. روھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بولۇپ، ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ ماددىي ۋۇجۇدتا روھنىڭ بولۇشى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتچان، ئۆسىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، روھ ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا تارقىتىۋەتكەن ئېنېرگىيە بولۇپ، ئۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش، كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. روھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ماشىنىنىڭ موتورىغا ئوخشىسا، نەپس ماشىنىنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. نەپس ۋۇجۇدنى ئۇنىڭدىكى روھ بىلەن بىرگە يا ئامانلىقتا، ياكى ھالاكەتكە باشلاپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەش ۋاخ نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇش پەرزدۇر.

2. نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى كۆپ ۋە دەرىجىسى يۇقىرىدۇر. خۇسۇسەن تەھەججۇد نامىزى بەكمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «أَفْضَلُ

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 52ـ ئايەت.

[2] مۇجادەلە سۈرىسى: 22ـ ئايەت.

[3] ھىجر سۈرىسى: 29 ـ ئايەت.

الصِّيَامِ، بَعْدَ رَمَضَانَ، شَهْرُ اللهِ الْمُحَرَّمُ، وَأَفْضَلُ الصَّلَاةِ، بَعْدَ الْفَرِيضَةِ، صَلَاةُ اللَّيْلِ» يەنى «رامىزان روزىسىدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل روزا ئاللاھنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىدۇر، ئەڭ ئەۋزەل ناماز پەرز نامازدىن قالسا كېچىنىڭ (تەھەججۇد) نامىزىدۇر» [1] دېگەن.

3. قىيامەت كۈنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېساب مەيدانىدا (مەھشەرگاھتا) ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، بارلىق خالايىقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدىغانلىقى، ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن بولغان گۇناھكار بەندىلەرگە شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ۋەسىلە بولىدىغانلىقى راستتۇر.

4. باتىل ھەر قانچە دەۋر سۈرسىمۇ ئاخىر چوقۇم ھەقىقەت ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە دىللارغا شىپادۇر.

6. تۇزكورلۇق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتى بولغىنىدەك، نېمەتنى ئىنكار قىلىش كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

7. روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر

﴿وَلَئِن شِئۡنَا لَنَذۡهَبَنَّ بِٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ بِهِۦ
عَلَيۡنَا وَكِيلًا ﴿٨٦﴾ إِلَّا رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ إِنَّ فَضۡلَهُۥ كَانَ عَلَيۡكَ كَبِيرٗا
﴿٨٧﴾ قُل لَّئِنِ ٱجۡتَمَعَتِ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِمِثۡلِ هَٰذَا
ٱلۡقُرۡءَانِ لَا يَأۡتُونَ بِمِثۡلِهِۦ وَلَوۡ كَانَ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٖ ظَهِيرٗا ﴿٨٨﴾
وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖ فَأَبَىٰٓ أَكۡثَرُ
ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورٗا ﴿٨٩﴾ وَقَالُواْ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفۡجُرَ لَنَا مِنَ
ٱلۡأَرۡضِ يَنۢبُوعًا ﴿٩٠﴾ أَوۡ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٞ مِّن نَّخِيلٖ وَعِنَبٖ فَتُفَجِّرَ
ٱلۡأَنۡهَٰرَ خِلَٰلَهَا تَفۡجِيرًا ﴿٩١﴾ أَوۡ تُسۡقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمۡتَ عَلَيۡنَا

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 821-بەت، 1163-بەت.

كِسَفًا أَوْ تَأْتِيَ بِٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ﴿٩٢﴾ أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن
زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَىٰ فِى ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيْنَا
كِتَٰبًا نَّقْرَؤُهُۥ ۗ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّى هَلْ كُنتُ إِلَّا بَشَرًا رَّسُولًا ﴿٩٣﴾

### تەرجىمىسى

86ـ ئەگەر خالىساق، بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان)نى ئەلۋەتتە (دىللاردىن) كۆتۈرۈۋېتەتتۇق، ئاندىن (ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن) بىزگە قارشى ھېچقانداق ياردەمچى قىلغۇچى تاپالمايتتىڭ.

87ـ پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن (ئۇنى كۆتۈرۈۋەتمىدى). ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى.

88ـ ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ».

89ـ شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىساللارنى خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

90ـ ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە،

91ـ ياكى سېنىڭ خورما، ئۈزۈملەر ئۆسكەن ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولمىغۇچە،

92ـ ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۇستىمىزگە ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ چۈ-شۈرمىگۈچە، ياكى (راستچىللىقىڭغا) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پە-رىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگۈچە،

93ـ ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئاسمانغا چىق-مىغۇچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز». (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن».

## تەپسىرى

شەك-شۈبھىسىزكى، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىمىز سەۋەبلىك پەقەت ئازلا ئىلىم بېرىلگەن. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ ئازغىنە ئىلمىمىزنىمۇ بىزدىن ئېلىۋالىدۇ-دە، بىز يەنە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىغا پېتىپ قالىمىز. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ھەقىقىي مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم»دۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئۆز تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلغان بۇ شانلىق كىتاب - «قۇرئان كەرىم»نى ئەلۋەتتە سېنىڭ دىلىڭدىن ۋە ئۇنى يادلىۋالغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. بۇ ۋاقىتتا سەن بۇرۇنقى ھالىتىڭگە قايتىپ، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، ئىمان نېمە، كىتاب نېمە، ھېچبىرىنى ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالغان بولاتتىڭ. ئۇ ۋاقىتتا سەن بۇ قۇرئاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قانچىلىك ئۇرۇنساڭمۇ، رەببىڭگە قانچىلىك كۆپ ئىلتىجا قىلساڭمۇ - ئەگەر رەببىڭ مەرھەمەت قىلمىسا، - ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيتتى. رەببىڭگە قارشى ساڭا ياردەم بېرىدىغان ھېچكىم چىقمايتتى، سەن ئۆزۈڭگە ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمايتتىڭ. ئەمما رەببىڭ ساڭا مەرھەمەت قىلغانلىقتىن ئۇنداق قىلمىدى، سېنىڭ دىلىڭدىن بۇ شانلىق كىتابنى كۆتۈرۈۋەتمىدى. ئۇنتۇمىغىنكى، رەببىڭنىڭ ساڭا بولغان مەرھە-مىتى ھەقىقەتەن كاتتا بولدى. سېنىڭ رەببىڭ رەھىم-شەپقەتنىڭ مەنبەسى، ئاتا-ئېھسان ئىگىسىدۇر. دېمەككى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ زور ئىلتىپاتى ۋە كاتتا ئىنئامىدۇر.

ھەممە بىلىدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۆلگىلىك دەۋرلەردە ياشىغان مۇسۇلمانلاردا بارلىققا كەلگەن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ۋە پەن-مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم»دۇر. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىلىملەرنى، پەن-تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم» بىر پەن - تېخنىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتلىق دەستۇرى بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە كىتابىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا ئىلىم - پەندىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىل ۋە لۇغەت ئىلمى، تەپسىر ئىلمى، شەرىئەت ئىلمى، فىقھى ئىلمى، قۇرئان ئىلمى، ھەدىس ئىلمى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئىلىم تۈرلىرى

پەقەت «قۇرئان كەرىم»نى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ دۇردانىلىرىدىن بەھرى ئېلىش ئۈچۈنلا بارلىققا كەلگەن ئىلىملەردۇر.

بۇ «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزە، دائىملىق دەلىل-پاكىت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنسانلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغاندەك، تا قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانىيەتكە مۇنازىرە ئېلان قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزلىرىنى تەڭداشسىز ئۈستۈن ساناپ، شۇ چاغلاردىكى يۇنان ۋە ئىران شائىرلىرىنى، ئەدىبلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىدا ئەقىللىرى لال بولۇپ، ھەيرانلىقتا قالدى ۋە ئەدەبىي ئۈستۈنلۈك سەھنىسىنى «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن بوشىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ مۆجىزىلىك كىتابنى جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەببىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ پاك دىلىغا تىزغان ۋە ساھابىلىرىگە ئۆگىتىپ يادلاتقان زات – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا دۇنياغا تونۇلغان ئەدىبلەر ۋە تالانتلىق شائىرلار بار ئىدى. ئۇلار ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتكە شۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئېتىبارى ۋە مەرتىۋىسى شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى، دۈشمەنلىرىنى شېئىر ئارقىلىق سۆكۈپ چۈشۈرەتتى، ئەڭ ئېسىل شېئىرلىرىنى كەئبىگە ئېسىپ قويۇپ پەخىرلىنەتتى. ئەنە شۇنداق پاساھەتلىك ئەرەبلەرنى «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى بىلەن پاساھەت سەھنىسىدىن چۈشۈردى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پاساھىتى ۋە بەدىئىيلىكى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى گاھ سېھىر، گاھ شېئىر، گاھ جىنلارنىڭ تەلىماتى دەپ جۆيلۈپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى.

ئىنسانلار ۋە جىنلار ھەممىسى يىغىلىپ بىر-بىرىگە ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر مۆجىزىلىك ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئالللىبۇرۇنلا جاكارلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەس، ئۇنىڭ بىرەر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى، ھەتتا ئون ئايەتنىمۇ ئىجاد قىلالمىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ «قۇرئان كەرىم»دە تۈرلۈك مىساللارنى ھەر خىل ئۇسلۇبلار ۋە تۈرلۈك شەكىللەردە بايان قىلىپ بەردى. «قۇرئان كەرىم» گاھ

ۋەز-نەسىھەت بىلەن، گاھ ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىسى بىلەن، گاھ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر بىلەن، گاھ خۇش خەۋەر بېرىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن ئۆزىنىڭ دۇردانىلىرىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمىدى، ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى.

مۇشرىك ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرى داۋىق چىقارغان پاساھەت تۇرىدىن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىسىگە ئىمان كەلتۈرمىدى، ئۇلار يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرگە ئوخشايدىغان بەزى مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەندە، ئۇلار «مۇھەممەد سېھرى بىلەن كۆزىمىزنى باغلىۋالدى» دەپ تۆھمەت قىلىشتى.

مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمەسلىك ۋە ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كەلسە-كەلمەس تەلەپلەرنى قوياتتى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن شەرت قىلىپ، ئۇنىڭ يەر ئاستىدىن سۈيى ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق چىقىرىپ بېرىشىنى ياكى ئۆزىنىڭ خورما، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئاقىدىغان ۋە كۆپ مېۋە بېرىدىغان بىر بېغى بولۇشىنى ياكى ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈشىنى ياكى ئاللاھ تائالا بىلەن پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ سۆزلەشتۈرۈشىنى ۋە بۇ پەرىشتىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىنى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ئۆيى بولۇشىنى ۋەياكى ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى يېزىلغان ۋە ئۇلار ئوقۇيالايدىغان بىرەر كىتاب ئېلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلالىسا، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى بۇ كاپىرلارنىڭ تەلىپىگە شۇنداق جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇغان: ئەي كاپىرلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى سىلەرنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىڭلارغا، ئازغۇن پىكىرىڭلارغا ۋە ئورۇنسىز تەلەپلىرىڭلارغا بويسۇنۇشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. مەن پەقەت سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر

پەيغەمبەر ئىنسانمەن، مېنىڭ قولۇمدىن سىلەر سورىغان ئىشلار كەلمەيدۇ. چۈنكى، مۆجىزىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يارىتىدۇ ۋە ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرگە دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئالىملارنىڭ ئىلمى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ئالدىدا دېڭىزدىن بىر تامچىمۇ بولالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ھەم دىللاردا يادقا ئېلىنغان ھەم «قۇرئان كەرىم» سەھىپىلىرىدە يېزىلغان ھالدا مەڭگۈ ساقلايدۇ.

3. ئىنسانىيەت «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئەلۋەتتە ئاجىزدۇر.

4. ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ئىمانسىزلىقتۇر. مۇئمىنلەر ئىماننىڭ ھۆزۈر-ھالاۋىتى بىلەن مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇپ جەننەتنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان كىشىلەردۇر.

5. ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارغا تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ.

6. ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئازغۇن كاپىرلاردۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ شەك - شۈبھىلىرىگە رەددىيە

﴿وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَبَعَثَ
ٱللَّهُ بَشَرٗا رَّسُولٗا ٩٤ قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ
مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا ٩٥ قُلۡ كَفَىٰ بِٱللَّهِ
شَهِيدَۢا بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ٩٦ وَمَن
يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَلَن تَجِدَ لَهُمۡ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِهِۦۖ
وَنَحۡشُرُهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ عُمۡيٗا وَبُكۡمٗا وَصُمّٗاۖ مَّأۡوَىٰهُمۡ

جَهَنَّمُ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَٰهُمْ سَعِيرًا ﴿٩٧﴾ ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُم بِأَنَّهُمْ كَفَرُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا
﴿٩٨﴾ ۞ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ
أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ وَجَعَلَ لَهُمْ أَجَلًا لَّا رَيْبَ فِيهِ فَأَبَى ٱلظَّٰلِمُونَ إِلَّا
كُفُورًا ﴿٩٩﴾ قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحْمَةِ رَبِّىٓ إِذًا لَّأَمْسَكْتُمْ
خَشْيَةَ ٱلْإِنفَاقِ ۚ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ قَتُورًا ﴿١٠٠﴾

### تەرجىمىسى

94ـ(ئىمان ئېيتمىغان) ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسالغۇ بولغان نەرسە، پەقەت ئۇلارنىڭ «ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتىمۇ؟» دېگەنلىكى ئىدى.

95ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا يەر يۈزىدە خاتىرجەم مېڭىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق».

96ـئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راستچىللىقىمغا) گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)نى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

97ـئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھىمايىچىنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە سۆرەپ، كور، گاچا، گاس ھالەتتە يىغىمىز. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، ھەرقاچان (جەھەننەمنىڭ ئوتى) پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا ئوتنىڭ يالقۇنىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز.

98ـمانا بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە «بىز چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستتىنلا يېڭىدىن يارىتىلىپ تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟» دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

99ـئۇلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم كېلىدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى، (ھەقىقەت شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار كۇفرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ.

**100-ئايەتتىكى، «رەببىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنى چىقىم (قىلىش بىلەن تۈگەپ كېتىشى) دىن قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان ئەزەلدىن بېخىلدۇر».**

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بەزى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقنى تاللىشى سەۋەبلىك دىلىنى پېچەتلىۋەتكەن، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىنساندىن پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار «ئەگەر بىرەر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى شۇنچىلىك زۆرۈر بولۇپ قالغان بولسا، نېمىشقا ئۇ پەيغەمبەر پەرىشتىدىن كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. مەككىلىك ئەرەبلەر كۇفرىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «پەيغەمبەر بولۇشقا ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىمىدىن باشقا ئادەم چىقماپتۇمۇ؟» دېيىشكەن، «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق: ﴿لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن كاتتا بىر كىشىگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾[1] دېيىشكەن ئىدى.

دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا توسالغۇ بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئىنساندىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، بىر ئىنسان قانداقلارچە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدۇ؟ دەيدىغان خاتا چۈشەنچىسىدۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران قالغانلىقتىن، ﴿ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتىمۇ؟﴾ دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇلارنى جاھالەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھىدايەت مەشئىلى ئىدى، ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمىدى ۋە كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

ئەمدى بۇ مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ پەرىشتىدىن كېلىشىنى تەلەپ قىلىشىغا كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلىكى ياكى ئىمان ئېيتىشقا قىزىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن باھانىلىرىدىن بىرىدۇر. ناۋادا ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەرگىزمۇ ياخشى بولمايتتى، چۈنكى، ئۇ مۆجىزىلەر

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 31-ئايەت.

ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، بىرەر قەۋم ئەگەر مۆجىزە تەلەپ قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئۇلار تىلىگەن مۆجىزىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار ھالاك قىلىنىدۇ. پىرئەۋن قەۋمى، سەمۇد قەۋمى قاتارلىقلارنىڭ ھالاكىتى بۇنىڭ مىسالى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر يەر يۈزىدە خاتىرجەم مېڭىپ يۈرىدىغان، ئۇنىڭدا ئولتۇراقلاشقان، ئىنسانلار بىلەن بىرگە ياشايدىغان ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدىغان، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ۋە ئۇلارغا رەببىڭنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بېرەلەيدىغان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارغا پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلىپ ئەۋەتكەن بولاتتۇق. لېكىن مۇنداق قىلىش ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا، ئۇ پەرىشتە ئىنسان بولمىغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، تىلىنى، ئەخلاقىنى، كىيىپ چىقىشىنى ۋە ھەممە تەرەپلىرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمايتتى.

ئاللاھ تائالا ئەنئام سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ وَلَوۡ أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ۝٨ وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ مَلَكٗا لَّجَعَلۡنَٰهُ رَجُلٗا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە بىز كۆرەلەيدىغان) بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرۇلۇق) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى. بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ﴿ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راستچىللىقىمغا) گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ يېتەرلىك گۇۋاھچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مېنى ئۆزى ئەۋەتتى، ئەگەر مەن ئاللاھ ئېيتمىغان بىرەر سۆزنى ئۇنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان بولسام، ئۇ مېنى ئەلۋەتتە جازالىماي قويمايدۇ. ﴿وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 8-9-ئايەتلەر.

عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ﴾[1].

سىلەر ئۆزۈڭلارنى ياراتقان رەببىڭلارنى ئىنكار قىلىپ، رەببىڭلار ئۆزى ئويئوچۇق مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرۈپ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتمىساڭلار، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىساڭلار، ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھېسابىنى سورايدۇ ۋە بۇ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئەڭ ئېغىر جازالارغا تارتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

سەن ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارنىڭ ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك غەمكىن بولمىغىن! بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا كىمگە ھىدايەتنى نېسىپ قىلسا، ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر. چۈنكى، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ھىدايەتكە مايىلدۇر. ئاللاھ تائالا كىمنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىپ ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرسا، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق ياردەمچىنى ياكى مەدەتكارنى تاپالمايسەن. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە يۈزىچە سۆرەلگەن، كور، گاچا، گاس بولغان ھالەتتە ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ. ﴿يَوۡمَ يُسۡحَبُونَ فِي ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ ذُوقُواْ مَسَّ سَقَرَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[2]. ئۇلارنى دۇنيادا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭدىغان قىلىپ ياراتقان زات قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى يۈزى بىلەن سۆرىلىپ ماڭىدىغان قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئۇلارنىڭ بارىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك قالىدىغان جايى يېقىلغۇلىرى ئادەم ۋە تاشلاردىن بولىدىغان، تولىمۇ دەھشەتلىك دوزاخ ئوتى بولۇپ، كاپىرلار دوزاختا ئازابلىنىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئازابىنى داۋاملىق تېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېرىلىرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، سېزىم تېرىدە بولغانلىقتىن، كۆيۈپ بولغان تېرىنى قايتىدىن يېڭىلىغاندا ئازاب داۋاملىشىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَوۡفَ نُصۡلِيهِمۡ نَارٗا كُلَّمَا نَضِجَتۡ جُلُودُهُم بَدَّلۡنَٰهُمۡ جُلُودًا غَيۡرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَۗ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى

[1] ئەنئام سۈرىسى: 21-ئايەت.
[2] قەمەر سۈرىسى: 48-ئايەت.

ئىنكار قىلغانلارنى يېقىندا دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز﴾[1].

بۇ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە «بىز ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراق ئاستىدا چىرىپ، سۆڭەكلىرىمىز ئۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ يەنە تىرىلەمدۇق؟» دەپ، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر.

ئۇلارنىڭ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى، ئاسمان، زېمىننى ۋە پۈتۈن كائىناتتىكى جانلىق-جانسىز ھەممە مەۋجۇداتنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ﴿ءَأَنتُمۡ أَشَدُّ خَلۡقًا أَمِ ٱلسَّمَآءُۚ بَنَىٰهَا﴾ يەنى ﴿سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى﴾[2]. ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن ئىلگىرىمۇ كەتمەيدىغان، كېچىكىپمۇ قالمايدىغان مۇئەييەن بىر ئەجەل ۋاقتى بەلگىلىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپمۇ، كۇفرىلىقنى تاللاش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بۇ كاپىرلار ئاخىرەتنى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، كۇفرىلىقتىن يانمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى رەھمەت خەزىنىلىرىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، سىلەر تۈگەپ كېتىشتىن قورقۇپ چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلاتتىڭلار. چۈنكى، ئىنسان شۇنداق بېخىل يارىتىلغان مەخلۇقتۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن شۇنچىلىك كۆپ پايدىلىنىپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلمايسىلەر. ﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٞ﴾ يەنى ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر﴾[3].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتكەن. ئىنسانلارغا پەرىشتىدىن پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس.

[1] نىسا سۈرىسى: 56-ئايەت.
[2] نازىئات سۈرىسى: 27-ئايەت.
[3] ئادىيات سۈرىسى: 6-ئايەت.

2. ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئەڭ ئىتىبارلىق ۋە ئەڭ كۈچلۈك گۇۋاھلىقتۇر.

3. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بېرەلمەيدۇ.

4. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلار ھېساب مەيدانىغا يۈزىچە سۆرىلىپ بارىدۇ. بۇ كاپىرلارنىڭ جازاسىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، دوزاخ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ.

5. دوزاخ كۇفرىلىقنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى بولۇپ، ئىمانسىزلار بۇ دۇنيادىمۇ ھۇزۇر-ھالاۋەتسىز ياشايدۇ.

6. مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن زاتنىڭ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قۇدرىتى يېتىدۇ.

7. بېخىللىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئىمان ۋە ئىسلامىي تەربىيە بىلەن بۇ خاراكتېرنى تۈزەتكەنلەر مۇرادىغا يېتىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَىٰ تِسْعَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٍۖ فَسْـَٔلْ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ إِذْ
جَآءَهُمْ فَقَالَ لَهُۥ فِرْعَوْنُ إِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰمُوسَىٰ مَسْحُورًا ١٠١ قَالَ
لَقَدْ عَلِمْتَ مَآ أَنزَلَ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ بَصَآئِرَ
وَإِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰفِرْعَوْنُ مَثْبُورًا ١٠٢ فَأَرَادَ أَن يَسْتَفِزَّهُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ
فَأَغْرَقْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ جَمِيعًا ١٠٣ وَقُلْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ لِبَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
ٱسْكُنُواْ ٱلْأَرْضَ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ ٱلْأٓخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفًا ١٠٤
وَبِٱلْحَقِّ أَنزَلْنَٰهُ وَبِٱلْحَقِّ نَزَلَۗ وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ١٠٥
وَقُرْءَانًا فَرَقْنَٰهُ لِتَقْرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكْثٍ وَنَزَّلْنَٰهُ تَنزِيلًا ١٠٦
قُلْ ءَامِنُواْ بِهِۦٓ أَوْ لَا تُؤْمِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ مِن قَبْلِهِۦٓ إِذَا
يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ يَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ سُجَّدًا ١٠٧ وَيَقُولُونَ سُبْحَٰنَ رَبِّنَآ إِن
كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولًا ١٠٨ وَيَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ

خُشُوعًا ۩ ﴿١٠٩﴾

## تەرجىمىسى

101ـبىز مۇساغا ناھايىتى روشەن توققۇز مۆجىزە ئاتا قىلغان ئىدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىن، مۇسا (پەيغەمبەر بولۇپ) ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! مەن سېنى چوقۇم سېھىرلەنگەن دەپ ئويلايمەن» دېدى.

102ـمۇسا: «(ئى پىرئەۋن!) بۇ مۆجىزىلەرنى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن ئەلۋەتتە، ئوبدان بىلىسەن، ئى پىرئەۋن! مەن سېنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ قارايمەن» دېدى.

103ـنىھايەت، (پىرئەۋن) ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلىۋەتتۇق.

104ـپىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (بولغان قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى ئارىلاش توپلاپ ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق.

105ـبىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، بىز سېنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

106ـ(ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ قۇرئاننى كىشىلەرگە توختاپ-توختاپ ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلدۇق ۋە تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.

107ـئېيتقىنكى، «(ئى مۇشرىكلار! مەيلى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار، ھەقىقەت شۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە (بۇ قۇرئان) تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار (ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ.

108ـئۇلار: 'رەببىمىز پاكتۇر، رەببىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ' دەيدۇ.

109ـئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ سەجدىگە باش قويىدۇ، (قۇرئاننى ئاڭلاش) ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ».

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبىرىمىز مۇسا ئەلەيهىسسالامنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسۇن دەپ ئۇنىڭغا توققۇز تۈرلۈك روشەن مۆجىزە ئاتا قىلغان ئىدۇق. شۇنداقتىمۇ پىرئەۋن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: ﴿ئەي مۇسا! مەن سېنى چوقۇم سېھىرلەنگەن دەپ ئويلايمەن﴾ دېدى ۋە ئۇنى ئەقلىدىن ئازغان ئادەم ئورنىدا كۆردى. چۈنكى، پىرئەۋننىڭ نەزىرىدە مۇسا ئەلەيهىسسالام بىرلىرىنىڭ سېھىرلىشى بىلەن ئەقلىدىن ئازغان ۋە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىرىنى بىلمەيدىغان بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيهىسسالام ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان مەزكۇر توققۇز مۆجىزە توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرى بار. ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى توققۇز مۆجىزە پىرئەۋن ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مۆجىزىلەردۇر. چۈنكى، كۆپلىگەن كىشىلەر مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدۇ. ﴿وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ تِسۡعَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٍۖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن مۆجىزىلەر توققۇزدۇر. ئۇلار: يىلانغا ئايلانغان ھاسا، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىنىڭ ئاپئاق بولۇپ يېنىشى، ئاچارچىلىق يىللىرى، ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، ئاندىن ئۇلار ھەقنى ئىنكار قىلغاندا بېشىغا كەلگەن سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان بالالىرى قاتارلىقلاردۇر»[1]. باشقا تەپسىرلەردىمۇ ئاساسەن يۇقىرىقىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايانلار بار.

پىرئەۋن بۇ روشەن توققۇز مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇدى، مۇسا ئەلەيهىسسالام پىرئەۋنگە: ئەي پىرئەۋن! بۇ مۆجىزىلەرنى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە جىمى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن

[1] «تفسير الشعراوي» 8777-بەت.

نازىل قىلغانلىقىنى سەن ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، بۇنداق مۆجىزىلەرنى رەببىم ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىسەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمايۋاتىسەن. ئەي پىرئەۋن! مەن سېنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ دەپ قارايمەن، چۈنكى، سېنىڭ تەرسالىقىڭ ۋە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشتەك ھاكاۋۇرلۇقۇڭ سېنى ھالاكەتكە باشلاپ كېتىۋاتىدۇ.

پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن توققۇز چوڭ مۆجىزىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىسسە ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىبرەت ئىدى. چۈنكى، مەككىلىكلەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى «قۇرئان كەرىم» دىكى بىر قانچە سۈرىدە ھەرخىل شەكىلدە ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبتا كۆپ قېتىم بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ.

پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارماقچى بولۇپ ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى دېڭىزدا غەرق قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ دىيارلىرى بولغان مىسىر زېمىنىغا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىگە قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! پىرئەۋن يولسىزلىق قىلىپ سىلەرنى قوغلاپ چىقارماقچى بولغان زېمىنغا ئەمدى سىلەر ماكانلىشىڭلار، بۇ ھەرقانداق ھەددىدىن ئاشقان زالىمنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر، ئاخىرەتنىڭ ۋەدىسى بولغان قىيامەت كۈنى كەلگەن چاغدا، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى بىر-بىرىڭلارغا ئارىلاشتۇرۇپ توپلاپ، ھېساب مەيدانىغا ئېلىپ كېلىمىز، ئاندىن ھەربىر ئىنساننىڭ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىمىز، دېگەن.

ئاندىن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇ قۇرئاننى پەقەت كىشىلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا، ئەھكاملىرىنى ناھايىتى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ نازىل قىلدۇق، بۇ كىتاب ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىك قانۇن-پىرىنسىپلارنى، تەلىماتلارنى ۋە تەۋسىيەلەرنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل قىلىندى. ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئاخىرەتتىكى چوڭ مۇكاپاتلاردىن خەۋەر بەرگۈچى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ كۇفرىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنى دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق. بۇ شانلىق كىتاب – «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىشىڭ، ئۇنى يادلىۋېلىش ۋە ئۇنى كىشىلەرگە توختاپ- توختاپ ئالدىرىماي ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلدۇق، ئۇنى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.

مەلۇمكى، كۆپلىگەن ئايەتلەر ۋەقەلىك ۋە سورالغان مەسىلىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بىلىش ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياردەمچى بولىدۇ.

﴿ئېيتقىنكى، «(ئى مۇشرىكلار! مەيلى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار، ھەقىقەت شۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە (بۇ قۇرئان) تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار (ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا شۇنداق دېگىنكى، سىلەر بۇ شانلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە مەيلى ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار، شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۆئمىنلەر سىلەردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ئىمانى كۈچلىنىپ، دەرھال سەجدىگە باش قويىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ كۆز يېشى قىلىدۇ.

﴿ئېيتقىنكى، «(ئى مۇشرىكلار! مەيلى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار...﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەسلىككە، ئۇلارنى قويۇپ تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ كەتمەسلىككە ئەمر قىلغان بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىگۈدەك ئادەملەر ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر جاھالەت بىلەن خۇراپاتلىققا چۆكۈپ كەتكەن، ئىنتايىن قالاق بىر قەۋم ئىدى. شۇ زامانلاردىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئەرەبلەرگە قارىغاندا بىلىملىك ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، تەمىم ئەددارى قاتارلىق كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنسا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلايتتى، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ سەجدىگە باراتتى. چۈنكى، ئۇلار «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئوقۇغان ۋە ئىشەنگەن كىشىلەر ئىدى.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بارچە نۇقسانلاردىن، كەمچىلىكلەردىن، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى دىلى ۋە تىلى بىلەن تەستىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ سەجدىگە بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ھاياجاندىن كۆز يېشى قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلغاندا بولسا ئىمانى تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىخلاسى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىمانى كامىل مۇئمىننىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزلەرنىمۇ ئىماندا راستچىل مۇئمىنلەر قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىسا، مۆجىزىلەر ھېچكىمنى ئىمانغا كىرگۈزەلمەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى قوغداپ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ كەلگەن.

3. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىغا ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ تويى بىلەن يىغىلىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەق كىتابتۇر.

5. مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتىنى كىشىلەرگە توغرا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

6. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي نازىل بولۇپ، جەمئى 23 يىلدا

تامامىلانغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنى ئىمانىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەدرىجىي يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

7. ئۇ ۋاقىتتا يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئۆلىمالىرىدىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلارنىڭ زىيان تارتقۇچىلار ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

8. ھەقىقىي سەجدە پېشانىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا خار بەندە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بولىدۇ.

9. «قۇرئان كەرىم»دە 14 ئورۇندا سەجدە ئايىتى بولۇپ، سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان، ئاڭلىغان، ھەتتا ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشى ۋاجىپتۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ رايى بولۇپ، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە تىلاۋەت سەجدىسى سۈننەتتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالاغا قانداق دۇئا قىلىش كېرەك؟

﴿قُلِ ٱدْعُواْ ٱللَّهَ أَوِ ٱدْعُواْ ٱلرَّحْمَٰنَۖ أَيًّا مَّا تَدْعُواْ فَلَهُ ٱلْأَسْمَآءُ
ٱلْحُسْنَىٰۚ وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا وَٱبْتَغِ بَيْنَ ذَٰلِكَ
سَبِيلًا ﴿١١٠﴾ وَقُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن
لَّهُۥ شَرِيكٌ فِى ٱلْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ وَلِىٌّ مِّنَ ٱلذُّلِّۖ وَكَبِّرْهُ
تَكْبِيرًۢا ﴿١١١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

110-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ (نۇرغۇن) گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرىمۇ قىلمىغىن، بەك تۆۋەنمۇ قىلمىغىن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.

111-(ئى پەيغەمبەر!) «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغا، ئىلاھلىقىدا شېرىكى بولمىغان، ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بىرەر دوستقا موھتاج بولمىغان ئاللاھقا خاستۇر!» دېگىن ۋە ئاللاھنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن.

### تەپسىرى

مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا: «يا ئاللاھ! يا رەھمان!» دەپ مۇناجات قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، «مۇھەممەد بىزنى ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ، بىرلا ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلىۋاتامدۇ نېمە؟» دېيىشكەندە، ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ (نۇرغۇن) گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1]، يەنى ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانى ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ مەيلى، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ مەيلى، بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ قايسىسىبىلەن ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار. بۇ ئىككى ئىسىممۇ ئاشۇ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ لِلَّهِ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ اسْمًا مِائَةً إِلَّا وَاحِدًا، مَنْ أَحْصَاهَا دَخَلَ الْجَنَّةَ» يەنى «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[2]. ئەمدى، ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟

«ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ:

1. يۇختا ئۆگىنىش.

2. مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىش.

3. ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن، يەنە بىرى، مۇشۇ ئىسىملار تەقەززا قىلغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ «الرحمن»، «الرحيم» دېگەن مۇبارەك ئىسىملىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىنى تىلىگەن ئادەم ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـشەپقىتىگە لايىق

[1] «تفسير الطبري» 17ـتوم، 580ـبەت.

[2] «صحيح البخاري» 3ـتوم، 198ـبەت، 2736 ـھەدىس.

قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلغىنىغا ئوخشاش»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىشىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، بىراۋ: ﴿الحكيم﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ھەممە ئىشلىرنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ.

بىراۋ ﴿العدل﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر﴾ دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ-دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەققىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا ئاۋازنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىماي، بەك مەخپىيمۇ قىلماي، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا ئىش كۆرۈش ئەڭ توغرىسىدۇر. نامازدا بولسا يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم قىرائەتنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە قىلىشى لازىم. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا﴾ دېگەن ئايەتنى بامدات، شام، خۇپتەن نامازلىرىغا ئوخشاش قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى ئۈنلۈك، ئەسىر ۋە پېشىن نامازلىرىغا ئوخشاش قىرائىتى مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇش لازىم، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار بالىسى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈن بولغان، بالىغا ئەسلا موھتاج بولمىغان، ئىلاھلىقتا، سەلتەنەتتە ھېچبىر شېرىكى بولمىغان، مەخلۇقاتىدىن بىرەر ياردەمچى دوستقا ئەسلا موھتاج بولمىغان، چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، دېگىن. بالىسى بولۇش ۋە بالىغا ئېھتىياجلىق بولۇش مەخلۇقاتقا خاس ئىشتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز، يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ ئىلاھلىقىدا، سەلتەنىتىدە بىرەر شېرىكى ياكى بىرەر ياردەمچىسى يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ۋە ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان زاتتۇر. ئەگەر كائىناتتا ئاللاھ تائالا بىلەن بىرگە يەنە بىر ئىلاھ بولغان بولسا ئىدى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار ۋە زىددىيەتلەر سەۋەبلىك كائىناتنىڭ

[1] «مجموع فتاوى ورسائل ابن عثيمين» 1- توم، 74- بەت.

ئىنتىزامى بۇزۇلغان بولاتتى.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلِيّٞ مِّنَ ٱلذُّلِّۖ وَكَبِّرۡهُ تَكۡبِيرَۢا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلِيّٞ مِّنَ ٱلذُّلِّۖ﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، مۇجاھىد «ئاجىزلىقتىن ساقلايدىغان بىرەر مەدەتكارغا موھتاج بولمىغان» دەپ تەپسىر قىلغان. كەلبىي «يەھۇدىيلاردىن ۋە خرىستىيانلاردىن بىرەر دوستقا موھتاج بولمىغان» دەپ تەپسىر قىلغان. ئايەتنى بۇنداق تەپسىر قىلغاندا، بۇ ئايەت يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ﴿نَحۡنُ أَبۡنَٰٓؤُاْ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥۚ﴾ يەنى ﴿بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز﴾[1] دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىلگەن بولىدۇ.[2]

ئى پەيغەمبەر! ئەمەلىيەت بۇنداق بولغان ئىكەن، سەن ئۇلۇغ رەببىڭ ئاللاھ تائالانى تىلىڭ، دىلىڭ ۋە ئەمەلىيىتىڭ بىلەن ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسىم-سۈپىتى بولۇپ، ئۇلارنى چىن ئىمانى بىلەن ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان.

2. ئاللاھ تائالاغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم» گە دۈشمەن بولغانلار ئەزەلدىن نىجات تاپقان ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ۋە دىنىغا دۈشمەن بولغانلارنىڭ جازاسىنى ئۇبدان بەرگۈچىدۇر.

3. دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشتا تەدبىر بىلەن ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ جىمى نۇقسانلاردىن ۋە ئىنسانىي سۈپەتلەردىن تامامەن خالىي ۋە پاك ئىكەنلىكىنى ھەمىشە تىل ۋە دىل بىلەن ئىپادىلەپ تۇرۇش كاتتا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَلِمَتَانِ حَبِيبَتَانِ إِلَى الرَّحْمَنِ ، خَفِيفَتَانِ عَلَى اللِّسَانِ ، ثَقِيلَتَانِ فِي المِيزَانِ: سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللَّهِ العَظِيمِ» يەنى «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق، تىلغا ئەڭ يېنىك، ياخشىلىق تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 18-ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 17 – توم، 595- بەت.

كېلىدىغان ئىككى كەلىمە بار. ئۇ بولسىمۇ، ‹ئاللاھنى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ بارچە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر› دېگەن كەلىمىدۇر»[1].

[1] «صحيح البخاري» 9- توم، 162- بەت 7563 – ھەدىس.